## بوزقىر ئىمپېرىيەلىرى

# چىڭگىزخان

گروسسې (فرانسىيە)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بوزقىر ئىمپېرىيەلىرى
چىڭگىزخان
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## مۇھەررىردىن

گروسسې (1885 — 1952) فرانسىيىلىك دۇنياغا داڭلىق تارىخشۇناس، شۇنداقلا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پېشىۋاسى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «ئاسىيا قىتئەسى تارىخى»، «ئەھلىسەلىپنىڭ ئۇرۇش تارىخى»، «شەرق مەدەنىيەت تارىخى»، «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئىلمىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان كىتاب بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. گروسسې مەزكۇر كىتابتا ئاتىللا، چىڭگىزخان، تېمۇرلەڭدىن ئىبارەت كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئۈچ مەشھۇر شەخسنى باش تېما قىلغان ھالدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت بۆشۈكىنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

«بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» قەدىمكى ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنغان بىرقەدەر چوڭ ھەجىمدىكى كىتاب بولغاچقا، بىز بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — ئاتىللا»، «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — چىڭگىزخان»، «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — تېمۇرلەڭ» دېگەن ئۈچ كىتابقا بۆلۈپ نەشر قىلماقچى بولدۇق.

قولىڭىزدىكى «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — چىڭگىزخان» دېگەن بۇ كىتاب «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاساسلىق بىر قىسمى. مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ تارىخى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، پۈتكۈل ياۋروپا - ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى بىلەن چېتىشلىق. كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، كىتابتا ئىسىم، ئاتالغۇلار بىرقەدەر كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى. مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتا سىستېمىلىق پايدىلىنىش ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن يەر - جاي ناملىرى ۋە ئىسىم - ئاتالغۇلارنى ئېلىشتا كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى، شۇنداقلا تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن سورايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب چىڭگىزخان ........................ 1
§1 . 12 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللار ........................ 1
§2 . بىرلىشىش يولىدىكى تۇنجى سىناق ........................ 16
§3 . چىڭگىزخاننىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ........................ 20
§4 . چىڭگىزخان كېرەي قەبىلىسىدە خىزمەتكار ........................ 23
§5 . چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭ خاننىڭ بۆلۈنۈشى ۋە كېرەيلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ........................ 39
§6 . نايمان قەبىلىسىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە چىڭگىز- خاننىڭ موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ... 46
§7 . چىڭگىزخاننىڭ خاقان بولۇشى ........................ 53
§8 . يېڭى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، دۆلەت ۋە ئارمىيە ........................ 57
§9 . چىڭگىزخاننىڭ شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشى ........................ 71
§10 . موڭغۇللارنىڭ قەدىمىي قاراقىتان (غەربىي لياۋ) ئىمپېرىيىسىنى بويسۇندۇرۇشى ........................ 85
§11 . خارەزىم شاھلىقىنىڭ چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلىشى ........................ 91
§12 . جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ ئىرانغا ۋە رۇسىيىگە قوشۇن تارتىشى ........................ 108
§13 . چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى يىللىرى ........................ 112
§14 . چىڭگىزخاننىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ........................ 115
ئىككىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ باشتىكى ئۈچ نەپەر ۋارىسى ........................ 124

§ 1 . چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشى ...... 124

§ 2 . ئوگداينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 129

§ 3 . موڭغۇللارنىڭ جورجېت خانلىقىنى يوقىتىشى ...... 131

§ 4 . موڭغۇللارنىڭ ئىراننىڭ غەربىنى بويسۇندۇرۇشى ...... 135

§ 5 . باتۇ بىلەن سوبۇتاينىڭ ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشى ...... 143

§ 6 . تىراگىنا خاتۇننىڭ نائىبلىقى ...... 151

§ 7 . گۈيۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 153

§ 8 . ئوگۇل قايمىشنىڭ نائىب بولۇشى ...... 159

§ 9 . مۆڭكىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ...... 163

§ 10 . روبرىيۇكسنىڭ ساياھىتى ...... 166

§ 11 . مۆڭكىخاننىڭ سۇڭ خاندانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ...... 173

**ئۈچىنچى باب قۇبلايخان ۋە جۇڭگودىكى موڭغۇل خاندانلىقى** ...... 178

§ 1 . قۇبلايخان بىلەن ئارىغ بۇقانىڭ ئۈزەڭگە سوقاشتۇرۇشى ...... 178

§ 2 . قۇبلايخاننىڭ سۇڭ خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇشى ...... 181

§ 3 . قۇبلايخاننىڭ ياپونىيەگە، ھىندونېزىيىگە ۋە ياۋا ئارىلىغا قىلغان يۈرۈشلىرى ...... 185

§ 4 . قۇبلايخاننىڭ قايدۇغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرى ...... 190

§ 5 . قۇبلايخاننىڭ ھاكىمىيىتى: موڭغۇلچە سىياسەت ۋە جۇڭگوچە سىياسەت ...... 198

§ 6 . قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دىن سىياسىتى: بۇددا دىنى ...... 201

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

§7 . قۇبىلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دىن
سىياسىتى: نېستورى دىنى ........................ 207
§8 . ماركوپولونىڭ ساياھىتى ........................ 215
§9 . موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى
جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى گۈللىنىش ........................ 223
§10 . موڭغۇللار دەۋرىدە جۇڭگودىكى كاتولىك
دىنى ........................ 230
§11 . قۇبىلايخاننىڭ ئەۋلادلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قوغلاپ
چىقىرىلىشى ........................ 242
**تۆتىنچى باب چاغاتاي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
تۈركىستان** ........................ 252
§1 . چاغاتاي خانلىقى: ئادەتتىكى خاراكتېرى
ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشى ........................ 252
§2 . ئالغۇينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىق
جەمەتىنىڭ ھۆرلۈككە ئىنتىلىشى ........................ 260
§3 . قايدۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى چاغاتاي
خانلىقى ........................ 264
§4 . چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى:
دۇۋا، يىسەن بۇغا ۋە كېبەكخان ........................ 271
§5 . چاغاتاي خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى: ئامۇ
دەرياسى ۋە موغۇلىستان ........................ 277
§6 . قازخان ئەمىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى
ماۋرائۇننەھر ........................ 279
§7 . تۇغلۇق تېمۇر: چاغاتاي خانلىقى زېمىنىنىڭ
تولۇق ئەسلىگە كېلىشى ........................ 282
**بەشىنچى باب موڭغۇل پېرسىيەسى ۋە ھىلاكۇ
خانلىقى** ........................ 288
§1 . پېرسىيەدىكى ھىلاكۇدىن بۇرۇنقى موڭغۇل
خانلىقى: شور ماقان، بەيجۇ ۋە

ئەلچىگدەي ...... 288
§ 2 . پېرسىيەدىكى ھىلاكۇدىن بۇرۇنقى موڭغۇل ھۆكۈم-
رانلىقى: گېئورگىس ۋە ئارخۇن خان ...... 295
§ 3 . ھىلاكۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى: ئاسساسىنلارنىڭ
يوقىتىلىشى، باغدادنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە
خەلىپىلىكنىڭ ھالاك بولۇشى ...... 299
§ 4 . ھىلاكۇنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان
كۆڭلى ...... 305
§ 5 . ھىلاكۇنىڭ سۇرىيەگە قىلغان يۈرۈشى ...... 310
§ 6 . ھىلاكۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ...... 322
§ 7 . ئاباغانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 326
§ 8 . ئارخۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 333
§ 9 . راببان ساۋمانىڭ غەربتىكى ئەلچىلىكى ...... 337
§ 10 . قايقۇدو بىلەن بايدۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 343
§ 11 . غازاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 346
§ 12 . ئولجايتۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 355
§ 13 . ئابۇسەئىدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 362
§ 14 . پېرسىيە موڭغۇل خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ...... 365
**ئالتىنچى باب قىپچاق خانلىقى** ...... 370
§ 1 . جۇجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى: ئالتۇن
ئوردا خانلىقى، ئاق ئوردا خانلىقى،
شايبانىخاننىڭ ئۆلۈمى ...... 370
§ 2 . باتۇخان ۋە بېركى ...... 373
§ 3 . نوغاي ۋە توقتاي ...... 387
§ 4 . ئۆزبېكخان ۋە جانىبەك ...... 392
§ 5 . ماماي ۋە توقتامىش ...... 396

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب چىڭگىزخان

## 1 § . 12 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللار

12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسى مۇنداق سىزىلغانىدى: جۇڭگو ئىككىگە بۆلۈنگەن، جەنۇب تەرىپىدە خاڭجۇنى پايتەخت قىلغان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى، شىمال تەرىپىدە بېيجىڭنى پايتەخت قىلغان توڭغۇس مىللىتىنىڭ جورجىتلىرى ياكى جورجىت خانلىقى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمى، يەنى بۈگۈنكى ئوردۇس ۋە گەنسۇ چېگرىسى ئىچىدە تۇبۇت مىللىتى بىلەن قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان تاڭغۇت پادىشاھلىقىغا قاراشلىق تاڭغۇتلار بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى، تۇرپاندىن كۇچاغا قەدەر بولغان جايلاردا تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلار ياشايتتى، ئۇلار مەرىپەتكە يۈزلەنگەن، بۇددا دىنى ۋە نىستورى دىنى مەدەنىيىتىگە ئىگە تۈركلەر ئىدى. ئىسسىقكۆل ۋە چۇ دەريا ۋادىسىدىكى رايونلار بىلەن قەشقەردە موڭغۇل ئۇرۇقى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن تەشكىللەنگەن قارا قىتانلارنىڭ ئىمپېرىيىسى بار ئىدى. ماۋرائۇننەھر ۋە پۈتكۈل ئىران خارەزم خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلار ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىكى تۈرك ئۇرۇقلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپى، يەنى مۇسۇلمانلار ئاسىياسىنىڭ باشقا جايلىرى تۆۋەندىكىچە پارچىلانغانىدى: باغدادتا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى تۇراتتى؛ شام بىلەن مىسىردا ئەييۇب خاندانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى

بار بولۇپ، ئۇلار ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى كوردلار ئىدى؛ كىچىك ئاسىيادا سالجۇق سۇلتانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈرك ئىرقىدىكىلەردىن ئىدى.

بۇ يەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ئاسىياسى ئىدى. ئۇنىڭدىن بۆلەك جايلار، تېخىمۇ شىمالدا، سىبىرىيە - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا، ئالتاي تاغلىرى، قاڭاي تاغلىرى ۋە كېنتاي تاغلىرىدا زور بىر تۈركۈم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر داۋالغۇش ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئۈچ خىل ئىرق، يەنى تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە توڭغۇسلار ئىدى. تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى بۇ خىل تۈر ئايرىمىسىغا قارىماي، ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئوخشاش كىلىماتلىق شارائىتتا، ئوخشاش كۈن ئۆتكۈزەتتى، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ساياھەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئىرقى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئوخشاشلىقتىن ھەيران بولاتتى. فىرىناند گرىناردنىڭ ئۇلار توغرىسىدىكى تەسۋىرىدە مارسىللىن، روبروكىيۇس ياكى جۇڭگولۇق تارىخشۇناسلارنىڭ يازغانلىرى بىلەن ئوخشاشمايدىغان جايلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. مارسىللىن مۇنداق يازغانىدى: «ئۇلار يۈزى كەڭ ھەمدە ياپىلاق، پاناق بۇرۇن، مەڭزى ئېگىز، قىسىق كۆز، كالپۇكلىرى قېلىن، شالاڭ ساقال، چاچلىرى قارا ۋە قاتتىق، تېرىسى كۈن نۇرىدا كۆيۈپ، بوران ۋە شىۋىرغان تۈپەيلى بېغىر رەڭگە كىرگەن، بويى دىقماق، گۆشلۈك ئۇستىخىنى ئەگرى پۇتلىرى ئۈستىدە سىلىنىپ تۇرىدىغان ئادەملەردىن ئىدى». ھۇنلار ۋە موڭغۇللاردىلا بولىدىغان ئەبەدىيلىككە ئىگە مۇنداق چىراي، ئىسكىمۇسلار ياكى بىزنىڭ يۇرتىمىز گوستىكى دېھقانلارنىڭ سۈرەتلىرىگە خېلى يېقىن كېلەتتى. توختىماي بوران چىقىپ تۇرىدىغان، قىش پەسلى ھەممە يەر توڭلاپ كېتىدىغان، ياز كۈنىدىكى پىژغىرىم ئىسسىق نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەپتىگە سوزۇلىدىغان بۇ پايانسىز تۇپراقتىكى ھاياتلىق، قاۋۇل ۋە بېجىرىم كەلگەن بۇ ئىرقنى بۇيۇك تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلالايدىغان ھالغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ۋىجىك، پاكار، لېكىن جىنى چىڭ كىشىلەردىن بولۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

بۇ قەبىلىلەردىن خېلى كۆپلىرىنىڭ ھەقىقىي ئورنى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى پەقەت بەزى تەخمىنىي ئەھۋالغا ئاساسلىنىپلا پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئاساسلىق ھېسابلىنىدىغان تۈرك ـ موڭغۇل مىللەتلىرى ئىچىدىكى نايمان قەبىلىسى بۈگۈنكى قوبدۇ رايونى بىلەن ئوبۇنسۇر تەرەپلەردە ئولتۇراقلاشقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ غەربى قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن زەيسان كۆلىنىڭ ئەتراپىغا قەدەر، شەرقى سېلىنگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قەدەر باراتتى. «ئادەملىرىنىڭ ئىسمى موڭغۇلچە (نايمان دېگەن ئاتالغۇنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى سەككىز) بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ئەمەل نامى تۈركچە ئىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، نايمانلارنىڭ موڭغۇللاشقان تۈركلەردىن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى». ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىستۇرى دىنىغا كىرگەن مۇرتلار كۆپ ئىدى. بىزگە «جامىئۇل تەۋارىخ» تىن، ئۇ يەردە نىستۇرى دىنىنىڭ كۆپ سانلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئۇلاردىكى خان ۋارىسلىرىنىڭ مەسىلەن، داڭلىق قاغان كۇچلۇكنىڭ مۇشۇ دىن بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكى مەلۇم. بىراق، «مەخپىي تارىخ»تا كۆرسىتىلىشىچە، سامان دىنىنىڭ نايمانلاردا قالدۇرغان تەسىرىمۇ ناھايىتى زور ئىدى، چۈنكى ئۇلار جەڭ مەيدانىدا بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايتتى، كەلكۈن سۇ ۋە ئوت ـ يانغىنلارنى پەيدا قىلالايتتى، نايمانلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبتىكى قوشنىسى ئۇيغۇرلاردىن مەدەنىيەت قائىدىلىرىنى ئۆگەندى. 13 ـ ئەسىرنىڭ

بېشىدا، ئۇيغۇر ـ تۈرك يېزىقىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىر تۇتاش قوللىنىدىغان يېزىق قىلىپ بېكىتتى ۋە ئۇيغۇر ئۆلىماسى تاتاتۇڭانىڭا مۆھۈردار ۋە باش مىرزا قىلىپ ئىشلەتتى. ئەلۋەتتە، جۇڭگو (جۇرجىت ياكى جۇرجىت خانلىقىدىكى جۇڭگو) نىڭمۇ ئۇلاردا ئىناۋىتى بار ئىدى. تاياڭ خان ( 塔阳 ) دېگەن بۇ ئۇنۋان ئۇنىڭ روشەن دەلىلى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى چىڭگىزخان دەۋرىدىلا ئۆزىنى مۇشۇ ئۇنۋان بويىچە ئاتىغان بولۇپ، ئۇ دەل خەنزۇچىدىكى چوڭ خان ( 大王 ) دىن كەلگەنىدى. تاياڭ خاننىڭ دادىسى ئىنانچ بىلگە ئالدىنقى بىر ئەسىردە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق داھىي ئىكەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغانىدى.

نايمان قەبىلىسىنىڭ شىمالىدا، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلاردا، تۈرك قەبىلىسىدىن بولغان قىرغىزلار ياشايتتى، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئۆزىنى «ئىنال» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار 920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قىتانلارنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلاردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، تارىختا قايتا ھېچقانداق رول ئوينىمىدى.

كېرەي قەبىلىسى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى تالىشىدىغان چاغدا نايمانلار بىلەن ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئولتۇراقلاشقان جايىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئاز بولمىغان شەرقشۇناسلار ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىنى سېلىنگا دەرياسىنىڭ جەنۇبى، ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تۇغلا دەرياسى بىلەن ئوڭكىن دەريا ۋادىسىدا، يەنى يېقىنقى زاماندىكى سەيىن نويان قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدا، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. باشقا شەرقشۇناسلار بولسا، نايمانلار ئىلگىرى تېخىمۇ يىراق شەرققە، تاكى قۇدۇم رايونلىرىغىچە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنى شۇ يەردىن باشلىغان، دەپ قارىدى. كىشىلەرمۇ كېرەيلەرنى ئادىتى بويىچە تۈركلەر قاتارىدا كۆردى.

«لېكىن، موڭغۇللارنىڭ ئىپتىدائىي رىۋايەتلىرىدە ئۇلار ئەزەلدىن تىلغا ئېلىنمىدى، ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچرىغان موڭغۇللار ياكى موڭغۇللىشىۋاتقان تۈركلەر دېيىش تەسكە چۈشەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، كېرەيلەردىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىسمى تۈرك تىلى بىلەن ئاتالغان. توغراۋۇلنى تۈركچە ئىسىم دېيىشكە بولاتتىكى، ئۇنى موڭغۇلچە ئىسىم دېيىشكە بولمايدۇ».

كېرەيلەر مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئاندىن نېستۇرى دىنىغا بەيئەت قىلغان، شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى سۈرىيەلىك تارىخچى بار ھېبراۋۇس تولۇق خاتىرىلىگەن ھەمدە: كېرەيي قەبىلىسىنىڭ خانى يايلاقتا يولدىن ئادىشىپ، سانت سارگىسنىڭ پەيدا بولۇشى تۈپەيلى ئامان قالغان، خان شۇ جايدىكى خرىستىئان سودىگەرلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مەرۋ (خوراسان) دا تۇرۇشلۇق نېستۇرى دىنىنىڭ ئېپىسكوپى ئابدىجىسۇنى دەرھال يېتىپ كېلىشكە، ھېچبولمىغاندا بىرەر پوپنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنى چوقۇندۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان، دەپ يازغان. بارھېبراۋۇس پاكىت ئورنىدا ئىشلەتكەن ئابدىجىسۇ تەرىپىدىن 1009 ـ يىلى نېستۇرى دىنىنىڭ (باغدادتا تۇرۇشلۇق) ئېپىسكوپى يوھان VI (1011 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) گە يېزىلغان خەتتە، كېرەيي قەبىلىسىدىكى تۈركلەردىن 200 مىڭ ئادەمنىڭ خان بىلەن بىرلىكتە چوقۇندۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. 12 ـ ئەسىردە، كېرەيي قەبىلىسىنىڭ خان جەمەتىدىكى ئەزالىرى ئۆزلىرىگە داۋاملىق يوسۇندا خرىستىئان دىنى بويىچە ئات قويغان، بۇ ئېھتىمال غەربتە ئېقىپ يۈرگەن «يوھان ھەزرەت» توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالنىڭ بىرى، يەنە بىرى بولسا ئېپوپىيە پادىشاھلىرى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىيال ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ خانلىرىدىن ماركىزبۇيرۇق ئىسىملىك بىرسى چۆللۈكنىڭ شەرقىدە كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى بولۇپ، تاتارلار بىلەن، ئەلۋەتتە

بېيجىڭدىكى جورجېت خانلىقىنىڭ شاھلىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ باققان. لېكىن، تاتارلار ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، جورجېت خانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، جورجېت خانلىقىدىكىلەر ئۇنى ياغاچ ئېشەككە مىخلاپ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئىنتىقام ئېلىپ، تاتارلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگەن. ماركىزدىن قالغان ئىككى ئوغلىنىڭ بىرسى ئۆزىگە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك خرىستىئان دىنىدىكىلەرگە ئوخشاش ئات قويغان، يەنى ئۇنىڭ ئىسمى خۇزاغۇس ئىدى يەنە بىرسىنىڭ گۇرخان ئىدى. خۇزاغۇس تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ ۋارىسى توغراۋۇل كېرەي قەبىلىسىگە خان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسى گۇرخان بىلەن ئۇرۇشقاندا، گۇرخان نايمان خانى ئىنانچىنىڭ قوللىشى بىلەن توغراۋۇلنى بىر مەھەل دۆلەتتىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن، ئۇ چىڭگىزخانىنىڭ دادىسى، موڭغۇللارنىڭ قەبىلە باشلىقى يەسۈگەينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئېپىنى كەلتۈرۈپ گۇرخانىنى قوغلىۋەتتى. توغراۋۇل 1199 - يىلى بېيجىڭدىكى جورجېت خانلىقىنىڭ ياردىمىدە، ئۇلارنىڭمۇ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تاتارلارنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ موڭغۇل رايونىدىكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھلاردىن بولۇپ قالدى. بېيجىڭدىكى ئوردىمۇ كېرەي قەبىلە باشلىقىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇڭگوچە «ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋاننى تەقدىم قىلدى. بۇ قوش مەنىلىك خەنزۇچە - تۈركچە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئاتاق ئىدى. توغراۋۇل خان جەمەتىگە تەئەللۇق مۇشۇ ئاتاق ئاستىدا، «خانۋاڭ» دېگەن نام بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى. بىز كېيىنچە چىڭگىزخانىنىڭ مۇشۇ خانغا خىزمەتكار بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

كېرەي قەبىلىسىنىڭ شىمالىدا، سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، تۈرك مىللىتىگە ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

موڭغۇل مىللىتىگە مەنسۇپ مېركىتلار ياشايتتى[①]. كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خرىستىئان تەركىبى بارلىقىنى كۆرىمىز. مېركىتلارنىڭ تېخىمۇ شىمالىدا، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدە موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

مانجۇرىيەنىڭ ئەڭ شىمالىدا، ئىرغۇنا دەرياسى بىلەن خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئارىسىدىكى «قوتانلانغان يەر» دە، تا بۈگۈنگە قەدەر توڭغۇسلاردىن بولغان سولۇنلار بار. ئۇلارنىڭ ئەجدادى سولان دەل مۇشۇ يەردە ئۆتكەنىدى. تېخىمۇ جەنۇب تەرەپتە، قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىن تاكى ھىنگان تاغلىرىغا قەدەر، تاتارلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. پېللىئوتنىڭ قارىشىچە تاتارلار (بۇرۇن ياشىغانلار ئۇزۇنغىچە سۆزلەپ يۈرگەندەك) توڭغۇسلاردىن ئەمەس ئىدى، لېكىن «ئۇلارنىڭ موڭغۇل تىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى تولىمۇ ئېنىق ئىدى.» تاتارلار ئىتتىپاق بولۇپ ئويۇشۇپ، بەزىدە «توققۇز جاۋۇپ تاتارلار»، بەزىدە «ئوتتۇز جاۋۇپ تاتارلار» دەپ ئاتالدى. بۇ 8 ـ ئەسىردە خوشۇت سەيدامغا تىكلەنگەن تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا ئالىلىقاچان تىلغا ئېلىنغان ئىش ئىدى. شۇ دەۋرلەردە، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارغا كېلىپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 12 ـ ئەسىردىكى تاتارلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق جەڭچىلەردىن ئىدى، ئۇلارنى مۇشۇ مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياۋايى مىللەت دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار مانجۇرىيە تەرەپتە خەنزۇلار ئۈچۈن، توڭغۇسى خانلىقى — جورجىت خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرگەنىدى.

---

① كىشلەر بۇ مېركىت قەبىلىسىنى 6 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋىزانتىيەلىك يازغۇچى تىلغا ئالغان Moukri لار مىكىن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر Moukri لارنى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان توڭغۇسلار دەپ قارايدۇ.

بېيجىڭدىكى جورجىت خانلىقى ئوردىسى ئۇلارنى غەربىي شىمال تەرەپتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان قىلىۋېتىش كويىدا، چىڭگىزخانىنىڭ ئەمدىلەتىن مەلۇم بولۇۋاتقان ھەيۋىسىگە مەدەتكار بولغانىدى.

تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە نامىنىڭ تار مەنىسىدىن ئېيتقاندا، چىڭگىزخانىنى تەۋەللۇت قىلغان رەسمىي موڭغۇللار ئۇ چاغدا بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئونان دەرياسى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. خۇددى بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان پۈتكۈل بىر گۇرۇھ قەبىلە بارلىققا كېلىشتىن ناھايىتى بۇرۇنلا، موڭغۇل تىلىدىكى بىر مىللەتنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكى تارىخ تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ياكى خاتىرىلەنگەندەك بولغانىدى. بۇ خۇددى يۇقىرىدا ئۇچراتقىنىمىزدەك، مۇكەممەل مەنىدىكى تۈركلەر ئايرىدە بولۇشتىن ئىلگىرىلا تۈرك خەلقى پەيدا بولۇپ بولمىغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى.① بىز بۇ يەردە، موڭغۇل تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا 3 - ئەسىردىكى سىيانپىلارنى، 5 - ئەسىردىكى جۇرجانلارنى ۋە ئىپتالىتلارنى، ياۋروپادىكى (6 — 9 - ئەسىر ئارىلىقىدىكى) ئاۋارلارنى كىرگۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىمىز. بىز 8 - ئەسىر بىلەن 10 - ئەسىر ئارىلىقىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان قىتانلارنىڭ موڭغۇلچە يەرلىك دىئالېكت بىلەن سۆزلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغاندۇق، لېكىن بۇ يەرلىك دىئالېكت توڭغۇس تىلى بىلەن ئۇچرىشىشى ئارقىسىدا ھەددىدىن زىيادە بۇزۇلۇپ كەتتى. گەرچە

① مۇڭغۇل دېگەن بۇ ئىسىم تاڭ دەۋرىدە چىققان بولۇشى مۇمكىن. پىلىئوت ئۇنى تاڭ دەۋرىدىن باشلانغان دەيدۇ. جۇڭگو تارىخىي ھۆججەتلىرى بىزگە سۆيىر قەبىلىسىدە (قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن ھىنگان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا) ئىشەنچلىك موڭغۇل تىلىدا سۆزلەيدىغانلار بار، ئۇ يەردە مۇڭغۇ ياكى مۇڭغۇۋۇ دەيدىغان قەبىلە ئۆتكەن دەيدۇ. بۇ ئېھتىمال مۇڭغۇل دېگەن ئىسىمنىڭ تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ «ئىپتىدائىي موڭغۇل» خەلقى ئىچىدىن بەزىلەر ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان كەڭ رايونلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇكەممەل مەنىدىكى موڭغۇللار ياكى چىڭگىزخان جەمەتىدىكى موڭغۇللار مىراس قالدۇرغان نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك خاتىرە قالدۇرالمىدى.

رەشىدىددىن توپلىغان موڭغۇل رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ باشتا تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان موڭغۇل خەلقى ئىرغۇناقۇم تاغلىرى ئىچىدە پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئىران تارىخشۇناسلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادىنىڭ ئىرغۇناقۇم تېغىدىن سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئونان دەرياسى بويىدىكى تۈزلەڭلىككە كەلگەن ۋاقتىنى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينى قىلىپ بېكىتىشكە خېلى ئۇرۇنۇپ كۆردى. شۇ رىۋايەت يەنە بىزنى ئىلاھى ئايال ئالان غۇۋانىڭ ئېرى دوبۇن مەرگەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، تەڭرى ئىلتىپات قىلغان نۇر تۇپەيلى ھامىلدار بولۇپ، موڭغۇللاردىكى نىرۇن جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرىنى تۇغقانلىقىدىن خەۋەردار قىلدى. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئىچىدىكى بودۇنچار چىڭگىزخاننىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد بوۋىسى ئىدى.

12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ھەقىقىي موڭغۇللار نۇرغۇن ئولۇسلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ۋلادىمىرسوفنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئولۇسى دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەبىلە ۋە كىچىك مىللەت دېگەندەك مەنىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بۇ قەبىلىلەر ھە دېسىلا ئۇرۇشۇپ قالاتتى. قوشنىلىرى بىلەن بولغان جەڭگە ـ جېدەل، بولۇپمۇ تاتارلار بىلەن بولىدىغان ماجىرالار توغرىسىدا ئارتۇق سۆزلەش ھاجەتسىز. چىڭگىزخان ئاپىرىدە بولغان ئائىلە بۆرتچىن ئۇرۇقىدىكى كىچىك ئۇرۇق بولغان قىياتلارغا مەنسۇپ ئىدى. كېيىنچە، چىڭگىزخان زەپەر قۇچقاندىن كېيىن، ئادەملەر موڭغۇللارنى كىچىك ئۇرۇق قىياتقا مەنسۇپمۇ

ياكى ئەمەس دېگەن نۇقتىدىن ئىككىگە ئايرىشقا ئادەتلەندى. بىرىنچى تۆرگە ياتىدىغان قەبىلىلەر نىرۇن ئۇرۇقىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار نۇر ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى، پاك ئادەملەردىن ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى تۆرگە ياتىدىغان قەبىلىلەر نىسبەتەن كىچىك ئۇرۇقلاردىن بولغان دورلىچىنلار ئىدى. نىرۇن ئۇرۇقىدىكى تىپىچۇت قەبىلىسى قارىماققا مۇشۇ مىللەتتىكى كۆپ سانلىق ئادەملەردىن يىراقلىشىپ، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شىمالىي رايونلاردا ياشايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇنغۇت، ماڭغۇت، جاجىراداي، بارۇلاس، بادىن، دۆربەن (بۈگۈنكى دۇربۇت)، سالچىغۇت، قاتاگىن قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى. دورلىچىن ئۇرۇقىدىكىلەر ئىچىدە ئايرىغۇت، بۇيرىغۇت، خورلاس، سولدۇس، ئىچىلۇس، ئوڭگرات قاتارلىق قەبىلىلەر بار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى قەبىلە تېخىمۇ شەرقىي جەنۇبتىكى ھىنگان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، تاتارلارنىڭ زېمىنىگە يېقىن جايدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار ئىدى. جالايىر قەبىلىسى موڭغۇل مىللىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار تەخمىنەن شىرۆك دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەريالىرى قوشۇلىدىغان جاينىڭ جەنۇبىدا ياكى بولمىسا ئونان دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنى موڭغۇللارغا تەسلىم بولغان تۈرك قەبىلىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى، ئۇلار كېيىنچە موڭغۇل رىۋايەتلىرىدىكى باھادىر قايرۇنىڭ تەسىرى بىلەن موڭغۇللىشىپ كەتكەنلەر ئىدى.

تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن سۆز ئېچىلغاندا، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايلاق قەبىلىلىرى ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورمان قەبىلىلىرى دەپ ئايرىشقا بولاتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، موڭغۇل ـ سىبىرىيە چېگرىسىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرى جەنۇبنى توغرىسىغا كېسىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن يايلاقلار (تېز سۈرئەتتە قۇملىشىپ كەتتى) بىلەن شىمالدىكى ئورمان بەلۋاغلىرى بولدى. گېرىنارد ئەپەندى ئەڭ دەسلەپكى موڭغۇللارنى يايلاقتىكى ئىرق ئەمەس، بەلكى ئورمانلىق تاغ رايونلىرىدا ياشايدىغان خەلق دەپ قارىدى. «ئۇلارنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلار كەڭ - كۆلەمدە ئىشلەتكەن ياغاچ هارۋىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. موڭغۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ يايلاقتىكى قازاقلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار تېخىچە ياغاچ تۈگ ئىشلىتەتتى، تولۇم ئىشلەتمەيتتى». يايلاقتىكى قەبىلىلەر، بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچىلار مال باقىدىغان ئوتلاقلارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، پەسىلگە قاراپ يۆتكىلىپ تۇراتتى. سەپەر جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى، يەنى بىز دەپ كېلىۋاتقان (تازا جايىدا بولمىسىمۇ) يۇرتلارنى قۇراتتى. ئورمان قەبىلىلىرى بولسا، قىيىن دەرىخنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان كەپىلەردە ياشايتتى.

بارتولد بىلەن ۋلادىمىرسوف چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەردىكى ئاقساقاللاردىن نىسبەتەن بېيىپ كەتكەنلىرىنىڭ خېلى تەسىر كۈچى بار ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى پەرقلەندۈردى. داھىي سۈپەت بۇ ئادەملەرنىڭ باھادىر ياكى باتۇر (قەھرىمان)، نايون (يول باشلىغۇچى)، چېچەن (موڭغۇلچە ئاقىل)، بىلگە (تۈركچە بىلىملىك)، تەيجى (خەنزۇچە شاھزادە) دەيدىغان ئاتاقلىرى بار ئىدى. ۋلادىمىرسوف مۇنداق يازغانىدى: «باھادىر ياكى نايونلاردىن تەركىب تاپقان بۇ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋىلىرى ۋە ئۆي - بىساتىنى باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن يايلاق قىلغىلى بولىدىغان يەرلەرنى تېپىش ھەمدە مۇئەييەن ساندىكى خىزمەتكار ۋە قۇللارنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.» بۇ خىلدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى جەمئىيەتتىكى باشقا سىنىپلارنى، مەسىلەن،

لەشكەرلەرنى، مۇرىتلارنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆر ئادەملەرنى، ئادەتتىكى كىشىلەرنى ۋە ئاۋام ـ پۇقرانى، شۇنداقلا قۇللارنى باشقۇراتتى. بۇ تائىپىگە ياتىدىغانلار يالغۇز قۇللارغىلا ئەمەس، مەغلۇپ بولغان قەبىلىلەرگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلاتتى، ئۇلارنى غالىب قەبىلىلەرنىڭ خىزمەتكارىغا ۋە قۇللىرىغا ئايلاندۇراتتى. ئۇلارغا غالىبلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى باققۇزاتتى، جەڭ ۋاقتىدا ئۇلارنى بېقىندى لەشكەر قىلىپ ئىشلىتەتتى. رۇسىيەلىك موڭغۇلشۇناس بارتولد بىلەن ۋلادىمىرسوفنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە، ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئورمان قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئورنى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايلاق قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىدەك مۇھىم بولمايتتى. بۇ ئالىملارنىڭ پىكرى بويىچە قارىغاندا، ئورمان قەبىلىلىرى شامان پىرىخونلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە تەسىرى ئاستىدا ئىدى. ۋلادىمىرسوفنىڭ قارىشىچە، شامانلار ۋاڭلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سېھرىگەرلىك ھوقۇقىنى بىرلەشتۈرگەندە، ئۆزلىرىنى «بېك» دەپ ئاتايتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، بىز چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئويرات قەبىلىسى بىلەن مەركىت قەبىلىسىدىكى ئاقساقاللاردىمۇ مۇشۇنداق ئاتاقنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بارلىق تۈرك ـ موڭغۇل خەلقى ئىچىدە شامانلار ياكى پىرىخونلار (قەدىمكى تۈرك تىلىدا چام، موڭغۇل تىلىدا بوغا ياكى شامان، توڭغۇس ـ جورجىت تىلىنىڭ خەنزۇچىگە قىلىنغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدە سامان) مۇھىم رول ئوينايتتى. شامانلاردىن كۆكچۇ، چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەنە شۇنداق رول ئوينىغانلاردىن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بىلەن ئورمان قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى بۇ خىل پەرق ئۇنچىۋالا مۇتلەق بولمايتتى. رەسمىي موڭغۇللار ئارىسىدا، مەسىلەن، تېيچۇت قەبىلىسىدىكىلەر ئورماندىكى ئوۋچىلاردىن ئىدى، ھالبۇكى چىڭگىزخان كۆچمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلارنىڭ بىر قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا بۇ بارلىق تۈرك — موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل سالاھىيەتتىكى ئوۋچىلار ئىدى. ئورماندا ياشايدىغانلار سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ياغاچتىن ياكى سۆڭەكتىن ياسىغان تېيىلغان ئاياغلىرىنى كىيىپ، تاكى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بۇلغۇن بىلەن يالمانتاقتاقنىڭ كەينىدە يۈرەتتى؛ چارۋا باقىدىغانلار، قولىغا سالغا بىلەن ئوقيانى ئېلىپ، چەت چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان يايلاقتا بۆكەن بىلەن مارالنى قوغلاپ ئاۋارە بولاتتى؛ «يايلاقتىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى» بۈركۈت ئوۋلايتتى. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ تۇراقسىزلىقى تۈپەيلى، بىر ئۇرۇقنىڭ مەلۇم تۇرمۇش شەكلىدىن يەنە بىر خىل تۇرمۇش شەكلىگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. كەلگۈسىدىكى چىڭگىزخانمۇ ياش چېغىدا، دادىسىدىن مىراس قالغان مال - چارۋىنى دادا جەمەت تۇغقانلىرى بۇلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇ مال - چارۋىلىرىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئانىسى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بىرلىكتە، بىر مەھەل بېلىق ئوۋلاشتەك ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

ئادەتتە، ئورمان قەبىلىسى بەكرەك ۋەھشىي بىلىنەتتى. ئۇلار پەقەت كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تاشقى قىياپىتى ئارقىلىقلا مەدەنىي تۇرمۇش بىلەن ئالاقە ئورنىتاتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۆچمەن چارۋىچىلار مەركىزىي چۆللۈكتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، لياۋخې دەرياسى بويىدىكى قىتانلار ياكى بېيجىڭدىكى جورجىتلار بىلەن بولغان قوشنىدارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ پايدىسىنى كۆرەتتى. ئۇلاردا شەھەر يوق ئىدى، لېكىن ئۇلار كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا كىگىز ئۆيلەر تۈپىنى شەكىللەندۈرەتتى. شۇ چاغلاردىكى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭىدىغان كىگىز ئۆيلەر ئارقىلىق چۆرىدەپ ياسالغان ئايلانما دائىرە ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ جايلار، كەلگۈسىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى. ئىنسانشۇناسلار ئورمان موڭغۇللىرىنىڭ

ئاددىي ياغاچ كەپىلەردىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئوڭاي چۇۋۇغىلى ۋە ئوڭاي قۇرغىلى بولىدىغان كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىشى بىر خىل ئىلغارلىق دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىل كىگىز ئۆيلەر 13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخانىنىڭ قاغانلىق دەۋرىدە، يۈكسىلىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ئوردىغا ئايلانغانىدى. ئۇ شۇنداق كەڭ، شۇنداق ئازادە ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە تېرە ماللار، كىگىز ـ كېچەكلەر دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. بىراق، يېقىنقى زامان موڭغۇللىرى خارابىلىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن، كىگىز ئۆيلەر نامراتلىشىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، 13 ـ ئەسىردە ئىشلىتىلگەن تۈتۈن چىقىرىش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۆرۈبىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئورماندىكى ئوۋچىلار ۋە يايلاقتىكى چارۋىچىلار دەپ ئايرىلىدىغانلىقىنى بۇ ئىككى تۈردىكى چېدىرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بىرىنچى خىل چېدىر «گىل» (ناتوغرا ئاتىلىشى يۇرت) بولۇپ، ئۇ بىز يۇقىرىدا تەرىپلىگەن خېلى جىق ياغاچ ـ تاش كېتىدىغان يۇمىلاق شەكىلدىكى كىگىز ئۆيلەر ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئەھۋال شۇ مىللەتنىڭ ئورمانلىققا يېقىن جايدا ياشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئىككىنچى خىل چېدىر ئىچى كەڭ، ئاستى تەكشى، قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن «مەيخان» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيلەر ئىدى. بۇ دەل ـ دەرەخ يوق يايلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان چارۋىچىلار ئۈچۈن ئالغاندا، ئەڭ ئوڭاي ياسىغىلى بولىدىغان ئۆي ئىدى. شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، چىڭگىزخانىنىڭ دەۋرىدە مۇنداق چېدىر ئۆيلەر ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالاتتى، شۇڭا ئۇنى توشۇپ مېڭىش ئوڭاي ئىدى، ھېچبولمىغاندا تۈزلەڭ جايلاردا، خۇددى بىز بايا تىلغا ئالغاندەك، ھەقىقىي بىر «كۆچمەن چارۋىچىلار شەھىرى» نى ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈرۈپ يۈرگىلى بولاتتى. ئەپسۇسكى، شۇ زامانلاردىن باشلاپ، «ھارۋا بىلەن يۆتكەش» مەۋجۇتلۇقتىن

قالدى.

لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا شۇنىڭدىن دەر گۇمان بولماسلىق كېرەككى، موڭغۇل رايونىدىكى 15 ـ ئەسىردىكى ئەھۋال 9 ـ ئەسىرگە سېلىشتۇرغاندا ئارقىغا چېكىنگەندى. تۈركلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەريا ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بۇ يەرنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى باشلىغانىدى. قىرغىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن، يەنى 840 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ ئۇرۇنۇش كۆپۈككە ئايلاندى، يايلاق تۇرمۇشى يەنە ئەسلىگە قايتتى. ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى تۈركلەر ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى بىزنى ئوبدانلا ۋايىغا يەتكەن مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، چىڭگىزخانىنىڭ تارىخى بىزنىڭ ئۇنى داۋاملىق بايقىشىمىزغا يول قويمىدى.[①]قىرغىزلار 840 ـ يىلى بۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلدى ۋە ئىشغالىيەت سۈرىيە ـ سوغدىيانا مەدەنىيەتىنى تۈنجۇقتۇردى. ھالبۇكى، بۇ مەدەنىيەتنى ئېلىپ كەلگەنلەر مانى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. 920 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن، بۇ يەردە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئورخۇن دەريا ۋادىسىغا قايتىپ كېلىشتىن قەتئىي باش تارتتى. تاكى شۇ چاغقا قەدەر، مەدەنىيەتنىڭ تامچىلىرى بۇ يەرگە ئاندا ـ ساندا بولسىمۇ كۆز قىرىنى سېلىپ تۇردى. ئەلۋەتتە، بۇ يەنىلا ھېلىقى ئۇيغۇرلاردىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار

---

① مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت بىر تالاي تۈركچە سۆزلەرنىڭ موڭغۇل تىلىغا كىرگەنلىكى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە موڭغۇللاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ نىسبىي ئۆلگىرىلىش جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا تۈركلەرنىڭ موڭغۇللاردىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك سىستېمىسىدىكى تىل موڭغۇل سىستېمىسىدىكى تىلغا قارىغاندا يۇكسەك دەرىجىدە ئىلغار، مۇشۇلارغا ئاساسەن، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى موڭغۇل تىلى بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىلغا قارىغاندا تېخىمۇ كونا. تەلەپپۇز ئىلمى جەھەتتىن ئالغاندا ھەم كونا موڭغۇل تىلى قارىماققا ئىپتىدائىي ئالتاي تىلى (تۈرك ـ موڭغۇل) بىلەن ئوخشاش ئۆلگىرىلىش باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.»

تېخىمۇ جەنۇبتىكى بەشبالىغ (گۇچېڭ) بىلەن تۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ بولغان بولسىمۇ، نىستورى دىنىنىڭ ئۇگۇتلىرىنى ئۇزۇپ قويمىدى، لېكىن نىستورى دىنى روبروكيۇس ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قەيت قىلغىنىدەك، پۇتكۇل موڭغۇل دالاسىدا كەيىنگە داجىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى سامان دىنىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى ھەمدە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كېيىنكى دىن بىلەن قارشىلىشىدىغان ئورۇنغا كۆچتى.

## § 2 . بىرلىشىش يولىدىكى تۈنجى سىناق

رىۋايەتلەردە رەسمىي موڭغۇللار ئۇيۇشقان بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، 12 - ئەسىرنىڭ ئالدىدىلا بىر مەرتىۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەنلەر تىلغا ئېلىنغانىدى. دېمىسىمۇ موڭغۇللارنىڭ قەبىلىسىدىكى قايدۇ ئىسىملىك بىر ئاقساقال ئۆزى بىلەن دۈشمەنلەشكەن جالايىرلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئوخشاشمىغان قەبىلىلەردىكى بەزى جەمەتلەرنى ئۆز تۇغى ئاستىغا بىرلەشتۈرمەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ پەي نەۋرىسى قابۇل خان (قابۇلخان) دەپ ئاتالدى. «مەخپىي تارىخ» تا ھەتتا شاھلارنىڭ تەخەللۇسى بىلەن (قابىل قاغان) ئاتالغان دېيىلدى. ئۇ شىمالىي جۇڭگونىڭ خوجايىنى جورجىت خانلىقىنىڭ پادىشاھى ۋە جورجىتلارنىڭ قۇدرەتلىك ئەمىرلىرى بىلەن تىركىشىشكە بىرىنچى بولۇپ جۈرئەت قىلغان ئادەم ئىدى. موڭغۇل رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ دەسلەپتە جورجىت خانلىقىغا بېقىندى بولغانلىقىنى، جورجىت پادىشاھىنىڭ ئۇنى بېيجىڭدا قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ مەدەنىيەتلىك بىر ئەلگە كېلىپ قالغان ياۋايى ئادەمگە ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى

www.uyghurkitap.com

ۋە ھەددىدىن زىيادە مەيخورلۇقى پادىشاھنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ تولا مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندا، پادىشاھنىڭ ساقىلىنى يۇلۇۋەتكەن، لېكىن پادىشاھ ئۇنى ئەپۇ قىلغان ھەمدە ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللۇق تۇتقان، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى تېزلا يامانلاشتى. نەتىجىدە قابۇلخان جورجىت خانلىقىدىكىلەرگە ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى قوغلىغان ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئېھتىمال مۇشۇ تارىخ جورجىت خانلىقىنىڭ 1135 — 1139 ـ يىللار ئارىسىدا موڭغۇل زېمىنىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنى كومپىدىيىلىك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ نۆۋەتتىكى جەڭدە جورجىت خانلىقىنىڭ لەشكەر بېشى خۇشاخۇ يايلاقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، موڭغۇللار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى، نەتىجىدە بېيجىڭدىكى ئوردا 1147 ـ يىلى موڭغۇللار بىلەن يارەملىشىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئۇلارغا خېلى كۆپ ساندىكى كالا ـ قوي ۋە ئاشلىق يوللاپ بەردى. جۇڭگو ـ جورجىت تارىخى ماتېرىياللىرىدا، مۇنداق شەرتنى قولغا كەلتۈرگەن موڭغۇل سەركەردە ئارا بۇغرا ئىدى. پىللىئوت ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىسىمنى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا orobogila غا قايتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. بارتولدمۇ بۇ ئىسىمنى قۇتلاقاغانغا يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدى. قۇتلاقاغان قابۇلنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ موڭغۇل رىۋايەتلىرىدىكى داڭلىق شەخس ئىدى.

قۇتلاقاغان (شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قاغان ياكى پادىشاھ دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1240 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «مەخپىي تارىخ» يېزىلىۋاتقان چاغدا قوشۇلغان) ئوخشاشلا رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان ئىدى. «ئۇنىڭ ئاۋازى

جىلغىدىكى گۈلدۈرماممىدەك گۈلدۈرلەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئېقىنىنىڭ ئالدى قولىدەك ياكى بولمىسا ئۆتكۈر شەمشەردەك ئادەمنى بىراقلا ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى. قەھرىتان سوغۇق كېچىلەردە، ئۇ دەرەخ شاخلىرى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان سەندەل يېنىدا ئاندىن توغما ھالەتتە ئۇخلايتتى. ئۇ ئوت ئۇچقۇنلىرى ياكى كۆيۈۋاتقان ئوتۇنلارنىڭ بەدىنى ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. ئويغانغان چاغدا بەدىنىدىكى كۆيۈك ئىزلىرىنى قۇرت - قوڭغۇزلار چېقىۋالغان يەر ئوخشايدۇ دەپ بىلەتتى.» رىۋايەتلەردە يەنە مۇشۇ ئەپسانىۋى مەزمۇنغا يانداش ھالدا، قۇتلاقاغاننىڭ ئىنىسى ئولبارخىغاي بىلەن جيەن ئىنىسى ئامباغاي ئىككىسىنىڭ تاتارلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى، ئۇلار جورجىت خانلىقىنىڭ ئادەملىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككىيلەننى ياغاچ ئېشەككە مىخلاپ ئۆلتۈرۈپ، «كۆچمەن چارۋىچى ئاسىيلارنى جازالىغان» لىقى تىلغا ئېلىنىدى. قۇتلا ئۇلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى، ئۇ جورجىت خانلىقىنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇ يەرنى تالان - تاراج قىلدى. بۇنىڭدىن بۆلەك جۇڭگو يىلنامىلىرىدىمۇ، موڭغۇللارنىڭ 1161 - يىلىدىكى تاجاۋۇزىغا ئاساسەن جورجىت پادىشاھىنىڭ ئۇلارنى جازالاشقا لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى يېزىلدى. موڭغۇل رىۋايەتلىرىدىمۇ، موڭغۇللارنىڭ بۇيرۇنۇر ئەتراپىدا جورجىت خانلىقىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تاتارلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ئارمىيىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ يېڭىلگەنلىكى سۆزلەندى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بېيجىڭدىكى ئوردا موڭغۇللارنىڭ كۈچىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، تاتارلاردىن ياردەم سورىغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئاخىرى كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يەتتى. گەرچە «مەخپىي تارىخ» خانلىقنىڭ داۋاملىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئالتىنىنىڭ ئىسمى كەينىگە قاغان دېگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قۇتلانىڭ ئوغۇللىرى جۇجى بىلەن ئالتىن خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز قولىدا

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدى. جورجىت خانلىقىدىكىلەر ۋە تاتارلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان تۇنجى موڭغۇل خانلىقى هالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت بىرنەچچە ئۇرۇق ۋە كىچىك ئۇرۇقلارلا قالدى.

دەرۋەقە، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى رىۋايەتلەر چىڭگىزخاننىڭ دادىسى يەسۇگەينى قەدىمكى شاھزادىلەرنىڭ شەجەرىسى بىلەن باغلاپ باقتى. ئۇ قابۇل قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بارتام باھادىرنىڭ پەرزەنتى ئىدى. بارتولد بۇ شەجەرىدىن گۇماندا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاتالىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، «مەخپىي تارىخ»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» ۋە رەشىدىددىننىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرى تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن تارىخىي ئەمەلىيەتنى تەلتۆكۈس رەۋىشتە ئويدۇرۇپ چىققان دېگىلى بولمايتتى. يەسۇگەينىڭ ئەزەلدىنلا قاغان ياكى خانۋاڭ بولمىغانلىقى ھەقىقەت ئىدى. ئۇ ناھايىتى كەلسە قىيات ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ نامىمۇ ئادەتتىكى باتۇر ياكى باھادىر ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئوخشاش، موڭغۇللارنىڭ ئاتا مىراس دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كەتكەن تاتارلارغا قارشى جەڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۇرۇق ئىچىدىكى بىر باتۇر ئاقساقالنىڭ پائالىيىتىلا ئىدى. ئۇ كېرەي قەبىلىسىنىڭ خانلىق تەختىنى تالىشىدىغان بىر رىقابەتچى، يەنى توغراۋۇلنىڭ تاغىسى گورخاننى يېڭىشىشىغا ياردەم بېرىپ كەلگۈسىدىكى چىڭگىزخان ئۈچۈن قىممەتلىك بىر دوستلۇقنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ مېركىت قەبىلىسىدىكى بىر ئاقساقالنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ ياخشى خوتۇنى ئۆلۈننى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى. بۇ ئايال كېيىن چىڭگىزخاننىڭ، يەنى تېمۇچىننىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى. يەسۇگەي ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ياش تېمۇچىنگە لايىق ئىزدەپ ئوڭگىرات قەبىلىسىدىكى بىر ئاقساقالنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدىغانغا كېلىشتى (موڭغۇللار باشقا قەبىلىلەر بىلەن

قولدىن چىقىرىلغانلاردىن ئىدى). 1667 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تاتارلار بىر قېتىملىق زىياپەتتە يەسۈگەينى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى.

## 3 §. چىڭگىزخاننىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

يەسۈگەينىڭ چوڭ ئوغلى تېمۇچىن يەنى بىر كۈنلىرى چىڭگىزخان دەپ ئاتالماقچى بولغان بۇ ئۆسمۈر 1155 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «دەلىگۈن بۇلداغ رايونىدىكى ئونون دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا دۇنياغا كەلدى. بۇ يەر بۈگۈنكى رۇسىيە تۇپرىقىدا بولۇپ، گىرىنۋىچ سىزىقى بويىچە شەرقىي مېرىدىئان 115 گرادۇسقا توغرا كېلەتتى.» جۇڭگولۇق مىڭ گۇڭ بىلەن ئىرانلىق جۇزجانىينىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەردىن، ئالايلۇق، ئۇنىڭ ئېگىز بوي، ساغلام، ئۇستىخانلىق، پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىمىز. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا ساقال قويۇپ يۈردى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلەر، ئۇنىڭ ئەڭ مۇدھىش سوغۇق ۋە ئادەمنى تىنالماس قىلىۋېتىدىغان ئىسسىققىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغان ئىقتىدارى، ئۇنىڭ جاراھەت، مەغلۇبىيەت، چېكىنىش ياكى ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىنكى قىيىن ـ قىستاقلارغا بولغان پەرۋاسىزلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بىر مەزمۇننى ئاتا قىلدى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن تارتىپلا ئەڭ جاپالىق چېنىقىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئەڭ قاباھەتلىك كىلىمات ۋە ئەڭ ئەنسىز شارائىتتىكى ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خۇلقى، دەسلەپتىن تارتىپلا رىيازەت ئىچىدە مۇكەممەللەشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان تۆمۈر ئادەم قىلىپ يېتىشتۈردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ دادىسىدىن يېتىم قالغان كۈنلەردە، يەنى (1167 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينى) ئۇ تېخى ئەمدىلەتىن 12 ياشقا كىرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ ئۇرۇقدىكىلەر ئۇنى ئاجىز چاغلاپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. ئانىسى ئۆلۈن ئۇچىنىنىڭ جاسارەتلىك ئايال بولغىنىغا قارىماي، دادىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يېقىنلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى ۋە مال ـ ۋارانلارنى ھەيدەپ ئۇلاردىن نېرى كەتتى. ئۆز ئۇرۇق ـ جەمەتى تەرىپىدىن قاقتى ـ سوقتى قىلىنغان تېمۇچىن كىچىك سىڭلىسى تېمۇلۈن ۋە بىر تۇغقان ئۈچ ئىنىسى قاسار، قاچغۇن، تېمۇگە، دادا بىر ئانا بۆلەك ئۇكىلىرى بەكتەر، بەلگۈتەيلەر بىلەن ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدى. بىردىنلا نامراتلىق گىردابىغا چۈشۈپ كەتكەن بۇ ناتىۋان جەمەت، ئونان دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدىكى كېنتېي تېغىدا، يەنى شۇ زامانلاردا بۇرھان خالدۇن دەپ ئاتىلىدىغان تاغ تەرەپتە بېلىق ئوۋلاپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. تېمۇچىننىڭ بۆرتچىن ئۇرۇقىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋالغانلار تايچىغۇت ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ئامباغاينىڭ تارغۇتاي كىرىلتۇغ، تۆدۆگەن گىرتە دېگەن ئوغۇللىرى ئىدى. ئىشەنچ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەلۋەتتە 1161 ـ يىلىدىكى ئاپەتتىن كېيىن خانلىقنى قولدىن بېرىپ قويغان موڭغۇل ۋاڭ خان قايدۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

بۇ بىر مەزگىل، تېمۇچىن ئۆزىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن كىنتاي تاغلىرىدا بېلىق ئوۋلاپ كۈن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادا بىر ئانا بۆلەك ئۇكىسى بەكتەر تېمۇچىننىڭ بوز تورغىيى بىلەن بىر تال بېلىقنى تارتىۋالدى. تېمۇچىن ئىنىسى قاسارنىڭ ياردىمىدە بەكتەرنى ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ ئېتىۋەتتى. ئېغىر تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق مۇشكۈل شارائىتىدا، قالغان ياشلار جۈملىدىن ئىنىسى قاسار كۈچلۈك ۋە قەيسەر يىگىت بولۇپ ئۆستى. تايچىغۇت ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى تارغۇتاي كىرىلتۇغ ئۇلارنى كەمبەغەللىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى دەپ قارىدىيۇ، لېكىن بۇنىڭغا

تازا جەزم قىلالمىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھايات ياشايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نەتىجىدە ئۇ كېنتېي تېغىنىڭ ئورمانلىقىدا تېمۇچىننىڭ پېيىگە چۈشتى، ئۇنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن بوينىغا تاقاق سېلىپ قويدى، شۇنداقتىمۇ تېمۇچىن قېچىپ قۇتۇلدى، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە سولدۇس ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى سورقان شىرا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چىلاغۇن بىلەن چىمباي يوشۇرۇن ياردەم قىلدى. بۇ ھەقتە بىز تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز. تېمۇچىن ساداقتىن ئوق ئۈزۈشكە تولىمۇ ماھىر ئىدى. ئىنىسى قاسار بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىدى. «ئۇلاردا توققۇز شىرغا ئاتا بار بولدى». لېكىن، سەككىز شىرغا ئاتنى يايلاقتىكى قاراقچىلار ئوغرىلاپ كەتتى. تەلىيىگە يارىشا ئۇ ياش نۆكەر بوغۇرچۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى ۋە ئاتلىرىنى ياندۇرۇپ كەلدى. بوغۇرچۇ ئايرىغۇت قەبىلىسىدىكى ئاقساقالنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ تېمۇچىننىڭ ئەڭ سادىق سەركەردىلىرىدىن بولۇپ قالدى ھەمدە يەر - جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان كېيىنكى چاغلاردا، ئۇنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك سانغۇنلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. تېمۇچىن نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئوڭگىرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى دەي سەچەننىڭ قېشىغا بېرىپ، بالا چېغىدىلا ئۆزىگە ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان كىچىك قىزى بۆرتە بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەي سەچەن ماقۇل بولدى ھەمدە بۇلغۇن تېرىسىدە تىكىلگەن بىر جۈۋىنى تويلۇق ئورنىدا سوۋغا قىلدى. تېمۇچىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئونان دەرياسى باشلىنىدىغان جايدىن قۇرۇلۇن دەرياسى باشلىنىدىغان جايغا يۆتكەپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# § 4 . چىڭگىزخان كېرەي قەبىلىسىدە خىزمەتكار

تېمۇچىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ كۆچتۆگۈر شاھزادىسى توغراۋۇل (1175 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) غا سوۋغات تەقدىم قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇلغۇن تېرىسىدە تىكىلگەن بىرمۇنچە جۇۋىنى كۆتۈرۈپ توغلا دەرياسىنىڭ بويىغا باردى. توغراۋۇل تېمۇچىننىڭ دادىسىنىڭ تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، بۇ ياش يىگىتكە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىپ ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، توغراۋۇل بىلەن تېمۇچىن ئىتتىپاقداش بولدى، ئەلۋەتتە كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىغا خىزمەتكار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ خىل يېقىندىلىق مۇناسىۋەت «مېنىڭ ۋاڭخانىم» دېگەن سۆز ئىچىدە تولىمۇ روشەن ئىپادىلەندى، بىز بۇ ئاتالغۇنى مۇشۇ كىتابنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن، يەنى تېمۇچىننىڭ كېرەي قەبىلىسىنىڭ خانىغا يوللىغان سۇرۇشتۇرمە خېتىدىن كۆرەلەيمىز.

ئۇزۇن ئۆتمەي تېمۇچىن مېركىت قەبىلىسىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنى باشلاپ كەلگىنى مۇشۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى توختوئا بەگ بولۇپ، تېمۇچىن قېچىپ ماڭغاندا (بۇرھان خالدۇن تېغىغا ياكى كېنتېي تېغىغا) خوتۇنى بۆرتە دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. تېمۇچىن بۇلاڭچىلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا موڭغۇللارنىڭ جاجىرداي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك جاموقا ۋە كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى توغراۋۇللار ھەمدەم بولدى. ئۇچەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، سېلىنگا دەرياسىنىڭ

تارماق ئېقىمى بۇغرا كەگەرنىڭ قىرغىقىدا مېركىتلەر بىلەن تۇتۇشتى - دە، ئەسىرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. بۆرتە ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شانلىق ئورنىغا قايتا ئىگىدارچىلىق قىلدى، تېمۇچىنمۇ ئۇنىڭ قورسىقىغا يېقىندىلا پەيدا بولغان جۇجىنىڭ — جامائەت ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دەپ بىلىدىغان بۇ بالىنىڭ — ئۆزىدىن بولغانلىقى ياكى مېركىت بۇلاڭچىلىرىدىن (چىلگەر بۆكە) بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىدى. شۇنداقتىمۇ، جۇجىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئايان بولمىغان بۇ خىل گۇمانىي قاراش، «ئوغۇلنىڭ چوڭى» سەردار بولۇش ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا پەرزەنتلەر باشچى بولۇش، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى خانلىق تەختىگە زادى كىم ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشقا توسالغۇ پەيدا قىلدى.

ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، گەرچە تېمۇچىن بىلەن جامۇقا «ئاندا» بولغانلار، قەسەم ئىچىشكەن ئاكا - ئۇكىلاردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى پاتلا سۈركىلىش كېلىپ چىقتى. ھەر ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قەدىمكى موڭغۇل خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋە ئۆزلىرى ۋاڭ خان بولۇشنى ئويلايتتى. «مەخپىي تارىخ»تا ئۇلارنىڭ ئونان دەريا ساھىلىدىكى قورقۇناغ جۇبۇردە ساق بىر يېرىم يىل كۆچمەن چارۋىچى بولۇپ بىللە يۈرگەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ دەل مۇشۇ جايدا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى خاتىرىلەندى. يەنە دەل مۇشۇ جايدا، ئەڭ ئاخىرقى موڭغۇل ۋاڭ خان قۇتلا ئۆزىنىڭ سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىگەندى. بۇ جاي شۈبھىسىز ھالدا بۇ ئىككى ياش سەردارنىڭ نىيىتىنى بۇزدى. تېمۇچىن قارارگاھىنى تاغ باغرىغا كۆچەردى، جامۇقا سۇ بويىغا كەتتى. جامۇقا بۇنىڭدىن ئىلگىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«تاغ باغرىغا كېتەيلى، ئۇ يەردە ئالچىق تىكىپ يىلقا باققىلى بولىدۇ! سۇ بويىغا بارغاندا، قوي ـ قوزىلار ئوت ـ چۆپ تېپىپ يەيدۇ!» دېگەنىدى. بارتولد بىلەن ۋلادىمىرسوف مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ: تېمۇچىننى چەۋەندازلار، «يايلاقتىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى» قوللىغان؛ جامۇقانى نامرات چارۋىچىلار، يەنى قارا باش ئاددىي پۇقرا ھىمايە قىلغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. تېخىمۇ ئېنىقراقتىن سۆزلىسەك، «مەخپىي تارىخ» بىزگە جامۇقانىڭ «يېڭىلىق يارىتىمەن دەپ رىۋايەتنى پەسەنتىگە ئالمىغانلىقى» نى ئېيتىپ بەردى. ۋلادىمىرسوف يەنە مۇشۇنىڭغا قاراپلا، جامۇقا مەلۇم دېموكراتىك سىياسىي پارتىيىگە ۋەكىللىك قىلغان، ھالبۇكى چىڭگىزخان بولسا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ۋەكىلى دەپ پەرەز قىلدى. شۇبھىسىزكى مۇنداق شەرھلەش ئۆتۈپ كەتكەن قاراملىق ئىدى. ئىككى نەپەر رۇسىيەلىك ئالىمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېمۇچىن جامۇقا بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «جالايىر ئۇرۇقى، قىيات ئۇرۇقى، بارىن ئۇرۇقى» ئەگەشتى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى، مەسىلەن، تاغىسى دارىتاي ئۆتچىگىن ۋە مەشھۇر قابۇل قاغاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى چوڭ ئوغۇل نەسەبىدىكىلەردىن قابۇلنىڭ پەي نەۋرىسى، يەنى باشتا تىلغا ئالغان جۇركى ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ساچا بەگ، قۇتلاقاغاننىڭ ئوغلى ئالتىن ئوتچىگىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، موڭغۇللاردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى خاننىڭ ۋارىسلىرى كېلىپ قوشۇلدى. ۋلادىمىرسوف «مەخپىي تارىخ» تىكى بىر ئابزاسنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ، قەدىمكى خانلىقنىڭ يۇقىرىدىكى ۋەكىللىرى، يېڭى ھاكىمىيەتتىكى ئىككى رىقابەتچىدىن تېمۇچىننى تاللىدى، چۈنكى ئۇلار تېمۇچىننى ھەددىدىن زىيادە كونسېرۋاتىپ، ئوڭاي

كۆندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ دەپ جەزم قىلدى؛ جامۇقانىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقى ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان مىجەزى ئۇلارنى غەم ئەندىشىگە سالدى دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسا كېرەك. گۇمانلانغۇسىز بولمايدىغىنى شۇكى، كونا خانلىقنىڭ ئورتودوكسال ۋارىسى ئالتىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاڭ خان دېگەن ئاتاقنى چىرايلىق گەپ بىلەن رەت قىلدى. تېمۇچىننىڭ سايلىنىشى ئاتالمىش ئورتودوكساللارنىڭ ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىشى ئارقىلىق روياپقا چىقتى، چۈنكى ئالتىننى ئورتودوكساللار تاشلايدىغان بېلەتنى كۆپەيتىدىغان سورۇنغا ئىككىلەنمەيلا باردى دېگىلى بولمايتتى.①
ئالتىن بىلەن ساچا بەگ تېمۇچىننى بىرىنچى بولۇپ خان دەپ ھۆرمەت قىلغانلار، يەنى ھەقىقىي موڭغۇللارنىڭ پادىشاھى دەپ بىلگەنلەر بولدى. بۇ سايلام ئوخشاش بىر تېمۇچىن 1206 - يىلى ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى بارلىق تۈرك - موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي خانۋاڭى ياكى پادىشاھى بولۇشتىن ساق 20 يىل ئىلگىرىكى سايلام ئىدى. پادىشاھلىق ئورنىغا چىققان تېمۇچىننى بىزنىڭ كلاسسىك تارىخىمىز چىڭگىزخان دەپ ئاتىدى. لېكىن، بۇ نامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى توغرىسىدا موڭغۇلشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ

---

① ئالتىن تېمۇچىننىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىن ئۆزى ئالدىنئالا ئۈمىد قىلغان ياۋاش - يۇمشاقلىقنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇسۇلىدىن پۇشايمان يېدى ۋە ئۇنى شەك - شۈبھىسىز كەلگۈسىدىكى ھوقۇقدار دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلەشتى، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى.
(قوشۇمچە سۆز) چىڭگىزخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە پېرسىيە تارىخشۇناسلىرىنىڭ تەخمىنەن 1155 - يىلى دېگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندۇق. لېكىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخىدا چىڭگىزخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 1162 - يىلى دەپ بېكىتىلگەن. پىللىئوت ئەپەندى 1938 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى» دە بەرگەن دوكلاتتا 1340 - يىلىدىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق موڭغۇل ئىستىلاچىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1167 - يىلى دېيىش كېرەك دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنداقتا، چىڭگىزخان 1227 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاران 60 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. پىللىئوت ئەپەندى شۇ دوكلاتتا يەنە «تېمۇچىن» دېگەن ئىسىمنىڭ موڭغۇل تىلىدا «تۆمۈرچى» بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ تەلەپپۇز ئىلمىي بويىچە ئالغاندا توغرا. چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئىسمىغا كەلسەك بىز (خۇددى چىڭگىزخاننىڭ ئىسمىغا ئوخشاشلا) ئادەتلەنگەن ئاھاڭ قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. ئالايلۇق، Ogodai (ئوگداي)، لېكىن ئىنى چاغدا يەنە ھەرىپلەرنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ بار- مەسىلەن، Ogogda.

www.uyghurkitap.com

مۇنازىرىسى ھازىرغىچە تۈگىمىدى.

سىياسىي ئىستراتېگىيىگە چاپان ياپىدىغان مۇئەييەن «دىنىي» ئامىللار، شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا بۇ نۇۋەتتىكى سايلامغا ياردەم قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بارىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قورچى: «تەڭرى بىزگە تېمۇچىن سىلەرگە خاقان بولسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئىلاھلاردىن كەلگەن بېشارەتنى سىلەرگە يەتكۈزدۈم»، دەپ جاكارلىغانىدى. تەڭرىنىڭ بۇ بۇيرۇقى، كىشىلەر ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرىدىغان «مۇقالىنىڭ بېشارىتى» بىلەن بىر گەپ ئىدى. تېمۇچىن قورقۇناغ جۇبۇردە قارارگاھ قۇرۇپ ئولتۇرغاندا، جالايىر قەبىلىسىدىكى مۇقالى: دەل مۇشۇ جايدا، دەل مۇشۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە، موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانلىقى تاجىنى كىيگەن قۇتلا بولدى، ئۇ خان بولۇپ سايلانغاندا، دەل مۇشۇ يەردە ھەممە ئادەم ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن، شادلىق سادالىرىنى ياڭراتقانىدى، دېگەنلەرنى تېمۇچىنغا سۆزلەپ كېلىپ: «شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللار بەختسىز بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ۋاڭ خانلىرى بولمىدى. لېكىن، ئەبەدىيلىك تەڭرى ئۆزىنىڭ خەلقىنى، قۇتلانىڭ جەمەتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. موڭغۇللارنىڭ ئىچىدىن چوقۇم بىر قەھرىمان تەۋەللۇت بولىدۇ، ئۇ چوقۇم ئادەملەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ۋاڭ خانلىق سالاھىيەت بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ...» دېگەنىدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن ئاشكارىلانغان دىنىي پۇراق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر ئىش شۇكى، چىڭگىزخاننىڭ سايلىنىشى جەڭمۇ قىلالايدىغان، ئۇۋمۇ قىلالايدىغان بىر داھىينىڭ سايلانغانلىقى ئىدى. «مەخپىي تارىخ» تا خاتىرىلەنگەن چىڭگىزخاننىڭ «سايلىغۇچىلىرى» — ئالتىن، قۇچار، ساچا بەگ — لەرنىڭ قەسەمنامىسى چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر ئىدى. ئۇلار: «بىز سېنى ۋاڭ خان قىلىپ تىكلەشكە بەل باغلىدۇق. جەڭ ۋاقتىدا، ئالدىنقى قاراۋۇللىرىڭ بولۇپ ئاتلىنىمىز؛ گۈزەل خوتۇن ـ قىزلارنى تۇتۇپ كېلىپ، ساڭا

سوۋغا قىلىمىز، سېنىڭ ئالدىڭدا مېڭىپ ئوۋ ئوۋلايمىز. قولىمىزغا چۈشكەن ياۋايى ھايۋانلارنى ساڭا بېرىمىز» دېگەن سۆزلەر ئىدى.

بەزىلەر بۇ يېڭى ھاكىمىيەتتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بولماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇغراۋۇل بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى خىزمەتكارى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ تۇرىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى تۇغراۋۇل نەزەر دائىرىسى تار، گۇمانخور، ئالدىراپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان، چاكىنا باشلامچى ئىدى، شۇنداقلا ئۇ بىر قېتىمقى ئۆزگىرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، يېڭى چىڭگىزخان ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، مەن ئەبەدىلئەبەت ئاۋايلاپ ئىش كۆرىدىغان سادىق خىزمەتكار خالاس دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتىن تۇغراۋۇلنىڭ شۈبھىسىز ھالدا خاتىرجەم بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخى چامى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان سىياسىي رەقىبى جامۇقا ئۆز شايكىلىرى بىلەن تەييارلىق ھالەتتە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، كېرەي خانى بىلەن چىڭگىزخان ئىككىسىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى تاتارلارمۇ بار ئىدى.

بىزگە ئايان بولغىنى، «مەخپىي تارىخ» تا خاتىرىلەنگەندەك، چىڭگىزخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى بولغان جالايىر قەبىلىسىدىكى مۇقالى، بىر چاغلاردا چىڭگىزخاننىڭ خانلىق ئورنىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان، ئۇنىڭ ۋاڭ خان بولۇشىنى قوللىغان، ئۇنىڭغا موڭغۇللارنىڭ تاتارلارغا بولغان ئۆچلۈكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. تاتارلار ئىلگىرىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئىككى ئادىمىنى جورجىت خانلىقىدىكىلەرنىڭ نومۇسسىزلارچە جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى؛ تاتارلار جورجىت خانلىقىدىكىلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاق تۈزۈپ، 1611 ـ يىلىدا تۈنجى موڭغۇل خانلىقىنى ۋەيران قىلغانىدى. تاتارلار ئەڭ ئاخىرىدا، 1167 ـ يىلى يايلاقتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دوستانە زىياپەتتە، چىڭگىزخاننىڭ دادىسى يەسۈگەينىڭ تامىقىغا زەھەر سالدى ۋە ئۇنى مۇشۇنداق بىر سۇيىقەستلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. «تېمۇچىن، سەن ۋاڭ خان بولغانىكەنسەن، دۈشمىنىمىز تاتارلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، موڭغۇللارنىڭ شان ـ شەرىپىنى جەۋلان قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك» دەيتتى ئۇلار. ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكەن پۇرسەت يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇرۇن، تاتارلارنىڭ موڭغۇللار ئۈستىدىن غالىب كېلىشى، پۈتۈنلەي دېگۈدەك بېيجىڭدىكى جورجىت خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن بولغان ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇلار مۇشۇ غەلىبە تۈپەيلى چۆللۈكنىڭ شەرقىدە خوجايىنلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، جورجىت خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا بىردەممۇ ئارام بەرمىدى. بېيجىڭدىكى ئوردىمۇ ئىلگىرىكى ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى بىر ياققا يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، كېرەي قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى توغراۋۇلنى ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى. چىڭگىزخان خىزمەتكار سۈپەتتە مەزكۇر شاھزادىغا ئەگىشىپ جەڭگە ئاتلاندى ۋە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بايقال كۆلى رايونىدىكى تاتارلار، شەرق تەرىپىدىن جورجىت خانلىقىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا، غەربىي شىمال تەرىپىدىن كېرەي قەبىلىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار بولدى. «مەخپىي تارىخ»تا يېزىلغىنى بويىچە، كېرەي قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى بىلەن چىڭگىزخان ئۇلجا دەرياسىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە تاتارلارنىڭ قەبىلە باشلىقى مەگۈجىن سەگەلتۇنى ئۆلتۈردى. بېيجىڭدىكى ئوردا توغراۋۇلغا ئىنئام تەرىقىسىدە (1198 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) ۋاڭ دېگەن ئاتاقنى بەردى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، تارىخىي كىتابلار ئۇنى خانۋاڭ دەپ

تەرپىلىدى. چىڭگىزخانمۇ جۇڭگولۇقلار بەرگەن شۇنداق بىر نامغا ئىگە بولدى. لېكىن، ئۇ ئالدىنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تۆۋەن نام ئىدى. بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بېيجىڭ ئوردىسىنىڭ نەزەرىدە كېرەي قەبىلىسىدىكى ھېچكىم تونۇمايدىغان ئاددىي خىزمەتكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

ۋلادىمىرسوف، دەل مۇشۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان كونا خانلىقنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدىغان موڭغۇل شاھزادىلىرىدىن بىرنەچچىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى، دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇلار تېمۇچىن بىلەن ۋاڭ خانغا ئەگىشىپ تاتارلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن باش تارتقانىدى. قابۇلخاننىڭ پەي نەۋرىسى ۋە جۇركى ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ساچا بەگ بىلەن يەنە ئىككى نەپەر شاھزادە، يەنى تايچۇ بىلەن بۇرى بۆكە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. چىڭگىزخان ۋاڭ خانغا يوللىغان ھېلىقى مەشھۇر شىكايەتنامىدە، كېرەي قەبىلىسىدىكى ئاغرىق ـ ئاداۋەت ئاخىر بېرىپ «مۇشۇ ئەڭ سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم» نىڭ بېشىغا چىقتى، دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىكى «موڭغۇل ئورتودوكسال» لىرىنىڭ ۋەكىلى دېگەن ئاتالغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇنچىلىك باھانە سەۋەبنى تاپماي قويمايتتى.

ئەگەر بىز چىڭگىزخاننىڭ تارىخى ھەققىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يازغان نەرسىلەرگىلا ئاساسلىنىپ گەپ قىلساق، ئۇنداقتا چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭ خاننىڭ ئىتتىپاقى ۋاڭ خانغىلا پايدىلىق ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن ئەگەر چىڭگىزخان ئەڭ باشتا ۋاڭ خاننىڭ ھىمايىسى ئارقىلىق ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى دېگەندە ھەم موڭغۇللارنىڭ بۇ قەھرىمانى ئۆز ئىگىسىنىڭ ياردىمى ئۈچۈن تېزلا جاۋاب قايتۇرغان بولۇپ چىقاتتى. ئالايلۇق، مەلۇم بىر كۈندە، ۋاڭ خان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى، يەنى نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ئىنانچ بىلگەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىنىسى ئەركە قارا تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. مۇشۇ ئىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاساسەن، ئۇ غەربىي جەنۇبقا قاراپ تاكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا قەدەر قېچىپ باردى ھەمدە قارا قىتانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قارا قىتان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ياكى گۇرخان بىلەن ئازارلىشىپ قالدى ـ دە، بېشىغا كۈن چۈشۈپ چۆللۈكتە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈردى. قىلچە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلگەن ۋاڭ خان چىڭگىزخاندىن پاناھلىق سورىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ ئاچ قېلىپ ھالسىراپ كەتكەن قالدۇق قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ كېرەي قەبىلىسىنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. ئىستېلاچى چىڭگىزخان كېيىنچە ئۆزىنىڭ تىرىككەك ۋە سەممىي سۆزلىرى بىلەن ۋاڭ خاننى ئەيىبلەپ يازغان خېتىدە، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى ئەسلەپ: «سىز بۇرۇن ئاچارچىلىقتىن يېرىم جان بولۇپ، مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزدە جېنىڭىز تومشۇقىڭىزغا كېلىپ قاپتىكەن. سىزگە قوي، ئات ۋە مال ـ بىسات بەردىم. بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتىكەنسىز، ساق 15 كۈن ئۆتكەندە، چىرايىڭىزغا قان يۈرۈشتى» دەپ ئەسكەرتكەنىدى. ۋاڭ خاننىڭ يەنە بىر ئىنىسى جاقا گەنبو جورجىت خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھلىق سورىدى. چىڭگىزخان ئۇنىمۇ قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھەتتا ئۇنىڭ يېرىم يولدا ساقلاپ تۇرغان مېركىتلەرنىڭ قولغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يولبويى قوغداپ كېلىشكە ئايرىم قوشۇن ئەۋەتتى. چىڭگىزخان مۇشۇ ئىشنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «بۇ مېنىڭ سىز ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم كەتمەن چېپىشىم» دېدى.

لېكىن، بىز ئەگەر چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق رىۋايەتلەر بىلەنلا چەكلەنسەك، ھەتتا ئۇ بىر ياقلىملىق، ئېنىق پاكىتلارنى يوشۇرۇپ قالالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىخچام بولسىمۇ، ۋاڭ خان چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىگە كۆرسەتمەقاتقان ئىلتىپاتلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك مىننەتدار بولۇپ كەتمىدى. مۇشۇ ئارىدا ئۇ ھەربىي ئىتتىپاق كېلىشىمىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خىلاپلىق

قىلدى. بىر قېتىم چىڭگىزخانغا خەۋەر قىلمايلا مېركىتلەرگە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىپ، قەبىلە باشلىقى توغتوغانى سېلىنگا دەرياسى بويىدىن بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بارقۇ دېگەن جايغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ جاي «مەخپىي تارىخ»تا بارقۇجىن دەپ ئېلىنغانىدى. ۋاڭ خانمۇ شۇ نۆۋەتتە توغتوغانىڭ بىر ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىنى ئەسىر ئالدى. بىرمۇنچە ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلدى. چارۋا ۋە مال - مۈلۈكلەرنى بۇلىدى. ھە دېسىلا ھەربىي توختامنى بۇزۇپ، بۇلىۋالغان نەرسىلەردىن چىڭگىزخانغا بۆلۈپ بېرىشكە سەل قارىدى. چىڭگىزخان بولسا سادىق خىزمەتكار سۈپىتىدە ۋاڭ خاننىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىپ ئۆتىۋەردى. ئالايلۇق، ۋاڭ خان ئۇنى نايمان قەبىلىسىنى بىرلىكتە جازالاشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پۇرسەت ياخشىدەك قىلاتتى، نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ئىنانچ بىلگە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىر توقال خانىشنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ خاپا بولۇشۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى تايبۇقا، يەنە بىرسى بۇيرۇق خان ئىدى. شۇ كۈنلەردە تاياڭ خان تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇقلار ئارىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ قوبۇت ئۆلكىسىدىكى كۆللەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى يەر بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بۇيرۇق خان ئالتاي تەرەپتىكى تاغلىق رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ۋاڭ خان بىلەن چىڭگىزخان بۇ خىل بۆلۈنۈشتىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن بۇيرۇق خاننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى رايونلارنى تالان - تاراج قىلدى. بۇيرۇق خان مەغلۇپ بولۇپ ئۇلۇڭغۇر دەرياسى تەرەپكە چېكىندى. «مەخپىي تارىخ»تا خاتىرىلىنىشىچە، ۋاڭ خان بىلەن چىڭگىزخان ئۇنى تاكى قىزىل كۆلگە قەدەر قوغلاپ باردى. بۇ كۆل شۈبھىسىز ئۇلۇڭغۇر دەرياسى قويۇلىدىغان ئۇلۇڭغۇر كۆلى ئىدى. بۇيرۇق خان شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى (لېكىن، رەشىدىددىن بىلەن «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»غا ئاساسلانغاندا، بۇيرۇق خان يەنسەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قىرغىزلار ماكانىغا بېرىپ ۋاقتىنچە يوشۇرۇنۇپ ياتتى). شۇ يىلى قىش پەسلىدە، بۇيرۇق خاننىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى، نايمان قەبىلىسىنىڭ سانغۇنى كۆكسەگۇ سابراغ يۇقىرىدىكى ئىككىيلەننىڭ قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. هۇجۇم ناهايىتى شىددەتلىك بولدى. ۋاڭ خان شۇ كۈنى كېچىدە، چىڭگىزخانغا تىنىپمۇ قويماي، يۆتكىلىپ باشقا يەرگە كېتىپ قالدى. چىڭگىزخان پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ قارامىلىق بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ناۋادا بىز چىڭگىزخان تەرەپتىكىلەر يازغان تارىخقا ئىشىنىدىغان بولساق، چىڭگىزخان ئىتتىپاقداشلىققا ئاسىيلىق قىلىدىغان مۇشۇنداق رەزىل قىلمىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە قارىماي، ئۆز ئىگىسىگە بولغان ساداقىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. نايمانلار كېرەيلەرنىڭ زېمىنىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ۋاڭ خاننىڭ ئىنىسى (جاقا گەنبۇ) بىلەن ئوغلى سەڭگۇم قاچتى. هالبۇكى، ۋاڭ خان هاقارەتلەنگەن ئىتتىپاقدىشىغا بويۇن ئېگىپ، يەنە بىر قېتىم يېلىندى. چىڭگىزخان دەرهال ئۆزىنىڭ تۆت نەپەر باتۇرىنى، يەنى بوغۇرچۇ، مۇقالى، بورۇغۇل ۋە چىلاغۇننى يولغا سالدى. ئۇلار سەڭگۇمنى دەل ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، نايمانلارنى كېرەيلەرنىڭ زېمىنىدىن قوغلاپ تاشلىدى ھەمدە ئۇلار بۇلاپ كەتكەن چارۋىلارنى قايتۇرۇۋالدى. چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قاساد بۇ جەڭنى نايمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش يولى بىلەن تاماملىدى.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا يېزىلىشىچە، مۇشۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان يەنە ۋاڭ خان بىلەن بىللە لەشكەر چىقىرىپ تايچىغۇت قەبىلىسىگە هۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئۇلارنى يەڭدى. باتۇر چىلاغۇن مۇشۇ جەڭدە، چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكى بار ئەشەددىي دۈشمىنى، ئۇنى بالا ۋاقتىدا بوزەك قىلغۇچى، تايچىغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تارغۇتاي كىرىلتۇغنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈردى. «يۈەن

سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دىكى يىلنامە بويىچە قارىغاندا، نايمان قەبىلىسى بىلەن تايچىغۇتلار قەبىلىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋەھىمىگە چۈشكەن ھەرقايسى ئۇرۇقلارنى ئىتتىپاقداش قىلىپ قويدى ياكى توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنى سۇيىقەستچىلەر گورۇھى قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. بۇ سۇيىقەستلىك گورۇھقا قاتاگىنلار، سالجىغۇتلار، دۆربەنلەر، تاتارلارنىڭ قالدۇقى ۋە ئوڭگىرات قەبىلىسىدىكىلەر قاتناشتى. ئۇلار بىر ئاق ئاتنى ئۆلتۈرۈپ، نەزىر - چىراغ قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭ خاننى تۇيدۇرمايلا تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچتى. لېكىن، چىڭگىزخاننىڭ ئوڭگىرات قەبىلىسىدىكى قېيناتىسى دەيسەچەن ئۇنى بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا ۋاقىتلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە چىڭگىزخان بويىرنۇر ئەتراپىدا ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. گۇمان قىلىشقا بولمايدىغىنى، بۇ بويسۇندۇرغۇچى كېيىنچە ۋاڭ خانغا يوللىغان نەزمە شەكىللىك خەتتە، ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى جەڭنى دارىتمىلاپ: «ئېگىز تاغلاردىن، بويىرنۇردىن ئۈچۈپ ئۆتۈپ، سىز ئۈچۈن، زەڭگەر پۇتلۇق، كۈل رەڭ تۇرنىلارنى تۇتۇپ كەلدىم، ئۇلار دۆربەنلەر ۋە تاتارلار ئىدى؛ كېيىن يەنە قۇلان كۆلىدىن ئۈچۈپ ئۆتۈپ، سىز ئۈچۈن ھاۋا رەڭ پۇتلۇق تۇرنىلارنى تۇتتۇم، ئۇلار قاتاگىنلەر، سالجىغۇتلار ۋە ئوڭگىراتلار ئىدى» دەپ يازدى. گەرچە ۋاڭ خان موڭغۇل رايونى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ ھېسابلانغاندىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئاساسى مۇقىم ئەمەس ئىدى. بىر چاغلاردا، ئۇنىڭ جەمەتىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنىدى. بىزگە مەلۇم، ئۇ ئۆز تاغىسى گۇر خاننىڭ قولىدىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. كېيىن يەنە ئۆز ئىنىسى ئەركە قارا بىلەن ھوقۇق تالاشتى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» بويىچە سۆزلىگەندە، ئۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھېلىقى ئىتتىپاقداشلارنى يەڭگەندىن كېيىن، يەنە بىر ئىنىسى جاقا گەمبۇ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇۋېتىشكە تاس -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تاس قالدى. جاقا گەنبۇ ئۆز سۈيىقەستىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نايمان قەبىلىسىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى.

بۇ موڭغۇل دالاسى ئومۇمىيۈزلۈك پاتپاراق بولۇپ كەتكەن مەزگىل ئىدى. ۋاڭ خان بىلەن چىڭگىزخان ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولغان زوراۋان ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جاجىرادىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى جامۇقا ئۆكتىچىلەر مەزھىبىنى شەكىللەندۈردى. ئەسەبىيلەشكەن ۋە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بۇ رەقىب ئۆز ئەتراپىغا چىڭگىزخاندىن يۈز ئۆرىگەن ئەسلىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى جاجىرادىي، تايچىغۇت، ئوڭگىرات، يىكرەس، قورۇلاس، دۆربەن، قاتاگىن قاتارلىق قەبىلىلەرنى ھەمدە مېركىتلەرنى، ئۇيراتلارنى، نايمان ۋە تاتارلارنىمۇ ئۇيۇشتۇردى. 1201 ـ يىلى ئېرغۇنا دەرياسى (قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى) دىكى ئالغۇيبۇلاق دېگەن جايدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا، يىغىندىن بارلىققا كەلگەن ئىتتىپاق جامۇقانى گۇرخان — «ئالەمنىڭ ئورتاق ئىگىسى»، يەنى موڭغۇللارنىڭ پادىشاھلىقىغا سايلىدى.

شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى رېئاللىققا ئايلىنىش يولىغا قەدەم قويدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ چىڭگىزخان بىلەن جامۇقادىن ئىبارەت ئىككى نەپەر رىقابەتچىنىڭ ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى تەشكىللەشتە كىم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك ئىدى. بۇ بىر مەيدان ئېلىشىشتا چىڭگىزخان سىياسىي كاللىسى بار، سەۋر ـ تاقەتلىك ۋە ھىيلە ـ مىكىرگە باي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلىنىشتىلا كېرەي قەبىلىسىدىكى ۋاڭ خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتاتتى. جامۇقا دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئادەملەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىزچىللىق يوق ئىدى. ئۇ مىجەزى تۇراقسىز، سۈيىقەستكە ئامراقلاردىن ئىدى. لېكىن، بىز چىڭگىزخان تەرەپتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن دەرگۇمان بولمىغان ئەھۋال

ئاستىدا، جاموقاغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىتتىپاقداش ئىدى. ئۇ ئۆز شېرىكلىرىنىڭ قەبىلىسىنى تالان ـ تاراج قىلماقچى بولۇپ قالسا، ھەرگىز ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايتتى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە چىڭگىزخان ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرگە ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايتتى، ئۇلارنى ساداقەتمەنلىك بىلەن قوغدايتتى.

ۋاڭ خان ئىككىيلەنىنىڭ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ چىڭگىزخانغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، كۆيىتەن دېگەن جايدا جاموقانى مەغلۇپ قىلدى، ئۇيرات، نايمان پېرىخونلىرى بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، جاموقا يەنىلا ئىرغۇنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى تەرەپكە چېكىندى. ۋلادىمىر سوفنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشتىن كېيىن چىڭگىزخان تايچىغۇت قەبىلىسىگە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى جازا يۇرۇشىنى باشلىدى. دەل مۇشۇ يۇرۇشتە «جەلمەنىڭ ساداقىتى» دەيدىغان بىر مەشھۇر ھېكايە پەيدا بولدى: مۇشۇ قېتىمقى دەسلەپكى ھۇجۇمدا چىڭگىزخان چېكىندۈرۈلدى، يارىلىنىپ قان توختىمىدى، سادىق نۆكەر جەلمە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىۋېتىپ، زەخىملەنگەن جايدىكى قاننى شوراپ، قېشىدىن نېرى كەتمىدى. بۇ ئوخشىمىغان جەڭلەرنىڭ رەت تەرتىپى شۇنچىۋالا قالايمىقان بولغىنىغا قارىماي، ئەڭ ئاخىرىدا چىڭگىزخان تايچىغۇت قەبىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلدى، مەلۇم نىسبەت بويىچە كۆپ ساندىكى دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلىدى. قالغانلارنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۆرتچىن ئۇرۇقىدىكىلەرنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈردى. مۇشۇ جەڭدە تايچىغۇتلاردىنمۇ ياكى يەسۇ قەبىلىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ياش بىر چېرىك چىڭگىزخان مىنگەن ئاتنى ئېتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردى. چىڭگىزخان ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان جەبە ئىسىملىك بۇ مەرگەن چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ياخشى سەركەردىلىرىدىن بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك

www.uyghurkitap.com

ھەمراھى سوبۇتاي باھادىر بىلەن بىللە موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىق داستانىدىكى ئەڭ داڭلىق ستراتېگقا ئايلاندى.

شۇ كۈنلەردە، چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ ئاتا مىراس رەقىبى، دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل تاتارلاردىن — چاغان تاتارلىرى ۋە ئالچى تاتارلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا تەييارلاندى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ئولجا تالىشىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. تاتارلار مەغلۇپ بولدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئامان قالغانلىرى موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە تارقاقلاشتۇرۇلدى (1202 ـ يىلى). چىڭگىزخان ئۆزىگە چىرايلىق ئىككى تاتار قىزىنى — يەسۈي (Yesoui) بىلەن يەسۈگەننى خاتۇنلۇققا تاللىۋالدى. چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ئۈچ موڭغۇل شاھزادە، ئىلگىرىكى موڭغۇل خانى قۇتلانىڭ ئوغلى، قەدىمىي موڭغۇل خانلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر نەسەبىنىڭ ۋەكىلى ئالتىن، چىڭگىزخاننىڭ تاغىسى دارىتاي ۋە قۇچار ئورتاق كېلىشكەن ھەربىي ياساققا ئەمەل قىلماي، ئۆز ئالدىغا مال ـ مۈلۈك بۇلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئولجا ـ غەنىيمەتلىرى مۇسادىرە قىلىندى. نەتىجىدە، ئالتىن، قۇچار ۋە دارىتايلارنىڭ بويسۇندۇرغۇچى بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. تاتارلارنىڭ شەرقىدە نۇنجاڭ دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان سولۇنلار چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ، سېلىق تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تاتارلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا يېزىلغىنى بويىچە، مېركىت قەبىلىسىنىڭ بېگى توغتوغا زابايقال رايونىدىكى ماكانىدىن (بارقۇ، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) قايتىپ كېلىپ، چىڭگىزخانغا قارىتا يېڭى ھۇجۇم باشلىدى، لېكىن مەغلۇپ بولدى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دىكى ئەينەن رەت تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، توغتوغا مۇشۇ ئىشتىن كېيىنلا نايمان

قەبىلىسىنىڭ خانلىق ئورنىنى تالىشىۋاتقان بۇيرۇق خاننىڭ يېنىغا كەلدى. بۇيرۇق خاننىڭ تۇغى ئاستىدا ئىتتىپاقلاشقانلاردىن دۆربەن قەبىلىسى، تاتار قەبىلىسى، قاتىگىن قەبىلىسى ۋە سالجىغۇت قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى. بۇ يېڭى ئىتتىپاقداشلار ۋاڭ خان بىلەن چىڭگىزخاننىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى چىقتى. تاغ ئىچىدە بىر تالاي ھۇجۇم ۋە قايتۇرما ھۇجۇملار بولۇپ ئۆتتى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دىكى سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ نۆۋەتتىكى جەڭ نايمان قەبىلىسىدىكى پىرىخونلار ياساپ چىققان شىۋىرغان ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر تالاي ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلەر ۋە يىل، ئاي، كۈنلەر تازا ئىشەنچلىك ئەمەس دېگەندىمۇ، ئۇ بىزدە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۆتكىلىپ جەڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئائىت تەسىرات قالدۇردى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيەنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگە يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بىر قېتىملىق پەسىل خاراكتېرلىك ئۇرۇش ياكى بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز زەربە ئۈچۈن، ئالتاي تاغلىرىدىن ھىنگان تاغلىرىغا قەدەر بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى. بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت ياكى بىر قېتىملىق تالان - تاراجدىن كېيىن، ئۇلار تارقىلىپ كېتەتتى، ئاندىن ھەرقايسى ئۇرۇقلارمۇ مۇستەقىل، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. پەقەت چىڭگىزخانلا، مۇستەھكەم ئىرادىسى يوق، ئىنچىل ھەرىكەت قىلالمايدىغان بۇ ئاقساقاللار ئارىسىدىكى مىدىر - سىدىر قىلمايدىغان مەركىزىي ئوق ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا مۇكەممەل بىر بويسۇندۇرۇش پىلانىنىڭ بارلىقىغا ئىسپات بولالمايتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىگە ۋە ئۆزىدىكى خاسلىققا تايىنىپ، بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ كېلىۋاتقان پارتىزان شەكلىدىكى جەڭ ھالىتىنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايتتى.

www.uyghurkitap.com

# 5 § . چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭ خاننىڭ بۆلۈنۈشى ۋە كېرەيلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى

ۋاڭ خاننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەزى خاتالىقلىرىنىڭ بولغىنىغا قارىماي، چىڭگىزخان تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە ئۇنىڭغا داۋاملىق سادىق بولۇپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ئويىچە ھېچكىممۇ بىر نەرسە دېيەلمىگۈدەك دەرىجىدە خىزمەتكارلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ باتۇرى كېرەي قەبىلىسىدىكى خان قىز چاغۇر بىكەنى ئوغلى جۇجىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «مەخپىي تارىخ» نىڭ قەيت قىلىشىچە، ۋاڭ خاننىڭ بۇ ئىشنى رەت قىلغانلىقى باتۇر چىڭگىزخاننىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ قاتتىق تەگدى.

شەك ـ شۈبھىسىز، كېرەي قەبىلىسىنىڭ بۇ شاھزادىسى ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئۆز خىزمەتكارىنىڭ بىر رىقابەتچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇ ھەتتا 1196 ـ يىلى بۇ كىشى ئۆزىنى خان ۋاڭ ئاتىغان چاغلا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىدى. خان ۋاڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. بىراق، ئۇ قېرىغان، چاچلىرى ئاقارغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى تىنچ ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئوغلى خەنزۇ تىلىدا «جياڭجۇن» ، موڭغۇل تىلىدا «سەڭگۇم» دېگەن ئاتاق بىلەن ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان نىلقا سەڭگۇم ئۇنى چىڭگىزخاندىن بۆلۈنۈپ چىقىشقا زورلىدى. سەڭگۇم دادىسى ۋاڭ خانغا چىڭگىزخانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جامۇقانى قوللاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئوخشاش ئىسىملىك بۇ جامۇقا بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتى بار ئىدى. جامۇقامۇ ئۇنىڭ دەيدەيگە سېلىشى

بىلەن، كۆتەن خانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كېرەي خانلىقىغا كېلىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. سەڭگۇم ماقۇل بولغاندىن كېيىن، جامۇقا دەرھال ۋاڭ خاننى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك خىزمەتكارىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلدى. ئۇ چىڭگىزخاننى ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ، دەپ ۋاڭ خانغا چاقتى. ئۇ يەنە ۋاڭ خانغا: «مەن مەيلى يامان پەسىل بولسۇن، مەيلى ياخشى پەسىل بولسۇن مەلۇم بىر جايدا ياشاۋېرىدىغان ئاق قۇچقاچ، تېمۇچىن دېگەن سوغۇقنى كۆرسىلا باشقا يەرگە قېچىپ كېتىدىغان تورنا» دېدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، بۇرۇن موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئورتودوكسال ۋارىسى بولغان، ئەمدىلىكتە خانلىقنى باشقىلارغا ئىككى قوللاپ بېرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن ئۆكۈنۈپ يۈرگەن ئالتىن ۋاڭ خاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بولغاچقا، ئۇمۇ ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ ۋاڭ خاننى ئۆزىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى.

1203 ـ يىلى چىڭگىزخان كېرەي قەبىلىسى بىلەن رەسمىي يوسۇندا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ قېتىمقى بۆلۈنۈش موڭغۇل قەھرىمانىنىڭ ھاياتىدىكى ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ كۈنگە قەدەر ۋاڭ خان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ ياراملىق ياردەمچىلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۆزى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم ئىدى.

سەڭگۇمنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن، كېرەي قەبىلىسىدىكىلەر چىڭگىزخاننى يارىشىشنى نىقاب قىلغان بىر قېتىملىق يىغىنغا ئالداپ كېلىپ يوقاتماقچى بولدى. كېيىن ئۇلار بۇ ھىيلە ـ مىكىرنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، چىڭگىزخاننى ئويلىمىغان يەردىن قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، دەرھاللا بىر نۆۋەتلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى ئۇيۇشتۇردى. ئىككى نەپەر پادىچى، يەنى كىشلىك بىلەن بادەي كېرەي قەبىلىسىدىكى

سەركەردىلەردىن يەكەچەرەننىڭ بۇ سۇيىقەستىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇچقان پېتى چىڭگىزخاننىڭ قېشىغا باردى - دە، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپ قويدى. شۇڭا، چىڭگىزخان ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى (كېيىنچە ھېلىقى ئىككىيلەنگە ئاقسۆڭەك ئۇنۋانى بەردى). «مەخپىي تارىخ» تا يېزىلغىنى بويىچە ئۇ ئالدى بىلەن ماۋئۇندۇر تېغىغا چېكىنىپ، ئۇ يەرگە مۇداپىئە ئەترىتى ئورۇنلاشتۇردى، ئىككىنچى كۈنى داۋاملىق كەينىگە چېكىنىپ، بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە لاگېر قۇردى. بۇ تاغ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا «ئاررەن» ياكى «ناررەن» دېيىلگەندى. دوسۇن بۇ يەرنى رەشىدىدىنىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە قارا دۆڭغار، شاجىنتىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە قاراقۇم ئار دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ «مەخپىي تارىخ» تىكى قارا قالجىت ئەلەت دېگەن جاي بولۇپ، ئۇ كالكا دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى، يەنى ھىنگان تاغ تىزمىلىرىدىكى بىر تارماق تاغ ئىدى. يەم - خەشەككە مەسئۇل چەۋەندازلارنىڭ (ئالچىداي نايوننىڭ ئادەملىرى) دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلغىنىغا قارىماي، چىڭگىزخان شۈبھىسىز ھالدا ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ مۈشكۈل بىر قېتىملىق جەڭنى باشتىن كەچۈردى. جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. چىڭگىزخاننىڭ سەركەردىلىرىدىن ئۇرۇغۇت ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى، پېشقەدەم جورچەدەي نايون بىلەن ماڭغۇت ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى قويىلدار سەچەن يېڭىلمەسلىككە قەسەمياد قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە كارامەت تۆھپە ياراتتى، ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇندىدى. قويىلدار سەچەن دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چىڭگىزخاننىڭ تۇغ دەپ ئاتايدىغان جەڭ بايرىقىنى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا قادىدى. جورچەدەي نايوننىڭ ئاتقان ئوقى كېرەي قەبىلىسىدىكى سەڭگۈمنىڭ يۈزىگە تەگدى. لېكىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى

كۆپ بولغاچقا چىڭگىزخان بىر كېچىدىلا جەڭ مەيدانىدىن يىراقلاشتى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگداي ۋە ئەڭ سادىق سەركەردىلىرىدىن بولغان بوغۇرچۇ بىلەن بورۇغۇل ئۇنىڭ توۋلاشلىرىغا جاۋاب بەرمىدى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار يېتىپ كەلدى، بورۇغۇل ئوق تېگىپ ياردار بولغان ئۆگداينى قۇچاقلاپ ئاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقانىدى. «مەخپىي تارىخ» تا دېيىلىشىچە، چىڭگىزخان گەرچە تاش يۈرەك ئادەملەردىن بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

چىڭگىزخان ئاز ئادەملىرى بىلەن كۆپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالماي، كالكا دەرياسىنى بويلاپ بويىر كۆلى بىلەن دالاي كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقى تەرەپكە، يەنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا دۆڭگە دەپ ئاتالغان كۆلنىڭ بويىغا چېكىندى. كالكا دەرياسى بويىر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان جايىنىڭ ئەتراپىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئايالى بۆرتەنىڭ جەمەتى بولغان ئوڭگىرات قەبىلىسى بار ئىدى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بۇ تۇغقانلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ھەمدە ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

بويىر كۆلى بىلەن دالاي كۆلى ئەتراپىدا تۇرغان كۈنلەردە، چىڭگىزخان ۋاڭ خانغا بىر پارچە خەت يوللىدى. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ تارىخىي ماتېرىياللىرىمىز بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى نەقىل كەلتۈرگەن، يا بولمىسا قىسقىچە تونۇشتۇرغانىدى. چىڭگىزخان بۇ خەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەسىرلەندۈرمەكچى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق دوستلۇقنى يىل - ئايلىرى بىلەن ئەسلەپ ئۆتتى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى بايان قىلدى، ئۇ پەقەت مېنى كەچۈرسىڭىز دېگەنىنىلا تەلەپ قىلدى (سەڭگۇم بۇ سۆزلەرگە ۋاڭ خاننىڭ ھوشيارلىقىنى بىخودلاشتۇرۇش دەپ رەددىيە بەردى) . چىڭگىزخان ۋاڭ خاننى پەدەرىم «خان ئاتام» دەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەر جاي، ھەر ۋاقىتتا خىزمەتكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ياۋاشلىق بىلەن ئادا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكى، ھوقۇق ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرى بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن ئۆزگىرىشچان شەكلىدىكى بۇ مەشھۇر خەتتە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. مۇشۇنداق بىر يېتەكچى ئىدىيە ئاستىدا ئۇ قەدىمكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئالتىنىنى يادىغا ئالدى، دەل مۇشۇ ئالتىن خانلىقتا بېكىتىلگەن تۇرۇقلۇق، ئالتىنىنىڭ ۋە خانلىقىنىڭ چوڭ ئوغۇل نەسەبىدىكى باشقا ۋەكىللەرنىڭ خانلىقتا ۋارىسلىق قىلىشتىن باش تارتقانلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ خان دېگەن بۇ ئاتاقنى قوبۇل قىلغانلىقىنى شەرھلىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ سەردارى ئىپوسقا ئوخشاپ كېتىدىغان لىرىكىلىق شېئىرىي جۈملىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى ۋە ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولۇپ قالغانلىقى قانۇن ئارقىلىق دەلىللەنگەن دەپ كۆرسەتتى. شۇنى كېيىن ئېيتالايمىزكى، ۋاڭ خان ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتكارىنىڭ قەيسەر مىجەزىنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدى. ئۇ بۇ كۈچلۈك شەخسنى ھىمايىسىگە ئالغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئېھتىياتچان بولالمىدى، ئۇ ئىككىيلەن بىرلىكتە تۈزگەن ئىتتىپاقتىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن كارغا كېلىدىغان بىرەر باھانە ـ سەۋەب تاپالمىدى. توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، چىڭگىزخانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا بولسا، چىڭگىزخاننى ئىتتىپاققا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەپ قويدى. بۇ كۈچ سىنىشىشتا، كېرەي قەبىلىسىنىڭ پېشقەدەم شاھزادىسى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىز، گۇمانخور، زەئىپ، قورقۇنچاق، باشقىلار تۈمشۇقىدىن يېتىلەپ ماڭسا ماقۇل دەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ناۋادا ئۇنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەم تاكى ئوغلى سەڭگۇم ئىسيان كۆتۈرگەنگە قەدەر ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلمىدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ چىڭگىزخان بىلەن بەل تۇتۇشالىغۇدەك

ماغدۇرى يوق ئىدى.

لېكىن، چىڭگىزخان مۇشۇ مەزگىلدە قارا قالجىت ئەلەت دېگەن يەردە مەغلۇپ بولغانلىقى تۈپەيلى، بىر قىسىم ئادەملىرى ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدىكى ئەڭ ئازابلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ سان جەھەتتە مۇتلەق ئاجىز ئورۇندا بولغاچقا، باشقا چارە - ئامال قىلالماي تېخىمۇ شىمالغا، سىبىرىيە تەرەپكە قاراپ چېكىندى. ئاخىرىدا موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالماي، ھازىرقى زابايقال ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىغىچە بېرىپ توختىتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر توپ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە «چىتانىڭ جەنۇبىغا، تۇغلا دەرياسىنىڭ بېشىغا» قەدەر مېڭىپ، بالچۇن كۆلى ئەتراپىدا مەينەت سۇ بىلەن تەشنالىقىنى قاندۇردى ۋە بالچۇن كۆلى بويىدا 1203 - يىلىنىڭ ياز پەسلىنى ئۆتكۈزدى. ئومۇمەن جاپالىق مىنۇتلارنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن، ئازاب شەربىتىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تېتىغانلار، يەنى «بالچۇن كۆلىدە تۇرغانلار» كېيىنچە شانلىق ئىنئامغا ئىگە بولدى.

بىراق، چىڭگىزخانغا قارشى ئىتتىپاق يەنە بىر نۆۋەت ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى، چۈنكى تۇراقسىز كۆچمەن چارۋىچىلار پەقەت بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى پەسىل خاراكتېرلىك جەڭ توختاملىرىنىلا كۆرەلەيتتى. رەشىدىددىننىڭ خاتىرىلەنگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، چىڭگىزخاندىن ئاغرىنىپ يۈرگەن موڭغۇل ئاقساقىلى دارىتاي، قوچار، ئالتىن ۋە جامۇقالار ۋاڭ خانغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، كېرەي قەبىلىسىنىڭ بۇ شاھزادىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قېتىملىق سۇيىقەست ئويۇشتۇردى. سۇيىقەستىنى دەل ۋاقتىدا تۇيۇپ قالغان ۋاڭ خان، ئۇلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ قاچاتتى، مال - مۈلۈك، يۈك - تاقلىرى ۋاڭ خانغا قالدى. جامۇقا، قوچار، ئالتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆچەيلەن قاچە ـ قاچ نايمان قەبىلىسىگە باردى، دارىتاي يەنىلا چىڭگىزخانغا باش ئەگدى.

ۋەزىيەت زور دەرىجىدە ئوڭشالغان بولغاچقا، چىڭگىزخان يەنە بىر مەرتىۋە ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن، 1203 ـ يىلى كۈزدە بالچۇن كۆلىدىن يولغا چىقىپ ئونان دەرياسى ساھىلىغا باردى، ئۇ كېرەي قەبىلىسى تەرەپىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىنىسى قاساردىن پايدىلىنىپ، ۋاڭ خاننى گۇماندىن خالاس قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پارچە يالغان خەت ماڭغۇزدى. ئۇنىڭ كاپالىتىگە ئاساسەن، ۋاڭ خان سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى ھەمدە چىڭگىزخانغا «مۈڭگۈزگە قاچىلانغان مەي» ئەۋەتىپ، ئۇنى قەسەمياد قىلغاندا ئىچىشىدىغان بولدى. ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە، چىڭگىزخان يوشۇرۇن ھالدا قوشۇن ماڭدۇرۇپ، كېرەي قەبىلىسىنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان چېرىكلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىۋەتتى. «مەخپىي تارىخ» بۇ ئۇرۇشنى جەجەگەر ئۈندۈر تېغىدا دەپ يازدى («يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» ئۇ يەرنى جەجەر ئۈندۈر دەپ تەرىپلىدى). بۇ جاي شۈبھىسىزكى، تۇغلا دەرياسى بىلەن قۇدۇلۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدا ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى جەڭ چىڭگىزخاننىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلدى. ۋاڭ خان توغراۋۇل ئوغلى سەڭگۇم بىلەن غەربكە قاراپ قاچتى. نايمان قەبىلىسىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى تونۇمايدىغان نايمانلىق نۆكەر قۇرسەبەچ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كاللىسى تاياڭ خاننىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ئانىسى گۇربەسۇ ۋاڭ خاننىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى، ھازىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار ئالدىدا «نەغمە قىلغۇزۇپ، ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.» سەڭگۇمغا كەلسەك، ئۇ چۆللۈكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تاڭغۇت پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىسىدا، ئېرگىنە دەرياسى بويىدا ياكى كېيىنچە سەيدام ئويمانلىقىدا بىر مەزگىل بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئەڭ

ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرى كەتتى ۋە كۈچادا ھېچكىممۇ بىلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

كېرەي قەبىلىسىدىكى يۇقىرىلار چىڭگىزخانغا تەسلىم بولدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ ياشىدى. شۇنداقتىمۇ چىڭگىزخان ناھايىتى پەخەس بولۇپ، كېرەي قەبىلىسىدىكىلەرنى موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى ئورۇقلىرىغا چېچىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئىلگىرى ۋاڭ خاننىڭ ئىنىسى جاقا گەنبونىڭ ئىباغا بىكە ئىسىملىك بىر قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان ھەمدە بۇ شاھزادىنىڭ يەنە بىر قىزى سورقاقتان بىكەنى كەنجى ئوغلى تولىغا ئېلىپ بەرگەن بولغاچقا، جاقا گەنبونىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. سورقاقتان بىكەنىڭ چىڭگىزخان جەمەتىدە قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى يەنە ئۇچرىتىمىز.

## § 6 . نايمان قەبىلىسىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

چىڭگىزخان كېرەيلەرنى ئەل قىلغاندىن كېيىنمۇ، موڭغۇل رايونىدا يەنە بىر ھاكىمىيەت، يەنى نايمانلار ۋە ئۇلارنىڭ شاھزادىسى تاياڭ خاننىڭ دۆلىتى مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت ئىدى. تېخىمۇ ئېنىق سۆزلىسەك، 1203 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تاياڭ خان ئۇلارنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمران ئىدى. بۇرۇنقى جەڭلەردىكى بارلىق مەغلۇپلار ۋە چىڭگىزخانغا تىز پۈكۈشنى خالىمايدىغان بارلىق دۈشمەن كۈچلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەي، تاياڭ خاننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاجىراداي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى جامۇقا، مېركىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى

www.uyghurkitap.com

توغتوغا بەگ، ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قۇدقا بەگ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قالدۇقلىرى، مەسىلەن، دۆربەنلەر، قاتاگىنلەر، سالجىغوتلار، ئىسيان كۆتۈرگەن كېرەي قەبىلىسى ئىچىدىكى يەنە بىر ئۇرۇق قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار چىڭگىزخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن تاياڭ خان ئونگۇت قەبىلىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى، بۇ تۈرك قەبىلىسى توقتۇنىڭ ئەتراپىدا تەخمىنەن بۈگۈنكى شەنشىنىڭ ۋە سۈييۈەن قەلئەسىنىڭ شىمال تەرىپىدە ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار جورجىت خانلىقىنىڭ چېگرىسىنى قوغدايدىغان نىستۇرى دىنىدىكى مۇرتلار ئىدى. بىراق، ئونگۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئالغۇس تېكىن چىڭگىزخانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە قوشۇن تارتىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى موڭغۇللارنىڭ بۇيسۇندۇرغۇچىسىغا دەرھال پاش قىلدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى.

«مەخپىي تارىخ» تا خاتىرىلەنگەنلەرگە ئاساسلانغاندا، نايمان قەبىلىسى يورۇش قىلىشتىن ئىلگىرى، چىڭگىزخان موڭغۇل قوشۇنى ۋە دۆلەت تەشكىلىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يايماقلارنى، بولۇپمۇ تۇرغاۋۇتلارغا مۇناسىۋەتلىك پەرمانلارنى ئېلان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، نايمان قەبىلىسىگە قىلىدىغان جازا يورۇشىنى جاكارلاش ئۈچۈن، 1204 - يىلى ئەتىيازدا قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي ئېچىلغان جاي «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تەمەگەن، «مەخپىي تارىخ» تا تەمەگەن كەگەر دەرياسىنىڭ بويى دەپ ئېلىنىدى. قۇرۇلتايدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەركەردىلەر مۇنداق پەسىلدە ئاتلار ھەددىدىن زىيادە ئورۇقلاپ كېتىدۇ، ئەسكىرىي يورۇشنى ئەڭ ياخشى كۈز پەسلىگە كېچىكتۈرەيلى دەپ قارىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى بەلگۈتەي ۋە ئۇلارنىڭ تاغىسى ئوتچىگىن نايۇن كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا غەلىبە قىلىش

ئۇچۇن دۇشمەنلەر مۇداپىئەسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا قول قويۇپ، نايمان قەبىلىسىگە قارشى يۈرۈشنى باشلىدى. لېكىن، بەزى تارىخىي ماتېرىياللار، ئالايلۇق، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» كىشىلەردە ئۇلار دەرھال ھەرىكەتلەنگەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللار ئۇلار پەقەت كۈز پەسلىدە ئاندىن نايمان چېگرىسىغا قەدەم قويدى دېدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا يېزىلغىنى بويىچە تاياڭ خان ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى جامۇقا، توغتوغا بەگ، قۇدۇقا بەگ، بارلىق نايمان قەبىلىسى، جاجىرداي قەبىلىسى، مېركىت قەبىلىسى ۋە ئۇيرات قەبىلىسىدىكى چېرىكلەر ئالتاي تاغلىرى بىلەن قاڭاي تاغلىرى ئارىسىدا موڭغۇللارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگە كىردى. لېكىن، تاياڭ خان موڭغۇللارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىغا يولۇققاندىن كېيىن ئۆزى مېڭىۋاتقان بۇ يولدا ھېچقانچە يىراققا بارالمىدى. ئەگەر ئەبۇلغازىنىڭ دېگەنلىرىنى جەزملەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئورنى ئالتاي رايونىدىكى ئالتاي دەرياسىغا يېقىن بىر جايدا ئېلىپ بېرىلغانىدى ياكى ھېرماننىڭ پىكرى بويىچە بۇ دەريا قوبۇت كۆلى ياكى قارا سۇدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان قۇبۇت دەرياسىنىڭ قېشىدا ئىدى. تاياڭ خان ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغا چېكىنگەندىن كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنى بۇ ئۆزۈن يولدا چارچىتىپ، ئۇلارنى مەلۇم بىر جىلغىدا بىراقلا يوقىتىشنىڭ كويىدا بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مۇئاۋىن سەركەردىلەردىن قورى سۇبەچ ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىدىن نومۇس قىلىپ: ئاتاڭ ئىنانچ بىلگەخان، نايمان قەبىلىسىنىڭ بۇرۇنقى خانى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە يىگىتلىك دۇمبىسىنى، مىنگەن ئېتىنىڭ ساغرىسىنى كۆرسەتمىگەن! دېدى. بۇ ھاقارەتتىن ئەرۋاھى ئۇركۈگەن تاياڭ خان ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىلاشما جەڭ بەك قەھرىلىك بولدى، چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قاسار موڭغۇل قوشۇنىنىڭ مەركىزى ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىپ بارلىق لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ماڭدى. كەچ بولغاندا موڭغۇللار غەلىبە قىلدى. تاياڭ خان ئېغىر يارىدار بولغان بولغاچقا ئۆپچۆرىدىكىلىرى ئۇنى بىر تۆپىلىككە كۆتۈرۈپ چىقتى. «مەخپىي تارىخ» بۇ يەردە قەھرىمانلىقنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرىي بايان ئۇسۇلىنى قوللاندى. تاياڭ خان ئىككى تەرىپىدىكىلەردىن: «بىزنى خۇددى قوينى سۈرۈم - توقاي قىلغان بۆرىلەردەك قوغلاپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر كىم ئۆزى؟» دەپ سورىدى. جامۇقا جاۋاب بېرىپ: «مەن بىلەن قەسەم ئىچىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشقان تېمۇچىننىڭ تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلاپ ئادەم گۆشى بىلەن باققان تۆت ئىتى ئۇلارنىڭ ماڭلايلىرى مىس، چىشلىرى ئۇشكە، تىللىرى بىگىز، يۈرىكى تاش، قىلىچىنى قامچا، بورانى ئات قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقتا شەبنەم ئىچىدىغانلار، تۇتۇشۇپ قالسا ئادەمنى تىرىك يەۋېتىدىغانلار ئەمدىلىكتە زەنجىرلىرىدىن بوشۇنۇپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، خۇشاللىقىدىن ئويناقشىپ كېلىۋاتقانلار شۇلار. بۇ تۆت ئىتنى كىم دەپ سورىسىڭىز، بىرى جەبە، بىرى سوبۇتاي، بىرى جەلمە، بىرى قۇبلاي» دېدى. «ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاچ قالغان بۈركۈتتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارچۇ؟» دەپ سورىدى تاياڭ خان. جامۇقا جاۋاب بېرىپ: «مەن بىلەن قەسەم ئىچىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشقان تېمۇچىن، ئۇ پۈتۈن بەدىنىگە ساۋۇت كىيگەن. سىز بىر چاغدا: موڭغۇللارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، پاقلاننى يېگەندەك يېۋېتىڭلار، تېرىسىمۇ قالمىسۇن، پاقالچىقىمۇ قالمىسۇن دېگەن ئىدىڭىز. ئەمدى قانداق قىلىسىز...!» دېدى. «مەخپىي تارىخ»نىڭ داۋاملىق يازغىنى بويىچە تاياڭ خاننىڭ ئاخىرقى ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭدىن زادى قانداق قىلىش كېرەك دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى، لېكىن بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايتتى، چۈنكى بۇ كەمدە تاياڭ خان جېنى تۇمشۇقىغا

كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تىرىك قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ئەسنادا قورى سۇبەچ ئۇنىڭغا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ خوتۇنلىرى بىلەن توقاللىرىنىڭ، شۇنداقلا ئانىسى گۇر بەسۇنىڭ قارارگاھىدا ئۇنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە، تاياڭ خان يەرگە يىقىلىپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ قورى سۇبەچ باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەگەشكۈچىلىرى جەڭ قىلىپ ئۆلۈش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن مەيدانغا چۈشتى. چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى باتۇرلۇقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، تا ئۆلۈپ كەتكۈچە ئېلىشتى، تاياڭ خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار قېچىپ كېتەلىدى. ئۇلار شۇبھىسىزكى ئېرتىش دەرياسى تەرەپكە ماڭغانىدى. قېچىپ قۇتۇلغان بۇ ئادەملەردىن بۆلەك مۇتلەق كۆپ ساندىكى نايمانلار چىڭگىزخانغا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى.

مېركىتلەرنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى توغتوغا بەگ كۈچلۈكتىن كېيىنرەك قاچتى. بۇ قەبىلىدىكى يەنە بىر كىچىكرەك ئاقساقال دايىر ئۇسۇن ئۆزى خالاپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چىرايلىق قىزى قۇلان خاتۇننى چىڭگىزخانغا تارتۇق قىلدى. «مەخپىي تارىخ»تا سۆزلەنگەن بىر ئابزاس سۆز بويىچە ئالغاندا موڭغۇل قوشۇنىدىكى ناياغا نايۇن ئىسىملىك ياش بىر ئەمەلدار قۇلان خاتۇننى ئېتىز - ئېرىقتىن ئاشلىق ئوغۇرلاپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلارنىڭ ئارىسىدىن يېتىلەپ ئۆتۈپ، ئۇنى چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتۈردى. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى ئۆرپ - ئادەتنىڭ قوپاللىقى، ساددىلىقى ۋە ئاجايىپلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ بىزگە دەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ۋاڭ خاننىڭ ئىنىسى؛ يەنى نايمانلارنىڭ شاھزادىسى بۇيرۇق خان كۈچلۈك، توغتوغا بەگ، جامۇقالار بىلەن بىرلىكتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى زەيسان كۆلى بىلەن ئۇلۇغ تاغ ئەتراپىدا

يەنى سىبىرىيە ئالتاي تاغلىرى، تارباغاتاي تاغلىرى ۋە شىڭخىس تاغلىرىنى شەكىللەندۈرگەن تاغلىق رايونلاردا چىڭگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلدى ۋە ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ ئۆلۈپ تۈگىدى. بۇيرۇق خان ئۇلۇغ تاغ ئەتراپىدا ئوۋ قىلىپ يۈرگەندە چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ كۆرسىتىشىچە، 1206 ــ يىلى). 1208 ــ يىلى كۈز پەسلىدە چىڭگىزخان ئەڭ ئاخىرقى «خائىنلار» نى يوقىتىش ئۈچۈن، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا ئۆزى باردى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قۇدۇقا بەگنىڭ ئەل بولغانلىقىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. ئەل بولغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىگە يول باشلىغۇچى قىلىۋالدى. كۈچلۈك بىلەن توختوغا بەگ ئېرتىش دەرياسى بويىدا چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى ۋە ئۇزۇل ــ كېسىل تارمار بولدى. توختوغا بەگ مۇشۇ جەڭدە ئۆلدى، كۈچلۈك قېچىپ كېتىپ قاراقتانلارغا باردى، بىز مۇشۇ كىتابتا ئۇنى يەنە ئۇچرىتىمىز. جاجىرداي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى جامۇقاغا كەلسەك ئۇ جېڭىدىن كېچىپ قاراقچى بولۇپ كەتكەن بىر بۆلۈك ئادەملەرنى باشلاپ خەتەرلىك تۇرمۇشقا بەل باغلىدى. ئاخىرىدا قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى تۇتۇپ چىڭگىزخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. دوسسۇنىڭ قارشىچە بۇ ئىش تاياڭ خان مەغلۇپ بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1204 ــ يىلى يۈز بەردى. رەشىددىدىن ئېنىق كۈنىنى تىلغا ئالمىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋلادىمىرسوف «مەخپىي تارىخ» تىكى ۋاقىت تەرتىپىگە ئاساسەن جامۇقانىڭ قولغا چۈشكەن ۋاقتىنى توختوغا بەگ ئۆلگەندىن كېيىنكى 1208 ــ يىلى دەپ قارىدى. چىڭگىزخان ئۆزلىرىنىڭ ئاندام ئىكەنلىكى، قەسەم ئىچىپ ئاكا ــ ئۇكىلاردىن بولۇشقانلىقىنى ئويلاپ جامۇقانى شاھزادە قاتارىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنى قان چىقارماي



www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ۋلادىمىرسوف: «بۇ ئالاھىدە ئىلتىپات ئىدى، چۈنكى سامان دىنىدىكى چۈشەنچىلەر بويىچە ئادەمنىڭ روھى ئۆلگۈچىنىڭ قېنىدا قالاتتى» دېدى. رەشىدىددىن خاتىرىلىگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا چىڭگىزخان جامۇقانى نەزەربەند قىلىش ياكى قەست قىلىش ۋەزىپىسىنى جىيەن ئوغلى ئالچىدايغا تاپشۇردى. ئالچىداي ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قىينايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ جامۇقانىڭ پۇت - قولىنى بىر - بىرلەپ كېسىپ تاشلىدى. لېكىن، بۇ رىۋايەت زورمۇزور كومېدىيىلەشتۈرۈلگەندەك قىلاتتى. بىزگە شۇنىسى مەلۇمكى، جامۇقا چىڭگىزخانغا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ باشلىق ئىدى، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قورقۇنچاق ۋە خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. كېرەي قەبىلىسىدىكىلەر ۋە نايمان قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆز رەقىبىگە قارشى تۇرغان ئۇرۇشقا باشلاپ قويغاندىن كېيىن نەق ئىككى قېتىم جەڭ مەيدانىدىن قاچتى. ئۇرۇش جەريانىدا ئالدى بىلەن ۋاڭ خاندىن يۈز ئۆرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاياڭ خانىنىمۇ تاشلىۋەتتى، جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ بۇ خۇسۇسىي رەقىبى پەزىلەت جەھەتتە ھەتتا ئادەتتىكى لەشكەر بولغان تەقدىردىمۇ چىڭگىزخانغا يەتمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي موڭغۇل سەركەردىسى سوبۇتاي مېركىت قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنىمۇ تەلتۆكۈس يوقاتتى.① يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى (تاڭنۇ تېغى بىلەن مىنۇشىنىسكى رايونى) قىرغىزلارمۇ ئەڭ ئاخىر يەنە 1207 - يىلى ئۇرۇش قىلمايلا تەسلىم بولدى.

---

① «ئىلاھىي سىركەردىنىڭ بىۋاسىتە يۇرۇشى» ۋە رەشىدىددىنىنىڭ ئەسەرلىرىدە چىڭگىزخاننىڭ كۈيئوغلى توخوچار نايونىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سوبۇتاي باھادىرنىڭ مېركىتلەرنىڭ قالدۇقلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋاقتى 1217 - يىلى دەپ يېزىلغان، لېكىن «مەخپىي تارىخ» ئۇنى 1206 - يىلىغا قويغان. بۇ كېيىنكى ماتېرىيال موڭغۇللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تارىختا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، لېكىن نىسبەتەن يىراق ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنىڭ تەپسىلاتى تازا ئىشەنچلىك ئەمەس.

موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندى. ئۇنىڭ تۇغى توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى بارلىق تۈرك — موڭغۇللارنىڭ ئارمىيە بايرىقى بولۇپ قالدى.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولىدىغىنى شۇكى، 1204 - يىلى نايمانلار مەغلۇپ بولغان چاغدا تاياڭ خاننىڭ مۆھۈردارى ئۇيغۇر تاتاتوڭا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشتى ۋە چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «كاتىپلار باشقارمىسى» دىن تەشكىللەنگەن موڭغۇل تامغىچى — مۆھۈردارلار مەھكىمىسى قۇرۇلغان دېيىشكە بولاتتى.

## § 7 . چىڭگىزخاننىڭ خاقان بولۇشى

چىڭگىزخان ئەڭ ئاخىرقى تەسلىمنى ياكى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشنى ساقلاپ تۇرماي، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىغا ماقۇل بولدى. 1206 - يىلى ئەتىيازدا، ئونان دەرياسىنىڭ باشلىنىدىغان يېرىدە قۇرۇلتاي چاقىردى، قۇرۇلتايغا بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇل دائىرىسىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ ئاقساقاللىرى تولۇق قاتناشتى. چىڭگىزخان بارلىق تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى تەرىپىدىن بۈيۈك خان ياكى «مەخپىي تارىخ» تا يېزىلغاندەك خاقان ئاتالدى. بۇ قەدىمىي ئاتاق 5 - ئەسىردە ياشىغان جورجانلاردىن موڭغۇللاردىكى بارلىق پادىشاھلارغا، 6 - ئەسىردىكى تۈركلەرگە ۋە 8 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ تارقالغانىدى. بۇ ئاتاقنى غەرب ساياھەتچىلىرىدىن پىلان گارپىن روبرىيوكوس، ماركاپولو، ئىدورك قاتارلىقلار مۇ «بۈيۈك خان» دەپ تەرجىمە قىلغانىدى.

ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يايلاقتىكى ئىمپېرىيە ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ۋارىسلىق قىلمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. تۈركلەرنىڭ ئەجدادى (ھۇنلار)، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى (جورجانلار ۋە ئىفالىتلار)، يەنە بىر مەرتىۋە تۈركلەر (تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار) نۆۋەت بىلەن ئىگىلەپ كەلگەن بۇ قەدىمىي ئىمپېرىيە چىڭگىزخان ئۆزى «كىگىز ئۆي جامائىتى» دەپ ئاتالغانلارغا خاقان بولغان چاغدا موڭغۇللار تەرىپىدىن رەسمىي يوسۇندا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارلىق تۈركلەر ۋە موڭغۇللار مۇشۇ يېڭى موڭغۇل مىللىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ھەتتا مەيلى بويسۇندۇرغۇچى ۋە بويسۇنغۇچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالايلۇق، كېرەيلەر، نايمانلار ۋە بۆرتىچىن ئۇرۇقىدىكىلەردەك «ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كىگىز ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەملەر» نىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردىمۇ مۇشۇ ئىمپېرىيىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى.

1206 ـ يىلىدىكى قۇرۇلتايدا تەب تەڭرى لەقەملىك سامان پېرىخونى كۆكچۈنىڭ زادى نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلار بەك ئاز بولدى. ئۇنىڭ دادىسى مەڭلىك چال چىڭگىزخاننىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا قالتىس رول ئوينىغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تۇل قالغان ئانىسى ئۆلۈن ئۈجىن بىلەن توي قىلغان بىر كىشى ئىدى. كۆكچۈنىڭ سېھرىگەرلىكى، ئۇنىڭ كۆل رەڭ بوز ئاتقا مىنىپ ئاسمانغا چىقىشى ۋە ئۇ يەردە مالايىكىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشى ھەم قۇرۇلتايدا ئەبەدىلىك تەڭرىنىڭ چىڭگىزخاننى ئىنسانلارغا بىردىنبىر خاقان قىلىپ تەيىنلىدىم دېگەن سۆزىنى جاكارلىشى ئادەملەردە خۇراپىيلارچە ۋەھىمە پەيدا قىلغانىدى. تەڭرىنىڭ بۇ خىل ئىرادىسى يېڭى پادىشاھنىڭ ئۆز نوپۇزىنى دەلىللەشتىكى ئاساس بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاقان (توغرىراقى خان) بولغانلىقىنى ئەبەدىلىك تەڭرىنىڭ ھوقۇقى، بۇيرۇقى ۋە قۇدرىتى دەپ بىلدى. ھۆججەتلەردىلا بولىدىغان بۇ خىل ئاتاقنى بىز ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋارىسلىرىنىڭ دەۋرىدىمۇ يولۇقتۇرىمىز. مەسىلەن، ئۇنىڭ نەۋرىسى كۈيۈكخان رىم پاپاسى نىيوسىن IV گە يوللىغان مەكتۇپتىمۇ مۇشۇ ئاتاق چۈشۈرۈلگەن مۆھۈر بېسىلغان. ۋلادىمىرسوف چىڭگىزخاننىڭ بايرىقى بولغان توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق تۇغنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇنى خان جەمەتنى ۋە ئالتۇن جەمەت قوغدايدىغان ئىلاھنىڭ سىمۋولى ۋە تۇرۇشلۇق ماكان دەپ قارىدى. ئۇ: «بۇ تۇغدىكى روھ قوغداش ئىلاھى، ئۇ موڭغۇللارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا يېتەكلىدى» دەپ كۆرسەتتى.

سامان پىرىخونى كۆكچۇ ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخانغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ «دىنىي» ئاساسىنى قۇرۇپ چىقتى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سېھرىگەرلىكى ۋە دادىسى مەڭلىكنىڭ خانلىقتا تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن، ئۆزىنى دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان ئادەم چاغلىدى. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ ناھايىتى پاتلا تەكەببۇرلىشىپ ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىناۋىتى ئارقىلىق پادىشاھ ۋە ئىمپېرىيە ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قاسار بىلەن تاكاللىشىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ رەقىبىنى، كۈچ ـ قۇدرەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇش كويىدا نىيىتىنى بۇزۇپ چىڭگىزخانغا تەڭرىدىن چۈشكەن ئاتالمىش بىر ۋەھىينى ئېلان قىلىپ: «مالايىكىلار ماڭا ئەبەدلىك تەڭرىدىن كەلگەن مۇنداق بىر ۋەھىينى، يەنى تېمۇچىن بىر قېتىم يۇرت سورىسا، قاسار بىر قېتىم سورىسۇن دېگەنلەرنى يەتكۈزدى، ئۇ ئەگەر سەن قاسارنى كۆزۈڭدىن يوقاتمىساڭ، ئىشىڭنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمىغۇدەك» دېدى. مۇشۇ سۆزلەرگە ئاساسەن چىڭگىزخاننىڭ كۆڭلىدە گۇمان ۋە ئەندىشە پەيدا بولدى ـ دە، ئۇ قاسارنى دەرھال تۇتقۇن قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئارمىيە ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان باش كىيىمى بىلەن بەلۋېغىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خانىش ئۆلۈن ئۇجىن ئەھۋالدىن

خەۋەر تېپىپ دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە قاسارنى قۇتۇلدۇردى، ئاندىن ناھايىتى خاپا ھالدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. «مەخپىي تارىخ»تا خاتىرىلەنگەن بويىچە ئۇ ئىككى ئەمچىكىنى چىقىرىپ، چىڭگىزخانغا چالۋاقاپ: «كۆرۈۋاتامسەن؟ سەن ئىمىپ چوڭ بولغان ئەمچەكلەر مۇشۇ. بىر تۇغقان قېرىندىشىڭغا زىيانكەشلىك قىلغۇدەك قاسارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ سەن كىچىك چېغىڭدا مۇنۇ بىر ئەمچەكنى ئەمدىڭ. قاچغۇن بىلەن ئوتچىگىن ئىككىسى بىر ئەمچىكىمگە تويماي چوڭ بولدى. پەقەت قاسار ئىككىلا ئەمچىكىمنى ئەمگەچكە، ئۇنىڭدىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس شادلىققا چۆمۈلگەنمەن.

شۇ سەۋەبتىن، سەن تېمۇچىن پەمى بار ئادەم بولۇپ چىقتىڭ، قاسار ئوق ئۈزەلەيدىغان، كۈچلۈك ئادەم بولۇپ ئۆستى، كىمدە ـ كىم ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ قولىدىكى ئوقياغا تايىنىپ ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى. دۈشمەنلەر تۈگىگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنى كېرەك قىلمايمەن دەمسەن» دېدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىدىن خىجىل بولۇپ، قاسارنىڭ نامىنى ۋە شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇلازىملىرىنى ئېلىپ تاشلاش بىلەن كۇپايىلەندى. لېكىن، سامان پېرىخونى مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ خان جەمەتىنى داۋاملىق تۇردە ئۆز خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىدى.

ئەمدىلىكتە ئۇ چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئىنىسى تېمۇگە ئوتچىگىننى نىشانلاپ ئەل ـ جامائەت ئالدىدىلا ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئايالى، ئەقىللىق بۆرتە ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئۇلار سەن تېخى ھايات تۇرۇپ قارىغايدەك ئىنىلىرىڭنى ھاقارەتلەشكە پېتىنىۋاتىدۇ، سەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، پۇقرالار قوزغىلىپ سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭگە قارشى چىقىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ نۆۋەت كاللىسى ئىشلىدى ۋە پېرىخوننى بىر ياقلىق قىلىشنى ئوتچىگىنغا تاپشۇردى. ئىشنىڭ پۈتۈشىگە ھېچقانچە ۋاقىت كەتمىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، كۆكچۇ دادىسى

www.uyghurkitap.com

مەڭلىك چال بىلەن چىڭگىزخاننى يوقلاپ كەلگەندە، ئوتچىگىن سامان پېرىخوننى كۆكچۈنىڭ كانىيىدىن كاپلا ئالدى. چىڭگىزخان ئۇلارغا دەتالاشنى كىگىز ئۆينىڭ سىرتىدا تۈگىتىڭلار دەپ بۇيرۇدى. كۆكچۈ خاننىڭ قارارگاھىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ئوتچىگىن تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئۈچ نەپەر نۆكەر تەڭلا كېلىپ پېرىخوننىڭ ئومۇرتقىسىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە ئۇنى «قان چىقارماي تۇرۇپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئۇزىتىپ قويدى». مەڭلىك چال ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى تۇيۇپ ئورنىدىن قىمىرلىيالمىدى. ئۇ پەقەت «خاقان، سەن پادىشاھ بولۇشتىن بۇرۇنلا خىزمىتىڭنى قىلىپ كەلگەنىدىم، ھېلىمۇ سىنىڭ خىزمىتىڭدە بولسام دەيمەن» دېدى. چىڭگىزخان ھايال ئۆتمەي «بوز ئات مىنىپ ئاق تون كىيىپ» يۈرىدىغان باشقا بىر بەگنى كۆكچۈنىڭ ئورنىغا قويدى. باغارىن قەبىلىسىدىكى ئۇسۇن ئىسىملىك بۇ پېشقەدەم تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سامانلارنىڭ پېرىخونى بولۇپ ئۆتتى.

يايلاقتىكى كىگىز ئۆيدە سادىر بولغان ئىلاھ ھوقۇق بىلەن ئىمپېرىيە، پېرىخون بىلەن خاقان ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا ناھايىتى تېزلا بېسىقتى. خاقان سېھرىگەر پېرىخوننىڭ بىلىنى ئىككىلەنمەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىشنى تۈگەتتى.

## 8 § . يېڭى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، دۆلەت ۋە ئارمىيە

سامان پېرىخونى كۆكچۈنىڭ يوقىتىلىشى دۇنياغا ئەمدىلەتىن كۆز ئېچىۋاتقان چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەلۇم دىن ئاساسىدا قۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاتەشكە چوقۇنغۇچىلار بىلەن خەنزۇ مىللىتى ئامىللىرى ئارىلاشقان قەدىمىي تۈرك ـ

موڭغۇللارنىڭ شەيئىلەرگە چوقۇنۇش دىنى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى توسۇپ قالالمىدى. خاقاننى تەڭرى دەپ بىلىش، ئۇنى ئىلاھلاشقان ياكى ئىلاھلاردىن تۆرەلگەن ئادەم دەپ قاراش، خەنزۇلاردىكى تەڭرى ئۇقۇمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئىرانلىقلاردىكى «خۇدا» ئۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى يىراق شەرقتە تەلتۆكۈس خەنزۇلىشىپ كېتىشتىن ھەمدە تۈركىستاندا، ئىراندا ۋە رۇسىيە زېمىنىدا پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى نائىبى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى تەڭرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانى، ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىشنى تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلىش دەپ قاراپ كەلدى.

چىڭگىزخان ئىلاھقا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە ئىخلاسى ۋە ئېتىقادىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىلاھ ئۇنىڭ نەزەرىدە ئونۇن دەرياسى باشلىنىدىغان جايدىكى بۇرھان خالرۇندا، يەنى بۈگۈنكى كېنتاي تېغىدا ياشايتتى. چىڭگىزخان ئەمدى بىر ئىش تەۋرىتەي دەۋاتقان كۈنلەردە ئايالى بۆرتەنى بۇلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغلاپ ماڭغان مېركىتلەرگە تۇتۇق بەرمەي، چاپقۇر ئېتىغا تايىنىپ، مۇشۇ تاققا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاۋاپ قىلدى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە راۋرۇس ھۆرمەتتە تۇرۇپ باش كىيىمىنى ئالدى ھەمدە بەلۋېغىنى يېشىپ ئىككى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تىزلاندى ـ دە، توققۇز قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن چارۋىچىلار ئىچىدىغان قىمىز ھارىقىنى يەرگە تۆكۈپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. بۇ خىل ئىش كېيىنمۇ بىر مەرتىۋە يۈز بەردى. چىڭگىزخان خېلى بىر مەزگىل ئۆتۈپ بېيجىڭ ئىمپېرىيىسى ئۈستىگە «مىللىي» ئۇرۇش قوزغاشتىن بۇرۇن بوھان خالدۇن تېغىنى يەنە بىر مەرتىۋە يوقلاپ باردى ۋە ئالدىنقىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېلىنىش ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلۋېغىنى مۈرىسىگە تاشلاپ: «مەڭگۈلۈك تەڭرىم! مەن ئاتا بوۋىلىرىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قوراللىنىپ تەييار بولدۇم. مېنىڭ ئاتا بوۋىلىرىم جورجىت خانلىقىدىكىلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەندى ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ناۋادا ماڭا ماقۇللۇق بىلدۈرسەڭ، ماڭا ئۆزۈڭنىڭ كۈچىنى ئاتا قىلغىن» دېدى. رەشىدىددىن دەل مانا مۇشۇنداق خاتىرە قالدۇردى. باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ، مۇشۇ نۆۋەتتىكى جەڭنىڭ ھارپىسىدا چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىنى بارگاھ ئىچىگە ئۈچ كۈن سولىۋېلىپ ئىلاھ بىلەن ھەمدەم بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ چاغدا بارگاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان خەلق ئىلاھقا تېۋىنىپ: «تەڭرىم! تەڭرىم!» دەپ نالە قىلغانىدى. تۆتىنچى كۈنى، ئىلاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە نائىل بولغان خاقان بارگاھتىن چىقىپ ئۆز خەلقىگە مەڭگۈلۈك تەڭرىنىڭ ئۆزىگە غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

شەيئىلەرگە چوقۇنىدىغان بۇ قەدىمىي دىن، شۇنداقلا بۇ دىنىنىڭ تاغ چوققىلىرى، بۇلاق سۇلىرىغا چوقۇنىدىغانلىقى تۇپەيلى، مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن خىرىستىئان مىسسىئونېرلىرىغا ئوخشاش يېزىپ قالدۇرۇلغان بەلگىلىمىلەر بىزگە مەلۇم بولىدۇ: ئۇنىڭدا تەڭرىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىلاھىي تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغاندا، ئىلاھنىڭ بەئەينى خاقاننىڭ ئالدىدا ھازىر بولىدىغانلىقى، ناۋادا باش كىيىمىنى ئېلىپ بەلۋاغنى مۈرىگە تاشلاپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولسا، بۇنىڭ تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى، مۇنداق ئەھۋالدا بۇلاق سۈيى ياكى ئېقىن سۇدا يۇيۇنۇپ ياكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ئۇنى مەينەت قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال يوشۇرۇنۇۋېلىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. چۈنكى ئۇ يەر ئىلاھ تۇرىدىغان ماكان ئىدى (بۇ ئەھۋال كېيىنكى چاغلاردا بويىنى سۇغا سېلىشقا ھېرىسمەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىشتىكى مۇھىم

سەۋەبلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى) .

بىزگە مەلۇم، موڭغۇللار تەڭرى بىلەن سېھرىگەرلىككە خۇراپىيلارچە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئەڭ ياخشىسى ھەر خىل ئېتىقاد بىلەن ئېجىل - ئىناق بولۇپ ئۆتۈش، بۇ قاتاردا يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ شامال سېھرىگەرلىرىلا بولۇپ قالماي، ئىسلاھىنىڭ باشقا ۋەكىللىرىمۇ جۇملىدىن، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بارلىق دىنىي مەزھەپنىڭ ۋەكىللىرى، يەنى كېرەي قەبىلىسى بىلەن ئونگۇت قەبىلىسىدە تۇرۇۋاتقان بۇددا راھىبلىرى، جۇڭگولۇق روھانىيلار، تىبەتنىڭ لامالىرى، خرىستىئان دىنىنىڭ ھەرقايسى ئۇيۇشمىلىرىدىكى مىسسىئونېرلار، مۇسۇلمانلارنىڭ موللىلىرى بولۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادىدىكى بۇ ۋەكىللەرگە قىلىدىغان ياخشى مۇئامىلىسى تەڭرى يولىدىكى مۇناسىپ ئەھدۇپەيمانىنىڭ ئۆزى ھېسابلىناتتى. ئومۇملۇققا ئىگە مۇئەييەن خۇراپىي ئەندىشە ئومۇملۇققا ئىگە مۇئەييەن ئەپۇچانلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇلار پەقەت تۈركىستان بىلەن ئىراندا جىن - ئالۋاستىلاردىن يەنىلا قورقۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمۇ ئەپۇچانلىقنى بىر يانغا قايرىپ قويدى.

مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە قۇرۇلغان موڭغۇل دۆلىتى ئۇيغۇرلاردىن مەدەنىيەتنىڭ قورالى بولغان يېزىق بىلەن خەت - ئالاقىلاردا قوللىنىدىغان تىلنى ئارىيەت ئالدى. 1204 - يىلى نايمان پادىشاھلىقى مەغلۇپ بولغاندا، چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەن تاياڭ خاننىڭ مۆھۈردارى ئۇيغۇر تاتاتوڭانى قارمىقىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سالدى. تاتاتوڭانىڭ ۋەزىپىسى چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن يېزىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلار يەنە پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى ئىشلىتىپ خەت - ئالاقىلىرىنى تەستىقلاشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىۋېلىش كېرەك ئىدى. بۇ دەل دۆلەت ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. چىڭگىزخان 1206 ـ يىلىدىن باشلاپ، كىچىك چېغىدىلا ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ئائىلى بۆرتە بىلەن بىرلىكتە بېقىپ چوڭ قىلغان تاتار يىگىتى شىگى قۇتۇغنى بازغۇچىلىققا تەيىنلىدى، شىگى قۇتۇغ ستاتىستىكىغا مەسئۇل بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پۈتىدىغانلىقى، ئەدلىيىگە ئائىت قارار ۋە ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغانلىقىنى ھەمدە پۇقرالارنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى «كۆك دەپتەر» گە تىزىملايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل «كۆك دەپتەر» دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قانۇن قوللانمىسىنىڭ ئورنىنى باسالايتتى. پېللىئوت ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە ئالغاندا، بۇ قوللانما «موڭغۇللارنىڭ ماددىلارغا بۆلۈنگەن قانۇن بەلگىلىمىلىرى» ئىدى.

«ياساق» (بۇ گەپنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى قائىدە، يەنى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئادەتتىكە ئايلانغان قانۇن) مۇ ئوخشاشلا 1206 ـ يىلى چاقىرىلغان قۇرۇلتاي تەرىپىدىن تۈنجى مەرتىۋە بېكىتىلدى (مۇنداقچە ئېيتقاندا قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ماقۇللاندى). ئۇ «تەڭرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە نائىل» بولغان خاقان تەرىپىدىن پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن ئارمىيە ئۈستىگە تېڭىلغان، تەڭرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قاتتىق ئىنتىزام ئىدى. ئەگەر ئۇنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تولغان قانۇنىي دەستۇر دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوغۇرلۇق قىلغان، ساختا ئىشلارغا تىل بىرىكتۈرگەن، زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان، ئەپسۇن ئوقۇغان، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى يوشۇرغان جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندۇ، دېگەن بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. پۇقرالار بىلەن لەشكەرلەر ئىچىدىكى بۇيرۇققا بويسۇنمىغان جىنايى ئىشلار

جىنايەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش جازالىناتتى. «ياساق» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلق ئىشلار قانۇنى ۋە مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى بولۇپ، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك ئىنتىزام ھېسابلىناتتى. دېلولارغا ھۆكۈم قىلىدىغان چاغدا بۇ قانۇن چىڭگىزخاننىڭ «پەرمان»لىرى بىلەن تولۇقلىناتتى. ھالبۇكى، بۇ پەرمانلار ئەمدىلىكتە «ياساق» قانۇنى بىلەن بىرلىكتە يوقىلىپ كەتتى.

موڭغۇللاردىكى بۇ خىل ئىنتىزامنىڭ ئاقىۋىتى ئۆز زامانىسىدىكى غەربلىك ساياھەتچىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. 1206 ـ يىلىدىكى قۇرۇلتايدىن تەخمىنەن قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدىن قايتىپ كەلگەن مىسسىئونېر پىلانكارپىن: «تاتارلار (موڭغۇللار) خۇددى بىزنىڭ مۇخلىسلىرىمىز بىزنىڭ ئاقساقاللىرىمىزغا قىلغىنىدەك دۇنيا بويىچە ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىغا ئەڭ ئىتائەت قىلىدىغان بىر خەلق. ئۇلار ئۆز داھىيسىغا شەرتسىز رەۋىشتە ھۆرمەت بەجا كەلتۈرىدۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارغا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئۇلار ئارىسىدا ھەرگىز دە تالاش، ئاغرىق، ئاداۋەت ياكى جانغا زامىن دېلولار يۈز بەرمەيدۇ، ئادەملەر پەقەت ئۇششاق ـ چۈششەك ئوغۇرلۇق ھەققىدىلا پاراڭلىشىدۇ. ناۋادا كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆيىدىكى مال ـ ۋاران يوقىلىپ كەتكەن بولسا، تېپىۋالغۇچى ئۇنى ھەرگىز ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدۇ. تېپىۋالغان نەرسىنى دائىم دېگۈدەك ئەسلىي ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزلىرى ناھايىتىمۇ پاك، ئويۇن ـ تاماشا ۋاقتىدىمۇ ھاياسىز قىلىقلار بولمايدۇ» دەپ يازغانىدى. بىز يۇقىرىدىكى بايانىنى چىڭگىزخاننىڭ ئىستىبلاسىدىن بۇرۇنقى موڭغۇل رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەت ياكى ھازىرقى موڭغۇل خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساقلا، چىڭگىزخان يول قويغان «ياساق»نىڭ موڭغۇل جەمئىيىتىدە قانچىلىك چوڭقۇر بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موڭغۇل دالاسىدىكى ئىجتىمائىي بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتى چىڭگىزخان جەمەتى ياكى ئالتۇن ئۇرۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىنادا خاقان باش يېتەكچى ئىدى. ھەرقايسى شاھزادىلەر بولسا خاقاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ جەمەتنىڭ ئەھۋالى پايانسىز كەڭ زېمىننى بويسۇندۇرغان چاغدىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆز يۇرتىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى يايلاقتا ئىگە بولغان چاغدىكى بىلەن ئوخشاش تۇرىۋەردى. شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئوتلاقلار چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ كەلگۈسىدىكى خانلىرى ئۈچۈن يەمتۈكلۈك رول ئوينىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئالتاي رايونىدىكى بىر تالاي تۈرك قەبىلىلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەنلىكى بىزگە بۇرۇندىلا ئايان بولغاچقا، موڭغۇل جەمئىيىتى ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا تۈرك ـ موڭغۇل جەمئىيىتى ئاقسۆڭەكلەر بىرىكمىسىنىڭ قالدۇقى ھېسابلىناتتى. تەيتۇلد بىلەن ۋلادىمىرسوف بۇ قەدىمىي «يايلاق ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى»نى ناھايىتى جانلىق شەرھلەپ مۇنداق يازغانىدى: ئۇ باھادىرلار بىلەن سەركەردىلەردىن تەركىب تاپقان ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى، ئۇ ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي سىنىپلارنى داۋاملىق كونترول قىلىدۇ؛ جەڭچىلەر ۋە ھىمايىچىلەر، ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى ھۆر ئادەملەر؛ پۇقرالار، ئۇلار ئادەتتىكى خەلق؛ ئەڭ ئاخىرىدا قۇللار، ئۇلار پرىنسىپ جەھەتتە غەيرىي موڭغۇل ئىرقىدىكى ئادەملەر. ۋلادىمىرسوف مۇشۇ يوسۇندا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ چىقتى، يەنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان تەبىقە قاتلىمىنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرى مەلۇم ۋارىسلىق تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە سادىق بولۇش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بىر ـ بىرى بىلەن باغلىناتتى.

ئارمىيىدە ھەربىي ئۇنۋانلىقلار تەبىقىسىدىكى ئوخشاش

بولمىغان دەرىجىلىكلەر ئارىسىدا ئوخشاشلا بىر خىل فېئوداللىق مۇناسىۋەت ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى. شەخسلەر ئارىسىدىكى ساداقەتمەنلىك مۇناسىۋىتى ئونبېشى ، يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى قاتارلىقلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇراتتى. يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى قاتارلىقلار نويان بۈيۈك ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدىن شەكىللىنەتتى. ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەر، يەنى ئارمىيىدىكى تايانچ كۈچلەر ھۆر ئادەملەردىن تەركىب تاپقان كىچىك ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدىن بارلىققا كېلەتتى. بۇ ھۆر ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ نام - ئاتاقلىرى بولاتتى: مەسىلەن، تارخانلاردا پرىنسىپ جەھەتتە جەڭ ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرگەن شەخسىي غەنىيمەتلەرنى ساقلاش، ئوۋ مەزگىلىدە تۇتۇۋالغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئېلىشتەك ئىمتىياز بار ئىدى. نۇرغۇن تارخانلار ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسى ئارقىلىق نويانلىققا كۆتۈرۈلەتتى.

ۋلادىمىرسوفنىڭ يازغانلىرى بويىچە «ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن» بۇ ئارمىيىدە خاقاننىڭ ئۆزىنىڭ خىل قوشۇنى، يەنى توغراۋۇللىرى بولاتتى. توغراۋۇللار ئون مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن قۇرۇلاتتى. توغراۋۇللار نەزەرىيە جەھەتتە كۈندۈزلۈكلەر ۋە كېچىلىكلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بۇ يەردە يەنە ئۇلارغا ئوقياچىلارنى، يەنى «قۇرچى»لارنى قوشۇپ قويۇش كېرەك ئىدى. «كەپتاۋۇللارنىڭ سانى 800 دىن 1000 غىچە ئىدى، قۇرچىلارنىڭ سانى 400 دىن 1000 غىچە ئىدى، باۋۇرچىلارنىڭ سانى 1000 غا يېتەتتى. توغراۋۇللارنى كەم قىسمى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا 10000 دىن ئارتۇق دېيىشكە بولاتتى.» پەقەت ئاقسۆڭەكلەر ياكى ئالىي دەرىجىلىك ھۆر ئادەملەرلا توغراۋۇل بولالايتتى. چىڭگىزخانمۇ ئۆزىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى سانغۇنلىرىنى دەل مۇشۇ توغراۋۇللاردىن تاللايتتى.

موڭغۇل ئارمىيىسى پرىنسىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلاردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۇنگەيگە تېڭىنىش ئادىتىگە ئاساسەن ئۈچ قاناتقا بۆلۈنەتتى: سول قانات قوشۇن شەرق تەرەپتە بولۇپ، ئۇلارغا دەسلەپتە جالايىرلاردىن مۇقالى قوماندانلىق قىلدى؛ ئوتتۇرا قانات قوشۇنغا باغارىنلاردىن نايا (naya) قوماندانلىق قىلدى، لېكىن بۇ قوشۇندا يەنە چىڭگىزخان كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىغا ئالغان ۋە ئۆز ئوغلىدەك بېقىپ چوڭ قىلغان تاڭغىت يىگىتى چاگەن نەچچە مىڭ نەپەر خىل مۇھاپىزەتچىگە مەسئۇل ئىدى؛ ئوڭ قانات قوشۇنغا ئارۇلات قەبىلىسىدىن بوغۇرچۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى. چىڭگىزخان ھايات چاغدا، موڭغۇل ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 129 مىڭغا يەتكەنىدى. ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سول قانات قوشۇندىكىلەر 62 مىڭغا كۆپەيگەن ئىدى، ئوڭ قانات قوشۇندا ئارانلا 38 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى، قالغانلار ئوتتۇرا قانات قوشۇن بىلەن زاپاس قوشۇنغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.

كۇنگەيگە تېڭىنىشتىن كەلگەن بۇ ئورۇن موڭغۇللارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن ئۆزئارا ماس ئىدى. بويسۇندۇرۇش «جەنۇب» تىكى ھەرقايسى ئەللەرگە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغانىدى. ئۇلار «سول تەرەپتىن» جوڭگونى بويسۇندۇرماقچى بولاتتى، ئوتتۇرا تەرەپتىن تۈركىستان بىلەن ئىراننىڭ شەرقىنى بويسۇندۇرماقچى بولاتتى، «ئوڭ تەرەپتىن» رۇسىيەدىكى يايلاقلارنى بويسۇندۇرماقچى بولاتتى.

قەھرىمانلىق داستانىدا باش رولنى ئويناۋاتقان موڭغۇل جەڭچىلىرى جاۋمىڭفۇ ئىلمىي ئېقىمدىكى جۇڭگو رەسساملىرىنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى؛ گەرچە ئەسەرلەرنىڭ خاراكتېرىدە ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر چىڭگىزخانغا مەخسۇس تەرجىمىھال يازدىغان گىرىنارد ئەپەندىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ساياھەتتىن قايتقاندا يازغان خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ، ھېلىقى پىشقەدەم سەنئەتكارلار سىزغان

رەسىملەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ ئايان بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. گىرنارد ئەپەندىنىڭ دېگىنى بويىچە «بارگاھتىكى ئەسكەرلەر بېشىغا قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىدا بىردىن تۆشۈكى بار قۇلاقچىلارنى كىيەتتى، پۇتىغا كىگىز پايپاق تارتىپ، ئۆتۈك بىلەن يۈرەتتى. ئۇلار جەڭ مەزگىلىدە، بويىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان سالۋا تۇماق كىيەتتى، گەۋدىسىگە قارا سىرلانغان تاسمىدىن توقۇلغان، ھەم پىششىق ھەم يۇمشاق ساۋۇت تارتاتتى. ھەربىر ئادەم بىر جۈپتىن يا، بىر جۈپتىن ئوقدان، بىردىن ئەگرى قىلىچ، بىردىن قول پالتا، ئاتنىڭ قوش بېشىغا ئېسىپ قويىدىغان بىر تالدىن تۆمۈر كالتەك ، ئادەملەرنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىلمەكلىك ئۇزۇن نەيزە قاتارلىق ھۇجۇم قوراللىرىنى ئېلىپ يۈرەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەردە، ئاتنىڭ يايلىدىن ئەشكەن سىرتماقلىق ئارغامچا بولاتتى.» موڭغۇللار موڭغۇل ئاتلىرى بىلەن ماس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلاردا ئوخشاشلىق بار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا يايلاق ئوغۇللىرى بولۇپ، ئوخشاشلا بىر تۇپراقتىن تۆرەلگەن، ئوخشاش كىلىماتتا ئوخشاش چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. موڭغۇللار جىسمانىي جەھەتتە ۋىجىك، لېكىن دىقماق، چىدامىلىق، گەۋدىلىك، ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەردىن ئىدى. موڭغۇل ئاتلىرىمۇ پاكار، دىقماق، كۆرۈمسىز، «بويىنى توم، پۇتلىرى پۈۋۈلەپ قويغاندەك سېمىز، تۇكلۇك كېلەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى، قورقۇمسىزلىقى، بەرداشلىق بېرىش كۈچى، چىدام - غەيرىتى، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، تۇياقلىرىنىڭ بېجىرىملىكى ئادەملەرنى ئەيىۋھەنناس دېگۈزەتتى.» گۇمانلىنىشقا بولمايدىغىنى، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ خىل جەڭ ئاتلىرى تارىخنىڭ سۇنھى مەزگىلىدە ئۆزلىرىدىكى ئەۋزەل جايلارنىڭ ھىندى - ياۋروپادىكى «كۆندۈرۈلگەن نەسىللىك ئات» لاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەۋىشتە ئىسپاتلىدى. دەل ئۇلار بىزدىكى قەدىمىي تارىخنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ھۇنلارنى ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، جۇڭگو بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنى بويسۇندۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار يېڭى بىر قېتىملىق ئۆرلەش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ئىچىدە يايلاقتىكى چەۋەندازلارنى ئۇستىگە قوندۇرۇپ بېيجىڭغا، تەبرىزگە ۋە كىيېفنىڭ ئالتۇن قۇببىلىك ئوردا ـ سارايلىرىغا قاراپ ئاتلانماقچىدى .

موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى توغرىسىدا، ئادەملەر ناھايىتى كۆپ يازدى. ئۇلار ھەتتا بۇ خىل تاكتىكىنى فرىدرىخ Ⅱ ۋە ناپالىيوننىڭ تاكتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقماقچى بولدى. L. كاھوننىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا بۇ ئەۋلىيا قاتارىدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا بېكىتكەن غەيرىي ئەقلىي ھالەتتىكى پەۋقۇلئاددە تاكتىكا ئىلمى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ تاكتىكىسى ئەمەلىيەتتە ھۇنلار بىلەن تۈركلەردىكى قەدىمىي تاكتىكىنىڭ راۋاجى ئىدى. كۆچمەن چاۋېچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك تاكتىكىسى تېرىقچىلىق رايونلىرىغا يېقىن جاينى تالان ـ تاراج قىلىشقا ئادەتلىنىش ۋە پايانسىز يايلاقتا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاساسەن، بارلىققا كەلگەنىدى. چىڭگىزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئېيتقاندا، ئۇلار «كۈندۈزى ئۆز ئەتراپىنى قېرى بۆرىدەك سەگەكلىك بىلەن كۈزىتەتتى، قاراڭغۇ كېچىلىرى قاغىنىڭ كۆزىدەك مارايتتى. جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ قۇربانلىق مېلى ئۇستىگە بۈركۈتتەك ئېتىلىپ باراتتى.» كۆچمەن چارۋىچىلار بۇغا توپلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئېرىنمەي ساقلايدىغان بۆكتۈرمە جەريانىدا، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دائىرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئاۋاز چىقارمايدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان رازۋېدكا لىنىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگەندى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئوۋ ياكى دۈشمەن ئۆزى تۇيمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى

ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئوۋچىلىقتىكى قورشاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇلار قورشاپ ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئىگىلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز دۇشمىنىنى خۇددى يايلاقتىكى قېچىپ كېتىۋاتقان بىر توپ ياۋايى ھايۋاننى دائىرىگە ئالغاندەك ئىككى بېقىنىدىن قورشايتتى. شۇڭا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھەرىكەتچان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ۋە ھېچكىم خىيالغا كەلتۈرمىگەن جايلاردا پەيدا بولۇشى، ئۆز دۇشمەنلىرىنى جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەگەر دۇشمەنلەر قارشىلىق كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسا، موڭغۇل ئاتلىقلىرى يەنىلا تىركىشىپ يۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، يايلاقتىكى ھەرقانداق بۆلاڭچىلارغا ئوخشاش تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ، ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتەتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ جۇڭگونىڭ نەيزىلىك ئەسكەرلىرى، خارەزمنىڭ ياللانما قوشۇنلىرى ياكى ۋېنگرىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھوشيارلىقنى سەل - پەللا بوشاشتۇرۇپ قويىدىمۇ، يىڭىۋاشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ناۋادا دۇشمەنلەر خاتالىشىپ، يالغاندىن چېكىنگەن موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بەرمەكچى بولۇپ قالسا، ئۇلارنى دەرھال نەس باساتتى. ئۇلار يولدىن ئادىشاتتى، ئۆزلىرىنىڭ بارگاھىدىن يىراقلاپ خەتەرلىك جايلارغا كېلىپ قالاتتى ۋە بۆكتۈرمىگە دۇچ كېلەتتى، ئۇلار بۇ جايدا قورشاۋغا ئېلىناتتى ھەمدە قاتراپ يۈرگەن ھايۋان تەرىقىسىدە جېنىدىن ئايرىلاتتى. ئالدىنقى قاراۋۇل ۋە ئىككى قاناتقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان موڭغۇل چەۋەندازلىرى دۇشمەنلەرنى ئوقيا بىلەن قورشاۋغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالاتتى، شۇنداقلا دۇشمەنلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە قورقۇنچلۇق بوشلۇق پەيدا قىلاتتى. موڭغۇللار، ئۆز زامانىسىدىكى ھۇنلارغا ئوخشاش ئات ئۈستىدە ئوق ئۈزىدىغانلاردىن ئىدى، ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئوق ئېتىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن مەرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىچە زايا كەتمەيدىغان ئوقلىرى دۈشمەننى 200 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئات ئۈستىدىن ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايتتى. ئۇلاردا ھېلىقىدەك ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەرىكەتچانلىقتىن باشقا تاكتىكا جەھەتتىكى ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىمدە بولمايدىغان بىردىنبىر ئەۋزەللىك مۇشۇ ئىدى. مۇشۇنداق ئەۋزەللىككە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرى ھەدېسىلا ئالمىشىپ تۇراتتى. ئالمىشىدىغان چاغدا ئالدىنقى قاراۋۇلدىكىلەر دۈشمەنلەرگە بىر مەرتىۋە ئومۇميۈزلۈك ئوق ئۈزۈپ، ئاندىن دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى ھەمدە دۈشمەنلەرنى خېلى يىراققا ئالداپ بېرىپ، مۇنچىۋالا يىراق جايدىن ئوق ئۈزگەننىڭ پايدىسى يوق دېگەن يەرگە كەلگەندە مەركەزگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ ئاتلىق قوشۇن قېلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، دۈشمەنلەر ئۈستىگە شىددەت بىلەن تاشلىناتتى ۋە ئۇلارنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلايتتى. ئومۇمەن بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەردە، موڭغۇللار ئۆزلىرىدىكى جىسمانىي كۈچتۈڭگۈرلۈك، چىرايىدىكى سەتلىك، بەدىنىدىكى سېسىق پۇراقلار تۈپەيلى بارلىققا كېلىۋاتقان ۋەھىمىدىن تولۇق پايدىلىناتتى. ئۇلار تۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى، قورشاۋ ھاسىل قىلاتتى، تۆت ئەتراپىنى توساتتى، ئادەمنىڭ جان ـ ئىمانى چىققۇدەك جىمجىتلىق ئىچىدە ئاتلىرىنى يەڭگىل يورغىلىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تىۋىش چىقارمايتتى، پەقەت بايراقچىنىڭ قول ئىشارىتىگىلا قارايتتى، ئارقىدىنلا توساتتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن بولاتتى، بارلىق چەۋەندازلار بەئەينى دوزاختىكى قىيا ـ چىيا ئىچىدە ئالغا قاراپ ئېتىلاتتى.

ئوۋچىلاردىن مىراس قىلغان ھىيلە ـ مىكىر، ئالدى بىلەن ئوۋنى ئالاقزادە قىلىۋېتىش، ئاندىن ئۇنى ئۇتۇشتىن ئىبارەت. موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بۆكەن ياكى يولۋاس قوغلىغاندەك،

خەنزۇلارنى، ئىرانلىقلارنى، رۇسلارنى ۋە ۋېنگىرلارنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىۋەتتى. موڭغۇل ئوقياچىلىرىنىڭ ساۋۇت كىيگەن بىرەر ئاتلىقنى ئېتىشى خۇددى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتنى ئېتىپ تاشلىغاندەكلا ئىش ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئەڭ «قاملاشقان» جەڭلىرىنىڭ بىرى ماۋرائۇننەھردىكى جەڭ بىلەن ۋېنگرىيەدىكى جەڭ بولۇپ، ھەر ئىككىسىدە دەبدەبىلىك سىرتقى قورشاش ئالاھىدە ئورۇندا تۇردى. مۇنداق جەڭ قارشى تەرەپنى ھالىدىن كەتكۈزەتتى، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىگە گىرىپتار قىلاتتى، قورشاۋدا قالدۇراتتى، مادارىدىن كەتكۈزەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا رەتلىك ئېلىپ بېرىلغان چوڭ قىرغىنچىلىق ئىچىدە جەڭنى ئاخىرلاشتۇراتتى.

سەزگۈر كۆزەتكۈچى پىلانكارپىن بۇ تاكتىكىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي ئېلان قىلدى. تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەنلىرى ئەڭ ياخشى دەلىل ـ ئىسپات بولالايدۇ: «ئۇلار دۈشمەنلىرىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، قارىمۇقارشى ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ھەربىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۈچتىن ـ تۆتكىچە ئوق ئۈزەتتى، ناۋادا ئۇلار دۈشمەننى تارمار قىلىشقا كۆزى يەتمىسە، دەرھال ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كېلەتتى. لېكىن، بۇ دۈشمەنلەرنى داۋاملىق قوغلاپ كېلىشكە قايمۇقتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى ئۆزلىرى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان مەلۇم بىر جايغا باشلاپ كېلىشتىنلا ئىبارەت بولاتتى. ناۋادا ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالسا، بىر ـ ئىككى كۈنلۈك يىراق جايلارغا چېكىنەتتى ۋە ئەتراپتىكى ناھىيىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلاتتى ياكى ئۆزلىرى تاللىغان مەلۇم جايغا بارگاھ قۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ يولىدىن ئۆتۈشىنى ساقلاپ تۇراتتى ـ دە، بىردىنلا پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىر تاكتىكىسى ھەر خىل ئىدى. قارشى تەرەپنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىرىنچى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ۋە ياقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇرتلۇق چېرىكلەرنى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزاتتى، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ قوشۇنى بولسا دۈشمەنلەرنى قورشاشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، سول قانات بىلەن ئوڭ قاناتقا تىزاتتى. ئەگەر دۈشمەنلەر ئۆزىنى قوغداپ قالالىغۇدەك بولسا، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ياكى قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن بىرەر يولنى ئوچۇق قالدۇراتتى ــ دە، ئاندىن ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، يېتىشىۋالغانلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىرىپ تاشلايتتى ياكى زەخىملەندۈرەتتى (سوبۇتاي نايون 1241 ــ يىلى ۋېنگىرىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا سايودىكى ئۇرۇشتا مۇشۇ تاكتىكىنى قوللاندى). ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدىكى يېقىن ئارىلىقتىن ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشلار كەمدىن ــ كەم ئىدى. ئۇلار پەقەت ئادەم ۋە ئاتنى ئوقيا بىلەن زەخىملەندۈرۈشكىلا دىققەت قىلاتتى.» روبىرىيۇكس موڭغۇللاردىكى ئوۋچىلىق بىلەن بۇ خىل تاكتىكىنى ئوخشاش دەپ قاراپ، مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «ئۇلار ئوۋ قىلغاندا، كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئوۋنى قورشايدىغان جاينىڭ ئەتراپىغا يىغىلاتتى، ئۇلار شۇ ئەتراپتا ياۋايى ھايۋان بار دەپ جەزم قىلغاچقا، بىر قەدەم ــ بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى ۋە ئۇنى تورغا سولىغاندەك قاپساپ تۇرۇپ، ئاندىن ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى.»

## § 9 . چىڭگىزخاننىڭ شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشى

موڭغۇل دالاسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى.

ئۇ ئالدى بىلەن تاڭغۇت پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ پادىشاھلىق تۇبۇت مىللىتى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تاڭغۇت كۆچمەن چارۋىچىلىرى تەرىپىدىن گەنسۇ، ئالاشەن ۋە ئوردۇس ئارىلىقىغا قۇرۇلغانىدى. بىز يۇقىرىدا بۇ مىللەتنىڭ خەنزۇلارنىڭ تەسىرىدە مەلۇم بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلغانلىقى، بولۇپمۇ خەنزۇ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە بىر يېزىق ئىجاد قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدۇق. تاڭغۇتلارغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇش، موڭغۇللارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە ئاللىقاچان مەدەنىيەتكە يۈزلەنگەن خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشى ئىدى، شۇنداقلا ئۇ مۇشۇ خىلدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. چىڭگىزخان بۇ دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىش، قەدىمىي جۇڭگو زېمىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاجىز بىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق، ئۆز ئارمىيىسىنىڭ قىممىتىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشنى كۆزدە تۇتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەگەر تاڭغۇت زېمىنىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان تەقدىردە جۇڭگودىن تۈركىستانغىچە بولغان چوڭ يولنى كونترول قىلالايتتى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ ئاتا مىراس رەقىبى بولغان جورجىت خانلىقىنى غەرب تەرەپتىن قورشاۋغا ئالالايتتى. بىراق، موڭغۇللار ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن دالادىكى جەڭلەردە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەشكىلچانلىقنى ئىپادىلىگىنى بىلەن، ھەربىي ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىدىغان چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلا تەجرىبىسىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇلار جورجىت خانلىقىغا نىسبەتەن ئېلىپ بارغان جەڭلەردە ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. تاڭغۇت پادىشاھلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. ئۇلار بۇ زېمىننى بىرنەچچە قېتىم (1205 ـ يىلى، 1207 ـ يىلى، 1209 ـ يىلى) ئۇدا ئاياغ ئاستى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭغۇتلارنىڭ پايتەختىنى، شىڭچىڭ مەھكىمىسىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

لىڭجۇنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. تاڭغۇتلارنىڭ پادىشاھى لى ئەنچۈەن (1206 ـ يىلىدىن 1211 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان شياشياڭزۇڭ) چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ ئولپان تاپشۇرۇشقا ماقۇللۇق بىلدۈرۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن، چىڭگىزخان 1209 ـ يىلى يەنە بىر مەرتىۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چۇڭشىڭ، يەنى بۈگۈنكى يىنچۈەننى قورشاپ بۇ شەھەرنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىگە غەرق قىلىش يولى بىلەن يەڭمەكچى بولدى. شۇنداقتىمۇ دامبا ياساپ سۇ باشلاش ئىنشائاتى موڭغۇللار ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە مۇرەككەپ قۇرۇلۇش ئىدى. سۇ ئاپىتى ئۇلار ئۈمىد قىلغان دەرىجىدە پەيدا بولمىدى، لى ئەنچۈەن چىڭگىزخانغا قىز بېرىش ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىم تىنچلىققا ئېرىشتى (1209 ـ يىلى).

تاڭغۇتلار مۇنقەرز بولۇپ چىڭگىزخاننىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلانغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان تىغ ئۇچىنى جورجېت پادىشاھلىقىغا، يەنى شىمالىي جۇڭگودىكى توڭغۇسلارغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا بۈيۈك جورجېت ئىمپېرىيىسىگە قاراتتى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسى تولىمۇ كەڭ ئىدى. ئۇ مانجۇرىيە، خەنشۈي ۋادىسىنى ۋە خۇەيشۈي ساھىلىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ ئۆزىگە بېيجىڭنى ئاساسىي پايتەخت، رېخېدىكى دادىڭ، لياۋياڭ، شەنشىدىكى داتۇڭ، خېنەندىكى كەيفېڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى قوشۇمچە پايتەخت قىلغانىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدا كېرەي قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بېيجىڭدىكى ئوردىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تاتارلارغا قارشى جەڭ قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ جورجېت خانلىقىغا خىزمەتكار ئىدى. جورجېت خانلىقى ئۇنى ياللانما لەشكەر قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بەرگەن ھەمدە ئۇنى جۇڭگودىكى ئاددىي نام ـ ئاتاق بىلەن مۇكاپاتلىغانىدى. بۇ خىل پادىشاھلىق ۋە خىزمەتكارلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭگىزخانغا

بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى جورجىت خانلىقىنىڭ پادىشاھى ماداگې (جىن جاڭزۇڭ، 1189 ـ يىلىدىن 1213 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ كۈنلەردە ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. چىڭگىزخان مۇشۇلارغا ئاساسەن، يېڭى پادىشاھ يۈنجى (جىن فېيدى، 1209 ـ يىلىدىن 1213 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى ساداقەتمەنلىك ئىپادىلەش ئەھدىنامىسىنى مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيە بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. جورجىت خانلىقىنىڭ ئەلچىسى چىڭگىزخاندىن خىزمەتكار سۈپەتتە تەزىم بەجا كەلتۈرۈشنى ھەمدە پادىشاھنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ چىقىرىدىغان ئۇقتۇرۇشىغا قۇلاق سېلىشنى تەلەپ قىلدى. بويسۇندۇرغۇچىنىڭ قۇيقا چېچى تىك بولۇپ كەتتى ھەمدە «مەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلارنى ئاسماندا تۇرىدۇ دەپتىكەنمەن، مۇشۇنداق چۈپرەندە نېمىلەرنىڭمۇ خان بولغىنىنى قارىمامدىغان؟ ئۇنىڭ نېمىسىگە تەزىم بەجا كەلتۈرگۈدەكمەن؟» دېدى. ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ كۆڭگەي تەرەپكە قاراپ تۈكۈرۈپ قويدى. يۈنجى ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمتۈك بىر خان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى، ئابرۇيى، ئىناۋىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئىقتىدارسىز ئىدى. ئۇنى پەقەت ئۆز سانغۇنلىرىنىڭ قولىدىكى قونچاق دېيىشكىلا بولاتتى. مۇشۇلاردىن خۇددى بىز ئۈزۈن ئۆتمەي خارەزىم ئىمپېرىيىسىدە يولۇقتۇرىدىغانغا ئوخشاش چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ رەتلىك شەخس ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن بىچارە ياكى ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ يۈرگەن رەقىبلەردىن بولۇپ چىقىۋاتاتتى.

جورجىت خانلىقىدىكى سەددىچىننىڭ شىمالىنى، موڭغۇللار تەرەپنى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي يېقىدىكى چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلار تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇنگۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەبىلىسىدىكى تۈركلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نىستورىئانلار ئىدى. بىزگە بۇرۇنلا مەلۇم بولغىنىدەك، موڭغۇل رايونىدىكى قەبىلىلەر ئۇرۇشىدا، ئونگۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئالغۇس تىكىن 1204 ـ يىلىدىن باشلاپلا چىڭگىزخان بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئالغۇس جەمەتىنىڭ ساداقەتنى دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ جورجىت خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىگە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ياردەم قىلدى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ يولىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلىۋاتقان چېگرا لىنىيىسىنى چىڭگىزخانغا ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلدى (1211 ـ يىلى). چىڭگىزخان ئونگۇت قەبىلىسىنى تارتۇقلاش مەقسىتىدە قىزى ئالاغۇي بىكەنى ئالغۇسنىڭ ئوغلى بويگىغايغا ياتلىق قىلدى.

چىڭگىزخان جورجىت خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان بۇ ئۇرۇشنى مىللىي ئۇرۇش دەپ قارىدى. ئۇ تەڭرىگە ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن دۇئا ـ تالاۋەت قىلىۋېتىپ، جورجىتلار قاتار تۈرغۇزۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە ياغاچ ئېشەككە مىخلىغان قەدىمىي موڭغۇل خانلىرىنى يادىغا ئالدى ھەمدە «كېرەملىك تەڭرىم، مەن تاغام ئولبار غوخاي بىلەن ئامبالغاي خاننىڭ قانلىق ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قورالاندىم. ئۇلارنى جورجىت خانلىقىدىكىلەر ھاقارەتلەپ ئۆلتۈردى. ناۋادا ئويلىغانلىرىمغا قوشۇلساڭ ئاسماندىكى ھەممىگە قابىل قولۇڭنى سوزۇپ ماڭا مەدەت بەرگىن!» دەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى. چىڭگىزخان ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ئۆزىنى قىتانلار ئۈچۈن ئۆچ ئالغۇچى دەپ ھېسابلىدى. قىتانلار ئەسلىدە بېيجىڭدىكى تەختنىڭ ئىگىلىرى بولسىمۇ، كېيىنچە جورجىت خانلىقى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. شۇڭا، قىتانلار چىڭگىزخاننىڭ ئىشلىرىغا قىزغىن ياردەمدە بولدى. خانلىق ئوردىدىكى ياللۇغ جەمەتىنىڭ شاھزادىلىرىدىن ياللۇغ لىۇگې لياۋخې (مانجورىيەنىڭ غەربىي

جەنۇبى) ساھىلىدىكى قەدىمىي قىتان دۆلىتىدە غەلىيان كۆتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا ئاۋاز قوشتى (1212 ـ يىلى). بۇگۇنكى كۇندە قىتانلارنىڭ موڭغۇل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇڭا، ئۇلار بىلەن چىڭگىزخان ئارىسىدا بېيجىڭدىكى توڭغۇس خانلىقىغا قارشى ئىرقىي ئىتتىپاق بارلىققا كەلدى. چىڭگىزخان ياللۇغ ليۇگېنىڭ ساداقەتنامىسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا جابا نايۇن قوماندانلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننى ئەۋەتتى. 1213 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جابا نايۇن ياللۇغ ليۇگېغا ياردەملىشىپ، جورجىتلار قولىدىن لياۋياڭنى تارتىۋالدى. ياللۇغ ليۇگې ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان قەدىمىي تۇپراقتا، موڭغۇللارنىڭ ھامىيلىقى بىلەن «لياۋ پادىشاھى» دېگەن ئورۇنغا ئولتۇردى. قىتان پادىشاھلىرىنىڭ بۇ ئەۋلادى ئۆزىنىڭ موڭغۇل خانى ئۇچۇن ئەڭ سادىق خىزمەتكار ئىكەنلىكىنى تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر (1220 ـ يىلى) تولۇق ئىپادىلەپ تۇردى. شۇڭا، جورجىت خانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى چېگرىسى بەئەينى غەربىي شىمالدىكىگە ئوخشاش قۇرۇقدىلىپ قالدى؛ قىتانلار بىلەن تۇتىشىدىغان جاي، بەئەينى ئونگۇت قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدىغان جايغا ئوخشاش ئېچىۋېتىلدى.

چىڭگىزخاننىڭ جورجىتلار ئۇستىدىن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى 1211 ـ يىلى باشلاندى. گەرچە ئارىدا بىرنەچچە قېتىملىق قىسقا توختىلىش بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش تاكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر (1227 ـ يىلى) داۋاملاشتى. ئاقىۋەت ئۇنىڭ ۋارىسلىرىلا بۇ ئۇرۇشنى تاماملىدى (1234 ـ يىلى). گەرچە موڭغۇللار ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچان ئاتلىق قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، مۇداپىئەسىز تۇرغان يېزا ـ بازارلارنى ئاياغ ئاستى قىلالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ھەپىلىشىپ، جوڭگولۇق تېخنىك ئۇستىلار مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قەلئەلەرنى قانداق قىلغاندا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ يولىنى تاپالمىدى. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

جوڭگودا پەقەت يايلاقتىكى جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنىلا قوللاندى. ئۇلار ئايىغى چىقمايدىغان تالان ـ تاراج بىلەنلا بولۇپ، قولغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلىرىنى ئالغان پېتى جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ يۈردى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بوش قالغان يەرلەرنى جورجىت خانلىقىدىكىلەر قايتىدىن ئىگىلەپ، قەلئە ـ بازارلارنى يېڭىۋاشتىن ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۆرۈلگەن سېپىللارنى ياساپ، كامار بولۇپ قالغان يەرلەرنى ئېتىپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قايتىدىن قۇردى. شۇڭا، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، موڭغۇل سەركەردىلەر بۇ نۆۋەتتىكى جەڭدە ئوخشاش بىر جاينى ئوخشاشلا بىرنەچچە قېتىم ئىشغال قىلىپ ئاۋارە بولدى. موڭغۇللار يايلاقتىكى جەڭلەردە بىر يەرگە يىغىپ ئۆلتۈرۈش ياكى توپلاپ تۇرۇپ ھەيدىۋېتىشكە ئادەتلەنگەنىدى ياكى بولمىسا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى توققۇز قۇيرۇقلۇق تۇغنىڭ ئاستىغا جەم قىلىش يولى بىلەن ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇراتتى. خەلق مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، بولۇپمۇ خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، گەرچە دەھشەتلىك قىرغىن ئېلىپ بېرىلغاندىمۇ، پۇقرالار يەنىلا قىرىلىپ تۈگىمىدى، ئۇلار گويا ئۆلۈپ تىرىلگەنگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك جورجىتلار، جورجىت خانلىقىدىكىلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقىنىغا ئاران يۈز يىلدەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار توڭغۇس قان سىستېمىسىدىكى بارلىق قەيسەرلىكنى ھېلىمۇ ساقلاپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە، قەلئە قورشاش جېڭىگە ئادەتلەنمىگەنلىك تۇپەيلى ئىچ پۇشۇقى تارتىۋاتقان موڭغۇللارنى يەنە بىرخىل پېشكەلچىلىك ئىچىگە سۆرەپ كىردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھۇجۇم قىلىۋاتقان موڭغۇللار ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جۇڭگولۇق ئىنژېنېرلارنىڭ ئىلمىي كەشپىياتلىرى بىلەن توڭغۇس جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا دۇچ كېلىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ بىزگە مەلۇم بولغىنى بويىچە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا چىڭگىزخان بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغانىدى. ئۇرۇش جىددىي كېتىپ بارغان چاغدا

(1211 — 1215 ـ يىلى)، ئۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قوشۇننى جۇڭگودىن چېكىندۈرۈپ تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدۇردى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردى. مۇنداقتا، جورجىت خانلىقىنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئەلۋەتتە ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. لېكىن، جورجىت خانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بېرىشكە بولمايتتى.

مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىز موڭغۇل بويسۇندۇرغۇچىسىنىڭ ئىزچىل قەيسەرلىك بىلەن جەڭنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلساق مۇۋاپىق بولمايتتى. ھەربىي ھەرىكەت 1211 ـ يىلى بىلەن 1212 ـ يىلى ئارىلىقىدا شەنشىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى داتۇڭ (جورجىت خانلىقىنىڭ غەربىي پايتەختى) رايونى، خېبېينىڭ شىمالىدىكى شۈەنخۇا (شۇ چاغدا شۈەندې دېيىلەتتى) رايونى ۋە باۋئەننىڭ چېگرىسىدىكى ناھىيىلەرنى باسقۇچقا بۆلۈپ ئاياغ ئاستى قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. تۆت ئەتراپ ئۆز رېتى بويىچە خانىۋەيران قىلىندى. لېكىن، ھەربىي قەلئە ھېچنېمە بولمىدى. 1212 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ جەڭگىۋار سەركەردىلىرىدىن جابانايۇن خۇددى بىز يۇقىرىدا خەۋەر تاپقاندەك مانجورىيەنىڭ جەنۇبىي يېقىدا يالغاندىن چېكىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ لياۋياڭنى ئىشغال قىلدى، لېكىن چىڭگىزخان شەنشىنىڭ شىمالىدا داتۇڭنى ئالالمىدى. تېخىمۇ بەتتەر بولغىنى، دۈشمەن ئوردىسى تۇرۇشلۇق بېيجىڭنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىپ زەربە بېرىش، موڭغۇللارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ قويمىدى. 1213 ـ يىلى، چىڭگىزخان ئاقىۋەت شۈەنخۇانى ئالدى ۋە ئۆز قوشۇننى ئۈچكە بۆلدى. قوشۇننىڭ بىرىنچى بۆلىكى، ئوغۇللىرى جۇجى، چاغاتاي ۋە ئوگدايىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەنشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىپ، تەيۋەن بىلەن پىڭياڭغا يېتىپ باردى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»غا ئاساسەن، بۇ گۇرۇھ ئارمىيە يۇقىرىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئىككى شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، غەنىيمەتلەرنى شىمال تەرەپكە توشۇپ كېتىش ئۈچۈن، شەھەرنى تاشلاپ چىقتى. مەركىزىي قوشۇنغا چىڭگىزخان كىچىك ئوغلى تولىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ جەنۇبقا قايرىلىپ خېبېي تۈزلەڭلىكىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، خېجيەن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ، شەندۇڭغا باردى ۋە جىنەننى قولغا چۈشۈردى. ئۆز ۋاقتىدا ئىشغال قىلىنمىغان شەھەرلەرنىڭ قاتارىدا بېيجىڭدىن باشقا يەنە بىرقانچە مۇھىم بازارلار، مەسىلەن، خېبېينىڭ جېڭدىڭ ۋە دامىڭ قاتارلىق شەھەرلىرىمۇ بار ئىدى. موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى تاكى شەندۇڭنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرىسىغا قەدەر باردى. چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى، قوشۇندىكى ئەڭ ئۇستا مەرگەن قاسار ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى تېمۇگە ئوتچىگىن ئۈچىنچى گورۇھ ئارمىيىسىنى باشلاپ، دېڭىز قىرغىقىنى بويلىغان پېتى يۇڭپىڭدىكى خۇشەن بىلەن لياۋشىغا يېتىپ باردى.

بۇ ئۈچ يول ئارمىيە يولغا چىققاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ باشقا قوشۇنلىرىنى بېيجىڭ ئەتراپىغا توپلاپ بۇ شەھەرنى ئالماقچى، ھېچبولمىغاندا ئۇنى قامال قىلماقچى بولدى (1212 ـ يىلى). دەل مۇشۇ پەيتتە، بىر قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ جورجىت خانلىقىنىڭ ئوردىسى قالايمىقانلاشتى، پادىشاھ يۈنجى قول ئاستىدىكى خۇشاخۇ ناملىق ھەربىي ئەمەلدار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى (1213 ـ يىلى). سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار ئۆلگۈچىنىڭ جىيەنى ۋۇدۇفۇ (جىن شۈەنزۇڭ ۋە نيەنشۈن)نى پادىشاھلىققا كۆتۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى، يېڭى پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاشلا كارغا يارىمايدىغانلاردىن ئىدى. لېكىن، چىڭگىزخان شەھەرنى رەسمىي قورشاۋغا ئېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولالمىغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت

بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭگىزخان ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ ۋۇدۇفۇنىڭ سۈلھى تۈزۈش ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى. جورجىت خانلىقىدىكىلەر ئۇرۇش چىقىمى ئورنىدا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى، يەنى ئالتۇن، يىپەك رەخت، ئۈچ مىڭ تۇياق ئات، ياش قىز - يىگىتلەرنى ئېلىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان جورجىتلارنىڭ پادىشاھلىق جەمەتىدىن بولغان بىر قىزمۇ بار ئىدى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى غەنىيمەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ، جاڭجياكو ئارقىلىق موڭغۇل دالاسىغا قايتىدىغان چوڭ يولغا قاراپ راۋان بولدى (1214 - يىلى).

موڭغۇللار كېتىشى بىلەن تەڭ جورجىت خانلىقىنىڭ پادىشاھى ۋۇدۇفۇ بېيجىڭنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى ۋە كەيفېڭ مەھكىمىسىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى (1214 - يىلى). بۇ كېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چىڭگىزخان بۇ قېتىمقى كېچىشنى كەلگۈسىدىكى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى ھەمدە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى باشلامچى بولۇپ بۇزدى. ئۇ خېبېيغا يەنە بىر مەرتىۋە تاجاۋۇز قىلىپ، بېيجىڭنى قورشاۋغا ئالدى. جورجىت خانلىقىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ يەم - خەشەكلىرى بېيجىڭ بىلەن خېجيەن مەھكىمىسى ئارىلىقىدىكى ياجۇ يولىدا موڭغۇللارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بېيجىڭنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سانغۇن ۋەنيەن چىڭخۇي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالدى. موڭغۇللار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئولتۇراق ئاھالىنى قىرغىن قىلدى، پادىشاھ ئوردىسىنى بۇلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋەتتى (1215 - يىلى). بۇزغۇنچىلىق بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئەلۋەتتە، كۆچمەن چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشتە مۇشۇنداق چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر ئاستانىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئويلاپ بولالمايتتى. بۇ يەردە گۇمانتارلار ۋە جۇغراپىيىلىك ئالىملىرى قىزىقىدىغان مۇنداق بىر ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى، يەنى يايلاق ئادەملىرى مۇئەييەن ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ، قەدىمىي شەھەر ۋە مەدەنىيەتلىك زېمىننى تاسادىپىي يوسۇندا ئىشغال قىلغاندا، ئۆزلىرىنى ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوت قويۇشى ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك غالجىرلىقتىن كۆرۈشكە بولمايتتى، ئەكسىچە ئۇلار ئېسەنگىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇنداق نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بىزگە مەلۇم، موڭغۇل ئاقساقاللىرى ھېچبولمىغاندا «ياساق»قا سادىق ئاقساقاللار مۇنداق بۇلاڭ - تالاڭنى يولغا قويمايتتى. سانغۇن شىگى قۇتۇغ جورجىت خانلىقىنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتاتتى، مەدەنىيەتنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان بالا - قازا ئاشۇنداق باشلىناتتى. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللىرى خۇددى تارىخىي ماتېرىياللار بىزگە سۆزلەپ بەرگەندەك، شۇنداقلا بىزنىڭ كۆزەتكىنىمىزدەك، ئەسكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار رىئايە قىلىدىغان «ياساق» (قىسمەن جايلىرىدىن باشقا) ئادەملەردىن ئوچۇق - يورۇق ۋە ئاقكۆڭۈل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇنىي دەستۇر ئىدى. لېكىن، يامان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىدىن، بولۇپمۇ 10 - ئەسىردىكى قىتانلاردىن ۋە 12 - ئەسىردىكى جورجىتلاردىن گەۋدىلىك ھالدا قالاق ئىدى. بۇلار ھېچبولمىغاندا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قىرغىنچىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ ئىلگىرىكى خاندانلىقنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى دەرھال زىممىسىگە ئالاتتى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىگە تەئەللۇق مال - مۈلۈكنىڭ بۇزغۇنچىلىرىدىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىناتتى. چىڭگىزخان موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم

ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ۋەھشىي بولۇشى كېرەك دېيىشكە بولمايتتى (ئۇلار ئۆزلىرى تۈزگەن «ياساق» قا ئاساسەن، ئوبدانلا تەرتىپ ساقلايدىغان قاتارغا كىرەتتى، شۇنداقلا چىڭگىزخاننىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن تەمكىن ۋە ئەخلاقىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلاردىن ئىدى). ئۇلارنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇلارنىڭ نىسبىي ھالدا ئەڭ ياۋايى ئادەم بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھۇنلار، جوجانلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى بىلمىدىغان ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ تارىخىدىكى ئىچكى زىددىيەت مەلۇم سىلىشتۇرما تۈپەيلى بارلىققا كەلدى: بۇ سىلىشتۇرمىنىڭ بىر تەرىپى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە ئەڭ مۇستەھكەم ئۆلى ئۈستىگە قۇرۇلغان قانۇن ھېكمەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە يېقىنلىرىنىڭ قىلمىشىنى چەكلەپ، ئۆز ھاكىمىيىتىدە دانالىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىپادىلىمەكچى بولغان چىڭگىزخان ئىدى؛ ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئەمدىلا ئىپتىدائىي ياۋايى جەمئىيەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىدىكى قوپال ئەكسىيەتچىلىكنى نامايان قىلىۋاتقان ۋە ئومۇملۇققا ئىگە ۋەھىمىلىك سىياسەتكىلا تايىنىپ دۈشمەنلىرىنى ئەل قىلىۋاتقان موڭغۇل مىللىتى ئىدى. مۇنداق بىر مىللەت ئادەمنىڭ ھاياتىنى قىلچىمۇ قەدىرلىمەيتتى. ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقىم ئولتۇراقلاشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، شەھەردە ھايات كەچۈرۈشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىنى، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئومۇمەن يايلاققا تەئەللۇق بولمىغان ھەرقانداق نەرسىنى چۈشەنمەيتتى، يېقىنقى زامان تارىخشۇناسلىرىمۇ بۇ خىل تەبىئىي ئەبجەش ئەھۋالدىن ھەيران بولاتتى. رەشىدىددىن ياكى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» نى يازغانلارمۇ بۇ ئەبجەشلىك ئىچىدە ھەم باشلامچى شەخسلەرنىڭ دانالىقى ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغانلىقى

ھەم ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئاياققا تۇرغۇزغان، شۇنداقلا ئەكسىيەتچىلىككە ۋارىسلىق قىلغان مۇھىتتىكى ئۆرپ - ئادەتنىڭ ۋەھشىيلىكى تەڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

چىڭگىزخان بېيجىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ياكى موڭغۇللارنىڭ تۈزۈمىگە ئىشتىراك قىلغان ئىتتىپاقداشلار ئىچىدىن قىتان شاھزادىسى ياللۇغ چۇسەينى بايقاپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭ «قەددى - قامەتلىك بەستى، كېلىشكەن ساقال - بۇرۇتى، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە جاراڭلىق ئاۋازى» دىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ تازا جايىدا بولغان تاللاش ئىدى. چۈنكى ياللۇغ چۇسەي ئۆزىدە جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن سىياسىيوننىڭ پەزىلىتىنى ھازىرلىغان ئادەم ئىدى. ئۇ خۇددى باش كاتىپ تاتاتوڭاغا ئوخشاش، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېڭى خوجايىنى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مەسلىھەتچى دەپ قارىلاتتى. شۇ چاغدىكى چىڭگىزخان موڭغۇللىرى خەنزۇلار بىۋاسىتە بايان قىلىدىغان خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئەكسىچە، موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ قىتان شاھزادىسى ياللۇغ چۇسەيدەك خەنزۇلىشىپ كەتكەن تۈرك - موڭغۇل بۇ ئادەم ئۆتكۈنچى مەزگىلدە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئوگدايغا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت دائىرىسىدە مەمۇرىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشنى يولغا قويۇشنىڭ ئامىللىرىنى سۆزلەپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى.

ئەمدىلىكتە جورجىت خانلىقى ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختى كەيفېڭ مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىغا، خېنەن بىلەن شەنشىنىڭ بىر نەچچە جايىغا قەدەر تارىيىپ كەتتى. 1216 - يىلى موڭغۇل سەركەردىسى ساموغا باھادىر شەنشى بىلەن خېنەن ئارىلىقىدىكى خۇاڭخې جىلغىسىغا جايلاشقان مۇھىم بازار تۇڭگۇەننى بېسىۋالدى ۋە بۇ ئىككى ئۆلكىنى قاپ بېلىدىن ئۈزۈۋەتتى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي،

جورجىتلار ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كىيىنچە بىلگىنىمىزدەك، ئادەتتىكى ئىشلارغا بۇرۇتى تەۋرەپ قويمايدىغان چىڭگىزخان بۇ كۆنلەردە تۈركىستاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، جۇڭگودىكى ئۇرۇشقا ئاندا ـ ساندا دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرۇشى بىلەنلا كۇپايىلەنمەكتە ئىدى. ھالبۇكى جورجىت خانلىقى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولدىن كەتكەن بىر تالاي يەرنى قايتا قولغا كىرگۈزدى. پەقەت موڭغۇللارنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى بېيجىڭ شەھىرىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

بىراق، چىڭگىزخان غەربكە قوشۇن تارتىشتىن ئىلگىرى جۇڭگودىكى ھەربىي ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان مۇقالىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گەرچە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئادەم سانى خېلى ئاز بولغان بولسىمۇ (مۇقالىنىڭ قولىدا موڭغۇللارنىڭ مۇنتىزىم بىر ئارمىيىسىنىڭ يېرىمى، يەنى 23 مىڭ ئەسكەر ۋە شۇ سانغا باراۋەر يەرلىك چېرىكلەر بار ئىدى)، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي نىيىتى ۋە مۇكەممەل ئۇسۇل ـ چارىسىغا تايىنىپ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بارغان يەتتە يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن (1217 — 1223 ـ يىلى)، جورجىت خانلىقىنىڭ دائىرىسىنى يېڭىۋاشتىن خېنەننىڭ ئىچكى رايونى بىلەنلا چەكلىدى. ئۇ 1217 ـ يىلى خېبېينىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە دامىڭنى ئىشغال قىلدى، بۇ رايون ئىلگىرى چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى بىلەن راۋۇرۇس تىركەشكەنىدى. 1218 ـ يىلى جورجىت خانلىقىدىن شەنشىنىڭ مەركىزى تەييۈەن بىلەن پىڭياڭنى تارتىۋالدى. 1220 ـ يىلى شەندۇڭنىڭ مەركىزى جىنەننى قولغا چۈشۈردى. قول ئاستىدىكى سانغۇنلاردىن بىرى خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى خېنەن دائىرىسىدەجاڭدېنىئالدى (1220 ـ يىلى). ئۇ 1221 ـ يىلى جورجىتلار قولىدىن شەنشىنىڭ شىمالىدىكى بىرنەچچە شەھەرنى، مەسىلەن، باۋئەن ۋە فۇجۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارتقۇزۇۋالدى. 1222 ـ يىلى ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چاڭئەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا شەنشىنىڭ قەدىمىي مەركىزى ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى. 1223 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ جورجىتلاردىن شەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبى بۇرجىكىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنى ئەگمىسىگە جايلاشقان خېجۇڭ (بۇگۇنكى پۇجۇ) نى قايتۇرۇپ ئالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇ كۈچ مادارىدىن قېلىپ تۇيۇقسىزلا ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، خېجۇڭنى جورجىتلار يەنە بىر مەتبۇە تارتىۋالدى. بۇ رايوندىكى ئۇرۇش، ئاھالىنىڭ كۆپلۈكى، خەتەرلىك داۋانلارنىڭ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى تۇپەيلى، ئايىغى چىقمايدىغان قەلئە قورشاش ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، موڭغۇللار دەسلەپكى ئىزدىنىشتىن كېيىن، يۇقىرىقىدەك يېڭى تاكتىكىغا ئادەتلەنگەندى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۇلار ئۆزىگە قارام بولغان قىتانلارنى، تەسلىم بولغان جورجىتلارنى ۋە خەنزۇ ئىنژېنېرلارنى ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزدى.

## § 10. موڭغۇللارنىڭ قەدىمىي قاراقىتان (غەربىي لياۋ) ئىمپېرىيىسىنى بويسۇندۇرۇشى

چىڭگىزخان شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغاندا، ئۇنىڭ شەخسىي رەقىبلىرىنىڭ بىرى، نايمان قەبىلىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھنىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراقىتان گۇرخان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

بىز ئالدىنقى باياناردىن بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىنى بىلگەن، ئۇ ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ساھىلى ۋە قەشقەردە شىمالىي جۇڭگودىكى قىتانلارنىڭ بىر تارمىقى تەرىپىدىن

قۇرۇلغان، بۇ قىتانلار تارىختا قاراقىتان دەپ ئاتىلاتتى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلار موڭغۇل قان سىستېمىسىدىكى جوڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان خەلق (ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى) ئىدى، شۇنداقلا يەرلىك تۈرك مۇسۇلمان ئاھالىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. قارا قىتانىنىڭ شاھلىرى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان بالاساغۇنغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۆزلىرىنى تۈرك پادىشاھلىرىدىكى «گۇرخان»، «جاھان شاھى» دېيىدىغان ناملار بىلەن ئاتىدى. ئۇلارغا ئەل بولغانلاردىن بىرىنچىسى، شەرقتىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى بىلەن نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي مىللەتلەردىن بولۇپ، ئۇلار بەشبالىق (گۇچېڭ)، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى. ئىككىنچىسى،[1] شىمالدىكى قارلۇقلار بولۇپ، ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر خارەزىم شاھلىرى (سۇلتانلىرى) بولۇپ، ئۇلار تۈركىي مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىدى. ئۇلار شۇ چاغلاردا ماۋرائۇننەھر ۋە ئىراننىڭ شەرقى تەرىپىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. گۇرخان ياللۇغ جىلگۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە (1178 — 1211 ـ يىللار) قاراقىتان ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇ پادىشاھ خەتەرلىك پەيتلەردە يەنىلا ئۆزىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيش ـ ئىشرەت ۋە شىكار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئىمپېرىيىنى ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر شاھى «ئىدىقۇت» بارچۇق ئارتكىن ئۇنىڭ بېقىندى دۆلەت بولۇشلار دېگەن

---

① چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرى ئۆزلىرىنى «ئىدىقۇت» (مۇقەددەس خان) دەپ ئاتايتتى. بۇ ئاتاقنى 8 ـ ئەسىردىكى بېھىشبالىقتا، يەنى بۈگۈنكى گۇچېڭ رايونىدا ياشىغان باسمىل تۈركلەرنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ قوللاندى.

تەلىپىنى رەت قىلىپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى ھەمدە گۇرخان تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل پاۋۋۇكامنى تۇرپاندا ياكى بولمىسا قارا قوجۇ (كۇچار) دا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارغا ئىنچىل رەۋىشتە دوستانە مۇئامىلە قىلدى، قىزى ئال ئالتۇننى ئۇيغۇلارنىڭ ئىدىقۇتىغا ياتلىق قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، قاراقىتانلارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پۈتكۈل زېمىن موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. 1211 - يىلىغا كەلگەندە، ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا ياشايدىغان (پايتەخت ھەيبالدا ئىدى) قارلۇق قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ئارىسلان خان ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئالمىلىق (بۈگۈنكى خۇيېنىڭ قەلئەسىنىڭ ئەتراپى) دا ئۆزىنى پادىشاھ ئاتاپ كەلگەن تۈرك تەۋەككۈلچىسى بۇزاج بىلەن بىرلىشىپ قاراقىتانلارنىڭ بېقىندى دۆلەت بولۇش تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى. بۇ كۈنلەردە بىرلىككە كەلگەن موڭغۇللارنىڭ جەلب قىلىش كۈچى چۆللۈكتىكى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى تۈرك شاھزادىلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. لېكىن، قاراقىتانلارنى يوقاتقان چىڭگىزخان ئەمەس، بەلكى ئۇنى يوقاتقان كىشى بۇ پادىشاھنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) شەخسىي رەقىبى، نايمان قەبىلىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاياڭ خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەلىبىسىدىن، كۈچلۈك ئاتىسىنىڭ زېمىنى بولغان ئالتاي تاغلىق رايونىدىن قوغلاندى. ئۇ دادىسى ئۆلۈپ ۋە خەلقى ئاياغ ئاستى قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلىرىدىن مېركىت قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئېلىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. مېركىت قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇر ئېلىدە ئولتۇراقلاشماقچى بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك «ئىدىقۇت» بارچۇق ئارت تېكىن ئۇلارنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. كۈچلۈكنىڭ بولسا تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. قېرىپ قالغان گۇرخان جىلىگۇ بالاساغۇندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇنىڭغا

ئىشەندى ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى (1208 ـ يىلى). لېكىن، نايمان شاھزادىسى بۇ دۆلەتكە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان بارلىق ياخشى مۇئامىلىنى بىر ياققا يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ئۇ ئەسلىدە قاراقىتانلارغا ئەل بولغان خارەزىم شاھى مۇھەممەد بىلەن پۈتۈشۈپ گۇرخاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن قاراقىتانلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈشكە تەييارلاندى. خارەزىملىكلەر ئالدى بىلەن ئەسكەر چىقاردى. قاراقىتانلار كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، سەمەرقەنتنى ئىگىلىۋالدى (1210 ـ يىلى). دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىلىدىكى كۈچلۈك گۇرخانغا ئاسىيلىق قىلدى ۋە بۇ پادىشاھنىڭ پەرغانە رايونىدىكى ئۆز كەنتتە ساقلاۋاتقان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، قاراقىتانلارنىڭ پايتەختى بالاساغۇنغا قاراپ ئات سالدى. گۇرخان ئۆزىنىڭ خاتا خىيالىدىن ئويغىنىپ سەپىنىڭ ئالدىدا جەڭگە چۈشتى ۋە كۈچلۈكنى بالاساغۇن ئەتراپىدا تارمار قىلدى. لېكىن، يەنە بىر جەڭ مەيدانىدا، يەنى تالاس دەرياسىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ سانغۇنلىرىدىن تايانغۇ خارەزىملىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. قاراقىتان قوشۇنلىرى بىر ياقتىن ئۇرۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىپ پايتەخت بالاساغۇنغا كەلگەندە، ئاھالە قەلئە دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار تۈرك بولغانلىقى ئۈچۈن، قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش پەيتى يېتىپ كەلدى دەپ قارىغانىدى. غەزىپى قايناپ تاشقان قاراقىتانلار بالاساغۇنغا باستۇرۇپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە گۇرخان جىلىگۇ كۈچلۈكنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ ئەسىرگە چۈشتى (1211 ـ يىلى). لېكىن، كۈچلۈك قېيناتىسىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە ھۆرمەت

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىدى ھەمدە ئۇنىڭدىن تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئوبدان خەۋەر ئالدى. گۇرخان ئەسىرگە چۈشۈپ ئىككىنچى يىلى، كۈچلۈك ئۇنى بىردىنبىر پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قېيناتىسىنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى قاراقىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەمەلىي پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، دەرھاللا دۆلەت چېگرىسىنى بەلگىلەش ئىشىغا كىرىشتى ۋە مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىتتىپاقدىشى خارەزىم سۇلتانى مۇھەممەد بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدىغان ھالغا يەتتى. بىزگە مەلۇم، بۇ سۇلتاننىڭ ھوقۇقى بىر چاغلاردا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا، ئوترار ۋە شاش (تاشكەنت)، سايرام قەلئەسى قاتارلىق يەرلەرگىچە يېتىپ بارغانىدى، شۇنداقلا ئۇ بۇ يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلغاندا، بۇ رايوندىكى ئاھالىنى باشلاپ دەريانىڭ جەنۇبىي يېقىغا كۆچكەنىدى.

كۈچلۈكنىڭ قاراقىتاندىكى ھۆكۈمرانلىقى مەيلى ئەمەلىي پاكىت جەھەتتە ياكى قانۇنىي جەھەتتە بولسۇن 1211 ـ يىلىدىن 1218 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئالتايلىق بۇ كۆچمەن چارۋىچى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا، ئۇلارغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلەلمەي قىينالدى. بىزگە مەلۇم، قەشقەرنى قاراخانىلار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئىلىكخانلىرى باشقۇراتتى، شۇنداقلا ئۇلار قاراقىتان ئىمپېرىيىسىگە قارام ئىدى. گۇرخان جىلىگۇ مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇن، قەشقەردىكى قاراخانىلار دۆلىتىدە ئىلىكخان بولۇپ تۇرۇۋاتقان خاننىڭ ئوغلىنى نەزەربەند قىلىپ قويدى. كۈچلۈك بۇ ياش شاھزادىنى ئازادلىققا چىقىرىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قەشقەرنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قەشقەردىكى ئەمىرلەر ئۇنى رەت قىلدى ۋە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى (1211 ـ يىلى ئەتراپىدا). مۇشۇ ۋەجىدىن

كۈچلۈك ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى بۇ شەھەرنى ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە ئۇدا ئاياغ ئاستى قىلىشقا قويۇپ بەردى (1211 — 1213 ـ يىللار ياكى 1214 ـ يىللار). ئاقىۋەتتە ئاچارچىلىق قەشقەر ئاھالىسىنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىدى. مۇشۇ قېتىمقى تەسلىمگە ئەگىشىپ، ۋەھشىي دىنىي زىيانكەشلىكمۇ يېتىپ كەلدى. كۈچلۈكنىڭمۇ باشقا نۇرغۇن نايمانلىقلارغا ئوخشاش نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. كۈچلۈك ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن ئايالى، قاراقىتان خانىشى، گۇرخاننىڭ قىزىنىڭ تەسىرىدە قەشقەر بىلەن خوتەندىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، بۇددا دىنىغا ياكى خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلدۇرماقچى بولدى. خوتەندىكى ئىمام ئۆلىمالار بۇ ئىشقا قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى. كۈچلۈك بولسا ئۇلارنى مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈردى. مۇسۇلمانلارنىڭ تۆپرىقى بولغان قەشقەرنىڭ مۇشۇ نۆۋەتتىكى زوراۋانلىقتىن كېيىن موڭغۇللارنى ئۆزىنىڭ نىجاتكارى تەرىقىسىدە قارشى ئېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

كۈچلۈك ئىلى رايونىدىكى ئاھالىنى كەچۈرۈم قىلمىدى. چۈنكى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بۇزاج بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغانىدى. شۇ تۈپەيلى كۈچلۈك بىر قېتىملىق شىكاردا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى سالى باھادىرخان قوغداپ تۇرغان ئالمىلىقنى ئالالمىدى. ئۆلگۈچى ۋە سالى باھادىرخاننىڭ ئوغلى سۇناتكىن كۈچلۈككە قارشى تۇرىدىغان، چىڭگىزخاننى ئەڭ قىزغىن ھىمايە قىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەسلىي رەقىبىنىڭ يەنىلا قاراقىتانلارنىڭ خوجايىنى بولۇۋېرىشىگە قەتئىي يول قويمايتتى. ئۇ 1218 ـ يىلى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر سەركەردىلىرىدىن بولغان جابانويۇننىڭ باشچىلىقىدا

www.uyghurkitap.com

كۆچلۈكخانىنىڭ ئەدىپىنى بىرىشكە ئەۋەتتى. جابا بۇيرۇققا بىنائەن ئالدى بىلەن ئالمىلىقنى ۋە سوناتىلىنىنىڭ زېمىنىنى قوغدىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېتىپ كەلگەندە كۆچلۈك بۇ يەردىن قوزغىلىپ قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. بالاساغۇن ۋە يەتتە سۇ ساھىلى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا موڭغۇللارغا تولۇقى بىلەن تەسلىم بولدى. ئارقىدىنلا جابا ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالە بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتكارى دەپ قارشى ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جابانىڭ ھەربىي تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، بۇلاڭ ـ تالاڭغا يول قويمايتتى. جۇۋەينىنىڭ بىزگە دەپ بەرگەنلىرى بويىچە ئۇ يولدىن ئۆتۈپ قالسا، تۇرۇشلۇق ئاھالە ئۇنىڭغا ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەخت ـ سائادەت دەپ باش ئۇراتتى. كۆچلۈككە كەلسەك ئۇ پامىر تەرەپكە قاچتى، لېكىن جابانىڭ نۆكەرلىرى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ھەمدە ئۇنى سىرىق دەرياسى ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى (1218 ـ يىلى).

ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەريا ساھىلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## § 11 . خارەزىم شاھلىقىنىڭ چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلىشى

چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى ئەمدىلىكتە خارەزىم بىلەن قوشنا بولۇپ قالغانىدى.

موڭغۇل رايونىدىكى پۈتكۈل موڭغۇللار ۋە تۈرك خەلقى چىڭگىزخان تەرەپتە بولۇپ، ئۇلار سامان دىنىغا، بۇددا دىنىغا ۋە

نېستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قاراقىتانلارنىڭ قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىنكى زېمىنى قەشقەر دىنىي جەھەتتە ئەلۋەتتە مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن، مەدەنىيەت جەھەتتە نوقۇل تۈرك مەدەنىيىتى ئىدى. بۇ مەدەنىيەتتە پۈتۈنلەي شۇنداق دېمىگەندىمۇ ئاز - پاز ئىران تۈسى بار ئىدى. ئەكسىچە خارەزىمدىكى مۇھەممەدنىڭ خانلىقى سېپى ئۆزىدىن ئىرانلاشقان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەرنىڭ خانلىقى ئىدى. ئاھالە ئىچىدە ماۋرا ئۈننەھردە ياشايدىغانلار تۈرك - ئىران ئادەملىرى، خۇراسان، ئافغان ۋە ئىراق ئەجەم زېمىنىدىكىلەر نوقۇل ئىرانلىقلار ئىدى. بۇ ئىككى تائىپىدىكى خاسلىقتىن سۆز ئاچقاندا، ئۇلاردا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر خىل سېلىشتۇرما مەۋجۇت ئىدى: چىڭگىزخان سالماق، ئېھتىياتچان، ئىرادىلىك ئادەم بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك مىجەزگە ئىگە ئىدى. خارەزىم شاھى مۇھەممەد شىددەتلىك باتۇر جەڭچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەڭگىلتەك، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، تەشكىللىسىز ئادەم ئىدى. ئۇ خۇردىس سۇلالىسى ۋە قاراقىتانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ھەددىن زىيادە مەغرۇرلىنىپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىلەنلا ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغان، ھەتتا بارلىق چارە - ئاماللارنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان، قەھرىمانلىقتىن بىراقلا بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان قورقۇنچاقنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياۋايى مىللەت ئادىمى سىياسىيون ئىدى، ئىرانلاشقان تۈرك، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئادەملەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى كەلسە ئەرۋاھلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان چەۋەنداز ئىدى.

يەنە بىر مەرتىۋە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، چىڭگىزخان تەرىپىدىن 1220 - يىلى يوقىتىلغان خارەزىم ئىمپېرىيىسى، بەك بالدۇر دېگەندىمۇ 1194 - يىلى قۇرۇلغانىدى، شۇنداقلا پەقەت 1212 - يىلىغا كەلگەندىلا، مۇھەممەد

سەمەرقەنتتىكى ئەڭ ئاخىرقى قاراقىتان پادىشاھى ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، پەيتەختنى ئۈرگەنجىدىن (خىۋانىڭ ئەتراپىدا) سەمەرقەنتكە يۆتكىگەنىدى. بۇ قۇرۇلۇۋاتقان ئىمپېرىيە، ۋاقىتلىق بىر شاھنىڭ قول ئاستىدا تىكلىنىۋاتقان يېڭى ھۆكۈمرانلىق ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ھۆكۈمرانلىق ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭدا چىڭگىزخان موڭغۇللىرىدىكى «ياساق»قا ئوخشايدىغان ھېچقانداق تەشكىلىي ئاساسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى خانلىق ئىمپېرىيەسىنىڭ ناھايىتى زور ئابروي - ئىناۋىتى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئالغۇدەك ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىرق جەھەتتىن ئالغاندا، خارەزىم ئىمپېرىيەسى شەھەر - قىشلاقلاردىكى ئىرانلىق تاجىكلار بىلەن قوشۇن بولۇپ شەكىللەنگەن تۈركلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان، تۈۋى يوق بوشلۇققا ئېسىپ قويغان شەيئىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ مۇستەھكەم بولالمايتتى، چۈنكى خارەزىملىكلەر بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى سالجۇقىلاردەك، ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي جەمەتتىكىلەر بىرلا ئاتابەككە خىزمەت قىلىدىغان ھەربىي فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلمىغانىدى. خارەزىم خانلىقى سالجۇقىلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تارمىقىدىن تەركىب تاپتى، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدە پۈتۈن بىر جەمەت بولمىدى. خارەزىم زېمىنى، يەنى خىۋا تېررىتورىيەسى تۈركمەنلەرنىڭكىدەك مۇستەھكەم بىر فېئوداللىق تۈزۈمنى بېقىپ كېتىشكە راستتىنلا كىچىكلىك قىلاتتى. نەتىجىدە، ئارمىيە پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرغىز يايلىقىدىكى غوز ياكى قاڭقىل قەبىلىسىدىكى تاسادىپىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنغان ياللانما ئەسكەرلەردىن شەكىللەندى، مۇنداق ئادەملەردە ساداقەت دېگەن نەرسە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر خىيالى خانلىقتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى چوڭ قوشۇنغا قاتنىشىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا شولتاننىڭ ئائىلىسى

مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان ئۆچمەنلىك تۇپەيلى پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. مۇھەممەد شاھنىڭ ئانىسى، قورقۇنچلۇق تۈركەن خاتۇن بىر تۇغقان نەۋرىسى، مۇھەممەدنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى جالالىدىنغا ئۆچ ئىدى، ئۇنى خورلايتتى. ھالبۇكى ئۆرۈلۈپ كېتىشكە تاس ـ تاس قېلىۋاتقان بۇ خانلىقتا بىردىنبىر كارغا كېلىدىغان ئادەم دەل جالالىدىن ئىدى.

مۇشۇنچىۋالا ماسلاشماسلىق ۋە بىرلىككە كېلەلمەسلىك ئامىللىرى ئىچىدە ئىسلام دىنى دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ چەكلەش كۈچى خانلىققا بىرلىك ۋە ئۇيۇشقاقلىق ئاتا قىلالايتتى. سالجۇقى سۇلتانلىرىنىڭ ۋارىسى ھېسابلانغان خارەزىم شاھى مۇھەممەد ئۆزىنى سۇلتان سەنجەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش كويىدا بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئىسلامنىڭ نائىبى دەپ ئېلان قىلىدىغانلا بولسا، ھەممەيلەننى «غازات» قا يېتەكلەپ، غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ ئېتىقادىغا، بۇددا دىنى ياكى نىستۇرى دىنىدىكى موڭغۇللارغا قارشى چىقالايتتى. ئەسلىدە سالجۇقى سۇلتانلىرىنىڭ ئىشىنى يېڭىۋاشتىن باشلىيالايدىغان ھەمدە ئۆزىنى شۇلارغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسىغا ئايلاندۇرالايدىغان بۇ شاھزادە ئۆتۈپ كەتكەن دۆت ـ كالۋا بولغاچقا، باغدات خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسى بىلەن قاتتىق ئىركىشىپ قالدى، ھەتتا 1217 ـ يىلىغا كەلگەندە قوشۇن تارتىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. خەلىپە ناسىر (1180 ـ يىلىدىن 1225 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى چاغلاپ موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇشنى خالىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشقا ئۇنىمىدى. سۇلتان بىلەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماسلىق ۋە ئۆچمەنلىك موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى پارچىلىنىشنى ۋە ئاجىزلىقنى نامايان قىلدى.

خارەزىم بىلەن چىڭگىزخاننىڭ بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېتىشىگە خارەزىم سەۋەبچى بولدى. چىڭگىزخان بۇنىڭدىن ئىلگىرى خارەزىم ئىمپېرىيىسى بىلەن نورمال سودا ۋە سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى. 1218 ـ يىلى خارازىمگە چوڭ سودا كارۋىنى ۋە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. ئۆمەك تەركىبىدىكىلەر موڭغۇل ئەلچى ئوغۇنادىن باشقا ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئىدى. سودا كارۋىنى خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى چېگرا شەھەر ئوترارغا كەلگەندە، خارەزىم ۋالىيسى ئىنالچىق قاھىرخان ئۇلارنى توسۇپ قويىدى، ئارقىدىنلا كارۋاننىڭ مال ـ مۈلكى تالاندى، يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. چىڭگىزخان ئۇلاردىن تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

1219 ـ يىلى ياز پەسلىدە، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا توپلاندى. كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەندە چىڭگىزخان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەييالغا كەلدى. يەرلىك قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئارىسلان خان چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى. ئالمىلىقتىكى يېڭى خان سۇناتىكىن بىلەن ئۇيغۇر پادىشاھى «ئىدىقۇت» بارچۇق ئارت تىكىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھىغا كەلدى. بارتولدنىڭ مۆلچەرى بويىچە، موڭغۇل قوشۇنلىرى تەخمىنەن 150 مىڭدىن 200 مىڭغا قەدەر بولۇپ، سان جەھەتتە خارەزىم قوشۇنىدىن ئاز ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئىنتىزامچان ئىدى، شۇنداقلا «قوماندانلىق شىتاب» بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلىشالايتتى.

خارەزىم شاھ مۇھەممەد قوشۇنلىرىنى سىر دەرياسىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسى بىلەن ماۋرائۇننەھرىدىكى ھەرقايسى قەلئەلەر ئارىسىغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. نەتىجىدە گەرچە قوشۇن ئومۇمىي سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يالغۇز نۇقتىلاردا ئادەم ئازلاپ كېتىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. چىڭگىزخان سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئوترار

شەھىرىنىڭ ئەتراپى خارەزىم ئىمپېرىيىسىگە باستۇرۇپ كىردى. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارمىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئوغلى چاغاتاي بىلەن ئوگداينىڭ باشچىلىقىدا مەزكۇر شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك قورشاۋدىن كېيىن ئۇنى ئىگىلىيەلىدى. يەنە بىر قوشۇن، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىنىڭ قوماندانلىقىدا سىر دەرياسىنى ياقىلاپ سىغناق قۇرغان (بۈگۈنكى تۈركىستان شەھىرىنىڭ ئۇدۇلى) بىلەن جەندى (بۈگۈنكى سىر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى تاش بۇغدانىڭ يېنىدا) نى ئالدى. بەش مىڭ كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە بىنكەنت (تاشكەنتنىڭ غەربى) نى ئىشغال قىلىپ، خوجەنتنى قورشىۋالدى. بۇ شەھەردىكى قوشۇن قوماندانى باتۇر تېمۇرمەلىك شەھەرنى چىڭ تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلدى. ئاخىرىدا كىچىك بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا قاراپ قاچتى. بارتولد دەل مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىي قەھرىمانلىق ۋە باتۇرانە قىياپەت موڭغۇللارغا قارىغاندا كۆپ بولدى، لېكىن موڭغۇللاردىكى تەشكىللەش ئىقتىدارى، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىق ئۇلارنى غەلىبىگە يېتەكلىدى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

چىڭگىزخان كىچىك ئوغلى تولى بىلەن بىرلىكتە چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل بۇخاراغا قاراپ ئات سالدى ۋە 1220 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. مۇداپىئەدە تۇرغان تۈرك قوشۇنلىرى شەھەرنى قورشاۋغا ئالغانلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئىگىسىز قالغان شەھەر ئاھالىسى چىڭگىزخانغا تەسلىم بولدى (1220 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ ياكى 16 ـ كۈنى).

شەھەر ئىچىدىكى قەلئەدە پاناھلىنىۋاتقان تۆت يۈزدىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچى قەلئە ئېلىنغاندىن كېيىن بىرسى قالماي ئۆلتۈرۈلدى. پۈتكۈل شەھەر تولۇقى بىلەن تالان ـ تاراج قىلىندى. ئاھالىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى سالدۇرۇۋېلىندى، ئۇلار ھاقارەتلەندى، خورلاندى، ۋەھشىيلەرچە مۇئامىلىگە دۇچار بولدى، لېكىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر پرىنسىپ جەھەتتە بويسۇندۇرغۇچىنىڭ زوراۋانلىقىغا ۋە دىنىي جەھەتتىكى يولسىزلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان مۇسۇلمان ئىمام ـ ئۆلىمالاردىنلا ئىبارەت بولدى. بارتولد جۇۋەينىنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىنى بىر خىل رىۋايەت دەپ قارىدى، ئۇنىڭ خاتىرىلىگىنى بويىچە چىڭگىزخان بۇخارادىكى جامە مەسچىتكە كىرىپ جامائەتكە نۇتۇق سۆزلىگەن ھەمدە ئۆزىنى خۇدا تەرىپىدىن يەر ـ يۈزىگە ئەۋەتىلگەن بالايىئاپەت دەپ ئېلان قىلغانىدى. بارتولد يەنە پۈتكۈل بۇخارانى ۋەيران قىلغان ئوت تاسادىپىي يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشتا ئىدى.

چىڭگىزخان بۇخارادىكى يۈرۈشتىن كېيىن سەمەرقەنتكە باردى. ئۇ شەھەر بوسۇغىسىدا ئوترارنى ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئوغۇللىرى چاغاتاي ۋە ئوگراي بىلەن جەم بولدى. سەمەرقەنت ئاھالىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىرانلىقلار باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر بەش كۈنلۈك قورشاۋدىن كېيىن تەسلىم بولدى (1220 ـ يىلى 3 ـ ئاي). سەمەرقەنت ئاھالىسى ئالدى بىلەن شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئاندىن موڭغۇل قوشۇنى بوش قالغان شەھەرنى ئايانماي بۇلىدى. قوغلاپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. كارغا كېلىدىغان خادىملار، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر موڭغۇل دالاسىغا سۈرگۈن قىلىندى. تۈرك قوشۇنلىرىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن موڭغۇللارغا تەسلىم بولغانلاردىن بىرسىمۇ ئامان

قالمىدى. بۇخارادىكى ۋەقەلەرنىڭ ئەكسىچە، سەمەرقەنتتىكى مۇسۇلمان ئىمام ـ ئۆلىمالار قارشىلىق كۆرسەتمىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. مېھرى ـ شەپقەتكە نائىل بولغان بۇ ئادەملەرنىڭ سەمەرقەنتكە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى، لېكىن قىرغىنچىلىقتىن ئېشىپ قالغانلار شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىنىلا توشقۇزالىدى.

خارەزىم زېمىنىدىكى كونا پايتەخت ئۈرگەنج 1221 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە ئاران تەستە قولغا چۈشتى. شەھەرنى مۇداپىئە قىلىدىغانلار ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بەردى ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئوغلى جۇجى بىلەن چاغاتاينى راۋۇرۇس تەمتىرەتتى، ئاقىۋەتتە ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى تولىنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇستا قول ھۈنەرۋەنلەردىن باشقىلار موڭغۇل دالاسىنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن بولدى. شەھەردىكى بارلىق ئاھالە قىرىپ تاشلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا، موڭغۇللار ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ شەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋېتىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى تاماملىدى.

موڭغۇللار ماۋرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇۋاتقاندا، خارەزىم شاھى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىكى ۋە مەغرۇرلۇقى تۈپەيلى پەيدا قىلغان بالا ـ قازادىن قورقۇپ جان ئىمانى چىقىپ كەتتى، ھەتتا خۇدىنى بىلمىگەن دەرىجىدە ماختىنىدىغان بۇ ئادەم پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ بارلىق ئىقتىدارىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا ئۇ بەلخكە قاراپ قاچتى. ئۇ يەردىن خۇراساننىڭ غەربىگە بېرىپ، نىشاپۇردا پاناھلانماقچى بولدى، كېيىنچە ئۇ يەردىمۇ ۋەھىمىدىن خالىي بولالماي دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە ئىراق — ئەجەمنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كازۋىن قەلئەسىگە باردى. لېكىن، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىككى سەركەردىسىنى، يەنى جابا نويون بىلەن سوبۇتاي باھادىرنى ئاتلىق قوشۇن بىلەن

قوراللاندۇرۇپ، مۇھەممەدنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. بۇ بىر قېتىملىق ئەسەبىيلەرچە قوغلاش ئىدى. جابا بىلەن سوبۇتاي يېتىپ كەلگەندە، بەلخ شەھىرى پۈتكۈل شەھەرنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە بىر موڭغۇل ۋالىيىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. نىشاپۇر قەلئەسى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ئالدىغا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ماڭغۇزدى. جابا زىمىنىسىدە جىددىي ۋەزىپە بولغاچقا، ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدى. سوبۇتاي خۇددىي جابانىڭ كەم يېرىنى تولۇقلىغاندەك، تۇس، دامكەنت، سىمنەن قاتارلىق شەھەرلەرنى بۇلاپ پاك ـ پاكىز قىلىۋەتتى. ئىككى نەپەر موڭغۇل سەركەردە مۇھەممەدنى تاپ باستۇرۇپ قوغلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ تاكى ئىراق — ئەجەمگىچە بېرىپ رېيى شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردە ئىككىسى ئاھالە ئىچىدىكى ياش ئەرلەرنى قويماي قىرىپ تاشلاپ، ئاياللارنى ۋە باللارنى قۇل قىلدى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇلار ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن زەندجان بىلەن كازۋىننى كۆيدۈرۈۋەتتى. تەلەيسىز مۇھەممەد شاھقا كەلسەك، ئۇ ئابىسكوننىڭ قارشى تەرىپىدىكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ بىر يېگانە ئارىلىغا چىقتى ۋە 1220 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. بىز تۆۋەندە جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ ئەزەربەيجان، كاۋكاز ۋە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكىرىي يۈرۈشلىرىدىن خەۋەر تاپىمىز.

خارەزىم سۇلتانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان 1221 ـ يىلى ئەتىيازدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئافغان بىلەن خۇراساننى بويسۇندۇرۇپ، خارەزىم قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسمىنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇ بەلخنى ئىشغال قىلدى، شەھەرنىڭ تەسلىم بولۇشى ئۇنى تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قالالمىدى (ئاھالە قىرىپ تاشلاندى، شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىلدى). ئۇ خۇراساندا، مەرۋنىڭ تەسلىمنامىسىنى قوبۇل

قىلىش ئۈچۈن كىچىك ئوغلى تولىنى يولغا سالدى. شەھەر ئاھالىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى (1221 ـ يىلى 2 ـ ئاي). تولى تۆزلەڭدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كوللېكتىپ قىرغىنىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەرلەر، ئاياللار، كىچىك باللار تۈركۈمگە ئايرىلىپ ھەرقايسى گازارمىدىكىلەرنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. «پەقەت تۆت يۈز نەپەر ھۈنەرۋەن ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىندى.» ئۇلار سۇلتان سەنجەرنىڭ قەبرىسىنى كۆيدۈرۈپ قەبرىنىڭ ئىچىنى قۇرۇقداپ قويدى (تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەردىن قارىغاندا، دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئەسلىي مەرۋى رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئوغۇز جەمەتى كىچىك ئاسىيا تەرەپكە كۆچتى، سالجۇقىلار ئۇلارغا ئۆز زېمىنىدىن ئازراق جاي كۆرسىتىپ بەردى. بۇ كېيىنكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ باشلانغان جايى بولۇپ قالدى). تولى ئارقىدىنلا نىشاپۇرنى جازالاشقا ماڭدى. بۇ شەھەر تېخى يېقىندىلا (1220 ـ يىلى 11 ـ ئاي) چوڭ چاتاقتىن بىرنى تېرىپ قويغان، يەنى چىڭگىزخاننىڭ كۈيئوغلى، موڭغۇل سەركەردىسى توخۇچار نايۇننى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، تولى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، پاك ـ پاكىز كۆيدۈرۈۋەتتى (1221 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى). توخۇچارنىڭ تۇل قالغان ئايالى قىرغىنچىلىققا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇلار يالغان ئۆلگەنلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئەر ـ ئايال ۋە باللارنى ئايرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن پىرامىدا ياسىدى. «ئۇلار ھەتتا ئىت ـ مۈشۈكلەرنىمۇ قالدۇرماي قىرىۋەتتى.» توس شەھىرىنىڭ يېنىدا، ئۇلار خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ مەقبەرىسىنى تۈزلىۋەتتى. سۇلتان سەنجەرنىڭ قەبرىسى، ھارۇن رەشىدنىڭ قەبرىسى، ئومۇمەن شانلىق ئەرەپ ـ پارس مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بۈيۈك ئىزنالار بىر ـ بىرلەپ ۋەيران قىلىندى. تولى بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشنى تۈگىتىپ ھىراتقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردىكى خارەزىم مۇھاپىزەتچىلىرى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەرلىك ئاھالە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. موڭغۇللار مۇھاپىزەتچىلەرنى قىرىپ تاشلىدى، لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇلار شەھەر ئاھالىسىغا تەگمىدى.

تولى ھايال ئۆتمەيلا تارخان قەلئەسىنىڭ يېنىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدا چاغاتاي بىلەن ئوگدايمۇ ئۇرگەنجىنى ئىشغال قىلىپ، دادىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن تارخانغا كېلىپ تۇرغانىدى.

تارخان قەلئەسىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان باميانىنى قورشاش ئۈچۈن ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتتى. قورشاۋ جەريانىدا چاغاتاينىڭ ئوغلى، چىڭگىزخاننىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى ياش موتۇگەن قازا قىلدى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى بۇ خەۋەرنى بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۆلگۈچىنىڭ دادىسىغا ئۆز ئېغىزى بىلەن يەتكۈزدى. لېكىن، «ياساق» تىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆلگۈچىگە ھازا ئېچىش چەكلىنەتتى، پەقەت ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ھازىسىنى قانلىق باستۇرۇش يولى بىلەن تۈگەتتى. ئۇلار ھېچ نەرسىنى غەنىيمەت ئالمىدى، ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلدى، ھېچكىمنى تىرىك ئەسىر ئالمىدى. «ھاياتلىكى ئادەمنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلىدى.» باميان شەھىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا جىنايى شەھەر دېگەن نامىلا قالدى.

لېكىن، ئالىلىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن مۇھەممەد شاھنىڭ ئوغلى، خارەزىم شاھزادىسى جالالىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋ لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھر ۋە خوراساننىڭ بېشىغا چۈشكەن بالا ـ قازادىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ ئافغانىستان تاغلىق رايونىنىڭ مەركىزىدىكى كازۋىندا پاناھلىنىپ، ئۇ يەردە يېڭىۋاشتىن قوشۇن تەشكىللىدى. ئۇ ھەتتا كابۇلنىڭ شىمالىدىكى پەرۋان دېگەن جايدا شىگى قۇتۇغ يېتەكچىلىكىدىكى موڭغۇل

قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقىنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭگىزخان مەغلۇپ بولغان سانغۇنلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن جىددىي كازۋىنغا قوشۇن تارتتى. بىراق، جالالىدىن ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شەھەر ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى، چىڭگىزخانمۇ جالالىدىنگە دەرھال زەربە بېرىشنىڭ كويىدا، مەزكۇر شەھەرنى غەيرىي رەسمىي يوسۇندا ۋەيران قىلىش ۋاقتىنى خېلى ئۇزۇنغا كېچىكتۈردى. ئۇ ئاقىۋەت ھىندى دەرياسىنىڭ بويىدا جالالىدىننى قوغلاپ يەتتى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلدى (نىساۋىينىڭ خاتىرىلەنگەنلىرىگە ئاساسەن 1221 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)، تولۇق قوراللانغان ۋە ئۈچقۇر تۈركمەن ئېتىغا مىنگەن جالالىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىا پىسەنت قىلماي دەرياغا سەكرەپ قارشى قىرغاققا چىقىۋالدى. ئۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ دېھلىدىكى سۇلتانلاردىن پاناھلىق تىلىدى (1221 ـ يىلى 12 ـ ئاي). موڭغۇللارمۇ ئۇنى ھىندىستان زېمىنىدا قوغلاپ يۈرۈشتىن توختىدى (پەقەت ئىككىنچى يىلغا كەلگەندە، جالايىر قەبىلىسىدىن چىققان بالا نويىن يېتەكچىلىكىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى رازۋېدكا خاراكتېرلىك ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىپ باقتى. گەرچە مولتانغا قەدەر بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن دەرھال كەينىگە قايتتى). جالالىدىننىڭ بالا ـ چاقلىرى جالالىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن موڭغۇللارغا ئەسىرگە چۈشتى، ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسى قەتلى قىلىندى.

بىراق، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ پەرۋانىدىكى مەغلۇبىيىتى شەرقىي ئىراندىكى ھازىرغىچە ئىشغال قىلىنمىغان شەھەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى تىرىلدۈردى. چىڭگىزخان ئالدى بىلەن كازۋىندىن ئۆچ ئېلىپ، ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارنى موڭغۇل دالاسىغا ماڭدۇرغاندىن باشقا، قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. پەرۋاندىكى جەڭدىن كېيىن ھىراتتا قوزغىلاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلدى (1221 - يىلى 11 - ئاي). موڭغۇللارنىڭ سانغۇنى ئالچىداي ھىراتنى ئالتە ئاي قامالغا ئېلىپ، 1222 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشغال قىلدى، پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلدى. قىرغىن ساق بىر ھەپتە داۋام قىلدى. ئارىدا «مۇساپىر بولۇپ قايتقانلار» مەرۋى شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ ئىراق تەۋەلىكىدىكى تولى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋالىينى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا جالالىدىننى تىكلىدى. شۇڭا، شىگى قوتۇغۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەمنىمۇ قالدۇرماي قىرىۋەتتى. قىرغىن تۈگىگەندىن كېيىن موڭغۇللار يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ يولغا چىقتى ۋە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە توختاپ تۇردى. شەھەر سىرتىغا قاچقانلار ياكى گەمىلەرگە يوشۇرۇنۇپ ئۆلۈمدىن ئامان قالغانلار بىر - بىرلەپ قايتىپ كەلدى. بۇ بەختسىز ئادەملەر دۈشمەنلەر قايتىپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قايتىدىن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندە، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىدىكىلەر خۇددى ئېلىسقا ئوخشاش باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، موڭغۇل قوشۇنلىرى ماۋرائۇننەھردىكى رايونلار ۋە ئىراننىڭ شەرقىدىكى جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرغان شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ئومۇمەن جۇڭگو زېمىنىدىكىدىن ئاز بولدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە «كاپىر» سالاھىيىتى بىلەن، يەنى بىز بۈگۈنكى كۈندە دەۋاتقان ياۋايى ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىققاچقا، ئۇ يەردە پەيدا قىلغان ۋەھىمە جۇڭگو زېمىنىدا پەيدا قىلغان ۋەھىمىدىن ئېشىپ كەتتى؛ جۇڭگولۇقلار نەچچە يۈز يىلدىن بىرى ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. يەنە بىر سەۋەب، ئۇلار بۇ

يەردە يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆچىدىن جۇڭگودىكىگە قارىغاندا كۆپرەك پايدىلاندى. موڭغۇللار بىرەر شەھەرنى ئالماقچى بولغاندا قوشنا ناھىيە، يېزا - قىشلاق ۋە مۇداپىئەسىز تۇرغان شەھەر - بازارلاردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئالاتتى. يېنىغا قېلىچ ئاسقان بۇ ئادەملەرنى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ خەندەك ۋە قورغانلارنى ئېلىشقا زورلايتتى. ئۇلار بۇ ئادەملەرنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆز جەسەتلىرى بىلەن خەندەكلەرنى تىندۇرۇپ، ئۇزۇلدۇرمەي ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مۇداپىئەدە تۇرغانلارنى ھاردۇرۇپ كاردىن چىقىرىپ بەرسىلا بولاتتى. بۇ بەختسىز ئادەملەر بەزىدە موڭغۇلچە ياسىناتتى، ھەر ئون ئادەم بىردىن تۇغ كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەن قوشۇنلىرى ئاي - دالادا يېيىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنى چىڭگىزخاننىڭ سان - ساناقسىز قوشۇنىغا دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. تاكتىكىدىكى بۇ خىل ھىيلە - نەيرەڭ تۈپەيلى، ئازغىنا موڭغۇل ئەسكەرلىرى بەزىدە پۈتۈن بىر قارارگاھنى تەسلىم قىلىۋېتەتتى. ئارقىدىنلا ئۇلار بۇ ئادەملەرنى كېرەكسىز چاغلاپ، قالدۇرماي قىرىپ تاشلايتتى. بۇ خىل قەبىھ ئۇسۇل موڭغۇللاردىكى ئىنتىزامچانلىق ۋە تەشكىلچانلىقتا ئەڭ زور دائىرىدە ئومۇملاشتى ۋە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان تاكتىكىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مۇشۇ يوسۇندا، چىڭگىزخان بۇخارالىق ئەسىرلەردىن پايدىلىنىپ سەمەرقەنتنى قورشىدى، سەمەرقەنتلىك ئەسكەرلەردىن پايدىلىنىپ ئۈرگەنجىنى قورشىدى. ئوخشاشلا، تولى مەرۋىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئىشلەتكەن ئادەملەرنىڭ بىر بۆلىكى دەل خوراساندىكى يېزا ئاھالىسى ئىدى. ۋەھىمە ۋە ئۈمىدسىزلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھېچكىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. نىسانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ

ئاھالىسىنى تۈزلەڭ جايغا يىغىپ، ئۇلارغا بىر - بىرىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاشقا بۇيرۇدى. نىسالىق مۇھەممەد مۇنداق يازدى: «ئۇلار بۇيرۇققا بويسۇندى، ناۋادا ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېقىن ئەتراپتىكى تاغلارغا قېچىپ كەتكەن بولسا، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالايتتى. ئۇلار ئارغامچا بىلەن چېتىپ قويۇلغاندىن كېيىن، موڭغۇللار ئۇلارنى ئارىغا ئالدى ۋە ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي ھەممىيلەننى ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى».

لېكىن، موڭغۇللار ئارىسىدا مەمۇرىي ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتى، تەرتىپ - ئىنتىزامنىڭ ئارمىيىدىكى ئەھمىيىتى ئۆز ھوقۇقىنى ئەزەلدىن يوقىتىپ قويمىدى. موڭغۇللار بەشتىنتۆت ئاھالىنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىنمۇ، ئاندا - ساندا ھايات قالغانلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، يەنىلا ھەربىر شەھەرگە بىردىن خەلق ئىشلار ئەمەلدارى، يەنى دادۇغاچ تەيىنلەيتتى. بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بولاتتى، بەزىدە ئىراقلىقلارمۇ تەيىنلىنەتتى. ئۇلارغا ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ئىككى خىل تىل بىلەن خاتىرە قالدۇرالايدىغان بىرنەچچە كاتىپ قوشۇپ بېرىلەتتى.

ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى چىڭگىزخان موڭغۇللىرىنىڭ شىددەتلىك بوران چاپقۇنلىرىدىن كېيىن، قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. بەلكىدەك مۇشۇنداق بىر شەھەردە موڭغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئىزنالىرى بۇگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ تۇردى. 15 - ئەسىرگە كەلگەندە تېمورىلەر سۇلالىسىدىكى شاھرۇخ ئۇلۇغبەك ۋە ھۈسەيىن بايقىرانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قايتا گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بۇ زېمىننى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. بىراق، ئەگەر چىڭگىزخاننى ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى دېگەن تەقدىردە، ئەگەر مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئۇنى دوزاخقا مەھكۇم ئەشەددىي مەلئۇن دەپ

ئەيىبلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پرىنسىپ جەھەتتە ئىسلام دىنى بىلەن دۈشمەنلەشمىدى. ناۋادا ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇيۇنۇش ئادىتى ۋە قوي، كالىلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى چەكلىدى دېگەندىمۇ، ئۇ پەقەت موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ياكى ئېتىقادىغا خىلاپ دەپ قارالغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىش ئىدى. ئۇ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا فىردەۋس ۋە ئىبنىسىنانى تەۋەللۇت قىلغان شانلىق شەھەر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى. بۇنىڭدىمۇ ئۇ غەربىي جەنۇبتىكى چېگرا رايونلاردا «ئادەمسىز ماكان»، سۇنئىي يايلاقلارنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكتىكى ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن پايانسىز تۇزلەڭلىك تېپىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ «تېرىلغۇ يەرلەرنى بۇزدى». ئۇنىڭ جىسمىدا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى خىل خاراكتېر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى: بىر ياقتىن ئۇ سېپى ئۆزىدىن سىياسىيون ئىدى، دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى قوللاشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. يەنە بىر ياقتىن ئۇ كۆچمەن چارۋىچى ئىدى، ئۇ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭدا شەھەر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش، يېزا ئىگىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش (ئۇ ئىراننىڭ شەرقىدىن كېتىدىغان چاغدا ئاشلىق ئامبارلىرىنى بۇزۇۋەتكەنىدى)، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوتلاققا ئايلاندۇرۇش خاھىشى بار ئىدى، چۈنكى يايلاق ئۇنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى، باشقۇرۇشمۇ ئوڭاي ئىدى...

چىڭگىزخان ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافغان زېمىنىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. ئۇ 1222 - يىلى 5 - ئايدا، ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مەشھۇر تەرىقەتچى ئالىم چيۇچاڭچۈن بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشتى. بۇ ئادەم چىڭگىزخاننىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1220 - يىلى جۇڭگودىن يولغا چىقىپ، ئۇيغۇر ئېلى، ئالمىلىق، تالاس ۋە سەمەرقەنت ئارقىلىق چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلگەنىدى. دۇنيانى

بويسۇندۇرغۇچى تەرىقەتچىلەردىكى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش ۋە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ چاغدا موڭغۇل دالاسىغا قايتىش نىيىتىدە ئىدى. 1222 ـ يىلى كۈزدە ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن يەنە بىر مەرتىۋە ئۆتۈپ، بۇخارادا ھايال بولدى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ھەققىدە باشقىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى قىزىقىش ئىچىدە تىڭشىدى ۋە ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى، لېكىن ئۇ مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە پۈتۈن دۇنيا خۇدانىڭ (موڭغۇللاردىكى تەڭرىنىڭ) ماكانى ئىدى. ئۇ سەمەرقەنتتە مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ نامىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىشنى بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇ بۇ كەمدە مۇھەممەت شاھنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە مۇسۇلمان «ئۆلىما» ۋە ئىماملاردىن باج ـ خىراجنى كەچۈرۈم قىلدى. بۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشىيلىكىنىڭ «ئۇرۇش ئەمەلىيىتى» تۈپەيلى سادىر بولغانلىقىنى، ئۇ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ دىنىي ئۇرۇش ئەمەسلىكىنى تولۇق دەلىللەيتتى.

ئۇ سەمەرقەنتتە قىش پەسلىنى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا 1223 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىنى ئۆتكۈزدى. گۇمانلىنىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئۇ تاشكەنت ئەتراپىدا، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر كىچىك دەريا ئېقىپ ئۆتىدىغان چىرچىق جىلغىسىدا باۋايى ئادەملەر ئۇسلۇبىدىكى بىر قېتىملىق «ئوردا يىغىلىش» قىلىپ، ئۆزىنىڭ «نويۇن» ۋە «باھادىر» لىرى ئارىسىدا ئالتۇن رەڭلىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

كېيىنچە (يەنىلا 1223 ـ يىلى ئەتىيازدا) ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ماكىدۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى قۇلانباستى يايلىقىدا قورۇلتاي چاقىردى. بۇ ئارىدا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى زور كۆلەمدىكى ئوۋچىلىق بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈردى. چىڭگىزخان تالاس

دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يايلاقتا 1223 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىنى ئۆتكۈزدى، 1224 ـ يىلى يازدا ئۇنىڭ ئېرتىش دەرياسى ئەتراپىدا تۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ 1225 ـ يىلى ئەتىيازدا موڭغۇل دالاسىغا قايتتى.

## § 12 . جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ ئىرانغا ۋە رۇسىيەگە قوشۇن تارتىشى

چىڭگىزخاننىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكىتىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى سەركەردىسى جابا نويۇن بىلەن سوبۇتاي باھادىرنىڭ كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىغا قىلغان يۈرۈشىنى تىلغا ئېلىش كېرەك.

بۇ ئىككى سەركەردە، موڭغۇل قوشۇنى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيە ئالىملىرى گىردىنارىدىنىڭ مۆلچەرى بويىچە يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئىراندا قېچىپ يۈرگەن خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندى. خارەزىم شاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار داۋاملىق تۇردە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. دەسلىپىدە ئۇلار رېي شەھىرىنى بۇلاپ، قۇپقۇرۇق قىلىپ قويدى. بۇ رەڭلىك ساپال ھەيكەللەر بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر شەھەر، مۇشۇ قېتىملىق بالايىئاپەتتىن كېيىن پەقەتمۇ ئەيۋەشكە كەلمىدى. مىرخوندىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ئۇلار سۇننىي مەزھىپىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ قۇمدىكى شىئە مەزھىپىنى يوقىتىپ بېرىش تەلىپى بويىچە، بۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلىدى. ھامادان تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىش بەدىلىگە زور مىقداردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. ئارقىدىنلا زەنجاننى ۋەيران قىلىپ، كارۋىننى ئىگىلىدى

www.uyghurkitap.com

ۋە بۇ شەھەرنى ئەدەپلەش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەزەربەيجاندىكى ئەڭ ئاخىرقى تۈرك ئاتا بەگ، ياشىنىپ قالغان ئۆزبېكخان شۇ جايدىكى مەمرۇق سۇلتانلىقىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا سالجۇقى سۇلتانلىقىنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئۇ تەبرىزدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ئارقىلىق، يۇقىرىدىكى ئىككى سەركەردىنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپلەرگە بۇرىۋەتتى. جابا بىلەن سوبۇتاي شۇ يىلى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، مۇھان تۈزلەڭلىكىدىن ئاتلىنىپ گىرۇزىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. خىرىستىئان دىنىدىكى بۇ پادىشاھلىق شۇ مەزگىللەردە پادىشاھ گىئورگىي III نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىنتايىن گۈللەنگەن باسقۇچقا قەدەم قويغانىدى. لېكىن، ئىككى نەپەر موڭغۇل سەركەردە گىروزىيە ئارمىيىسىنى تېلىس ئەتراپىدا تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى (1221 ـ يىلى 2 ـ ئاي). ئۇلار بۇ يەردىن چىقىپ ئەزەربەيجانغا قايتقاندىن كېيىن، مالاگا شەھىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئۇلار بۇ نۆۋەتمۇ ئىلگىرى ئادەتلەنگەن تاكتىكىسىنى ئىشقا سالدى: قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى شەھەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغۇزۇش ئۈچۈن سەپنىڭ ئالدىغا تىزدى، كەينىگە قايتقانلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شەھەر قەلئەسى قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار يەنە ئۆينى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلەردە قايتىپ كېلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، يالغاندىن چېكىنىپ بەرگەن بولدى. بۇ بىچارە ئادەملەر موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا مۇھاپىزەتچىلىرى تەييارلاپ قويغان تۇزاققا چۈشۈپ بىرسىمۇ تىرىك قالماي جېنىدىن ئايرىلدى (1221 ـ يىلى 3 ـ ئاي). مۇشۇ ئارىدا، ئىككى سەركەردە ئاباسىيلار خەلىپىلىكىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن باغدادقا قوشۇن تارتىشقا تەييارلاندى. بۇ ئېھتىماللىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ئەرەب دۇنياسى ئۈچۈن ئالغاندا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خۇددى ئىبىن

ئاتھىرى بايان قىلىغانىدەك، ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى مىسىرغا قەدەم قويغان ھەمدە دامىت شەھىرىنى ئىشغال قىلىغانىدى. ئابباسىيلارنىڭ داكۇھاغا يىغىلغان ئازغىنا قوشۇنىغا تايىنىپ ئىران ۋە ئەرەبىستاننى قوغداپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1221 ـ يىلى بىرلا ۋاقىتتا، جابا بىلەن سوبۇتاي باغداتقا بېسىپ كىردى، پادىشاھ يوھان.D. بۇرئىن قاھىرەگە بېسىپ كىردى. لېكىن، خەلىپە تەلەيلىك بولۇپ چىقتى. جابا بىلەن سوبۇتاي ھامادانىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە بۇ يەردىن كېتىپ قالدى. بۇ مەرتىۋە ھامادان ئاھالىسى قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ئامان قالمىدى، شەھەرمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئىككى نەپەر موڭغۇل سەركەردىسى بۇ يەردىن قوزغىلىپ ئىردەبىلغا باردى ۋە بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، گرۇزىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

گرۇزىيەنىڭ ئاتلىق قوشۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر قوشۇنلىرىدىن ئىدى. لېكىن، سوبۇتاي يالغاندىن چېكىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەنلىرىنى جابا نويۇننىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئالداپ كەلدى ۋە ئۇلارنى بىر يولىدىلا بىتچىت قىلدى. گرۇزىيەلىكلەر تېلىسنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىغا شۈكرى قىلىش بىلەن قانائەتلەندى، موڭغۇللار بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇب تەرىپىنى خانىۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا موڭغۇللار شىرۋاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ساماكانى بۇلىدى، ئاندىن داربان ئارقىلىق كاۋكازنىڭ شىمالىدىكى يايلاققا كىردى. ئۇلار ئۇ يەردە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالانىيلار (قەدىمكى سارماتلارنىڭ ئەۋلادى، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گرېتسىيە ئورتودوكساللىرى)، كاۋكاز ئىرقىدىكى لىسكلار، چىركەسلەر ۋە قىپچاق تۈركلەردىن ئىبارەت ئىدى. جابا بىلەن سوبۇتاي ئۇستىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، قىپچاقلارنى ئۆزىگە يان باسىدىغان قىلدى، شۇنداقلا تۈرك - موڭغۇل قېرىنداشلىقىنى پەش كەلتۈرۈپ ئۇلارغا بىر بۆلۈك غەنىيمەتلەرنى ئىنئام قىلدى. نەتىجىدە، موڭغۇللار باشقا ئىتتىپاقداشلارنى بىر - بىرلەپ يەڭدى، هايال ئۆتمەيلا قىپچاقلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقاردى ۋە بۇرۇن ئىنئام قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى تولۇقى بىلەن قايتۇرۇپ ئالدى.

هالبۇكى، قىپچاقلار رۇسلاردىن ياردەم سورىدى. قىپچاقلارنىڭ خانى قوتانخان قىزىنى گالىچ كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى رۇس شاهزادىسى مىستىسلاۋ ئۇداتنىغا ياتلىق قىلغان بولغاچقا، ئۇ كۈيئوغلى ۋە باشقا رۇس كىنەزلىرىنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى كوللېكتىپ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. 80 مىڭ كىشىلىك رۇس ئارمىيىسى گالىچ، كىيېۋ، چىرنىگوۋ ۋە سمولېنسكى كېنەزلىكىدىكى كېنەزلەرنىڭ باشچىلىقىدا دنېپىر دەرياسىنى بويلاپ ئالېكساندىرېپنىڭ سىرتىدىكى خورتىسا ئەتراپىغا توپلاندى. موڭغۇللار چېكىنىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان رۇس ئارمىيىسىنى چارچاپ هالىدىن كېتىدىغان دەرىجىگە كەلتۈردى، هەرقايسى قوشۇنلار ئارىلىقى ئۇزىراپ، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن چاغدا موڭغۇللار جەڭگە كىردى. قەھرلىك ئۇرۇش كالكا دەرياسى ياكى كالمىئۇس ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلدى، بۇ جاي مارىئوپولنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئازوۋ دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان كىچىك بىر دەريا بويى ئىدى. گالىچ كىنەزى ۋە قىپچاقلار كىيېۋتىن كېلىدىغانلارنى ساقلاپ تۇرمايلا جەڭگە كىرىشتى، لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىندى (1222 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى). كىيېۋ كىنەزى مىستىسلاۋ ئۆزى يالغۇز ئۈچ كۈن بەرداشلىق بەردى، گەرچە يۈز - ئابرۇيلۇق هالدا تەسلىم بولۇشنىڭ شەرتلىرىگە كۆنگەن بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە قەتلى

قىلىنىشتەك يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلالمىدى.

رۇسىيەنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىرىنچى قېتىملىق بالا ـ قازا ھېچقانداق سىياسىي ئاقىۋەت پەيدا قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋلادىمىر كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى يۇرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كالكا دەرياسى بويىغا ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىك تۈپەيلى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. موڭغۇللارمۇ قىرمىيەدىكى سۇداق ياكى سولتايادىكى گۇيىيانالىقلارنىڭ ئۆتىڭىنى بۇلاش ـ تالاش بىلەن كۇپايىلەندى (گاھۇنىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، موڭغۇللار بىلەن ۋىنىتسىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم بولغان ئىمىش، لېكىن بۇ ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس). جابا بىلەن سوبۇتاي سارتىسىن ئەتراپىدا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ كاما دەريا ساھىلىدىكى ۋولگارلارغا ۋە ئورال تاغلىق رايونىدىكى قاڭقىل تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن يەنى مۇشۇ خىلدىكى سىرلىق ھەربىي سەپەردىن كېيىن، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى.

## 13 §. چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى يىللىرى

چىڭگىزخان 1225 ـ يىلى ئەتىيازدا موڭغۇل دالاسىغا قايتتى، ئۇ ئۇنان دەرياسىنىڭ تارمىقى تۇغلا دەرياسىنىڭ قىرغىقى بويىدىكى بارگاھدا 1225 ـ يىلدىن 1229 ـ يىلغىچە بولغان قىش پەسلىنى ۋە كېيىنكى يازنى ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ 70 ياشتىن ھالقىغان ئىدى. بېيجىڭدىن تارتىپ ئىدىل دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن قورقۇپ تىترىمىگەن ھېچكىم قالمىدى. قوشۇنلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ ئارال دېڭىزى بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئارىلىقىدىكى يايلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چوڭ ئوغلى جۇجى، چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پەۋقۇلئاددە بىر خىل

سىياسەتنى يولغا قويۇپ، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنى بىئارام قىلدى، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق چوڭراق جېدەل بولۇپ پارتلاشتىن ئىلگىرى، جۇجى 1227 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى.

چىڭگىزخان بىر چاغلاردا نىڭشيادىكى غەربىي شىيا تاڭغۇت پادىشاھلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغانىدى. كېيىنچە تاڭغۇت پادىشاھى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان تۇرۇقلۇق خارەزىم شاھىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىش مەجبۇرىيىتىدىن باش تارتتى. «مەخپىي تارىخ» تىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تاڭغۇتلارنىڭ ۋەزىرى ئاشا گامبۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھىغا ۋاكالىتەن ناھايىتى قوپال جاۋاب بېرىپ، يېتەرلىك قوشۇنى بولمىغان چىڭگىزخاننىڭ مۇنداق چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرۇشقا نېمە ھەددى؟ دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. مۇنداق چوڭچىلىقنى ھېچكىم ئېسىدىن چىقارمايتتى، خارەزىمنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى يۇقىرىدا سادىر بولغان ئاسىيلىق ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، خۇددى ۋلادىمىرسوف دىققەت قىلغاندەك، چىڭگىزخاننىڭ ئويلىغانلىرى بويىچە سانغۇن مۇقالى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا، شىمالىي جۇڭگودىكى جورجىت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن گەنسۇنى، ئالاشەن ۋە ئوردۇمنى ئىگىلەش لازىم ئىدى. شۇڭا، چىڭگىزخان 1226 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە قوشۇن چىقىرىپ، يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە لىڭجۇنى ئىشغال قىلدى، 1227 ـ يىلى ئەتىيازدا غەربىي شىيانىڭ پايتەختى بولغان بۇگۇنكى نىڭشيا قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالدى.① «موڭغۇل ۋەھىمىسى» خۇددى ئافغانىستاندىكىگە ئوخشاش

① بۇگۇنكى يىنچۇەن شەھىرى.

ۋەھشىيلىك بىلەن يولغا قويۇلدى. «ئاھالە موڭغۇللارنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىدىن قۇتۇلۇش كويىدا تاغلارنىڭ ئىچىگە ۋە گەمە ـ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئەسقاتمىدى. ئاي ـ دالا ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى بىلەن قاپلاندى.» نىڭشيا قەلئەسى قورشاۋغا ئېلىنغان چاغدا، يەنى 1227 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىدە، چىڭگىزخان شوغۇرقات دېگەن يەرگە بارگاھ تىكىپ، بۇگۇنكى پىڭلياڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لۇڭدې ناھىيىسى ئىچىدە تۇردى. ئۇ دەل مۇشۇ جايدا، يەنى پىڭلياڭنىڭ غەربىدىكى ناھىيە چېگرىسى دائىرىسىدە، 1227 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ چاغدا ئۇ يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قارشى تەرەپنىڭ پايتەختى نىڭشيا ئېلىندى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، مەزكۇر شەھەردىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. تاڭغۇتلارنى بىر بۆلۈك ئادىمى يەسۈي خاتۇنغا بېرىلدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ كېنىزەكلىرىدىن بولۇپ، بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى.

چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى بۇگۇنكى كېنتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇرھان خالدۇن تېغىغا قويۇلدى. بۇ يەر ئۇنان دەرياسى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىدىغان جايى بولۇپ، چىڭگىزخان ھايات چېغىدا دەل مۇشۇ يەردە تەگرى بىلەن مۇڭداشقانىدى. 1229 ـ يىلى، ئۇنىڭ ۋارىسى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە كاتتا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى. ئۇ ئادەتكە ئاساسەن: «ئۈچ كۈنگىچە دادىسىنىڭ مۇقەددەس روھىغا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىلىشىنى بۇيرۇدى. نويان ۋە قوماندانلار ئائىلىسىدىن 40 نەپەر ئەڭ چىرايلىق قىزنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ گۈزەل كىيىملەرنى كىيگۈزدى. قىممەتلىك، ئېسىل زىبۇزىننەتلەرنى تاقىدى. رەشىدىددىننىڭ سۆزى بويىچە بۇ قىزلار چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئۇ دۇنياغا يولغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىلىندى. ياۋايى تۇس ئالغان بۇ قۇربانلىققا ئەڭ ياخشى يۈگرەك ئاتلارمۇ قوشۇلدى.»

## 14§. چىڭگىزخاننىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى

چىڭگىزخان ئىنسانلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەت دەپ قارالدى. ئۇنىڭغا ئون ئىككى ئەسىر مابەينىدىكى يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقلىرى مۇجەسسەملەندى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق نام ـ ئاتاق قالدۇرمىدى. ئۇ ئۆزى پەيدا قىلغان ۋەھىمىنى ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەكلى، قىرغىنچىلىقنى بولسا ئىنتىزام ئورنىتىشقا لازىم بولىدىغان تۈزۈم دەپ بىلدى. ئۇنىڭ شەرقىي ئىراندىكى بۇزغۇنچىلىقى ياۋروپالىقلار ئاتتىلاغا يۈكلىگەن ۋە ھىندىستانلىقلار مىھراكولاغا يۈكلىگەن بارلىق ۋەھشىي قىلمىشلاردىن ئېشىپ چۈشتى. لېكىن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، ئۇنىڭدىكى ۋەھشىيلىكنى بىر خىل تەبىئىي ۋەھشىي مىجەز تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن دېگەندىن كۆرە، مۇھىتنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن يەنى ھەممىگە تونۇش بولغان تۈرك ـ موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ قوپاللىقىدىن ئاپىرىدە بولغان دېگەن تۈزۈك ئىدى (تېمۇر يەنە بىر جاللات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. چۈنكى ئۇ نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك ئىدى). موڭغۇل ئىستېلاچىسىنىڭ كوللېكتىپ قىرغىن قىلىشى ئۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى، شۇنداقلا بۇ ئۆز ۋاقتىدا تەسلىم بولمىغانلارغا ھەمدە تەسلىم بولغاندىن كېيىن لەۋزىدە تۇرماي ئىسيان كۆتۈرگەن

ئاھالىگە قوللىنىدىغان قورال ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، كۆچمەن چارۋىچى بۇ ئادەملەر يېزا ئىگىلىكىنى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلار ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەھەرلەرنى بۇزۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىش، بۇ جايلارنى قايتىدىن يايلاققا ئايلاندۇرۇشنى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال دەپ بىلگەنىدى. ئادەملەرنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيان مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا قەدىمىي تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ: ئەڭ زور خۇشاللىقىم «دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىش، ئۇلارغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىش، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ۋە قىزلىرىنى قۇچىقىمغا ئېلىش» دېگەنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۆزلەپ كەلدى. كىشىنىڭ دىلىنى غەش قىلىدىغان بۇ خىل خىياللارنىڭ ئەكسىچە، چىڭگىزخان ئۆز نەۋرىلىرىنىڭ يايلاقتىكى ياۋايى كۈنلەرنىڭ بىرى يىرگىنىدىغانلىقىنى ھەمدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ: «بىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئىرقىمىزدىكىلەر ئالتۇن يالاتقان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىدۇ، ھەم سېمىز ھەم تاتلىق گۆشلۈك غىزالار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەڭ ياخشى ئارغىماقلارنى مىنىدۇ. ئەڭ گۈزەل قىزلارنى باغرىغا باسىدۇ، بىزگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئەستىن چىقىرىدۇ. . . » دېگەنىدى.

1220 ـ يىلى بىلەن 1223 ـ يىلى ئارىلىقىدا مەشھۇر تەرىقەتچى چىيۇ چاڭچۇنگە ھەمراھ بولۇپ، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان لى جىجاڭ، 1229 ـ يىلى تىكلىگەن خاتىرە تاشقا كۆچمەن چارۋىچى خاقان چىڭگىزخاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەنزۇلار ھەققىدىكى تەسىراتىنى، ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تەرىقەتچىلەرنىڭ پەلسەپىۋى سۆز - ئىبارىلىرى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭغا: «گەرچە تەڭرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەغرۇر خەنزۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە مىجەزىدىن ئاغرىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەن (چىڭگىزخان) شىمالنىڭ ئاي دالاسىدا ياشاپ ھەم ناتونۇش ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقىغا تەلپۈندۇم، ئۆزۈمگە نەسىھەت قىلدىم، بۇزۇپ - چېچىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، ئاددىي - ساددا ياشىدىم. يېگەن ئىچكىنىم ۋە كەيگەنلىرىم كالا ئېغىلىدا، ئاتنىڭ قوتىنىدا ئۇلار بىلەن بىللە بولدى. پۇقرالارنى پەرزەنتلىرىمدەك كۆردۈم، لەشكەرلەرنى قېرىندىشىمدەك بىلدىم. ئىناقلىقتا ئىنتىلدىم، ئادەتتىكىدەك ياشاشنى ئويلىدىم. تۈمەن مىڭ ئادەمنى تەربىيىلەشتە ئۆزۈمنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويدۇم، سان - ساناقسىز جەڭلەردە ئۆزۈمنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىمنى ئويلىمىدىم، يەتتە يىل ئىچىدە ئىمپېرىيە قۇرۇشنى، ئالتە ئىقلىمنىڭ ھەممىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم» دەپ يېزىلدى.

ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلى، ئۆزى تۇرغان مۇھىت ۋە ئۆزىنىڭ ئىرقىي كاتېگورىيىسىدە، چىڭگىزخان بىزگە ئۆزىدىكى سالماق روھنى، ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان تەمكىنلىكنى ۋە ئۆزىدىكى مۇستەھكەم ئىرادىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ گېپىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سالىدىغان، دوستلۇقتا خىيانەت قىلمايدىغان خىسلەت بار ئىدى. گەرچە ئۇ ئىنتايىن قاتتىق قول ئادەم بولسىمۇ، لېكىن مېھرىبان، كۆكسى - قارنى كەڭ، ھېسسىياتقا باي ئىدى. ئۇ ئۆزىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك دۇرۇس پەزىلەتنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقانلىرى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەردىكى مەمۇرىيەت ئەمەس، بەلكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

خەلقلەردىكى مەمۇرىيەتنى كۆزدە تۇتاتتى. چۈنكى ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئىقتىسادىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ مۇشۇ دائىرە ئىچىدە تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن ياخشى بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىغا بىر خىل تۇغما قىزىقىش ئىپادىلىدى. بىز ياۋايىلىق ۋە ۋەھشىلىك كەيپىياتىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭدىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئالىيجانابلىقنى ۋە يۈكسەكلىكنى كۆرەلەيمىز. گەرچە مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئۇنى «تۇمەن مىڭ جىنايەتنىڭ باشلامچىسى» دەپ تەرىپلىگەن بولسىمۇ، ئۇ دەل مۇشۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئورنىنى تاپتى. ئۇنىڭدىكى خائىنلارغا بولغان تەبىئىي يىرگىنىش، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى. ئەگەشكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بىچارە خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇق شىپاڭشىتقان چاغدا، ئۇ ئۇلارنى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەكسىچە، ھەر قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىگە باشتىن - ئاياغ سادىق بولغانلارنى، يەنى ئۆزىنىڭ بۈرۈنقى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا ئىشلىگەنلەرنى دائىم دېگۈدەك تارتۇقلىدى ياكى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. رەشىدىددىن بىلەن «مەخپىي تارىخ» بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ مىساللارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بەختسىزلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىكى مەنىۋى روھىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاجىزلار ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا پەقەت بىر قېتىملا نائىل بولغان بولسا، ئۇ ئۇلارنى باشتىن - ئاخىرىغىچە ھىمايىسىگە ئالاتتى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا قىلچە تەۋرەنمەيدىغان ۋاپادارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئونگۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئالغۇس تىكىن چىڭگىزخاننى ھىمايە قىلىمەن دەپ نايمانلاردىن ۋاز كەچتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. چىڭگىزخان ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بالىلىرىنى پاناھلىققا

ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىپ مەزكۇر ئائىلىنىڭ مال ـ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلدى. بولۇنغان جەڭلەرنىڭ مەغلۇپلىرى ئۇيغۇرلار، قىتانلار ئۇنىڭ جىسمىدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ زور ھىمايىچىسىنى كۆردى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، سۈرىيەدىكى خىرىستىئانلار ۋە ئەرمىنىيەلىكلەرمۇ ئۆزىگە ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدەك ئىشەنچلىك ھىمايىچى تاپالمىدى. ئۇنىڭ لياۋدۇڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئەگەشكۈچىسى، قىتان شاھزادىسى ياللۇغ ليۇگې خارەزىمدىكى جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنى گەنسۇدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇچرىتىپ قالدى. چىڭگىزخان بۇ مەلىكىگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ياللۇغ ليۇگېدىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئالدى. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇشۇنداق ئەھۋال ئارقىلىق ھايۋاننىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ يۇرىدىغان بۇ كۆچمەن چارۋىچى ۋە خەلق ئاممىسىدا بىر خىل تەبىئىي كۈچ ـ قۇدرەت، بىر خىل ئالىيجاناب قائىدە ـ يوسۇن، بىر خىل قىممەتلىك ئىنسانى سۇبات بارلىقىنى بايقىدى. ئۇ راستىنلا ياخشى بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئاقسۆڭەك، مەنىۋى جەھەتتىكى خاقان، ئۆزىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويمايدىغان ئادەم ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس سىياسىي ئىستراتېگىيەسى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ھەرگىز چەتكە قاقمىدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدە ئۆز يېنىغا تارتقانلاردىن ئۇيغۇر مەسلىھەتچى تاتاتوڭا، مۇسۇلمانلاردىن مەھمۇد يالۋاچ، قىتانلاردىن ياللۇغ چۇسەيلەر بار ئىدى. تاتاتوڭا نايمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ قولىدا ئوخشاش ۋەزىپىدە بولغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا، قوشۇمچە ئۇنىڭ

ئوغۇللىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. مەھمۇد يالۋاچ ماۋرائۇننەھردىكى ئاھالىگە ئىش بېجىرگۈچى قىلىپ تەيىنلەندى، شۇنداقلا تۇنجى «موڭغۇل ۋالىيسى» بولۇپ ئىشلىدى. خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان قىتان يىگىتى ياللۇغ چۇسەيگە كەلسەك، ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ پادىشاھىغا جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت يۇزەكى بىلىملەرنى ئۆگەتتى، بەزى ھاللاردا ئۇنى پۇقرالارنى قىرغىن قىلىشتىن توستى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن ئىشلارنىڭ بىرى موڭغۇللار تالان ـ تاراج قىلغاندىن كېيىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان شەھەر ـ قەلئەلەردىكى قىممەتلىك كىتابلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىدى. ئۇ يەنە بىر ئىشقىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى، يەنى دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتلەردىن تارقىلىۋاتقان خىلمۇخىل ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورا ـ دەرمەك ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولدى. گەرچە ئۇ موڭغۇللارنىڭ دۆلىتىگە ۋە چىڭگىزخان جەمەتىگە سادىق بولسىمۇ، لېكىن بىرەر شەھەر ياكى بىرەر ئۆلكىنى ۋەيران بولۇش گىردابىدىن ساقلاپ قېلىشقا توغرا كەلگەندە، قەلبىدىكى ۋەسۋەسىنى قىلچىمۇ يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. شۇڭا، ئوگداي ئۇنىڭدىن: «خەلق ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ياش تۆككىڭىز كېلىۋاتامدۇ ـ ھە!» دەپ سورىغانىدى. ئۇنىڭ ئېھتىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئارىلىشىشى تۈپەيلى، چىڭگىزخاننىڭ ئارا تۇرغىلى بولمايدىغان بەزى تەدبىرلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ ھەقتە ئابىل رىمىسات: «كېلىپ چىقىشى تاتار، مەنىۋى مەدەنىيەتتە خەنزۇلاشقان بۇ ئادەم، ئېزىلىۋاتقان ئىرق بىلەن ئەزگۈچىلەر ئارىسىدىكى تەبىئىي كېلىشتۈرگۈچى ئىدى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ موڭغۇللارغا ئىنسانلار ئىچىدىكى ھەققانىيلىق توغرىسىدا بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار مۇنداق سۆزلەرنى تىڭشىمايتتى. ئۇ پەقەت ئەپۇچانلىقنىڭ ئەڭ

ياخشى سىياسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيتتى. مۇشۇ مەسىلىدە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. چۈنكى موڭغۇللارنىڭ بىلىمسىزلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

چىڭگىزخان گەنسۇدا ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭدە، ئۇنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرى يېڭىدىن تەسلىم بولغان خەنزۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلچە پايدىسى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ جەڭگە لايىق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، تەخمىنەن ئون مىليونغا يېقىن ئادەمنى قىرىپ تاشلىغاندا، ئۇلاردىن قالغان يەرنىڭ ئاز بولسىمۇ پايدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەرلەرنى ئاتلىق قوشۇنغا ئوتلاق قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ دېدى. چىڭگىزخان بۇ تەكلىپنى ماقۇللىدى، لېكىن ياللۇغ چۇسەي: «موڭغۇللار مۇنبەت يەر ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ پايدىلىق تەرىپىدىن گۇمانلانماسلىق لازىم. تېرىلغۇ يەرلەرگە سالىدىغان سېلىق ۋە سودىدىن ئالىدىغان باج ئارقىلىق ھەر يىلى 500 مىڭ سەر كۈمۈش، 80 مىڭ تاي يىپەك، 400 مىڭ تاغار ئاشلىق يىغىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ پىكرىنى چىڭگىزخان قوبۇل قىلدى ۋە ياللۇغ چۇسەيگە مۇشۇ ئاساستا باج نىزامى تۈزۈشنى بۇيرۇدى.

ياللۇغ چۇسەي ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئۇيغۇر مەسلىھەتچىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، موڭغۇللاردىكى مەمۇرىي تۈزۈمنىڭ دەسلەپكى شەكلى قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان جەرياندا بارلىققا كەلدى. شەك ـ شۈبھىسىز، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغانلىرى يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا كېلىۋاتقان خەير ـ سەدىقە ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتكە بولغان بىر خىل ئومۇمىي ئىنتىلىش ئىدى. چىڭگىزخان قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا، يەنى تۈرك ـ موڭغۇل دۇنياسىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك بۇ ئىككى مىللەتكە پەۋقۇلئاددە كۆيۈنۈش ۋە قىزىقىشنى

ئىپادىلىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى، چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمايدىغان شەرت ئاستىدا، ئۇلارنى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە يېقىنلاشتۇردى؛ كېيىنكىسى بولسا بۇ ئىمپېرىيىنى ئورخۇن ۋادىسى ۋە تىبەتلەردە زاھىر بولۇۋاتقان قەدىمىي تۈرك مەدەنىيىتىگە قاتناشتۇردى، ئۇنى سۈرىيەدىكى مانىزىم - نىستۇرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى مىراسلىرىغا ئىشتىراك قىلدى. مۇشۇ تەرىقە، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ باشتىكى ۋارىسلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي مەمۇرىي خادىملىرىغا ئىگە بولدى. ئۆز مەھكىمىلىرىدە بىر تۇتاش قوللىنىدىغان تىل ۋە يېزىققا ئېرىشتى. ھالبۇكى، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى كېيىنچە موڭغۇللارنىڭ مىللىي يېزىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ ئىككى خىل يېزىق ئارىسىدىكى پەرق ئۇنچە چوڭ ئەمەس ئىدى.

قىرغىنچىلىق ئەستىن كۆتۈرۈلدى. چىڭگىزخان موڭغۇللىرىنىڭ ئىنتىزامى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت تۈزۈمى ئۆز ئارا بىرىكىش يولى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەمۇرىي قائىدىلەر ساقلىنىپ قالدى. بۇ ئىشلار كۆپ قېتىملىق ئالمىشىش تۈپەيلى بۇزۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىردا يەنىلا مەدەنىيەتكە پايدىلىق نەرسىگە ئايلاندى. دەل مۇشۇ نوقتىئىنەزەرلەرگە ئاساسەن، شۇ چاغدىكى ئادەملەر چىڭگىزخانغا ئىنچىكىلەپ باھا بېرىشنى ئۆگەندى. ماكوپولو: «ئۇنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى زور يوقىتىش بولدى، چۈنكى ئۇ ئاقىل ۋە دانىشمەن ئىدى» دېدى. بىزنىڭ يازغۇچىمىز جوئىن ۋىللى: «ئۇ كىشىلەرگە تىنچلىق ئېلىپ كەلگەنىدى» دېدى. ناۋادا يۇقىرىدا بېرىلگەن بۇ باھالارغا يۈزەكى قارايدىغان بولساق، راستتىنلا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، چىڭگىزخان بارلىق تۈرك - موڭغۇل مىللەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇنى ئىمپېرىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، بېيجىڭدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا پولاتتەك

مۇستەھكەم ئىنتىزامنى يولغا قويدى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان جەڭگە ـ جېدەللەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى، كارۋانلارغا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلدى. بۇ ھەقتە ئابۇلقازى باھادۇرخان: «چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئىران بىلەن تۇران (تۈركىستان) ئارىسىدىكى رايونلار شۇنداق تىنچلىق كۈنلەرگە يەتتىكى، بېشىغا بىر تەۋەك ئالتۇن ئېلىپ يەر شارىنىڭ شەرقىدىن غەربكە قاراپ ماڭغان ھەرقانداق ئادەم بەھۇزۇر كېتىۋېرەتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمايتتى» دەپ يازدى. شۇڭا، چىڭگىزخان بېكىتكەن «ياساق» نى ھەقىقەتەنمۇ موڭغۇل دالاسى بىلەن تۈركىستاندا «چىڭگىزخانچە تىنچلىق» ئورناتتى دېيىشكە بولاتتى. گۇمانلىنىشقا بولمايدىغىنى، بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، يۇقىرىدىكى قانۇن ـ پەرمانلار ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بولدى. شۇڭا، 14 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ سايياھلا ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى تولۇق ئورۇنلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، چىڭگىزخان ياۋايىلار ئىچىدىكى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئۇچۇن يېڭى يول ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. ①

① چىڭگىزخان خارەزىم بىلەن جەڭ قىلىشتىن ئىلگىرى، خارەزىمگە بىرىپ سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش خىيالىدا بولغانىدى. موڭغۇل كارۋانلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭغا دۇچار بولغان سەۋەبلىك، سۇلتان مۇھەممەد بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە توغرا كەلدى.

# ئىككىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ باشتىكى ئۈچ نەپەر ۋارىسى

## § 1 . چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشى

چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى ئۇ ھايات چېغىدىلا بىردىن «ئۇلۇس» قا، يەنى مەلۇم ساندىكى قەبىلىلەرگە، بىردىن «يۇرت» قا، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر پارچە زېمىنغا، قەبىلىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يايلاقلارغا، ئولپان ئېلىش ھوقۇقىغا، يەنى بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگونىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىن، تۈركىستان ۋە ئىراندىكى خەلقتىن يىغىۋالىدىغان باج - خىراجغا ئىگە بولدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇلارنىڭ بۆلۈشۈۋالغانلىرى ناھايىتى كەلسە ئارانلا تۈرك - موڭغۇل يايلاقلىرى بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بويسۇندۇرۇلغان دېھقانچىلىق رايونلىرى، بېيجىڭ ياكى سەمەرقەندنىڭ ئەتراپى ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزىگە قالدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ يېرىنى بۆلۈۋېلىش، جۇڭگوغا پادىشاھ بولۇش، تۈركىستانغا خان بولۇش، ئىرانغا بېرىپ ئۈچىنچى سۇلتان بولۇش دەيدىغان خىياللار يوق ئىدى. ئىلگىرى ئۇلار مۇنداق ئىدىيىنىڭ 1260 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزىگە تەئەللۇق ئارزۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارىشىچە، يايلاقلارنى بۆلۈشۈۋېلىش چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايتتى. ئاكا ــ ئۇكىلار ئىچىل ــ ئىناق ئەھۋال ئاستىدا، ئىمپېرىيە يەنىلا كوللېكتىپنىڭ ئىدى، شۇنداقلا بارتولدنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ قانۇنىدا خاقاننىڭ مۇتلەق نوپۇزلۇق بولغىنىغا قارىماي، دۆلەت يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل خانلىق جەمەتتىكىلەرنىڭ ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى 1227 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چىڭگىزخان ئۆلۈپ كېتىشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن، ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ئالەمدىن ئۆتتى. گەرچە چىڭگىزخان ئەزەلدىن تارتىپ ئۇنىڭ زادى كىمدىن بولغان پەرزەنت ئىكەنلىكى توغرىسىدا رەسمىي ۋە ئەستايىدىل گۇمانلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك ئاخىرقى مەزگىللەردە تېخىمۇ چىڭقىغا چىقتى. 1227 ـ يىل ئارىلىقىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا 1221 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرگەنجىنى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ، جوجى تولغاي ۋە ئورالىسكى ئەتراپىدا تۇرۇۋېلىپ، دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى باشقا يۈرۈشلەرگە قاتناشمىدى. مۇنداق پاجىئەلىك ئايرىلىش بويسۇندۇرغۇچىنىڭ كەيپىنى بۇزدى ھەمدە كەلگۈسىدە چوڭ ئوغۇلدىن ماڭا نەپ تەگمەيدىكەن دېگەن خىيالغا كەلدى. جوجىنىڭ ئۆلۈمى ھەممەيلەننى بىر قېتىملىق ئازابلىق توقۇنۇشتىن خالاس قىلدى.

جوجىنىڭ ئوغلى باتۇخان دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى باشقۇردى. موڭغۇل رىۋايەتلىرىدە ئۇ مۇلايىم، ئەقىللىق شاھزادە ئىدى (سەيىنخان «ئاقكۆڭۈل خان») دەپ ئاتىلاتتى. رۇسلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ ۋەھشىي ئىستېلاچى ئىدى. لېكىن، ئۇ چىڭگىزخان جەمەتىدە ئاقساقاللارنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى سايلاش جەريانىدا، «خاننى بېكىتكۈچى» سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا

چىقتى. ئۇنىڭ ياش بولغانلىقى ھەمدە دادىسىنىڭ ئەمدىلەتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، كىشىلەر بۇ جەمەت قانۇنلۇقمۇ ئەمەس دېگەن مەسىلىدە ھەر خىل يوشۇرۇن گۇمانلاردا بولدى. نەتىجىدە «جۇجى جەمەتى» نىڭ ئىمپېرىيە ئىشلىرىدىكى رولى تازا روشەنلەشمىدى. بىراق، موڭغۇللارنىڭ ئادەتكە ئايلانغان قانۇنىدا، چوڭ ئوغۇل جەمەتىدىكىلەر دادىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىدىن يىراق جايلارغا ئىگىدارلىق قىلسا بولىدۇ. مۇشۇلار تۈپەيلى، جۇجى جەمەتى ياۋروپانىڭ قارشى تەرىپىدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن بۆلىكىنى تەشكىل قىلدى ھەمدە ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يايلاقلارنى، «موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى چەيلەپ ئۆتكەن ئەڭ نېرىدىكى يەرلەرنى»، يەنى سىمپالاتىنسكىي، ئاقموللىنسكى، تولغاي ياكى ئاقچۇنبىسكى، ئورالىسكى، ئاداج ۋە خارەزىم (خىۋا)، ئىدىل دەرياسىنىڭ غەربى ۋە جابانويۇن بىلەن سوبۇتاي باھادىر بويسۇندۇرماقچى بولغان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1242 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى) ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخاننىڭ ئەمرى بويىچە «ياساق» نى، يەنى موڭغۇللارنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىشنى زىممىسىگە ئالغانىدى. ئۇ راستتىنلا قاتتىق قول ۋە قورقۇنچلۇق قانۇن ئەمەلدارى بولۇپ چىقتى. چىڭگىزخاننىڭ قانۇن دەستۇرىنى ئىنچىكە ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. ئۇ ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان ئەسكەر ئىدى. ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىغەم ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئوگدايغا بېرىشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز كۆڭلىگە ئالمىدى. چاغاتاينىڭ ئېرىشكەن يېرى ئۆتمۈشتىكى قاراقىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ يايلاقلىرى، شەرقتىكى ئۇيغۇرلار ئېلىدىن تارتىپ غەربتىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكىچە بولغان جايلار، يەنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋادىسى، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تالاس دەرياسى ئەتراپى، ئۇنىڭدىن باشقا (مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرگە تەئەللۇق بولغان) قەشقەر ۋە ماۋرا ئۇننەھردىن ئىبارەت بولدى. كېيىنكى جايلارنىڭ ئىچىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى خاقان بىۋاسىتە تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار باشقۇردى. چىۋ چاغچۇننىڭ خاتىرىسى بويىچە ئالغاندا، چاغاتاينىڭ بارگاھى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداي (ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە كېيىن يەنە توختىلىمىز) بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمى، يەنى ئىمىل دەرياسى، تارباغاتاي، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇنگۇ دەرياسى قاتارلىق رايونلارغا ئىگە بولدى. كېيىنكى رايوننىڭ ئورنى ئىلگىرىكى نايمان دۆلىتى ئىدى. ئوگداي جەمەتىنىڭ بارگاھى ئادەتتە ئىمىل دەرياسىنىڭ يېنىدا بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولى چىڭگىزخانغا ئوخشاش قانۇنىي جەھەتتە «ئوتچىگىن» ئائىلىسىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىدىغان قوغدىغۇچى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ھېسابلىناتتى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئورنى تۇغلا دەرياسى، ئونان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. تولى بىزگە ئۆزىنىڭ جۇرئەتلىك ھەربىي، بويسۇندۇرۇشنى ئويلايدىغان مۇنەۋۋەر سەركەردە ئىكەنلىكىنى ئىسپات ئەتتى (ئۇ بولۇپمۇ، 1232 ـ يىلىدىكى خېنەندە بولغان جەڭدە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى). لېكىن، ئۇ ھاراق ـ شاراب، ئەيش ـ ئىشرەتكە ئامراق (1232 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەنىدى)، ئەقىل ـ پاراسەتتە تازا ۋايىغا يەتمىگەنلەردىن ئىدى. ئۇ كىرايىت قەبىلىسىدىكى خان جەمەت مەلىكە (ۋاڭ

خاننىڭ جىيەن قىزى سولۇ خاتۇنغا توي قىلدى. بۇ ئايال كىرايىت قەبىلىسىدىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇچۇن ئىمپېرىيىنىڭ كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان روللارنى ئوينىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئىنىسى قاسار بىلەن تېمۇگە ئوتچىگىننىڭ جەمەتىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك يەرلەرنى ئالدى: قاسارنىڭ ئالغانلىرى ئىرگىنە دەرياسى بىلەن خەيلار دەرياسى تەرەپتە بولدى. تېمۇگەنىڭ جەمەتى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئەڭ شەرقىگە، يەنى ئۆز زامانىسىدىكى جورجىت دۆلىتىنىڭ ئەتراپىغا، بۈگۈنكى جىلىن ئۆلكىسىگە ئىگە بولدى.

موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنىغا ئاساسەن، تولى ئۆز جەمەتىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق نامى ئاستىدا، چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا تەيىنلەندى (1227 — 1229 ـ يىللار). بۇ ئورۇندا تاكى يېڭى خاقان سايلاپ چىقىلغۇچە ئىشلىدى. مۇشۇنامغائاساسەن، ئۇ ئوردۇس زېمىنى، دادىسى ئۇيانىدىن ـ بۇيانغا ئۆتكەندە چۇشىدىغان ھەمدە ئوردا مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان جايلارنى ئالدى، ئۇنىڭغا يەنە 101 مىڭ ئەسكەر بۆلۈپ بېرىلدى. شۇ چاغدا، يەنى 1227 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 129 مىڭ ئىدى (بۇلاردىن قالغان 28 مىڭ ئادەم مۇنداق تەقسىم قىلىندى: چىڭگىزخاننىڭ قالغان ئوغۇللىرىنىڭ ھەربىرىگە تۆت مىڭدىن ئەسكەر، چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئىنىسى تىمۇگەگە بەش مىڭ ئەسكەر، چىڭگىزخاننىڭ يەنە بىر ئىنىسى قاچىغۇننىڭ ئوغلىغا ئۈچ مىڭ ئەسكەر، ئۇچىنچى ئىنىسى قاسارنىڭ ئوغۇللىرىغا مىڭ ئەسكەر، ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئۆلۈن ئۇچىنىنىڭ جەمەتىگە ئۈچ مىڭ ئەسكەر بېرىلدى).

1229 ـ يىلى ئەتىيازدا قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا موڭغۇل خان جەمەتىنىڭ يىغىنى ياكى قۇرۇلتاي چاقىرىلدى ۋە يېڭى خان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سايلاندى. قۇرۇلتايدا چىڭگىزخاننىڭ ئىرادىسى ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. ئۇنىڭ بېكىتكىنى بويىچە ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداي (يۈەن تەيزۇڭ) خان بولۇپ تەختتە ئولتۇردى.[1]

## §2 . ئوگداينىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1241 — 1229)

چىڭگىزخان ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ بېكىتكەن ئوگداي ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭدا چىڭگىزخاندەك تالانت، ھوقۇق ئىگىلەش ئارزۇسى، ھەرىكەتچانلىق يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ ۋىجدانىغا ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىدىكى قەتئىيلىككە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ بىغەم، ياۋاش لېكىن ھاراق ـ شاراپقا ئامراق، ئۇمىدۋار، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئىنتايىن رەھىمدىل ئادەم بولدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپا ئىچىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ئىشلىرى «ياساق» تىكى نىزاملارغا ئاساسەن ئوڭۇشلۇق كېتىۋېرەتتى.

ئوگدايخان ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى قاراقۇرۇمغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جاينى تاللاشتا ئۇنىڭ تارىختىكى مۇھىملىقى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. بۇ جاي ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا بولۇپ، قەدىمكى تۈرك ـ موڭغۇللارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىمپېرىيىلىرى، ھونلاردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى شەرقىي تۈركلەر ئۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ «پايتەخت»

---

① بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوگداي 1229 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رەسمىي يوسۇندا تەختكە چىققان. تولۇيغا كەلسەك ئۇ ئوگداي خانلىققا سايلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1232 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئاران قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئوگداي ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىجرا قىلغانىدى.

نى قۇرغانىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى قارابالغاسون سەككىزىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىققان «ئوردۇبالىق» ئىدى. ھالبۇكى، بۇ «ئوردۇبالىق (ئوردا شەھىرى) چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئەڭ باشتىكى پايتەختىنىڭ نامى ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندە، قاراقۇرۇم ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار شەك - شۈبھىسىزكى 1220 - يىلىدىن ئېتىبارەن نەزەرىيە جەھەتتە بولسىمۇ پايتەخت ھېسابلاندى، لېكىن پەقەت ئوگدايلا ئۇنى رەسمىي يوسۇندا يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ ھەقىقىي مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. 1235 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلدى.

ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئوگداي خەنزۇلاشقان ياللۇغ چۇسەيگە تولۇق ئىشەندى. ياللۇغ چۇسەيمۇ موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي خاراكتېر ئالغان ئىمپېرىيىسىنى جۇڭگوچە مەمۇرىي خاراكتېردىكى ئىمپېرىيىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ ئۇيغۇر مۇلكى ئەمەلدارلار بىلەن بىللە موڭغۇل مەھكىمىلىرىنى خەنزۇ، تاڭغۇت، ئۇيغۇر ۋە ئىرانلىقلاردىكى ھۆكۈمەت سىستېمىسى بويىچە تەشكىللەشكە قوشۇلدى (ئۇيغۇر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى). موڭغۇللارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، موڭغۇللارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئىمپېرىيىنىڭ پوچتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغانىدى. شۇڭا، ياللۇغ چۇسەي ۋە ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى چوڭ يوللارغا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان رەسمىي جام - ئۆتەڭلەرنى قۇرۇپ چىقتى. ياللۇغ چۇسەي يەنە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن مۇقىم ھالەتتىكى مالىيە خام چوت تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، خەنزۇلاردىن ھەربىر ئائىلە باج - خىراج ئورنىدا مەلۇم ساندا نەق پۇل، يىپەك بۇيۇم ۋە ئاشلىق تاپشۇرىدىغان، موڭغۇللار يۈزدە ئون پىرسەنت ئات، كالا ۋە قوي تاپشۇرىدىغان بولدى، شۇنداقلا ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خالىغانچە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان يەرلەرنى ۋە بېسىۋېلىنغان بىر قىسىم جۇڭگو زېمىنىنى 1230 ـ يىلىدىن باشلاپ ئون يولغا بۆلدى ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل خادىملار بىلەن خەنزۇ مۇلكى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. ياللۇغ چۇسەي يەنە بېيجىڭ بىلەن پىڭياڭدا ياش موڭغۇل خوجايىنلارغا «كۇڭزى تەلىمىدىن دەرس» بېرىدىغان مەكتەپلەرنى تەسىس قىلدى. ئەكسىچە، موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي خىزمىتى ئۈچۈن تەسلىم بولغان بىر بۆلۈك خەنزۇلارنى ئىشقا قويدى. ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئوگدايغا: «دۇنيانى ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئالغان بىلەن، ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سورىغىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

ئوگداي ياللۇغ چۇسەينىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى، نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كېرەيلىك چىنغاينى ئورۇنلاشتۇردى. چىڭگىزخان ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئادەمنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنىدى. پلانكارپىنىنىڭ سۆزىچە، ئۇ «ئوردا يىغىنلىرىنىڭ باش كاتىپى»، يەنى ئىمپېرىيىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. پىللىئوت ئەپەندىمۇ: «ئەگەر ئەمر ـ پەرمانلار ئۈستىگە چىنغاينىڭ ئۇيغۇرچە يازغان بىر قۇر خېتى بولمىسا، ئۇلار شىمالىي جۇڭگو تەرەپتە ئېلان قىلىنمايتتى» دەپ يازغانىدى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، موڭغۇللار ئوگداي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئىچىدە، شىمالىي جۇڭگونى، ئىراننى ۋە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

## § 3. موڭغۇللارنىڭ جورجىت خانلىقىنى يوقىتىشى

جۇڭگودا يېڭى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىۋاتاتتى. چىڭگىزخان غەربنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، مۇقالى

ئۆلۈپ كېتىپ، جورجىتلار قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ قەدىمىي جورجىت مىللىتى ئۆزىدىكى توڭغۇس قېنىنىڭ تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇلار خېنەندىكى يېڭى پايتەخت كەيفېڭنىڭ ئەتراپىدىلا ئۆزىنى ئوڭشاپ قالماي، بەلكى موڭغۇللارنىڭ قولىدىن شەنشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋېيشۈي ئويمانلىقىنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن خېنەننىڭ دەرۋازىسى، مۇھىم ھەربىي ئۆتكەل ھېسابلىنىدىغان تۇڭگۇەن ئېغىزىنى، شەنشىنىڭ جەنۇبى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى خېجۇڭ (بۇگۇنكى پۇجۇ) قاتارلىق جايلارنى ئۆز قولىغا ئالدى. جورجىت خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ جياسۇ (1224 ـ يىلىدىن 1234 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان جىن تەيزۇڭ) نىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

موڭغۇللار جىم ئولتۇرماي، 1231 ـ يىلى ۋېيشۈي ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەردىن پېڭلياڭ، فېڭشياڭلارنى ئىشغال قىلدى. 1232 ـ يىلىدىكى جەڭدە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇڭگۇەننى ئالالماي، ئۇنى شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئوگداي يېتەكچىلىكىدىكى ئاساسىي قوشۇن بىلەن زاپاس قوشۇن خېجۇڭنى بېسىۋالدى. ئوگداينىڭ ئىنىسى تولى 30 مىڭ ئاتلىقنى باشلاپ، غەربىي جەنۇبتىن ئايلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. تولى سۇڭ خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىدىن زورمۇزور ئۆتۈپ، ۋېيشۈي جىلغىسىدىن خەنشۇينىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا كىردى ۋە خەنجۇڭنى ئىگىلىدى (سۇڭ خاندانلىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە)، ئارقىدىنلا سچۇەننىڭ جالىڭجياڭ جىلغىسىغا يېقىنلاپ، باۋنىڭ ناھىيىسىنى خاراب قىلغاندىن كېيىن شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، خەنشۇينىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئويمانلىق ئارقىلىق (1232 ـ يىلى 1 ـ

ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەنشۈيدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ)، خېنەننىڭ جەنۇبىدىكى نەنياڭ تەرەپتە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئوگداي ئۆزى يېتەكلىگەن چوڭ قوشۇن بىلەن خېجۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېنەنگە شىمال تەرەپتىن باستۇرۇپ كىردى (1232 ـ يىلى 2 ـ ئاي). موڭغۇللارنىڭ ئىككى قوشۇنى خېنەننىڭ مەركىزىدىكى جۈنجۇدا ئۇچراشتى. تولى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، دەل مۇشۇ شەھەرنىڭ يېنىدا جورجىت خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

قوچاقلاشما جەڭدە جورجىتلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئاخىرىغىچە نامايان قىلىپ، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى، ھەر ـ ھەر سەركەردىلەرنى ئەيىۋەتناس! دېگۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ سانغۇنلىرى ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولدىكى، بويسۇندۇرغۇچىلارغا تىز پۈكۈشنى خالىمىدى. لېكىن، ۋەزىيەتتە ئۆمىد قالمىغانىدى. غەربىي شىمال تەرەپتە موڭغۇللار ئاقىۋەت تۇڭگۇەننى ئالدى (1232 ـ يىلى 2 ـ ئاي). تولى ئەڭ ياخشى موڭغۇل سەركەردە، ئىران بىلەن رۇسىيەنى بويسۇندۇرغان سوبۇتاي باھادىرنى جورجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. مەزكۇر شەھەر ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرىپ، 1233 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىشغال قىلىندى. ياللۇغ چۇسەي بۇ شەھەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللارغا تەئەللۇق، ۋەيران قىلىش ھاجەتسىز دەپ قاراپ، ئوگداينىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈردى. جورجىت پادىشاھى نىڭ جياسۇ كەيفېڭدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچلەرنى تەشكىللەشكە ئۇرۇندى. ئۇ دەسلەپتە گۇيدې (بۇگۇنكى شياڭچيۇ) غا قېچىپ باردى. ئاندىن سەيجۇ (بۇگۇنكى رونەن) دېگەن كىچىك قەلئەگە مۆكۈندى. موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇ قەلئەگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى (1234 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئاي). سۇڭ

خاندانلىقىدىكىلەر جورجىتلاردىن ئۈچ ئىلىش ئۈچۈن، پىيادە قوشۇن ئەۋەتتى ۋە موڭغۇللار بىلەن بىرلىكتە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى.

سەيجۇنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن جورجىت خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار سۇڭ خاندانلىقى بىلەن قوشنا بولۇپ قالدى. ئۇگداي جورجىت خانلىقىنى يوقىتىشتا ھەمكارلاشقانلىق ئىنئامى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى خېنەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىرقانچە ناھىيىنى سۇڭ خاندانلىقىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. سۇڭ لىزۇڭ (1225 ـ يىلىدىن 1264 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ياكى ئۇنىڭ ئوردىسى مۇنداق ئىنئامدىن رازى بولمىدى. ئۇلار پۈتكۈل خېنەننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، موڭغۇللارغا جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار باشتا ھېچقانچە ئۇرۇشمايلا كەيفېڭ بىلەن لوياڭنى موڭغۇللارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالدى (1234 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلار). ھالبۇكى، ئۇلار بۇ شەھەرلەردىن دەرھال قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇگداي قارا قۇرۇمدا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق قۇرۇلتايدا (1235 ـ يىلى) سۇڭ خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

موڭغۇللار سۇڭ ئىمپېرىيىسىگە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى يول قوشۇن ئۇگداينىڭ ئوغلى قادانخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە سىچۈەنگە كىرىپ چىڭدۇنى ئىشغال قىلدى (1236 ـ يىلى 10 ـ ئاي)؛ ئىككىنچى يول قوشۇن يەنىلا ئۇگداينىڭ ئوغۇللىرى سانغۇن كوچۇ بىلەن تىمۇرتاينىڭ يېتەكچىلىكىدە خۇبېينىڭ شياڭياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى (1236 ـ يىلى 3 ـ ئاي)؛ ئۈچىنچى يول قوشۇن شاھزادە كۈن بۇقا بىلەن ساغاننىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرققە قاراپ مېڭىپ خەنكۈغا يېتىپ باردى، ئاندىن ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ ئېقىمىغا قارشى ئاتلىنىپ، خۇاڭجۇ ئېگىزلىكىگە بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە پۈت

www.uyghurkitap.com

تىرەپ تۇرالمىدى. ھەتتا شياڭياڭمۇ 1239 - يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن سۇڭ خاندانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ قىرىق بەش يىللىق ئۇزۇن ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدى (1234 — 1279 - يىللار)، لېكىن ئوگداي ئۇنىڭ بېشىنىلا كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. موڭغۇللارنىڭ ئۈچىنچى يول قوشۇنى كورىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. 1231 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ، موڭغۇللار بۈگۈنكى خەنچېڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كورىيە پايتەختى كەيفېڭنى بېسىۋالدى ۋە ھېمايە ئاستىدىكى بۇ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن، يەتمىش ئىككى نەپەر دارۇغاچ ئەۋەتتى. لېكىن، ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە، بۇ موڭغۇل ئەمەلدارلىرى كورىيە پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىرسى قالماي ئۆلتۈرۈلدى، گاۋزۇڭ پادىشاھ خەنچېڭنىڭ غەربىدىكى كاڭخاۋ ئارىلىغا قېچىپ كەتتى (1232 - يىلى 7 - ئاي). ئوگداي كورىيەدىكى يېڭى قوشۇنغا تايىنىپ مەزكۇر دۆلەتتىكى ئىشغالىيەنى مۇستەھكەملىدى (1236 - يىلى)، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق قىسمىنى شۇنداق قىلدى. چۈنكى كورىيە ئوردىسى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئىزچىل ھالدا قارشىلىق بىلدۈردى (پەقەت 1241 - يىلىدىن باشلاپلا موڭغۇللارغا بېيئەت قىلىپ، ئولپاڭ تۆلەيدىغان بولدى)، پادىشاھ گاۋزۇڭ ھېلىقى ئارالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتۇردى.

## § 4. موڭغۇللارنىڭ ئىراننىڭ غەربىنى بويسۇندۇرۇشى

ئوگداي تەختتىكى مەزگىلدە، ئىران يەنە بىر مەرتىۋە بويسۇندۇرۇلدى. 1221 - يىلى 10 - ئايدا چىڭگىزخاننىڭ

مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا خارەزىم شاھىنىڭ ۋارىسى جالالىددىن مەڭگۇبەردىنىڭ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم. دېھلىنىڭ سۇلتانى، تۈرك ئېلتۇتمىش ئۇنى ھامىيلىقىغا ئالدى ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. لېكىن، جالالىددىن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولغاچقا ھەيدەپ چىقىرىلدى (1223 - يىلى). چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرى تۈركىستانغا بېسىپ كىردى، خوراسان ۋە ئافغاندا قەدىمى يەتكەنلا يەرنى خانىۋەيران قىلىپ، بىرمۇ ئادەمنى تىرىك قالدۇرمىدى، ھېچبولمىغاندا پايتەخت تۈرۈشلۈق شەھەرلەر «ۋاكۇئۇم بوشلۇق» قا ئايلاندى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئۆتكەن يەرلەردە رەسمىي شەكىلدىكى ھېچقانداق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تەسىس قىلمىدى. ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە غەربىي تەرىپى، جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. گەرچە بۇ يەرلەردە رەسمىي قوشۇنلار رەسمىي جەڭ بىلەن مەشغۇل بولغان ھەمدە موڭغۇللار بۇ يەرلەردە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان يوللۇق بويسۇندۇرۇش قاتارىغا كىرمىدى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى خۇددى بىر توپ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن پەيدا بولغان قۇيۇندەك سۈپۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

جالالىددىن موڭغۇللار ئەمدى ئىراننىڭ ئىشلىرىنى قايتا سۈرۈشتۈرمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئىرانغا قايتىپ كەلدى (1224 - يىلى). ئۇ موڭغۇللارنىڭ بوران - چاپقۇنىدىن بۇرۇنقى قانۇنلۇق ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇنچە كۆپ مۇشەققەت چېكىپ يۈرمەيلا ھىرمان ۋە ئىراندىكى تۈركلەرنىڭ مىراسخور ۋالىيلىرى ياكى ئاتابەگلىرى تەرىپىدىن سۇلتانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلدى (شۇ چاغدا ھىرماندا قۇتلۇق خانلار سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بۇراق ھاجىپ، ئىراندا سالىغۇر سۇلتانلىقىدىن سەئىد ئىبنى زەنجى (1195 - يىلىدىن 1226 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغانلار بار

ئىدى) . جالالىدىن شىرازدىن قوزغىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى غىياسىدىن ئۆزى قۇرۇۋالغان كىچىك خانلىقنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئىسفاھان بىلەن ئىراق ـ ئەجەمنى ئالدى، ئاندىن ئەزەربەيجاننى بويسۇندۇرماقچى بولدى. 1136 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مۇشۇ ئۆلكىنى بېسىپ ياتقان تۈرك فېئودالىرىنىڭ خان جەمەتى ئۆزبېكخان، شۇ كۈنلەردە ئەزەربەيجانغا ئاتابەگ ئىدى (1210 ـ يىلىدىن 1223 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) . بۇ ئاتابەگ ناھايىتى زور مىقداردا خىراج تۆلەپ جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جالالىدىنغا كەلگەندە ئىش ئۇنداق ئوڭايغا چۈشمىدى. جالالىدىن تەبرىزنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۆزىنىڭ ئىستىلاۋىتىنى تىكلىدى (1225 ـ يىلى) . خارەزىم شاھزادىسى بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، گرۇزىيەگە ھۇجۇم قىلدى. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ خانلىق تۆت يىلنىڭ ئالدىدا جابا بىلەن سوبۇتاينىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەنىدى. جالالىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئۇ گېئورگى Ⅲ نىڭ سىڭلىسى ۋە مىراسخورى، داڭلىق رۇستەم خانىش (1223 ـ يىلىدىن 1247 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئاران ـ ئاران ئەسلىگە كېلىۋاتقانىدى. جالالىدىن كارنى دېگەن جايدا (1225 ـ يىلى 8 ـ ئايدا) گرۇزىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ياندۇرقى يىلى قايتا بېسىپ كىرىپ، تېلىسنى بۇلاپ ـ تالىدى ھەمدە ئۇ يەردىكى خرىستىئان چېركاۋلىرىنى (1226 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) بىرنى قويماي بۇزۇۋەتتى. ئۇ 1228 ـ يىلى ئۈچىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ، لورىغا يېقىن مىندۇر دېگەن جايدا مارشال ئىۋانىنىڭ گرۇزىيە قوشۇنىنى تارمار قىلدى. جالالىدىن كاۋكازدىكى بىرنەچچە قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەزەربەيجاندىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

جالالىدىن شۇنىڭ بىلەن ئىراننىڭ غەربىدىكى ھىرمان،

خارىس، ئىراق ـ ئەجەم، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا ئىسفاھان بىلەن تەبرىزنى پايتەخت قىلغان سۇلتانلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ قەدىمىي خارەزىم خانلىقىنىڭ ئاز ـ پاز غەربكە قىيسايغان ھالەتتىكى قايتا تىرىلىشى ئىدى. لېكىن، بۇ شانلىق چەۋەنداز ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە سىياسىي كاللىسى يوقلاردىن بولۇپ چىقتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرگەن ھەمدە خارەزىم سۇلتانلىقىنىڭ مىراسخورى بولغان بۇ يىگىت، ئىران تۇپرىقىدا سەرسان بولغان چەۋەندازلاردەك كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئىراندىكى يېڭى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم ھالدا تەشكىللەپ موڭغۇللارنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ھامىي بولىدىغان بۇ باشلامچى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقداشلىرى، يەنى كىچىك ئاسىيادىكى ئاساسلىق مۇسۇلمان سۇلتانلىرى بىلەن چىقىشالمىدى. ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلى باغداد خەلىپىسىگە تەھدىت سالدى (1224 ـ يىلى)، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە مۇھاسىرە ھۇجۇمىنى توختاتمىدى ۋە 1230 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە كەلگەندە دەمەشقتىكى ئەييۇن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەشرەپنىڭ قولىدىن كىلات قەلئەسىنى (ئەرمىنىيەدىكى فەنخۇ كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى) تارتىۋالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلۇۋاتقان ئىتتىپاقداشلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇ سۇلتان ئەشرەپ، تۈرك كىچىك ئاسىياسىدىكى (كونيا سۇلتانلىقىدىكى) سۇلتانلار ۋە سالجۇق خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئالاۋۇدۇن كەيخۇۋار I دىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاق ئىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى سۇلتان ئەرزەنجان ئەتراپىدا جالالىدىننى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. دەل مۇشۇ ئىش سادىر بولۇۋاتقاندا موڭغۇللارنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تاجاۋۇزى باشلاندى.

www.uyghurkitap.com

ئوگداي خان خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تاسادىپىي تىرىلىپ قېلىشىنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن شورماقان نويۇن باشچىلىقىدىكى ئوتتۇزمىڭ ئاتلىق قوشۇننى ئىرانغا ئەۋەتتى (1230 ـ يىلى بىلەن 1231 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە). موڭغۇللار جالالىدىننى ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىشتىن بۇرۇن خۇراسان بىلەن ھىراتنىڭ چوڭ يولىدىن ئۆتۈپ، جالالىدىننىڭ ئەزەربەيجاندىكى قارارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شانلىق سەركەردە ھېچنېمىگە ئۈلگۈرەلمىدى. تەبرىزدىن ۋاز كېچىپ، موھان ۋە ئاراران تۈزلەڭلىكىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن ئالىكىس دەرياسى بىلەن كورا دەرياسىغا يېقىن جايغا كەلدى. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي دىياربەكرى چېگرىسىغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى دادىسىغا ئوخشاش، قوغلاپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئاتلىقلىرىدىن پەقەت قۇتۇلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، دىياربەكرىدىكى تاغلىق رايوندا ياشايدىغان كورد دېھقان تەرىپىدىن بىكاردىن ـ بىكار ئۆلتۈرۈلدى (1231 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى).

شورماقان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدا ئون يىلدىن ئۇزۇنراق تۇردى (1231 ـ يىلىدىن 1241 ـ يىلىغا قەدەر). ئۇ ئالىكىس دەرياسى بىلەن كورا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى موھان ۋە ئاراران تۈزلەڭلىكىدە دائىم تۇرۇشلۇق قارارگاھ قۇردى، چۈنكى بۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپى مول يايلاقلار ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرىغا بەك مۇۋاپىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، موھان ۋە ئاراران تۈزلەڭلىكى 1260 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن موڭغۇل خانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قونالغۇ بولۇپ قالدى. ئەزەربەيجاننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بۇ ئوتلاقتىكى موڭغۇللار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسى بار ئىرانغا ۋە ئۇنىڭ سەرخىل شەھەر مەدەنىيىتىگە ساپمۇساق يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

جالالىدىن بارسا كەلمەسكە كەتكەنىدى. شورماقان ئۆزىنىڭ كىچىك كۆلەمدىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئىران — مىسوپوتامىيە چېگرىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا يول قويدى. موڭغۇللار ئەرمىنىيەدە بىتلىس بىلەن ئارجىچتىكى ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەزەربەيجاندا مالاگانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئوخشاشلا قىرغىنچىلىقتىن قولىنى تارتمىدى. تەبرىز ئاھالىسى تەسلىم بولۇپ، ئۇلارغا كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى ھەمدە شورماقانغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن ئوگداي خانغا ئاتاپ قىممەتلىك رەختلەرنى توقۇپ چىقتى (1223 ـ يىلى). جەنۇبتىكى دىياربەكرى بىلەن ئىردەبىل دەھشەتلىك يوسۇندا تالان ـ تاراج قىلىندى. ئىبىن ئاتىرى مۇشۇ قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ قالدۇردى: «نىسىبىن رايونىدىكى بىرەيلەننىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ دەرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتقاندا موڭغۇللارنىڭ ھەر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەندە 〈ئاللا، ئىلاھىم〉 دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان (بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئا ـ تەكبىرىگە قىلىنغان مەسخىرە ئىدى). قىرغىندىن كېيىن ئۇلار شەھەر قەلئەسىنى بۇلىغان، ئاياللارنى ئېلىپ كەتكەن ھەمدە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇلارغا بەد قىلىقلىق قىلغان، قاقاقلاپ كۈلگەن، ناخشا ئېيتقان، 〈ئاللا، ئىلاھىم!〉 دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغان». يەنە شۇ ئىبىن ئاتىرى باشقا بىر ھېكايە ھەققىدە مۇنداق يازدى: «بەزىلەر ماڭا دەپ بەرگەن بىر قىسىم ئىشلارغا ئاران ـ ئاران ئىشەنگىلى بولاتتى. 〈ئاللا〉 دېگەن سۆز ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ناھايىتى زور ۋەھىمە پەيدا قىلغان. مەسىلەن، بىرسى ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئاتلىق بىر تاتار ئاھالىسى كۆپ بىر بازارغا بېرىپ ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈۋاتقاندا، ھېچكىم قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالمىغان، ئاڭلىشىمچە بىرەر تاتار قولىدا ھېچقانداق قورال يوق

ئەھۋالدا قولغا چۈشكەن ئەسىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يەردە دۇم يات دەپ بۇيرۇق قىلغان، ئاندىن قىلىچ تېپىپ كەلگەن. ھېلىقى بىچارە شۇڭغىچە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىۋەرگەنكى، قېچىپ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. بىرسى ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى: بىز ئون يەتتە ئادەم بىللە كېتىپ باراتتۇق، بىر تاتار يېتىپ كېلىپ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قولىنى ئارقىغا قىلىپ باغلاڭلار دەپ بۇرۇدى. ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. مەن ئۇلارغا: ئۇ يالغۇز بىرلا ئادەمغۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتسەك بولمامدۇ، دېدىم. ئۇلار ماڭا قورقىمىز دەپ جاۋاب بەردى. مەن: بۇ ئادەم بىزنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، بىز ئۇنى ئۆلتۈرەيلى، ئېھتىمال (ئاللا) بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالار، دېدىم. دېگەندەك بىرمۇ ئادەم جۈرئەت قىلمىدى. ئاخىر مەن بىر پىچاق سېلىپلا ئۇ ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلدىم. ھەممىمىز ئامان قالدۇق.»

كاۋكاز تەرەپتە موڭغۇللار گەندىجانى ئاياغ ئاستى قىلىپ گرۇزىيەگە بېسىپ كىردى ۋە رۇستەم خانىشنى تېلىسنى تاشلاپ كۇتايىغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى (1236 ـ يىل ئەتراپىدا). شۇنىڭ بىلەن، تېلىس موڭغۇللارنىڭ مۇھاپىزىتىدىكى خانلىق بولۇپ قالدى. گرۇزىيەدىكى فېئودال تۆرىلەر موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇشىدىكى ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىگە ئايلاندى. شورماقان 1239 ـ يىلى بۈيۈك ئەرمىنىيەنى ئىشغال قىلدى ھەمدە گرۇزىيەلىك مارشال ئىۋاننىڭ جەمەتىگە تەئەللۇق شەھەر ئانى بىلەن ھارسنى بېسىۋالدى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

ئۇرۇش گەرچە گرۇزىيە بىلەن ئەرمىنىيەدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن شورماقاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدە نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار بولغاچقا، ئۇ پرىنسىپ جەھەتتە خرىستىئان دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلمىدى. بەلكى، ئۇ 1223 — 1241 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھەربىي

ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئوگداي خان ئەزەربەيجاندا تۇرۇۋاتقان شورماقانغا سۇرىيەلىك سىمىيۇن (يەنە بىر ئىسمى لىبان ئاتا) دېگەن كىشىنى خرىستىئان دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ كىشى ئاساسلىقى ئەرمىنىيە مەزھىپىدىكى دوھانىي كۈچلەرنى قوغداپ قالدى.①

ئىراندىكى (موھان ۋە ئاراراندىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە) موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى شورماقاننىڭ ئىشلىرىغا بەيجۇ نويون ۋارىسلىق قىلدى ۋە 1242 ـ يىلىدىن 1256 ـ يىلىغا قەدەر مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتىدى. بەيجۇنىڭ كونيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىغا قىلغان ھۇجۇمى موڭغۇل ئىستىلاسىدىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىدى. كىچىك ئاسىيادىكى بۈيۈك تۈرك خانلىقى كەيخىسراۋ Ⅱ نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا (1237 ـ يىلىدىن 1245 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۆزىنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەيجۇ ئەرزىرۇمنى ئېلىپ ئۇنى بۇلاپ ـ تالىغاندىن كېيىن (1243 ـ يىلى) ئەرزەندىجان ئەتراپىدىكى كوچاتاغ دېگەن جايدا سۇلتان ئۆزى باشلاپ كەلگەن سالجۇق قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى (1243 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) ۋە غەلىبە سېرى ئىلگىرىلەپ ئۆز ۋاقتىدا تەسلىم بولغان سىۋاسنى بېسىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى بۇلاشقا بۇلىدى. توقات ۋە قەيسەرىيە شەھەرلىرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ باققىنى بىلەن ئاخىرىدا يەنىلا پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. كەيخىسراۋ Ⅱ سۇلھى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، غەلىبە

① ئەرمىنىيىلىك يىلنامىچى كىراكوس دې كەنزاك لىبان ئاتانى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. ئۇ تاجىك (مۇسۇلمان) لارنىڭ شەھىرىدە چېركاۋ بىنا قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يەرلەردە ئەيسانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش چەكلەنگەنىدى. مەسىلەن، تەبرىزنىڭ نەقشىۋەند دېگەن يېرىدىكى ئاھالە خرىستىئان دىنىغا تولىمۇ ئۆچمەنلىك قىلاتتى. لىبان ئاتا چېركاۋ بىنا قىلىپ، كرېست تىكلەپ، ئىنجىل، كرېست، شام ۋە مۇناجاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خرىستىئان دىنى مۇراسىمىنى يولغا قويدى. خرىستىئان دىنىغا قارشى تۇرىدىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. بارلىق تاتار قوشۇنلىرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن پاسپورتى بولغانلار ھەممە يەرگە ئەركىن بارالايدىغان، تاتار سەركەردىلەردىمۇ ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام بېرىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇنىڭ بېقىندى خىـــزمەتكارىغا ئايلاندى. بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئارقىلىق موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى گرېتسىيەگە قەدەر كېڭەيدى.

ئەرمىنىيە ياكى سىلىسىيەدىكى تالانتلىق پادىشاھ خېتهوم لىر (1226 ـ يىلىدىن 1269 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتىپ، موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ ياشاش ھوقۇقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ مىراسخورلىرىمۇ مۇشۇ سىياسەت بويىچە ئىش كۆردى. نەتىجىدە ئەرمىنىيەلىكلەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېقى خوجايىنىنى ئۆزلىرىنىڭ سالجۇقلار ياكى مەمرۇقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشتىكى ھامىيسى قاتارىدا ھېسابلىدى (1244 ـ يىلى). 1245 ـ يىلىغا كەلگەندە بەيجۇ موڭغۇللارنىڭ كوردىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ كىلات ۋە ئامىدنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، موڭغۇللار كىلاتنى ئۆزلىرىنىڭ بېقىندى خىزمەتكارلىرىغا، يەنى ئىۋان مىللىتىدىكى گرۇزىيەلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، موسىرنىڭ ئاتا بېگى بەدرىدىن لولۇ خېتهوم بىلەن ئوخشاش سىياسەتنى قوللىنىپ، موڭغۇللارنىڭ پاترىئارخاللىق ھوقۇقىنى ئۆزلۈكىدىن ئېتىراپ قىلدى.

## 5 § . باتۇ بىلەن سوبۇتاينىڭ ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشى

ئوگدايخان مۇشۇ مەزگىلدە 150 مىڭ كىشىلىك غايەت زور كۆلەمدىكى موڭغۇل قوشۇنىنى ياۋروپادا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ قوشۇنغا نامدا ئارال دېڭىزى بىـــلەن ئورال يايلاقلىـــرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان باتۇخان باش قوماندان بولدى. ئۇنىڭغا چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ھەر تەرەپتىكى ۋەكىللىـرى، ئالايلۇق، باتۇخاننىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىدىن ئورتا، بىـــركە ۋە شايبانخان؛

ئوگدايىنىڭ ئوغۇللىرىدىن گويۇك، قادانخان؛ ئوگدايىنىڭ نەۋرىسى قايدۇخان؛ تولىنىڭ ئوغلى موڭكىخان؛ چاغاتايىنىڭ ئوغلى بايدارخان بىلەن نەۋرىسى بۆرى قوشۇپ بېرىلدى. قوشۇننى ئەمەلىيەتتە ئىران ـ رۇسىيە ۋە جۇڭگونى بويسۇندۇرغان 60 ياشلىق سوبۇتاي باھادىر باشلاپ ماڭدى.

مۇسۇلمانلار قالدۇرغان تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، بۇ نۆۋەتلىك ئۇرۇش 1236 ـ يىلى كۈزدە كاما دەرياسى بويىدىكى بۇلغار تۈرك خانلىقىنى يوقىتىشتىن باشلاندى. سوبۇتاي مەزكۇر خانلىقنىڭ پايتەختى ۋولگا دەرياسى بىلەن كاما دەرياسى قوشۇلىدىغان جايىنىڭ جەنۇبىدىكى سودا شەھىرى (بۇلغار)نى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى (رۇسچە يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللار بۇ قېتىمقى ئىشنى 1237 ـ يىلى كۈزدە يۈز بەرگەن دەپ قارىدى).

موڭغۇللار 1237 ـ يىلى ئەتىيازدا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان تۈركلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. رۇسىيە يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەدەنىيەتكە ئىگە بۇ قەبىلە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قىپچاق، ۋېنگىرلار تەرىپىدىن كومان، رۇسلار تەرىپىدىن پولوۋتىس دەپ ئاتىلاتتى. بىر قىسىم قىپچاقلار تەسلىم بولدى. ئۇلار كېيىنچە موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولۇپ قالدى، بۇ خانلىق مۇشۇ رايوندىكى بۇرۇنقى خوجايىنلارنىڭ نامى بىلەن «قىپچاق خانلىقى» ياكى بولمىسا ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەپ ئاتالدى ھەمدە جۇجى خانلىقىنىڭ بىر تارمىقىنى شەكىللەندۇردى. قىپچاقلارنىڭ داھىيلىرىدىن بولغان باچمان ۋولگا دەرياسى بويلىرىدا خېلى تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرىغا بېرىپ مۇشۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كىچىك بىر ئارالدا قولغا چۈشتى (1236 — 1237 ـ يىللار). موڭكىخان ئۇنى بىلىدىن چاناپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. رەشىدىددىننىڭ خاتىرىلىگىنى بويىچە، 1238 ـ يىلى

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بولدى، بۇ جەڭدە بىرىكى قىپچاقلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى. قىپچاقلارنىڭ ئاقساقىلى قوتان (بىز جابا نويۇننىڭ 1222 - يىلىدىكى يۈرۈشنى بايان قىلغاندا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالغانىدۇق) 40 مىڭ ئۆيلۈك قىپچاق بىلەن ۋېنگىرىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلدى. موڭغۇللار 1239 - يىلى 1240 - يىلى قىش پەسلى، 1239 - يىلى 12 - ئاي ئارىلىقىدا رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارنى پۈتۈنلەي تىنجىتتى. ئۇلار موڭكىخاننىڭ قوماندانلىقىدا مونكاس شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، قارىماققا بۇ شەھەر ئالانلار ياكى ئاسۇرلارنىڭ پايتەختى بولغاندەك ئىدى.

رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش جەريانىدا، رۇسىيەنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەردىمۇ ئۇرۇش بولدى. كىنەزلىكلەرنىڭ زېمىنىدىكى پارچىلىنىش موڭغۇللارغا ئوڭايلىق ياراتتى. رەزان كىنەزلىكىدىكى ئىككى شاھزادە ئاكا - ئۇكا يۇرى بىلەن رومان ئايرىم - ئايرىم ھالدا رەزان بىلەن كولۇمناغا قامىلىپ قالدى. رەزان شەھىرى ۋەيران قىلىندى. يۇرى ئۆلتۈرۈلدى، پۈتكۈل ئاھالە قىرىپتاشلاندى (1237 - يىلى12 - ئاينىڭ21 - كۈنى). رۇسىيە شاھزادىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانغان سوزدال كىنەزى يۇرى II بىكار ئاۋارە بولۇپ كولۇمنانى قوغداۋاتقانلارغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ باقتى، لېكىن رومان مەغلۇپ بولدى ھەمدە تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا قەتلى قىلىندى. كولۇمنا مۇنقەرز بولدى. ئادەم سانى ئۇنچە كۆپ بولمىغان موسكۋامۇ ئاياغ ئاستى قىلىندى (1238 - يىلى 2 - ئاي). كىنەز يۇرى II موڭغۇللارنى سوزدال بىلەن ۋلادىمىرنى ۋەيران قىلىشتىن توسۇپ قالالمىدى. ۋلادىمىر 1238 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قولدىن كەتتى، شۇنداقلا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈز بەردى، ئاھالە ئۆزلىرى يوشۇرۇنغان ھەمدە تۆت تەرىپىدىن ئوت قويۇۋېتىلگەن چىركاۋدا

قىرىپ تاشلاندى. يۇرى II مولوگا دەرياسىنىڭ تارمىقى چىدا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى (1238 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى). قالغان موڭغۇل قوشۇنلىرى يارۇسلاۋ بىلەن تىۋىرنى بۇلىدى. شىمالدىكى نوۋگورۇد شەھىرى قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان بولغاچقا ئامان قالدى.

ياندۇرقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇرۇش ئۇكرائىنادىكى رۇسلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلدى. موڭغۇللار چېرنىگاۋنى خاراب قىلغاندىن كېيىن كىيېۋنى ئالدى ۋە بۇ شەھەرنى ئاساسىي جەھەتتىن تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدى (1240 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى). ئارقىدىنلا رۇسىيەدىكى كىچىك كىنەزلىك گالىچنى بۇلىدى. كىنەز دانىل ۋېنگرىيىگە قېچىپ كەتتى.

مۇشۇ ئۇرۇش جەريانىدا موڭغۇل شاھزادىلىرى ئارىسىدا كېلىشەلمەسلىك كېلىپ چىقتى. ئوگداي خاننىڭ ئوغلى گۇيۇك بىلەن چاغاتاينىڭ نەۋرىسى بۆرى باتۇخاننىڭ مەرتىۋىلىك ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قايىل ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى ۋە ئوگداي خاننى ئۆزلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە زورلىدى. بۆرى ھەتتا باتۇخان بىلەن قاتتىق تاكاللاشتى. تولىنىڭ ئوغلى موڭكىخانمۇ قوشۇندى ئايرىلدى. لېكىن، ئۇ باتۇخان بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئۈزمىدى. باتۇخان بىلەن گۇيۇك ۋە بۆرى ئارىسىدىكى سۈركىلىش ئۇنىڭ موڭكىخان بىلەن بولغان دوستلۇقى، كېيىن موڭغۇللارنىڭ تارىخىدىكى تەرەققىياتىغا مۇقىم تەسىر پەيدا قىلدى.

ئۇكرائىنادىن چىققاندىن كېيىن، بايدارخان بىلەن قايدۇخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى توپتوغرا پولشانى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدى. موڭغۇللار 1240 ـ يىلى بىلەن 1241 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە مۇز تۇتقان ۋىستۇلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ساندومىرنى بۇلىغاندىن كېيىن، ئۇدۇل كراكوۋ ئەتراپىغا ئات سالدى ۋە

چىمىرنىكتا پولشا قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارمىقىنى تارمار قىلىپ (1241 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) كراكوۋغا كىردى. پولشا شاھزادىسى پولېسلاس Ⅳ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن موراۋىيەگە قاچتى. موڭغۇللار كراكوۋدىكى ئاھالىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى. ئاندىن ئۇلار سىلېسىيىگە بېسىپ كىردى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى پولشالىق تارىخشۇناسلار بەيدا دەپ ئاتىغان موڭغۇل شاھزادىسى بولۇپ، شۈبھىسىزكى ئۇ بايدارخاننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار راتىبوردا ئودىر دەرياسىدىن ئۆتتى ھەمدە سىلېسىيىدىكى پولشالىق كىنەز ھېنرىخ باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قوشۇندا پولەكلەر، گېرمانىيىنىڭ ئەھلىسەلىپ جەڭچىلىرى، تېۋتون رىتسارلىرى بار ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇ قوشۇن يوقىتىلدى. كىنەز لىگنىجى ئەتراپىدىكى خۋالىستاد دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈلدى. موڭغۇللارمۇ مۇشۇ نۆۋەتتىكى غەلىبىدىن كېيىن، موراۋىيىگە كىرىپ، ئۇ يەرنى ۋەيران قىلدى، لېكىن سېترىنبورگلىق كىنەز يارۇسلاۋ مۇداپىئەسىدىكى ۋورۇمتىس شەھىرىنى ئالالمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قوشۇن كراكوۋتىن يولغا چىقىپ، ۋېنگىرىيىدە جەڭ قىلىۋاتقان موڭغۇل چوڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى.

بۇ مەزگىلدە بارلىق موڭغۇل قوشۇنلىرى باتۇ بىلەن سوبۇتاينىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ۋېنگىرىيىگە بېسىپ كىردى. بىرىنچى يول قوشۇن شەيبانىخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە شىمال تەرەپتىكى پولشا بىلەن موراۋىيە ئارىلىقىدا ھەرىكەت قىلدى؛ ئىككىنچى يول قوشۇنغا باتۇخان بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ گالىتسىيىدىن يولغا چىقتى ۋە ھونگىۋار بىلەن مۇنكاس ئارىسىدىن زورمۇزور ئۆتۈپ كارپات تاغلىرى ئىچىدىكى دالدا جايلارغا يېتىپ كەلدى، 1241 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇشۇ رايوننى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان گراف براتىننى مەغلۇپ قىلدى؛

ئۈچىنچى يول قوشۇن قادانخاننىڭ قوماندانلىقىدا موراۋىيىدىن ئاتلىنىپ ۋالادىن بىلەن زانادنى ئىشغال قىلدى ۋە ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. تۇرۇشلۇق ئاھالە چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئەسكىرىي كۈچلەر، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىر بۆلىكى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە پېست شەھىرىنىڭ قارشىسىغا توپلاندى. ۋېنگرىيە پادىشاھى بىلا IV ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى پېست شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغدى. ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەردىن چىقىپ جەڭگە چۈشتى، موڭغۇللار ئاستا ـ ئاستا كەينىگە چېكىنىپ تاكى سايۆ دەرياسى بىلەن تىزا دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغىچە باردى. شۇ جايدىكى موخ دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىدا، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان ئېغىزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە، 1241 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى موڭغۇللارنىڭ بېشىغا نۇسرەت قۇشى قونغان ئەڭ زور بىر جەڭ بولدى. جۇۋەينى بىلەن رەشىدىددىننىڭ بىرگە دەپ بېرىشىچە، باتۇخان مۇشۇ نۆۋەتتىكى جەڭنىڭ ھارپىسىدا ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ساقمۇساق بىر كېچە تەڭرىگە، مالايىكىلەرگە ۋە موڭغۇللارنىڭ خۇداسىغا دۇئا قىلدى. ئىككى قوشۇن سايۆ دەرياسىدا تىركىشىپ قالدى. سوبۇتاي باھادىر 10 ـ كۈنى ۋە 11 ـ كۈنى كېچىدە ئۆز قوشۇنىغا كىرىنىس ۋە ناكچىكىس ئارىلىقىدا دەريادىن ئۆتۈشنى بۇيرۇدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئۇ ئىككى قاناتتىكى قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ چاكالىد ئېگىزلىكىگە باردى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى قورشاۋغا ئالدى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ ۋەزىپىنى باتۇنىڭ ئىنىسى شەيبانخان زىممىسىگە ئالغانىدى، ۋېنگىرلار يەر بىلەن يەكسان بولدى، ئۆلتۈرۈلدى ياكى قېچىپ قۇتۇلدى. موڭغۇللار پېست شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن سىرت، ئۇنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. پادىشاھ بىلا ئادرىيئاتىك دېڭىزى بويلىرىغا قېچىپ پاناھلاندى. ئاھالە تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە خورلاندى. مۇنداق خورلاش كۆپ ھاللاردا كوللېكتىپ

www.uyghurkitap.com

قىرغىن قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. تراگېدىيىلىك بايان بىلەن تولغان «بىچارە لوكىلى كامان» دېگەن كىتابتىكى ئەھۋالمۇ ئاساسەن يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشايتتى: مۇغەمبەر موڭغۇللار قېچىپ كەتكەن ئاھالىنى قايتىپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرۈۋەتتى، كەچۈرۈم قىلىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايتتى، لېكىن بۇ بىچارە ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قالدۇرمايتتى. بەزىدە ئۇلار قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى سەپنىڭ ئالدىغا تىزىپ ئۇلارغا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار شەھەرلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. «ئۇزلىرى بۇ بەختسىز ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى ۋە بۇنىڭدىن خۇشال بولاتتى. ئارقىغا يانغانلارنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.» ئۇلار دېھقانلارنى ئېتىزدىكى ئاشلىقىنى يىغىۋېلىشقا زورلايتتى، ئاندىن كىچىك شەھەردىكى ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ بولۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرگە ئوخشاش، دېھقانلارنىمۇ چېپىپ تاشلايتتى، ئارقىدىنلا بۇ يەرلەردىن ئايرىلىپ تالان ـ تاراجنى يېڭىدىن باشلاش ئۈچۈن تېخىمۇ يىراق جايلارغا كېتەتتى. پۇتكۈل ۋېنگىرىيە، دوناي دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىدى. پەقەت ناھايىتى ئاز بىرقانچە شەھەر، مەسىلەن، گران ۋە ئارپا — يورىيا داۋاملىق تۇردە قارشىلىق كۆرسەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنى 1241 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا ۋېيېنانىڭ يېنىدىكى نيۇسداتقا يېتىپ كەلدى. باتۇ 1241 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دوناي دەرياسىدىكى مۇزدىن ئۆتۈپ گراننى ئالدى.

موڭغۇللار «ئىنسى ـ جىن قالمىغان رايون» لاردا ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىكى يايلاقلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدى، بۇ يەردە 1241 ـ يىلىنىڭ ياز ۋە كۈز پەسلىنى ئۆتكۈزدى. 1242 ـ يىلى باش ئەتىيازدا شاھزادە قادانخاننى كرودىيىگە قېچىپ

كەتكەن ۋېنگىر پادىشاھى بىلانى تېپىشقا ئەۋەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنى مەركۇر شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، بىلا دالماتسىيە تاقىم ئاراللىرىغا قېچىپ ماڭدى. قادانخاننىڭ قوشۇنى ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى سپالاتو بىلەن كادالغا بېرىپ، كېيىنكى بىر شەھەرنى خانىۋەيران قىلغاندىن كېيىن ۋېنگىرىيىگە قايتىپ كەلدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئوگداي خان 1241 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قازا قىلدى. ۋارىسلىق مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تۈپەيلى موڭغۇللار ۋېنگىرىيىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گۈيۈك بىلەن موڭكىخان ئاللىبۇرۇنلا موڭغۇل دالاسىغا قايتقان بولغاچقا قوشۇندىكى باشقا سەركەردىلەر مۇشۇنداق قىلىشقا ئالدىرىدى. بۇ ئەھۋال غەرب ئەللىرىنى شۈبھىسىز رەۋىشتە قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ئاتتىلادىن بېرىكى بىر قېتىملىق ئەڭ ئېغىر بالايىئاپەت ئۇلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ نۆۋەت ئۇلار ئەسىرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، كەچۈرۈم يولى بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشىپ يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن ئىزدەك ـ سوراقتىن ۋە ئۆلۈمدىن خالاس بولىسىلەر، دەپ ئېلان قىلدى. باتۇخان ئالدىرىماي يولغا چىقىپ بۇلغارىيىدىن ئۆتتى (1241 — يىلى ئەتىياز). ئاندىن قارا دېڭىزنى ياقىلاپ 1242 — 1243 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە ۋالاچىيە بىلەن مولداۋىيىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قارارگاھىغا قايتتى.

موڭغۇللارنىڭ 1236 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە بولغان ھەربىي يۈرۈشلىرى جۇجى جەمەتىنىڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى زېمىنىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. بۇ «ئولۇس» چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى يەتكەن ھەممە جاينى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزى ئۇزۇلمەي داۋاملىشىدىغان يوگۇرەش لىنىيىسىدە ئېرتىش دەرياسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىنىستىر دەرياسىغىچە، ھەتتا دوناي دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە باردى. قانۇنىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ كەڭ تېررىتورىيە باتۇخانغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇ نامدىكى داھىي ھېچبولمىغاندا 1236 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي يۈرۈشلەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، ئۇنىڭ تارىختىكى نامى ئۇ بويسۇندۇرغان دۆلەتلەرنىڭ نامى بىلەن «قىپچاق خان» دەپ ئاتالدى.

## § 6 . تىراگىنا خاتۇننىڭ نائىبلىقى (1242 — 1246 ـ يىللار)

ئوگداي خان ئۆلگەن چاغدا (1241 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ ئايالى، غەيرەتلىك تىراگىنا خاتۇنغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ مەلىكە باشتا مېركىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىغا ياتلىق بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى مېركىت قەبىلىسىدىن دەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نايمان قەبىلىسىدىن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ئۇ 1242 ـ يىلىدىن 1246 ـ يىلىغىچە يۇرت سورىدى. ئوگداي ھايات ۋاقتىدا ئۈچىنچى ئوغلى قوچانى خانلىققا بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سۇڭ خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن (1236 ـ يىلى) بولغاچقا، چوڭ ئوغلى شىرەمۇننى مىراسخور بولسۇن دېگەنىدى. لېكىن، تىراگىنانىڭ غەرىزى ئۆزىدىن تۇغۇلغان گۈيۈك (يۈەن دىڭزۇڭ) نى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ نائىبلىق ۋاقتىنى كېيىنكە سوزۇپ، گۈيۈكنىڭ سايلىنىشىغا تەييارلىق قىلدى:

تىراگىنا خاتۇن نائىب بولغان مەزگىلدە ئوگداي خاننىڭ مەسلىھەتچىلىرى نەزەردىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى.

ئۇلار ئاساسلىقى ئالەمدىن ئۆتكەن خاقانىنىڭ ۋەزىرى نىستۇرى دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كېرەيلىك مۇخلىس چىڭغاي بىلەن ئوگداي ئوردىسىدا مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ياللۇغ چۇسەي ئىدى. تىراگىنا خاتۇن ئۆزىگە باج - خىراجنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش توغرىسىدا يول كۆرسەتكەن مۇسۇلمان ئابدۇراخماننى ياقتۇرۇپ قالدى. ياللۇغ چۇسەي سەممىي گەپلىرىنىڭ قوبۇل بولمىغانلىقىنى، ئېغىر باج - خىراجنىڭ پۇقرالارنى قاتتىق قاقشىتىدىغانلىقىنى بىلىپ، غەم - ئەندىشە ئىچىدە قاراقۇرۇمدا قازا قىلدى. ئۇ شۇ چاغدا 55 ياشقا كىرگەنىدى (1244 - يىلى 6 - ئاي). تىراگىنا يەنە ئىككى ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى: تۈركىستان ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنىڭ ۋالىيسى مۇسۇلمان مەسئۇت يالۋاچ ئۆز ۋەزىپىسىدىن ۋاقتىنچە قالدۇرۇلدى. شەرقىي ئىرانىنىڭ ۋالىيسى، ئۇيغۇر كۆرگۈز مەڭگۈلۈك بىر تەرەپ قىلىندى. تىراگىنا خاتۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئويرات قەبىلىسىدىن ئارغۇن ئاغانى ئۇنىڭ ئورنىغا قويدى.

نائىبلىق قىلىۋاتقان خانىشنىڭ ھوقۇقى پېشقەدەم سەركەردە چاغاتاينىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشىدا بولسىمۇ، لېكىن مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ھوقۇق يۈرگۈزۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭگىزخانىنىڭ كىچىك ئىنىسى تېمۇگە، ئوتچىگىن نىيىتىنى بۇزدى ۋە شەرقىي موڭغۇل دالاسى بىلەن قاراقۇرۇم ئارىسىدىكى سويۇرغال يېرىدىن ئىمپېرىيىنىڭ قارارگاھى ئورۇنلاشقان جايغا لەشكەر تارتتى. گۈيۈكنىڭ ياۋروپادىن قايتىپ، ئىمىل دەرياسى ساھىلىدىكى سويۇرغال يېرىگە كېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى. ھالبۇكى، قىپچاق خان باتۇنىڭ گۈيۈككە بولغان شەخسىي ئۆچمەنلىكى ھەممىدىن ئېغىر ئىش ئىدى. گۈيۈكنىڭ سىياسىي رەقىبى باتۇغا قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. گۈيۈك رۇسىيىگە بولغان يۈرۈشتە باتۇغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغان بولغاچقا قايتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىنگەنىدى، شۇڭا، باتۇ تىراگىنا خاتۇن گۈيۈكنى خاقان قىلىپ سايلاش يۈزىسىدىن ئاچماقچى بولغان قۇرۇلتايىنى قەستەن ئارقىغا سۈردى، قۇرۇلتاي چاقىرىلغان چاغدا كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ قاتناشمىدى.

## § 7 . گۈيۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1246 — 1248 - يىللار)

1246 - يىلى ياز ۋە ئەتىياز ئارىلىقىدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدىن قاراقۇرۇمغا يىراق بولمىغان يەردىكى كۆكنۇردا قۇرۇلتاي چاقىرىلدى ۋە شۇ يەردە «سېرىق ئوردا شەھىرى» قۇرۇلدى. باتۇدىن باشقا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى خانزادىلەرنىڭ ھەممىسى، سىرتقى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرى، بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى، ئالايلۇق، تۈركستان ۋە ئامۇ دەرياسى ئەتراپىنى باشقۇرۇۋاتقان ئەمەلدار مەسئۇت يالۋاچ، شەرقىي ئىراننىڭ ۋالىيسى ئارخۇن ئاغا، گرۇزىيىدە خانلىق تەختنى تالىشىۋاتقان داۋىد نارىن بىلەن داۋىد لاچا، رۇسىيە كىنەزى يارۇسلاۋ، ئەرمىنىيە پادىشاھى ھىتھۇم لىرنىڭ ئىنىسى سىمپاد، كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق خانلىقىنىڭ سۇلتانى (1249 - يىلىدىن باشلاپ) قىلىچ ئارىسلان IV ، ھىرمان، پارسى ۋە موسسول قاتارلىق جايلاردىكى ئاتابېكلەرنىڭ ۋەكىلى، باغداد خەلىپىسىنىڭ دىپلوماتىك ۋەكىلى قاتناشتى. نائىب تىراگىنا خانىشنىڭ ئىرادىسى بويىچە، قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ ئوگدايدىن تۇغۇلغان ئوغلى گۈيكنى قاغانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى، 1246 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇ رەسمىي تەختكە چىقتى. لېكىن، يېڭى قاغان ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان چاغدا، ئىمپېرىيىگە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر مىراسخور بولىدۇ دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل خانزادىلىرى باش كىيىملەرنى ئېلىپ، بەلۋاغلىرىنى يېشىپ، گۇيۇكنى ئالتۇنرەڭلىك تەختكە ئولتۇرغۇزدى ۋە بۇ قاغانغا ئىززەت ـ ئېكرام بىلدۇردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ئۈچ مەرتىۋە تىزلىنىپ، توققۇز قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندە، چېدىرنىڭ سىرتىدىكى ئوتلاق ئادەملەر بىلەن لىق توشقانىدى. بىقىندى دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى، چەت ئەلنىڭ ئەلچىلىرى شاھلىق چېدىرنىڭ سىرتىنى چۆرىدەپ يەرگە باش قويدى.»

بىز موناخ پىلانكارپىننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن 1246 ـ يىلىدىكى قۇرۇلتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلەلەيمىز. پىلانكارپىن رىم پاپاسى ييگنوسىن IV تەرىپىدىن موڭغۇل دالاسىغا ماڭدۇرۇلغاندا، ۋاتىكاننىڭ موڭغۇللاردىن باشقا دۆلەتلەرگە قايتا ھۇجۇم قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىپ ھەمدە ئۇلارنى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندەپ يازغان خېتىنى ئېلىپ يولغا چىققانىدى. ئۇ 1246 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لېئوندىن قوزغىلىپ، گېرمانىيە، پولشا، رۇسىيە (ئۇ 1246 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كىيېۋتىن ئايرىلغان) ئارقىلىق، 1246 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا قىپچاق خان باتۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. باتۇ ئۇنىڭغا قاغان بىلەن كۆرۈشۈشنى بۇيرۇدى. پىلانكارپىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا قىتان دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى جايلىرى (ئوترار، ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە ئېمىل دەرياسى) ۋە نايمان قەبىلىسىنىڭ ئەسلىي جايلىرىدىن ئۆتتى. ئۇ 1246 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراقۇرۇمدىن يېرىم كۈنلۈك نېرىدىكى قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقان «سېرىق ئوردا شەھىرى»گە يېتىپ كەلدى. ئۇ گۇيۇكنىڭ سايلانغانلىقىنى كۆردى ھەمدە بىزگە يېڭى قاغان توغرىسىدىكى جانلىق مەنزىرىنى سۈرەتلەپ مۇنداق يازدى: ئۇ

(گۈيۈكخان) سايلانغان چاغدا تەخمىنەن قىرىق ياشلار چامىسىدا، كۆپ بولغاندىمۇ قىرىق بەش ياشلاردا ئىدى. ئوتتۇرا بوي، ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، سالاپەتلىك بۇ ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە يۈرۈش تۇرۇشلىرىدىن بىر خىل جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلگىنىنى ياكى ئۆزىچە خۇش بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەك تەس ئىدى.» گۈيۈك دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە نىستۇرى دىنىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. پىلانكارپىن نىستۇرى مۇرتلىرىنىڭ قاغاننىڭ چېدىرىنىڭ سىرتىدا مىسا مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن مۇئەللىمى خادا بىلەن كېرەي قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋەزىر چىڭغاي ئوخشاشلا نىستۇرى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان «سۇرىيىلىك مۇناخ» لىبان ئاتا «قاغاننىڭ يېنىدا دىن ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.» پىلانكارپىن دەل چىڭغاي بىلەن خادانىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق موڭغۇل ئوردىسىغا ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. گۈيۈك خاننىڭ پىلانكارپىنغا بەرگەن جاۋابى ۋە ۋاتىكانغا ئەۋەتكەن خېتى پىللىئوت ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە يېقىندا ۋاتىكان ئارخىپخانىسىدىن تېپىلدى. لېكىن، بۇ خەتتە گۈيۈكخان خىرىستىئان دۇنياسىغا نىسبەتەن نىيىتىنى بۇزغانىدى. موڭغۇل قاغان بۇ خەتتە تەھدىت سالىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، پاپا ۋە خىرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ شاھزادىلىرىدىن تارقىتىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەرنى توختىتىشنى، ئۇ تۇرغان جايغا كېلىپ ئۆزىنى تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. گۈيۈكخان ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىي ھاكىمىيەت دەپ قارىدى. ئۆزىنى «تەڭرى» گە ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان ئادەم، ئىلاھلارنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سوتچى دەپ بىلدى. پىلانكارپىن گۈيۈك خاننىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «سېرىق ئوردا» دىن ئايرىلىپ يولغا چىقتى ھەمدە ۋولگا

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ئارقىلىق 1247 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە كەلگەندە باتۇخاننىڭ قارارگاھىغا يېتىپ باردى. ئاندىن كېيىنۋتىن ئۆتۈپ غەربكە قايتتى.

ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە ئەرمىنىيە پادىشاھى ھىتھۇم لىر ئىنىسى سىمپاد مارشالنى گويۇك خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى (ئۇ 1247 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى بېرىش ـ كېلىش بىلەن ئۆتكەتتى). بۇ ئەلچى موڭغۇللارغا ئىتتىپاقداش بولۇشنىڭ خرىستىئان دۇنياسىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پىلانكارپىنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بىلگەندەك ئىدى. گويۇكخان ئۇنى تەكەللۇپ بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا ھىتھۇم لىرغا بىر پارچە سالام يوللاپ، موڭغۇل قاغان مەزكۇر دۆلەتنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇققا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈردى. سىمپاد بۇ نۆۋەتتىكى سەپەردە 1248 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى، سىپرۇس پادىشاھى ھېنرىخ I گە سەمەرقەنتتىن بىر پارچە خەت يوللىدى (بۇ خەت ھازىرغىچە ساقلاقلىق). ئۇ بۇ خەتتە موڭغۇل ئوردىسىدا ۋە ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىستورى دىنىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. خەت «شەرقتىكى خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ قاغاننىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى، قاغاننىڭ ئۇلارنى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى باج ـ خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ھېچكىمنىڭمۇ ئۇلارنى بوزەك قىلىشىغا رۇخسەت يوق دەپ جاكارلىغانلىقىنى» دەلىللىدى. گويۇكخان پىلانكارپىندا سۈرلۈك ئادەم ئىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلدى. رەشىدىددىنمۇ بۇنى ئىسپاتلىدى. ئۇ قەيسەر، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە ئامراق، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە باشقىلارنىڭ تارلىقى كېلىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، قورقۇنچاق ئوگداي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ئانىسى نائىب بولغان چاغلاردا، ھاكىمىيەت

www.uyghurkitap.com

ئوچۇق قويۇۋېتىلگەنىدى، ئۇ بوۋىسى چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىنى قاغان بىلەن خانلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئىزچىل گۇمانلىنىپ يۈرگەن تاغىسى تېمۇگە ئوتچىگىننى چېكىپ باقتى. چۈنكى تېمۇگە ئوتچىگىن بىر چاغلاردا نائىبلىق ئورۇندا تۇرغان خانىشقا زەربە بەرمەكچى بولغان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى جازالىغانىدى. ئىلىدىكى خانۋاڭ چاغاتاي ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا (1242 ـ يىلى) ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى نەۋرىسى قاراھىلاكۇ (مۇتۇگەننىڭ ئوغلى، مۇتۇگەن 1221 ـ يىلى باميانىنى قورشاش جېڭىدە ئۆلگەنىدى) غا قالدۇردى. گۇيۇكخان بۇ خانلىقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىپ قاراھىلاكۇنى ئورنىدىن ئېلىۋەتتى ۋە بۇ خانلىقنى چاغاتاينىڭ كىچىك ئوغلى، ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى يىسۇمەڭگۇغا ئېلىپ بەردى (1247 ـ يىلى). ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەلجىگدەينى ئىرانغا ماڭدۇرۇپ، ئۇنى 1247 ـ يىلىدىن 1251 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار نامى بىلەن موھان رايونىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بەيجۇ سانغۇنغا ھەمراھ قىلدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئۇنى بەيجۇدىن يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىپ قويدى. يىراق شەرقتە بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە مالىيىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەمەلدار ئابدۇراخماننى خىيانەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەپ قەتلى قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەھمۇت يالۋاچنى دەسسەتتى. كېرەي قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان نىستۇرى دىنىنىڭ مۇخلىسى چىڭغاينى قايتىدىن ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. ئۇ دەل مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقاندا پىلانكارپىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. بېقىندى دۆلەت خەلقلىرىگە كەلسەك، گۇيۇكخان گرۇزىيەنى خانلىقنى تالىشىدىغان ئىككى رىقابەتچىگە بۆلۈپ بەردى. داۋىد لاچا كارتىلىغا ئىگە بولدى؛ رۇستەم خانىشنىڭ ئوغلى داۋىد نارىن ئىمگۇنتىنى ساقلاپ قالدى؛ كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىدا (كونيادا)

خانلىق ئورنى قىلىچ ئارسلان IV گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇڭغىچە خانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن كەيكاۋۇس II بۇنىڭدىن قۇرۇق قالدى.

چىڭگىزخان جەمەتىدىكى باشقا توپلار ھەدەپ كېڭىيىۋاتقان ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، گۈيۈكخان بۇ ھوقۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن جوجى جەمەتىنىڭ، يەنى چوڭ ئوغۇل جەمەتىنىڭ داھىيسى باتۇخان بىلەن تىركىشىپ قالدى. 1248 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى بىراقلا بۇزۇلدى، ھەر ئىككى تەرەپ جەڭگە تەييارلاندى. گۈيۈكخان ئىمىل دەرياسى ساھىلىدىكى سويۇرغال يەرلىرىم تەھدىت ئاستىدا قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ، قاراقۇرۇمدىن غەربكە قارىتىپ قوشۇن تارتتى. تولى جەمەتىنىڭ «داھىيسى» مەلىكە سورقاقتانىنىڭ مەخپىي خەۋەر بېرىشى بىلەن، باتۇخانمۇ سىمىرىتچېي (يەتتە سۇ ۋادىسى)غا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئالمىلىقتا، يەنى ھەييالىنىڭ بېرىسىدىكى يەتتە كۈنلۈك يولغا يېتىپ باردى. بارتولدىنىڭ قارىشىچە، بۇ يەر شۈبھىسىز ئىلى دەرياسى بىلەن ئىسسىقكۆل ئارىسىدىكى ئالاتاۋادا ئىدى. بىر قېتىملىق قەھرلىك ئېلىشىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە گۈيۈكخان بەك بالدۇرلا كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، بەشبالىقتىن يەتتە كۈنلۈك نېرىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بارتولدىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، گۈيۈكخاننىڭ ئۆلۈڭگو دەرياسى بويىدا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. پىللىئوت ئەپەندى بولسا ئۇنى بەشبالىق (گۇچېڭ) نىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۆلدى دەپ قارىدى (گۈيۈكخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى 1248 - يىلى 4 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق ۋاقىت 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىلەن 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنلىرى ئارىسىدا دېيىلىدۇ). گۈيۈكخان ئۆلگەن چاغدا 43 ياشتا ئىدى.

ئېھتىمال، بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ياۋروپانى بىر قېتىملىق بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇ يالغۇز قىپچاق خانىنى يوقىتىشنىلا ئەمەس، بەلكى پىلانكارپىنىنىڭ دەلىللىگىنى بويىچە خرىستىئان دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشنىمۇ ئويلىغانىدى. نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ غەربكە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدى. ئەكسىچە تولى جەمەتىدىكى خانلارنىڭ تەختكە چىقىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا مۆڭكىخان، قۇبلايخانلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى بىلەن موڭغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ ئاساسىي تىرىشچانلىقى شەرق تەرەپكە بۇرۇلدى.

## § 8 . ئوگۇل قايمىشنىڭ نائىب بولۇشى

گۈيۈكخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇل قالغان خانىشى ئوگۇل قايمىش (دوھسۇننىڭ قارىشىچە، ئۇيراتلاردىن، پىللىئوت ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، مېركىت قەبىلىسىدىن) ھاكىمىيەتكە مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىنى رەسمىي ھالدا زىممىسىگە ئالدى. ئۇ 1250 - يىلى تارغاباتاي، ئىمىل دەرياسى ۋە قوباق دەرياسى بويىدىكى ئوگداي خانلىقىنىڭ سۇيۇرغال يېرىدە فرانسىيە كارولى سانت لىيۇئىس ئەۋەتكەن ھەمدە ئىران (تەبرىز) ۋە تالاس دەرياسى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن دومىنىكا دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ موناخلىرى ئاكا - ئۇكا لۇڭجۇمۇي بىلەن (ئاندرىي ۋە گوللى ياكى گوللاۋۇم) يوھان كارتكىسسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ فرانسىيە كارولى تەقدىم قىلغان سوۋغا - سالاملارنى ئولپان قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تولا تارتىشىپ ئولتۇرماي ئۆزىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەلچىلەر ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 1251 - يىلى 4 - ئايدا سانت لىيۇئىس تۇرۇشلۇق قەيسەرىيەگە قايتتى.

ئوگۇل قايمىش قاغانلىق تەختىنى ئوگداي جەمەتىدىكى

شاھزادىگە ياكى گۈيۈكنىڭ جىيەنى شىرىمۇنغا ۋە ياكى ئۆزى بىلگەن گۈيۈكتىن تۇغۇلغان (ئۆسمۈر ھالەتتىكى) ئوغلى قۇچاغا بېرىشكە ئۇرۇندى. لېكىن، چىڭگىزخان جەمەتىدە ئۆزىنىڭ ئاقساقاللىق نوپۇزى بىلەن مۇھىم رول ئويناۋاتقان باتۇخان ئۇگداي جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە بەل باغلاپ، تولىنىڭ تۇل قالغان خانىشى سۇرقاقتان بىلەن تىل بىرىكتۇردى. كېرەي قەبىلىسىدە تۇغۇلغان بۇ مەلىكە (ۋاڭ خان توغراۋۇلنىڭ جىيەن قىزى) مۇشۇ قەبىلىدىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ئايال ئىدى. گۈيۈكخان تېخى يېقىندىلا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى شاھزادىلەرنىڭ قانۇن - ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، مۇشۇ ئايالنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، تولى جەمەتىنى باشتىن - ئاياغ ھېچنېمە قىلالمىدى. بۇنى گۈيۈكخانمۇ ئىسپاتلىدى. شۇڭا، باتۇخان ئەمدىلىكتە شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلدى دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. مەلىكە باتۇخاندىن ئۆزى بىلەن تولىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى شاھزادە موڭكىخاننى قاغان قىلىپ سايلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. باتۇخان 1250 - يىلى ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى ئالمىلىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئىشنى مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك توغرىلىدى. بىراق، موڭكىخاننىڭ سايلىنىشى (يۈەن شىيەنزۇڭ) پەقەت جۇجى جەمەتى بىلەن تولى جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىلا چىقارغان قارار ئىدى. بارتولد دىققەت قىلغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇگداي خانلىق جەمەتى بىلەن چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا قاتناشمىدى ياكى بولمىسا قۇرۇلتايدىن بۇرۇنلا ئالمىلىقتىن كېتىپ قالدى. ئۇلار موڭكىخاننىڭ قاغان بولۇپ سايلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، قۇرۇلتاي چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ مۇقەددەس ماكانىدىن بەك يىراقتا چاقىرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار تولۇق ئەمەس دېگەننى باھانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، موڭكىخاننى ئېتىراپ قىلىشتىن قەتئىي باش تارتتى. باتۇخان ئونان دەرياسى بىلەن قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى مۇقەددەس جايدا ئالدىنقى قېتىمقىدىن كۆپ ئادەم قاتناشقان يەنە بىر قۇرۇلتاي چاقىردى. بۇ نۆۋەت ئوگداي خانلىق جەمەتى بىلەن چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلدى، لېكىن بۇ تەكلىپ - تەلەپلەرنىڭ رەت قىلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

باتۇخان ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى پىسەنت قىلماي، ئىنىسى بىركىگە قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى كوتاۋئالان دېگەن جايدا قۇرۇلتاينى چاقىرىۋېرىشنى ھاۋالە قىلدى. ئوگداي جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرى نارازىلىق بىلدۈرگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىمپېرىيىدىكى خانلىق ئورنىدىن چەتكە قېقىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ھەمدە چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ ئاتامانى يىسۇمەنگۇنىڭ ۋەكىللىرى ئوگداينى قوللايمىز دەپ غۇلغۇلا قىلىشقان بولسىمۇ، بىركى يەنىلا موڭكىخاننى قاغان دەپ جاكارلىدى (جۇۋەينىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ 1251 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىدى). شۇنداق قىلىپ ئىمپېرىيە ئوگداي جەمەتىدىن تولۇي جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇنداق ئوڭاي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب، ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ قانۇنلۇق ئەزالىرى سەزگۈر شەخس موڭكىخاننىڭ قارشىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كارغا كەلمەيدىغان ياش ئىلكىخانلاردىن ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويغانلىقىدا ئىدى. شۇنداقلا خانىش نائىبلىق قىلغان مەزگىلدە، باتۇخان چىڭگىزخان جەمەتىدىكى پېشقەدەم ۋە چوڭ ئوغۇل نەسەبىدىكىلەرنىڭ داھىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ گېپى ھېساب بولىدىغان مۇستەبىتلىك ھوقۇقنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ قولغا كەلتۈرگەنىدى. لېكىن، تولۇي خانلىق جەمەتىنىڭ ئوگداي خانلىق جەمەت ئورنىغا چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىق دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى ئاساسلىق قۇربان

بەرگۈچىلەرگە سوكۇت قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇلار قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ شاللانغان ئەزالىرى، ئالايلۇق، شىرىمۇن، قۇرۇلتاي تامامىلانغاندىن كېيىن كۆرۈنۈشكىلا قاغاننى تاۋاپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچ ئىشلىتىپ قاغاننى قولغا ئالغۇسى ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتكۇسى بار ئىدى. لېكىن، بۇ سۇيىقەست پاش قىلىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قورالسىزلاندۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، مەسىلەن، خادا بىلەن چىڭغاي ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىندى، قالغانلار نەزەربەندكە چۈشتى.

موڭكىخان دادا جەمەت بۇ بەختسىز تۇغقانلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ نائىب خانىش ئوگۇل قايمىشتىن نەپرەتلىنەتتى (ئۇ روبىرىيۇكسقا: بۇ قانجۇقتا ئوخشاش ئەسكى ئايال، دېگەنىدى). ئۇ ئوگۇل قايمىشنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇپ سوراققا تارتتى، ئاندىن ئۇنى تاغارغا قاچىلاپ، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى (1252 ـ يىلى 5 ـ، 7 ـ ئايلار). موڭكىخاننىڭ ئىنىسى قۇبلاي شىرىمۇننى ۋاقتىنچە قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى جۇڭگودا تۇرۇۋاتقان قوشۇنغا ئېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ موڭكىخاننى هايال ئۆتمەيلا بۇ بەختسىز ياش يىگىتنى سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسۇپ قالالمىدى. گۇيۇكخاننىڭ كىچىك ئوغلى قۇچا قاراقورۇمنىڭ غەربىدىكى بىر كىچىك بازارغا پالاندى. موڭكىخان ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولغان قادانخان (ئۇ بىر چاغلاردا موڭكىخاننىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەلجىگىدەينى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانىدى) نى ئۆلتۈرۈشتىن يالتايدى، قايدۇغا تېخىمۇ تەگمىدى. بۇ ئىككىيلەن ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ ئىمىل دەريا ۋادىسىدىكى سۇيۇرغال يەرلىرىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن، قايدۇ كېيىنچە قانۇنلۇق هاكىمىيەتنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ، موڭكىخاننىڭ مىراسخورلىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئاۋارىچىلىككە سالدى. بۇنىڭدىن باشقا موڭكىخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشلىقى، بىر زامانلاردا ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

قارشى چىققان يىسۇمەنگۈنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاغاتاي خانلىقىدىكى باشقا بىر ئائىلىدىن بولغان قاراھۇلاكۇنى چىقاردى. قاراھۇلاكۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تۇل قالغان خانىش ئورقانا داۋاملاشتۇردى (1252 - يىلى). چاغاتاي خانىنىڭ بىر نەۋرىسى بۆرى باتۇخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇ ياۋروپادىكى ئۇرۇشتا باتۇخاننى ھاقارەتلىگەنىدى.

## § 9. موڭكىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (1251 — 1259 - يىللار)

موڭكىخان تەختكە ئولتۇرغاندا ئەمدىلا قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇ چىڭگىزخاندىن كېيىنكى قاغانلار ئىچىدە دىققەتكە سازاۋەر قاغانلارنىڭ بىرى بولۇپ چىقتى. ئۇ كەم سۆز، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇققا قارشى تۇرىدىغان، ئوۋ قىلىشقا ئامراق، بوۋىسىنىڭ قانۇن - پەرمان (ياساق) ۋە پەندى - نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجرا قىلىدىغان ئادەم ئىدى، شۇنداقلا ئۇ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان داھىي، كەسكىن ھەمدە ئادىل مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىدى (ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ گەدىنىدىكى غايەت زور قەرزنى تۆلىۋەتتى، لېكىن باشقىلاردىكى قەرزنى ھەرگىز ئۇندۇرەلمىدى). ئۇ تەۋرەنمەيدىغان، ئاقىل سىياسەت قوللاندى، ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. چىڭگىزخان تىكلەپ بەرگەن قۇدرەتلىك تۈزۈلمىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىدىكى مىللىي خاراكتېرنى قولدىن بەرمىدى (لېكىن، ئۇنىڭ مىراسخورى قۇبلايخان ئۇنداق قىلمىدى)، ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن مۇستەھكەم مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئورناتتى ۋە ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە بۈيۈك رەسمىي دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئۇ

هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللاردا، ئۇنىڭ زىمىسىدىكى باتۇخانغا قەرز بولۇپ قالغان مەجبۇرىيەت (باتۇخان ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قاغانلىققا كۆتۈرگەن) بارتولدنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، قانۇنىي جەھەتتىن دېيىلمىگەندىمۇ ھېچبولمىغاندا ئەمەلىي جەھەتتىن ھاكىمىيەتتىكى پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پاكىت شۇنداق ئىدىكى، باتۇخان بالقاش كۆلىنىڭ غەربىدە مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى.[1] لېكىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، كىچىككەندىمۇ 1255 ـ يىلىدىن باشلاپ، موڭكىخان موڭغۇل دۇنياسىدا ئەمەلىي ھوقۇق تۇتقان بىردىنبىر قاغان بولۇپ قالدى. چىڭگىزخان جەمەتىدىكى سۇيۇرغاللىق يەرنىڭ خوجىلىرى ئۆزلىرىدە باج ـ خىراج تاپشۇرمايدىغان ھوقۇق بار دەپ قارىدى ياكى بولمىسا يىغىۋالغان يەرلىك باجنى مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار بىلەن تەڭ بۆلۈشىدىغان ھوقۇقىمىز بار دەپ كۆرەڭلىدى، لېكىن موڭكىخان مۇنداق قىلمىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۇ تېخىمۇ ئۇزۇنراق ياشىغان بولسا، ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ يولغا قويغان سىياسەتنى داۋاملاشتۇرغان بولسا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىراق، شەرق، تۈركىستان، ئىران ۋە رۇسىيە قاتارلىق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتمەي، نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ قالغان بولاتتى.

نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئانىسىنىڭ كېرەي قەبىلىسىدىن بولغا سۇرقاقتان مەلىكىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان موڭكىخان نىستۇرى دىنىغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇ نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىرايت قەبىلىسىگە مەنسۇپ

① ساياھەتچى رۇبرۇكنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، موڭكىخان بىلەن باتۇخان ھەققىي مەنىدىكى ئىككى مەنبەجىلىك ھاكىمىيەتنى يولغا قويىدى. لېكىن موڭكىخان رۇبرۇكقا: «ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى بولىدۇ، لېكىن كۆز ئىككى بولغان بىلەن ئۇنىڭ نۇرى بىر بولىدۇ» دېگەنىدى. بىراق، سىياسىي شىجائەت بىلەن ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە موڭكىخان باتۇنىڭ كۆمۈش تەڭگە توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلغان ئىدى. بۇ ئىككىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەرلەرنىڭ چېگرىسى ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالى بىلەن ئالاتاۋ تەرەپتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بولخاينى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەنە بۇددا دىنى بىلەن تەرىقەتچىلەرگىمۇ ياردەم قىلدى. 1251 - يىلى بىلەن 1252 - يىل ئارىسىدا، ئۇ ئۆز ئوردىسى ئىچىدە بىر نەپەر تەرىقەتچى روھانىينى دىن بېشى ۋە بىر نەپەر موناخنى «دۆلەت ئۇستازى» قىلىپ ئىشقا قويدى. ئالدىنقىسى روھانىي لى جىڭچاڭ، كېيىنكىسى «غەرب» لىك نامۇ دەپ ئاتىلىدىغان لاما ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، قاغان لى جىڭچاڭنى ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. موڭكىخان 1255 - يىلى قاراقورۇمدا نامۇلاما بىلەن روھانىيلارنىڭ مۇنازىرىسىگە ئىشتىراك قىلدى. 1256 - يىلى قاراقورۇمدىكى قاغان ئوردىسىدا بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. موڭكىخان روبىرىيۇكسقا «بارلىق دىنلار قولىمىزنىڭ بەش بارمىقىغا ئوخشايدۇ» دېگەن ھەمدە بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا: «بۇددا دىنى قولىمىزنىڭ ئالقىنى، باشقا دىنلار بارماق» دەپ تەكىتلىگەنىدى. شۇڭا، موڭكىخان بۇددا دىنى بىلەن تەرىقەتچى روھانىيلارغا تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ 1255 - يىلىدىكى مۇنازىرىدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. چۈنكى شۇ قېتىمقى يىغىندا تەرىقەتچى روھانىيلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى سەپسەتىلىرى ئۈزۈل - كېسىل رەددىيە يېگەنىدى. شۇنداقتىمۇ موڭغۇل قاغانلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىشى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇ موناخ كەي يۈەنتى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ داھىيلىقىغا، موڭغۇللارنىڭ مەنپەئىتىگە سادىق يەنە بىر شەخسنى تەرىقەتچى روھانىيلارنىڭ دىنىي باشلىقىغا تەيىنلىدى.

## § 10 . روبىرىيوكسنىڭ ساياھىتى

موڭكىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە سانت ليۇيس خىرىستىئان دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېر گوللاۋرم روبىرىيوكسنى دىپلوماتىك خادىم سۈپىتىدە موڭغۇل زېمىنىغا يولغا سالدى. روبىرىيوكس 1253 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كونستانتىنپولدىن چىقىپ كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىتالىيىلىكلەر قىرىمىيە يېرىم ئارىلىدا قۇرغان سودا پونكىتىغا كەلدى (5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سوداكقا يەتتى) . قىرىمىيە سىرتىدىكى رۇسىيە يايلاقلىرىغا، يەنى دەشتى قىپچاققا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىر دۇنياغا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىكى بىر جايغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. قىپچاق تۈركلەر تۇركۈملەپ قىرغىن قىلىنغاندىن كېيىن يايلاققا ئايلىنىپ قالغان بۇ جەزىرىنىڭ چەت چېتىدە تۇيۇقسىزلا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان موڭغۇل ئاتلىقلىرى كۆرۈندى. «ئۆزۈمنىڭ تاتارلار ئارىسىدا ئىكەنلىكىمنى تۇيغان چېغىمدا، خۇددى ئۇ ئالەمگە ماڭدۇرۇلغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم.» روبىرىيوكسنىڭ موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلار ھەققىدىكى بايانلىرى كلاسسىك ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇلار دوناي دەرياسىدىن يىراق شەرققىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالغان سېكتايلار تېررىتورىيىسىدە تارقاق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ھەرقايسى تۈتۈن باشلىقلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئادىمىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئۆز ئوتلاقلىرىنىڭ دائىرىسىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، شۇنداقلا ئۇ يەردە پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ توختاپ ئۆتىدىكەن. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە جەنۇبتىكى ئەڭ ئىسسىق جايلارغا كېتىدىكەن. ياز پەسلىدە شىمالغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۆتكىلىدىكەن» . روبرىيۇكس يەنە موڭغۇللارنىڭ چېدىر ئۆيلىرىنى تەسۋىرلەپ: ئۇنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭىدىكەن، مەلۇم بىر جايغا توپلاشقان چاغدا بەئەينى مىدىرلاپ تۇرغان بازارلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن، دېدى. موڭغۇللارنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىشلارنى خرىستىيان دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىيونېرلار تېخىمۇ ياخشى بايان قىلدى: «ئەرلەر بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چېچىنى تۆت چاسا قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، قالغان چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئىككى چېكىسىدىن قۇلىقىنى بويلىتىپ پەسكە قويۇپ بېرىدىكەن» . قىشتا ئۇلار جۇۋا كىيىدىكەن، يازدا جۇڭگودىن توشۇپ كەلگەن يىپەك ماللاردىن كىيىم قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار موڭغۇللارنىڭ مىللىي ئىچىملىكى قىمىز ھارىقى بىلەن ئۈزۈم ھارىقىنى قانماي ئىچىدىغانلاردىن ئىكەن.

روبرىيۇكس 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋولگا دەرياسىغا ئۈچ كۈنلۈك يەردە باتۇخاننىڭ ئوغلى سارتاغنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى. گەرچە خرىستىيان دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكىلەر سارتاغنىڭ نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر بولسىمۇ، لېكىن ئوردىدىكى «ئاساسلىق ۋەزىرلەردىن بىرى» نىستۇرى مەزھىپىدىكى كۇيات ئاتلىق خرىستىيان مۇخلىسى روبرىيۇكسنى خان بىلەن كۆرۈشتۈردى. ناۋادا بىز روبرىيۇكسنى سارتاغنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا قاراپ، بۇ يەردە «چېركاۋ رىتسار»لىرىدىن بىرنى كۆرگەندەك بولدى دېسەك، بۇ ئەينەنلىك بولمايتتى. چۈنكى بۇ خان غەربنىڭ ئىشلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغانلاردىن ئىدى. روبرىيۇكس خرىستىيان دۇنياسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك خان پادىشاھ ئالىيلىرى دېگەندە، سارتاغ ھازىر زومىگەرلىك ھوقۇقى سانت لۇئىسنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى دەپ جاۋاب بەردى. روبرىيۇكس سارتاغنىڭ قارارگاھىدىن قوزغىلىپ ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتتى ھەمدە دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، باتۇخاننىڭ قارارگاھىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «باتۇخان ئېگىز بىر ئورۇندۇقتا

ياكى كارۋات چوڭلۇقتىكى ئالتۇن رەڭلىك تەختتە ئولتۇردى، ئۇ يەر ئۈستىدىن ئۈچ پەلەمپەي ئېگىز ئىدى، باتۇخاننىڭ يېنىدا بىر ئايالنى كۆردۈم، قالغان ئاياللار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئالغانىدى» . باتۇخان رۇبىرۇكنى موڭكىخاننىڭ ئوردىسىغا ماڭدۇردى. خرىستىئان دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ مىسسىئونېرى يېيىق دەريا ياكى ئورال دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئاسىيا يايلاقلىرىغا، «دېڭىزغا ئوخشاش پايانسىز دەشتكە» قەدەم قويدى. ئۇ چۇ دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، تالاس دەرياسىدىن ئالتە كۈنلۈك يەردە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتتى. ئاندىن مۇشۇ دەريانىڭ قىرغىقى بىلەن تاجىكلار تۇرىدىغان ئىچيۇۋس قەلئەسىگە كەلدى. بارتولدنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرغىنىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەلئەنىڭ قەشقەرگە تەۋە يەتتە ئوغۇز شەھىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ ھەيىيالغا باردى ۋە ئۇ يەردە نىستۇرى دىنىدىكىلەرنىڭ تازا گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان چېركاۋىنى كۆردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئادەملەرنىڭ ھە دەپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. رۇبىرۇكس ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «تاتارلار (موڭغۇللار) ئۇلارنىڭ خېتىنى ۋە ھەرپىنى ئىشلىتىدىكەن. موڭغۇللارنىڭ قاغان جانابلىرىغا (سانت ليۇئىس) يازغان خەتنىڭ تىلى موڭغۇلچە، لېكىن يېزىقى ئۇيغۇرچە» دېدى.

1253 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، رۇبىرۇكس ھەيىيالدىن يولغا چىقىپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىنى ئايلانغاندىن كېيىن، ئىمىل دەرياسى ياكى تارباغاتاي رايونىدىكى ئوگداي جەمەتىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەر ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى قاپتىلىدىن باشلىنىدىغان قەدىمكى نايمان دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىدى. رۇبىرۇكس ئاقىۋەت موڭكىخاننىڭ ئوردىسىغا يەتتى. 1254 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قاغان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىزنى ئوردىغا باشلاپ كەلگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشىككە تارتىلغان مىلەڭزە قايرىلدى. بىز مۇقەددەس قوشاقلارنى توۋلاپ تۇرۇپ ئىچكىرى كىردۇق. يەر يۈزىگە ئالتۇن رەڭلىك كىگىز ـ كېچەكلەر سېلىنغانىدى، ئوتتۇرىدىكى ئوچاقتا سوكسۇك، ئاپىدىيان يىلتىزى ۋە كالا تېزىكى كۆيىۋاتاتتى. نۇر چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن قاغان كىچىككىنە كارۋات ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىيگەنلىرى قارىماققا تيۇلىن تېرىسىدىن تىكىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، بۇرۇن چاناقلىرى كىرىلگەن ۋە پەسكە تارتىلغان، قىرىق بەش ياشلاردىكى ئادەم ئىدى. قاغان بىزگە گۇرۇچتىن ياسىغان، ئاق ئۈزۈم ھارىقىدەك سۈزۈك ۋە ئازراق تاتلىق تەمى بار سېرىق ھاراق سۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ياۋا ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ گۆشى كەلتۈرۈلدى. قاغان بۇلارغا دىققەت بىلەن بىر ھازا زەن سالدى. ئاخىرىدا ئۇ بىزگە گەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەرجىمانى نىستۇرى دىنى مۇخلىسى ئىدى.»

روبىرىيۇكس موڭكىخانىنىڭ ئوردىسىدا (فرانسىيە) لورنايىن ئۆلكىسىنىڭ مىترا ناھىيىسىدىن كەلگەن پاچىۋىت ئىسىملىك بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ ھەيران قالدى. ئۇ رۇسىيىلىك ئارخىتېكتورنىڭ ئايالى بولۇپ، قاغاننىڭ نىستۇرى دىنىدىكى كېنىزىكىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ۋېنگىرىيىدىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى. روبىرىيۇكس قاراقۇرۇمدىكى ئوردىدا پارىژلىق زەرگەر گوللاۋۇم بوچىرنى يولۇقتۇردى. ئاكىسى پارىژنىڭ «كۆبرۈك كوچىسى» دا ئولتۇرىدىغان بۇ ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نائىب خانىش سۇرقاقتان ۋە موڭكىخاننىڭ كىچىك ئىنىسى ھەمدە خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىدىغان ئارىغ بۇقا قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلغانىدى. روبىرىيۇكس ئوردىدىكى بايراملىق زىياپەتتە نىستۇرى مىسسىئونېرلىرىنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن قاغانغا ھاراق تۇتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالارغا ۋە «غەيرىي دىن» دىكى موناخ تەرىقەتچىلەرگە نۆۋەت

كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. موڭكىخانمۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كېنىزىكىگە ھەمراھ بولۇپ، چېركاۋدىكى دۇئا ـ تىلاۋەتلەرگە قاتنىشاتتى. «ئۇ يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئالتۇن رەڭلىك كارىۋاتنى تەييار قىلىپ قويغان بولاتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى خانىش مېھراتچا يۈزىنى قىلىپ شۇ كارىۋاتتىن ئورۇن ئالاتتى.»

روبىرىيۇكس ئوردىدىكىلەرگە ئەگىشىپ، 1254 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاراقۇرۇمغا باردى. ئوردىدىكى موڭغۇللار ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان زەرگەر گوللاۋۇم بوچىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە «ئۇ ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇنىڭ ئايالى ۋېنگرىيىدە تۇغۇلغان ساراسىنلىق (ئەرەب) ئىدى. بۇ ئايال فرانسوز تىلىنى ۋە كومان تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. بىز ئۇ يەردە يەنە بىر ئەر كىشىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ ئەنگلىيىلىك بىرسىنىڭ بازىل ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ چىققتى. ئۇمۇ ۋېنگرىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى تىللارنى ئوبدان بىلەتتى.» 1254 ـ يىلى كاتولىك بايرىمىدا، روبىرىيۇكسنىڭ قاراقۇرۇم نىستۇرى چېركاۋىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. «زەرگەر گوللاۋۇم بۇۋى مەرىيەمنىڭ ھەيكىلىنى فرانسوزچە ياساپ چىققانىكەن، «نىستۇرى چېركاۋىدىن بۆلەك، قاراقۇرۇمدا يەنە ئىككى مەسچىت، ئون ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە «بۇتقا چوقۇنىدىغان» باشقا بۇتخانىلارمۇ بار ئىكەن. روبىرىيۇكس مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغدا ئارىغ بۇقا بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تاپتى. ئۇ قاغان جەمەتىدىكى خانلارنىڭ ئارىسىدا خرىستىئان دىنىغا ئەڭ ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن ئىدى. «ئۇ بىزگە قولىنى ئۇزارتتى. بىزنىڭ ئېپىسكوپلىرىمىزغا ئوخشاش ئۆز قولى بىلەن كرېست شەكلىدە چوقۇندى.» مەلۇم بىر كۈنى روبىرىيۇكسنىڭ كۆز ئالدىدا مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە باشلىنىپ قالدى. ئارىغ بۇقا ئاشكارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالدا خرىستىئانلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1524 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كاتولىك بايرىمىنىڭ هارپىسىدا، رۇبرىيۇكس موڭكىخان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۈچ نەپەر باھالىغۇچىنىڭ ئالدىدا، قاراقۇرۇمدىكى ئوچۇق سورۇندا زور كۆلەمدىكى بىر نۆۋەتلىك دىنىي مۇنازىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇنازىرە داۋامىدا، ئۇ بىر خۇدالىق مەۋقەدە تۇرۇپ، مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە بۇددا دىنىنىڭ پەيلاسوپلىرىغا قارشى چىقتى.

رۇبرىيۇكس 1254 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قاراقۇرۇم بىلەن خوشلىشىپ موڭكىخاننىڭ سانت لىۋئىسقا يازغان: «كېرەملىك تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت، زەڭگەر كۆكتە پەقەت بىرلا خۇدا بولىدۇ. زېمىن ئۈستىدە پەقەت بىرلا قاغان بولىدۇ. چىڭگىزخان خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن مەزمۇندىكى خەتنى ئېلىپ يولغا چىقتى. موڭكىخان كېرەملىك تەڭرى ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى بولغان قاغاننىڭ نامى بىلەن فرانسىيە پادىشاھىدىن ئۆزىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. رۇبرىيۇكس بۇ خەتنى كۆرۈپ، ئىككى ئاي ئالتە كۈن دېگەندە قاراقۇرۇمدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. دەريادىن ئۆتىدىغان چاغدا، قاغاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، موڭكىخاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ئەرمىنىيە پادىشاھى ھېنھۇم لىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ 9 ـ ئايدا باتۇخاننىڭ قارارگاھىغا باردى. لېكىن، بۇ چاغدا باتۇخان يېڭى تۇرالغۇ جايى بولغان سارايغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. رۇبرىيۇكس ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ ئالانلارنىڭ زېمىنى ۋە داربەن جىلغىسىدىن ئۆتۈپ موھان تۈزلەڭلىكىگە باردى ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىرانغا ئەۋەتىلگەن باش قوماندان بەيجۇ نويون بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن بۇرۇنراق تەبرىزگە بېرىپ يۈز كۆرۈشكەن موڭغۇللارنىڭ ئىراندىكى خەلق ئىشلار ئەمەلدارى ئارغۇن ئاغا تەرجىمانلىق قىلدى. نەخشۋەندىن

ئۆتۈۋاتقاندا مىلاد بايرىمىغا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ يەردىن چىقىپ ئەرزەندىجان، قەيسەرىيە ۋە كونيا قاتارلىق جايلاردىكى سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئەرمىنىيىگە باردى. لاياستا كېمىگە ئولتۇرۇپ سىپرۇس پادىشاھلىقىغا قايتتى.

روبىرىيۇكس يولدا ئۇچراشقان ئەرمىنىيە (ئەرمىنىيىلەشكەن سىلىسىيە) پادىشاھى ھېتھۇم لىر ئۆزىنىڭ روبىرىيۇكستىن ياخشىراق دىپلوماتىيە خادىمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى روبىرىيۇكس موڭغۇللارنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ۋەھىمىلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ھالبۇكى، پەملىك ئەرمىنىيە پادىشاھى دەل مۇشۇ خىل ئارىلىشىشنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ خرىستىئان دۇنياسىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا قارشى تۇرماقچى بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن خارىسقا باردى. ئۇ يەردە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق باش قوماندانى بەيجۇ نويۇن (1253 ـ يىلى) بار ئىدى. ئاندىن داربەن جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى باتۇخاننىڭ قارارگاھىغا كەلدى. داۋاملىق مېڭىپ، قاراقۇرۇمنىڭ يېنىدىكى موڭكىخاننىڭ ئوردىسىغا كەلدى. «شان ـ شۆھرىتى چېكىگە يەتكەن» قاغان، 1254 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇنى قوبۇل قىلدى.

موڭكىخان ئۆزىگە بەيئەت قىلغان بۇ سادىق پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئوبدان چىقتى ۋە ئۇنىڭغا «يارلىق» تەقدىم قىلدى. ئەرمىنىيىلىك يىلنامىچى كراكۇس: «يارلىقنىڭ ئۈستىگە قاغاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان، ھېتھۇمنىڭ ئۆزىگە ياكى دۆلىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغان، ئۇ يەنە خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىگە ھەرقانداق جايدا باج ـ خىراج كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىق توغرىسىدا گۇۋاھنامە بەرگەن» دەپ يازدى. يەنە بىر ئەرمىنىيە تارىخچىسى مىسسىئونېر «خايتۇن»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

«شەرقنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى گۈللەر» دېگەن كىتابىدا، موڭكىخان ئۆزىنىڭ مېھمىنىغا ئىنىسى ھۇلاكۇ باشلاپ ماڭغان موڭغۇل قوشۇنلىرى سېنىڭ «ئەشەددىي دۈشمىنىڭ» خەلىپىنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، بۇ مۇقەددەس جاينى خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا ئېلىپ بېرىدۇ، دەپ ۋەدە قىلغانلىقى شەرھلەنگەن. كېيىنچە بۇ ۋەدىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. ھېتھۇم لىر شۇ چاغدا ئىشەنچ بىلەن تولۇپ تاشتى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى موڭغۇل ئوردىسىدىن ئايرىلىپ، بەشبالىق (گۇچېڭ)، ئالمىلىق، ئامۇ دەرياسى ۋە ئىران ئارقىلىق 1255 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا سىلىبىيىگە يېتىپ كەلدى.

## § 11 . موڭكىخاننىڭ سۇڭ خاندانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى

موڭكىخان موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا يەنە بىر مەرتىۋە جان كىرگۈزدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق ئوگداي ئۆلگەندىن كېيىن توختاپ قالغانىدى. بىر ياقتىن، موڭكىخان 1253 ـ يىلى ئونان دەرياسىنىڭ باشلىنىش جايىدا چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا، ئىنىسى ھۇلاكۇنىڭ ئىراننى بويسۇندۇرۇش، باغداد خەلىپىلىكى بىلەن مىسوپوتامىيەنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئاندىن سۇرىيەنى بويسۇندۇرۇش لازىملىقىنى قارارلاشتۇردى. يەنە بىر ياقتىن، موڭكىخان بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر ئىنىسى قۇبلايخان سۇڭ خاندانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلىنىش لازىم، دەپ بەلگىلەندى.

مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، گەرچە خاڭجۇدىكى ئوردا

ئاجىزلاشقان، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئىقتىدارسىز، سۇڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى كۈچ - قۇدرەتتىن قالغان بولسىمۇ، خەنزۇلار موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىغا يەنىلا ئۇلار ئويلىمىغان دەرىجىدە قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. خەنزۇلارنىڭ باتۇرى مىڭ گۇڭ (1246 - يىلى ئۆلگەن) موڭغۇللارنىڭ قولىدىن خەنشۈيىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان مۇھىم شەھەر شاڭياڭنى تارتىۋالدى (1239 - يىلى). ئۇ سىچۈەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى موڭغۇللار بىلەن ئۇزۇنغىچە تالاشتى. چېڭدۇ ئىككى قېتىم قولدىن كەتتى، پەقەت 1241 - يىلىغا كەلگەندىلا موڭغۇللار تەرىپىدىن رەسمىي ئىشغال قىلىندى. جەنۇبىي جۇڭگونى غايەت زور ھەرە ئۇۋىسى دېيىشكە بولاتتى، ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ دەريا ئېقىملىرى، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرى ھەممە ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر - بازارلار بار ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇرۇش قورشاش ئۇرۇشىدىن باشقا نەرسە بولالمايتتى، بۇ ئەھۋال يايلاقتىن كەلگەن چەۋەندازلارنى تەڭلىككە سالاتتى. چىڭگىزخان جەمەتىدىن ئىلگىرىكى تۈرك - موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلار، تۆتىنچى ئەسىردىكى ئەسكەرلەر ھۇنلار ۋە سىيانپىيلار، بەشىنچى ئەسىردىكى قىتانلار، ئون ئىككىنچى ئەسىردىكى جورجىتلار شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. لېكىن، تۇبالاردىن تارتىپ جورجىتلارغىچە، جەنۇبىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. جەنۇبىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوچە تاكتىكا قوللىنىش، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ پىيادە تۇبالار بولۇش، خەنزۇلار ياكى مۇسۇلمان ئىنژېنېرلار ئىشلىتىدىغان ھەممە مەخسۇس شەھەر مۇھاسىرىسى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان «زەمبىرەكچىلەر قوشۇنى» تەييارلاش كېرەك ئىدى.

موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى خېلىلا تارقاقلىشىپ كەتكەن كۈچىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، موڭكىخان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزىنىڭ دىققىتىنى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈردى. ئىنىسى قۇبلايخان ئۇنىڭدىن تېز چىقتى. چۈنكى ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قىزىقاتتى، شۇڭا قاغاننىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ مۇشۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىنى بىر كۆرسىتىپ بېقىشقا بەل باغلىدى. 1251 ـ يىلى موڭكىخان ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان بىر قىسىم جۇڭگو زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا خېنەننىمۇ ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى (بۇ مەمۇرىي رايون بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ دائىرىسىدىن كۆپ چوڭ ئىدى. چۈنكى ئۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسى ئارىلىقىدىكى گىرىنۋىچ سىزىقى بويىچە مېرىدىئان 110° نىڭ ئىچىدىكى جايلارنى، شۇنداقلا بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋېيشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى گۇڭچاڭ ناھىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى). قۇبلايخان مۇشۇ ۋەزىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئۆزىگە كىچىكىدىن تارتىپلا باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگەتكەن خەنزۇ ئۆلىما ياۋشۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالدى. ئۆزىنىڭ خېنەندىكى سۇيۇرغاللىق يېرىدا ئۇرۇش تۈپەيلى ۋەيران بولغان دېھقانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دېھقانلارغا ئۇرۇق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە چېرىكلەرنى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئالماشتۇردى.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، ئۇ سۇڭ خاندانلىقىغا رەسمىي ھۇجۇم باشلىمىدى. ئەكسىچە موڭكىخاننىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇ سوبۇتاي باھادىرنىڭ ئوغلى ئۇرىيانقىتاي بىلەن بىللە 1252 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شېيەنشىدىن يولغا چىقىپ، سىچۈەن ئارقىلىق يۈننەنگە باردى. بۇ چاغلاردا يۈننەن جۇڭگوغا قارىمايتتى. ئۇ يەردە مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىلا يەۋقۇلئاددە بىر پادىشاھلىق شەكىللەنگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا دالى خانلىق دۆلىتى قۇرۇلغانىدى. ئۇ يەردىكى ئىرقلارمۇ

خەنزۇلارغا تەئەللۇق بولمىغان يىزۇ مىللىتى ياكى دەيزۇ مىللىتىدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىنىڭ تاغلىق دۆلىتى ئىچىدە باشتىن ـ ئاخىر تولۇق مۇستەقىللىقنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قۇبلايخان ئۇلارنىڭ پايتەختى دالى بىلەن شەنچەننى (يۈننەن مەھكىمىسى ياكى پىڭدىڭ يېزىسى) نى ئىشغال قىلدى، كېيىنكى قەلئەدە خەنزۇچە ئىسمى دۇەن شىڭجى دەپ ئاتىلىدىغان دالى پادىشاھى پاناھلىنىپ تۇرغانىدى (1253 ـ يىلى). قۇبلايخان بۇ پادىشاھنىڭ ئورنىغا تەگمىدى ۋە ئۇنى «مۇخالۇج» دەپ ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىغا بىر نەپەر «موڭغۇل» مەمۇرىي باشلىق ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ خەنزۇلاردىن تەسلىم بولغان ليۇشىجۇڭ دېگەن كىشى ئىدى. گەرچە كونا پادىشاھلىق ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل يۈننەن ھەرقايسى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرىگە ئايلاندى. ئورىيانقىتاي ئۇزۇن ئۆتمەي شىزاڭغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇلارنى، ھېچبولمىغاندا يېقىن ئەتراپتىكىلەرنى موڭغۇللارنىڭ پاترىئارخاللىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىدى.

1257 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئورىيانقىتاي ئەننەن خانلىقىغا بېسىپ كىردى (ئۇنىڭ پايتەختى خېنېي ئىدى). ئۇ يۈننەندىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ دۇڭجىڭ تۈزلەڭلىكىگە كەلگەندىن كېيىن، خېنېينى بۇلاپ ـ تالىدى (1257 ـ يىلى 12 ـ ئاي). ئەننەن پادىشاھى چېن تەيزۇڭ ئامالسىز قېلىپ دۈشمەنلىرىگە بەيئەت قىلدى (1258 ـ يىلى 3 ـ ئاي). 1258 ـ يىلى 9 ـ ئايدا موڭغۇلار يەنە بىر قېتىم قۇرۇلتاي چاقىردى. موڭكەخان سۇڭ خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى باشلاپ، شىيەنشىدىن سىچۈەنگە كىردى (1258 ـ يىلى 10 ـ ئاي) ۋە باۋنىڭنى ئىگىلىدى (بۈگۈنكى لاڭجۇڭ، تەخمىنەن 1258 ـ يىلى 12 ـ ئاي)، لېكىن جيالىڭجياڭ دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى تارماق ئېقىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشۇلىدىغان جايدىكى خېجۇ (بۈگۈنكى خېچۇەن) نــى ھەرقانچە ئېيتىششىپمۇ ئالالمىدى. مۇشۇ نۆۋەتتىكى مۇھاسىرە جەريانــدا مۆڭكىخان تولغاق بولۇپ قېلىپ داۋالاشقا مۇمكىن بولمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەلئەگە يېقىن جايدا ئالەمدىن ئۆتتى (1259 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى).

مۆڭكىخان ئۆلگەن چاغدا، ئىنىسى قۇبلايخان موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارمىقىنى باشلاپ خېبېيدىن جەنۇبقا ئاتلاندى ۋە ئېجۇ (بۈگۈنكى ۋۇچاڭ) نى قورشاۋغا ئالدى. بۇ شەھەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى خۇبېي ئۆلكىسىگە قاراشلىق خەنكۇنىڭ قارشى قىرغىقىدا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ئورىيانقىتاي (ئۇ 1257 - يىلى يىل ئاخىرىدا دۈڭجېڭ تۈزلەڭلىكىدىن يۈننەنگە قايتىپ كەلگەنىدى) يۈننەندىن گۇاڭشىغا قوشۇن تارتىپ، گۈيلىنغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن خۇنەن ئۆلكىسىگە كىرىپ چاڭشانى مۇھاسىرە قىلدى. سۇڭ خاندانلىقى شىمال، غەرب، جەنۇب ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەندە، مۆڭكىخاننىڭ ئۆلۈمى ئۇلارغا دېمىنى ئېلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. قۇبلايخان چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىس بولۇشى ۋە ئەركىن - ئازادە ياشاش مەقسىتىدە سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى جياسىداۋ بىلەن ئۇرۇش توختىتىش ياكى يارىشىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى ھەمدە چياڭجاڭ دەرياسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى قىلىپ بەلگىلىدى، ئارقىدىنلا ئۇ قوشۇننى باشلاپ خېبېيگە قايتتى.

# ئۈچىنچى باب  قۇبلايخان ۋە جۇڭگودىكى موڭغۇل خاندانلىقى

## 1 § .  قۇبلايخان بىلەن ئارىخ بۇقانىڭ ئۆزئەڭگە سوقاشتۇرۇشى

موڭكىخان ئۈچ ئىنىسى قۇبلايخان، ھىلاكۇ ۋە ئارىخ بۇقانى قالدۇرۇپ كەتتى. ھىلاكۇ 1256 - يىلىدىن باشلاپ ئىراندا خان بولۇپ ئولتۇردى. ئارىلىق ھەددىدىن زىيادە يىراق بولغاچقا، ئۇ ئىمپېرىيىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچالمىدى. موڭكىخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئارىخ بۇقا موڭغۇللارنىڭ ئانا يۇرتىنى قوغداش، ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى ۋە قاراقۇرۇمدىكى ھۆكۈمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. موڭغۇل رايونلىرىنى باشقۇرۇش جەريانىدا، ئۇ بىر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن قۇبلايخان ئالدىن قوزغىلىپ، ئۇنى بىر چەتتە قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ۋۇچاڭدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، جۇڭگو بىلەن موڭغۇللارنىڭ چېگرىسىغا، يەنى بۇگۇنكى كەيپىڭنىڭ شاڭدۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندىلا توختىدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا سالدۇرغان يازلىق ئوردىسى بار ئىدى (ئۇ چاغار بىلەن رېخېنىڭ ئارىلىقىدىكى رولنۇرنىڭ ئەتراپىدا ئىدى). 1260 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلىرى

تەرىپىدىن قاغانلىققا كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 44 ياشقا كىرگەنىدى.

ئەلۋەتتە، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ئادەت قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۇيۇقسىز سايلام ئېلىپ بېرىش نورمال ئەھۋال ئەمەس ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ ئەنئەنىۋى يوسۇندا موڭغۇللار زېمىنىدە ئۆتكۈزۈلۈشى، ئالدى بىلەن چىڭگىزخان جەمەتىدىكى تۆت خانلىقنىڭ ۋەكىللىرىگە قۇرۇلتايغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنىشى لازىم ئىدى. قاراقۇرۇم تەرەپتە ئارىغ بۇقا ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. ئۇ موڭكىخانغا ۋەزىر بولغان كېرەيلىك نەستۇرى دىنىنىڭ مۇخلىسى بولغاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. جۇڭگونىڭ شەنشى ۋە سىچۈەن ئۆلكىلىرىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان موڭغۇل سەركەردىلىرى ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، قۇبلايخان بۇ ئىككى ئۆلكىدىكى قوشۇننى ناھايىتى تېزدىنلا ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇ يەنە گەنجۇ (گەنسۇ ئۆلكىسى) دىكى بىر قېتىملىق غەلىبە بىلەن ئارىغ بۇقانىڭ سەركەردىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگوغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. قۇبلايخان ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، 1260 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراقۇرۇمنىڭ جەنۇبىدىكى ئونگىن دەرياسى بويىدا قىشنى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا، ئارىغ بۇقا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قۇبلايخان ئۇرۇش تاماملاندى دەپ خاتا پەرەز قىلىپ، جۇڭگوغا قايتىدىغان چاغدا، قاراقۇرۇمدا پەقەت ئازغىنا مۇھاپىزەتچى قىسمىنى قالدۇردى. 1261 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئارىغ بۇقا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، بۇ مۇھاپىزەتچى قىسمىنى ھەيدىۋەتتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئۇچراشتى. نەتىجىدە ئۇلار چۆللۈكنىڭ چېگرىسىدا ئىككى نۆۋەت ئېلىشتى. بىرىنچى نۆۋەتلىك جەڭدە يېڭىپ چىققان قۇبلايخان يەنە بىر مەرتىۋە خاتالىشىپ، ئارىغ بۇقانى قوغلىماي قويدى. ئون كۈن ئۆتۈپ، ئۇلار ئىككىنچى نۆۋەت تۇتۇشتى، جەڭ ناھايىتى قەھرلىك بولدى، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىنى مەغلۇپ قىلالمىدى.

ئارىغ بۇقانى قوللايدىغانلاردىن ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى قايدۇخان تارباغاتاي ۋە ئىمىل دەرياسى ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى؛ يەنە بىر قوللىغۇچى چاغاتاي جەمەتىدىكى شاھزادە ئالغۇ بىر چاغلاردا ئارىغ بۇقانىڭ ياردىمى بىلەن جىيەن سىڭلىسى ئورخانانىڭ قولىدىن چاغاتاي جەمەتىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنى تارتىۋالغانىدى. مۇشۇ تاشقى ياردەملەر تۈپەيلى، ئارىغ بۇقانىڭ كۈچى ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبى بىلەن تەڭ ئىدى. لېكىن، 1262 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئالغۇ ئارىغ بۇقادىن ئايرىلىپ قۇبلايخانغا يېقىنلاشتى. ئالدىن پەرەز قىلىش تەس بولغان بۇ خىل ئاسىيلىق كۈچ سېلىشتۇرمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. قۇبلايخان قاراقورۇمنى قايتا ئىگىلەپ، ئارىغ بۇقانىڭ سەركەردىلىرىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئارىغ بۇقا ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا ئالغۇ بىلەن ئۇرۇشتى، لېكىن ئۇ ئىككى رەقىبىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن زەربە بېرىشى ئارقىلىق، ئاقىۋەت قۇبلايخانغا تەسلىم بولدى (1264 ـ يىلى)، قۇبلايخان ئۇنى ئەپۇ قىلدى. لېكىن، قول ئاستىدىكى بىرنەچچە ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەزىر نىستۇرى دىنىنىڭ مۇخلىسى بولغايمۇ بار ئىدى (1264 ـ يىلى). ئەمەلىيەتتە، ئارىغ بۇقا تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر نەزەربەندتە تۇردى (1266 ـ يىلى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## § 2 . قۇبلايخاننىڭ سۇڭ خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇشى

قۇبلايخان ئائىلە ئىچكى ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپلا، سۇڭ خاندانلىقى ئۈستىگە يەنە بىر مەرتىۋە يۈرۈش قىلدى. سۇڭ دۇزۇڭ (1265 - 1274 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئۆز ۋەزىرى جياسىداۋغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يامان نىيەتلىك بۇ ۋەزىر سەركەردىلەرنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقىنى يوققا چىقاردى ھەمدە سۇڭ دۇزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن تۆت ياشلىق كىچىك بالا گۇڭدىنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى (1275 - 1277 - يىللار) ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. قۇبلايخان بۇ نۆۋەتلىك جەڭگە ئۆزىنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بايان بىلەن ئاجۇ (ئورياڭقاتاينىڭ ئوغلى، سوبۇتاي باھادىرنىڭ نەۋرىسى) نى ئەۋەتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئۇيغۇر ئارىغ قايانى قوشۇپ بەردى. ئاجۇ 1268 - يىلى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى خەنشۇي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىم ئويمانلىقىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان قوشماق شەھەر شاڭياڭ بىلەن خەنچېڭنى قورشاۋغا ئالدى. بۇ نۆۋەتلىك قورشاۋ بەش يىل (1268 - 1273) داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا تىللاردا داستان بولغۇدەك باتۇرلۇقلار مەيدانغا كەلدى. جاڭ گۈي ۋە جاڭ شۇن ئاتلىق ئىككى نەپەر باتۇر قوماندان شاڭياڭغا سۇ يولى ئارقىلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلدى (1271 - يىلى). شاڭياڭنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سانغۇن لۈي ۋېنخۇەن موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق تىركەشتى. نەتىجىدە، ئارىغ قايا مىسوپاتامىيەدىن نام - ئاتىقى چىققان ئىككى نەپەر مۇسۇلمان ئىنژېنېرنى چاقىرتتى، ئۇلارنىڭ بىرى مولىچلىق

ئالاۋىدىن، يەنە بىرى ھىلاللىق ئىسمايىل ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە سېپىل بۇزىدىغان بىر بۆلۈك قوراللارنى ئېلىپ كەلدى. ئاقىۋەت، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلار ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن قالدى. خەنچېڭ شەھىرى 1273 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قولدىن كەتتى. 3 ـ ئايغا كەلگەندە، لۈي ۋېنخۇەن سۇڭ ئوردىسىدىكى ئىچكى سۈيىقەستلەرگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي تەسلىم بولدى.

بايان بىلەن ئاچۇ خەنشۇي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، چاڭجياڭ دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ماڭدى ۋە 1275 ـ يىلىغا كەلگەندە خۇبېينىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللەرنى (خەنياڭ، ۋۇچاڭ، خاڭجۇ)، ئەنخۇي تەۋەسىدىكى (ئەنچىڭ، چىجۇ، ۋۇخۇ، تەيپىڭ، نىڭگو) نى ۋە جياڭسۇدىكى (نەنجىڭ بىلەن جېنجياڭ) نى تىنچىتتى.

ئارقىدىنلا بايان جېجياڭغا ھۇجۇم قىلىپ چاڭجۇنى ئىشغال قىلدى ۋە سۇڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختى خاڭجۇغا يېقىنلاشتى. پادىشاھ بىلەن خانىش ۋەھىمە ئىچىدە قالدى ۋە (1276 ـ يىلىنىڭ 1 ـ، 2 ـ ئايلىرى ئارىلىقىدا) تەسلىم بولدى. بايان بالا پادىشاھنى قۇبلايخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. قۇبلايخان ئۇنى (1276 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر چىڭگىزخاندىن بۇيانقى موڭغۇللاردا بارلىققا كەلگەن زور بىر ئىلگىرىلەشنى تەسەۋۋۇر قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئونان دەريا ۋادىسىدىكى يېرىم مەدەنىيەتلىك بۇ ئادەملەر، ئارىدىن ئىككى ئەۋلاد ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەندى.

ئەمدىلىكتە جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئاساسىي قوشۇننى بويسۇندۇرۇشلا قالغانىدى. ئۇ يەردىكى خەنزۇلار جان تىكىپ ئېلىشىپ ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن، ئارىخ قايا

www.uyghurkitap.com

خۇنەندىكى مۇھىم بازار چاڭشانى ۋە گۇاڭشىدىكى گۇيلىننى ئالدى (1276 ـ يىلى). بۇ مەزگىلدە، قۇبلايخان موڭغۇل رايونىدا ئىسيان كۆتۈرگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىش بىلەن بەند ئىدى. سۇڭ خانىدانلىقىدىكى قەيسەر جەڭچىلەر بىردەملىك بولسىمۇ ئۇھ دەۋالىدىغان بۇ قىسقا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فۇجيەن بىلەن گۇاڭدۇڭنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلاردا ئۆزلىرىنى رۇسلىۋالماقچى بولدى. لېكىن، موڭغۇللار ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا سوگاتو سانغۇننىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇبقا قارىتىپ قوشۇن تارتتى ۋە فۇجيەندىكى فۇجۇ، چۈەنجۇ پورتلىرىنى (1277 ـ يىلى)، گۇاڭدۇڭدىكى گۇاڭجۇ پورتىنى (1277 ـ يىلى)، چىجۇ پورتىنى (1278 ـ يىلى) بىر ـ بىرلەپ قولغا چۈشۈردى. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «ۋەتەنپەرۋەرلىرى» باتۇر جاڭ شىجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سۇڭ ئوردىسىنىڭ يېڭى خوجايىنى بولغان تۆت ياشلىق بالا پادىشاھ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پاراخوتلىرىغا يوشۇرۇندى. موڭغۇل پاراخوتلىرى 1279 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گۇاڭجۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ياشيەن ئارىلىقىغا يېقىن جايدا بۇ پاراخوتلارنى قوغلاپ يېتىپ ئەسىرگە ئالدى ياكى بولمىسا ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بالا پادىشاھ دېڭىز دولقۇنىغا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

بۇ پۈتكۈل جۇڭگونىڭ، جۈملىدىن جەنۇبىي جۇڭگونىڭ تۈرك ـ موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم تەلتۆكۈس بويسۇندۇرۇلۇشى ئىدى. 5 ـ ئەسىردىكى تۈرك توبا مىللىتى ۋە 12 ـ ئەسىردىكى توڭغۇس جورجىت مىللىتى قىلالمىغان ئىشنى قۇبلايخان ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ «كېگىز ئۆيدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ»، كۆپ ئەسىر مابەينىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى روياپقا چىقاردى. پايانسىز يايلاقتا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن چارۋىچىلار، «كۆل رەڭ بۆرە

ۋە رەڭگى تاتارغان بوغا ـ مارالنىڭ بالا ـ چاقلىرى» قوبلايخان بىلەن بىرلىكتە پۈتكۈل جۇڭگونىڭ، يەنى ئاسىيادىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقان ئاھالە ئەڭ زىچ رايوننىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. بىراق، بويسۇندۇرۇش جەريانى خېلىلا ئاستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل بويسۇندۇرۇش ئۇلارنى ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتكە، يەنى چېكىنىشكە ئېلىپ كەلدى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەۋلادى قوبلايخان گەرچە جۇڭگونى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئەكسىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزى ئىزچىل ئويلاپ كېلىۋاتقان سىياسىي غەرەزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، ھەقىقىي پادىشاھلىق ئورنىغا چىقتى، شۇنداقلا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى جۇڭگو ئىمپېرىيىسى قىلىپ قۇردى. سۇڭ خاندانلىقى يېمىرىلىپلا، ئۇ 1500 يىللىق تارىخى بار بىر ئىمپېرىيىنىڭ قانۇنلۇق خوجايىنى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى (1280 ـ 1368 ـ يىللىغىچە) دەپ ئاتىغان خاندانلىقى ئىلگىرىكى يىگىرمە نەچچە خاندانلىقنىڭ داۋامىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان روشەن ئالامەتلەر ئارىغ بۇقانىڭ قولىدىن قاراقۇرۇمنى تارتىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەرگە قايتا يېتىپ بارمىغانلىقتا ئىپادىلەندى. 1256 — 1257 ـ يىلى ئۇ بۇگۈنكى ساخارنىڭ دولۇنۇرغا يېقىن جايدىكى شاڭدۇ ياكى كەيپىڭنى يازلىق ئوردا قىلىپ تاللاپ، ئۇ يەرگە بىر تۈركۈم ئوردا ـ سارايلارنى سالغۇزدى. 1260 ـ يىلى بېيجىڭنى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى. 1267 ـ يىلى كونا بېيجىڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يېڭىدىن بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى چوڭ پايتەخت «بۈيۈك ئاستانە» دەپ ئاتىدى. بۇ شەھەر يەنە خان شەھىرى «خانبالىق» دەپمۇ ئاتالدى. بۇ دەل غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ ئېغىزىدىكى، «CambaLuc» نىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ شەھەر موڭغۇل خانلىرىنىڭ قىشلىق ئوردىسى بولدى، شياڭدۇ بولسا يازلىق ئوردا قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3 § . قۇبلايخاننىڭ ياپونىيەگە، ھىندونېزىيىگە ۋە ياۋا ئارىلىغا قىلغان يۈرۈشلىرى

قۇبلايخان جوڭگوغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، جوڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتى بويىچە يىراق شەرقتىكى قالغان دۆلەتلەرگىمۇ ئۆزىگە ئەل بولۇپ، باج ـ خىراج تاپشۇرۇش تەلىپىنى قويدى. چۈنكى ئۇ دۆلەتلەر يوللۇق ياكى يولسىز بولسۇن جوڭگوغا بېقىندى دۆلەتلەردىن ھېسابلىناتتى.

شۇ چاغدىكى كورىيە گەرچە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولسىمۇ، نېكىن ئۇ يەردە ھەدىسىلا ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. سېئول شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كاڭخۇا ئارىلىغا چېكىنگەن كورىيە پادىشاھلىق ئوردىسى، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرگە شۇ يەردە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى. ھالبۇكى 1258 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياشىنىپ قالغان پادىشاھ گاۋزۇڭ ئوغلى يۈەن زوڭنى موڭكىخاننىڭ قارارگاھىغا بارىمتايلىققا بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. قۇبلايخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ياش بەگزادىنى ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشقا قايتۇردى ۋە ئۇنىڭغا قىزىنى ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كورىيە ئوردىسى موڭغۇللارغا ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇلارغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان بولدى.[1]

---

① گولەن مۇنداق دەپ يازغان: «كورىيە شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ئۆلكىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ پادىشاھلىرى موڭغۇل مەلىكىلىرى بىلەن توي قىلدى. باللارغا موڭغۇل ئاياللارغا ئانا بولدى، موڭغۇل ئەمەلدارلار مەسلىھەتچىلىككە قويۇلدى. كورىيەلىكلەر موڭغۇل خاقانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بېيجىڭغا بېرىشى، سۈرگۈن قىلىنىشى ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشى موڭغۇل خاقانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولىدىغان بولدى. ئۇلار موڭغۇلچە سۆزلىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدى، كورىيەلىكلەرنىڭ ئادىتىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقاردى.»

قۇبلايخان ياپونلاردىنمۇ ئۆزىگە ئەل بولۇپ، باج - خىراج تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، دەل شۇ مەزگىلدە ياپونىيىنى سوراۋاتقان ھوجوتوكىمۇنې (1251 - يىلىدىن 1284 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) موڭغۇل ئىمپېراتورىنىڭ تەلىپىنى ئارقىمۇئارقا ئىككى قېتىم رەت قىلدى. قۇبلايخان شۇنىڭ بىلەن بۇ تاقىم ئارالغا 150 جەڭ كېمىسىدىن تەشكىللەنگەن زور بىر قوشۇننى ماڭدۇردى. ئۇلار كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ سىشىما ئارىلى بىلەن ئىكىشىما ئارىلىنى خانىۋەيران قىلدى، ئارقىدىنلا باكان بوغىزىغا يېقىن جايدىكى چىكۇزېنگو بىلەن كيۇشۇنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان خاكوزاكى بوغۇزىدا توختىدى . لېكىن، دېڭىزدىكى بۇ ئۇزۇن سەپەردە، يايلاقتىن كەلگەن لەشكەرلەر ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارىي قىلدۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشتىن بىزار بولغان خەنزۇلار ۋە كورىيەلىكلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەچكە، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ يادروسى بولغان موڭغۇللار بەكمۇ ئازلىق قىلدى. مىزىكى قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا مۇستەھكەم مۇھاپىزەت ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان كيۇشۇلۇق «نوچىلار» تاجاۋۇزچىلار بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئېلىشتى. ئۇلار دەسلەپتە جۇڭگودا ياسالغان كۆيدۈرگۈچ قوراللادىن خېلى بەك ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ تاجاۋۇزچىلارنى ئۆزىنىڭ جەڭ كېمىلىرىگە چېكىندۇردى.

1267 - يىلىغا كەلگەندە، قۇبلايخان ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ يەنە بىر پارچە خەت يازدى. ھوجوتوكىمۇنې ئۇنىڭ تەلىپىنى بۇ نۆۋەتمۇ رەت قىلدى. غەزەپلەنگەن قۇبلايخان خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلىق قىلىپ، 1281 - يىلى ياپونىيىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇش كېمىلىرىنى ماڭدۇردى. خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كېمىلەردە 45 مىڭ نەپەر موڭغۇل، 120 مىڭ نەپەر جۇڭگولۇق ۋە كورىيەلىك لەشكەرلەر بار ئىدى. ئۇلار كيۇشۇ ۋە خاكوزاكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوغىزىدا، ھىزىنگودىكى تاكا ئارىلى ۋە ھىرادو ئاراللىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. لېكىن، ئۇلار بۇ مەرتىۋە موڭغۇل ئەسكەرلەرنىڭ يۇرتنى سېغىنىپ كەتكەنلىكى ھەم جۇڭگولۇق ۋە كورىيەلىك ئەسكەرلەرنىڭ كارغا كەلمەسلىكىدىن ياپونلارنىڭ قەھر - غەزىپىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. بولۇپمۇ 1281 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق قارا بوران موڭغۇل كېمىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ياكى بولمىسا ۋەيران قىلدى. ئاقىۋەت ئۇلار ياپونلارغا ئەسىرگە چۈشتى ياكى ئۆلتۈرۈلدى.

قۇبلايخاننىڭ ھىندىچىندىكى تەقدىرى ياپونىيىدىكىدىن ياخشى بولالمىدى. ھىندىچىن قۇرۇقلۇقى شۇ چاغلاردا تۆت چوڭ دۆلەت بولۇپ پارچىلانغانىدى: ئاننام پادىشاھلىقى (تونكىن ۋە بوگوئنكى ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمى)، جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ئىدى. چامپا پادىشاھلىقى (بوگوئنكى ۋيېتنامنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى)، مالايا - پولىنېزىيە ئىرقىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ يەردە براخمان دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئارىلاشقان ھىندى مەدەنىيىتى بار ئىدى؛ كخمېر ئىمپېرىيىسى ياكى كامبودژا، مون — كخمېر ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئوخشاشلا براخمان دىنى بىلەن بۇددا دىنىدىكى ھىندى مەدەنىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا ئىدى؛ بىرما ئىمپېرىيىسى، بىرما - زاڭزۇ ئىرقىغا ياتىدىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ھىندى مەدەنىيىتىدە ئىدى، دىن جەھەتتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭغا قارام پىگو دۆلىتى مون - كخمېر ئىرقىغا ياتىدىغان بۇددىستلاردىن ئىدى. 1280 - يىلى چامپا پادىشاھلىقىدىكى ماخاراجا ياكى پادىشاھ ئىندىراپارما IV قۇبلايخان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئاۋام - پۇقرا دۆلەتنى جۇڭگودىكىدەك ناھىيىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشقا ئۇنىمىدى (1281 - يىلى). مۇشۇ تۈپەيلى، قۇبلايخان چامپاغا قارىتىپ

دېڭىزدىن، يەنى گۇاڭجۇدىن سوگاتو باشچىلىقىدىكى كىچىك بىر قوشۇننى ئاتلاندۇردى. ئۇلار چامپا پادىشاھلىقىنىڭ بۈگۈنكى پىڭدىڭ ناھىيىسىگە يېقىن جايدىكى پايتەختى بىجايا ياكى چاباننى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چامپادىكى پارتىزانلارنى يېڭەلمەي، ئۆزىنىڭ جەڭ كېمىلىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قۇبلايخان 1285 ـ يىلى ھىندىچىن قورۇقلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئادەم سانى كۆپرەك بىر قوشۇننى ماڭدۇردى. تونكىن رايونىدىكى لياڭشەندىن يولغا چىققان بۇ قوشۇنغا ئۇنىڭ ئوغلى توخۇن قوماندانلىق قىلدى. توخۇن ۋېيتناملىقلارغا دەرھال ھۇجۇم باشلاپ، بېيجىڭغا يېقىن جايدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، خېنىيغا قاراپ ئات سالدى. بىراق، ئۇ ھايال ئۆتمەيلا جاڭياڭ دېگەن جايدا ئەدىپىنى يېدى ـ دە، جۇڭگوغا قايتتى. مۇشۇ ئارىدا، سوگاتو تونكىن رايونىنى جەنۇب تەرەپتىن ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چامپادا قورۇقلۇققا چىقتى ۋە يېئەن بىلەن چىڭخۇادا توخۇن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلاپ شىمالغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئۇ شىجىدە ۋېيتناملىقلارنىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ قېلىپ جېنىدىن ئايرىلدى (1285 ـ يىلى). موڭغۇللار يەنە بىر مەرتىۋە يۈرۈش قىلىپ، 1287 ـ يىلى تونكىن رايونىغا بېسىپ كىردى ۋە خېنىينى ئىشغال قىلدى، شۇنداقتىمۇ پۇت تىرەپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ۋېيتنام پادىشاھى چېن رېنزۇڭ (1278 ـ يىلىدىن 1293 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) موڭغۇللارنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توسۇپ، ئۆزىنىڭ پايتەختىگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇ 1288 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ ، قۇبلايخانغا ئەل بولىدىغانلىقىنى ۋە باج ـ خىراج تۆلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. پەقەت بېيجىڭغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىمىدى. شۇڭا، قۇبلايخان ئۇنىڭ ئەلچىسى تاۋزىچىنى تۇتۇپ قالدى (1293 ـ يىلى). قۇبلايخاننىڭ ۋارىسى تېمۇرخان ئۆزىنىڭ بۇ كونا «ئاسىي رەقىبى»

بىلەن يارىشىۋالدى (1294 ـ يىلى). چامپا پادىشاھلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا موڭغۇللارغا قارام بولدى.

موڭغۇل قوشۇنلىرى بىرمىدا 1277 ـ يىلى ئىرراۋاددى ئويمانلىقىغا ئۆتىدىغان بامۇ تاغ جىلغىسىنى ئالدى (ماركوپولۇ موڭغۇل ئوقياچىلىرىنىڭ بىرمىدىكى جەڭ پىللىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى قانداقلارچە يەڭگەنلىكىنى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەندى). موڭغۇللار 1283 ـ يىلى بىلەن 1284 ـ يىلى ئارىلىقىدا بىرمىغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. پۇگامدا تۇرۇشلۇق بىرما پادىشاھى ناراستىخاپاتى (1254 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) پايتەختنى تاشلاپ قاچتى. موڭغۇللار پەقەت 1278 ـ يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرۈشتىلا ئىرراۋاددى ئويمانلىقى ئارقىلىق بىرمىنىڭ پايتەختى پۇگامغا كىردى ۋە ئۇنى بۇلاپ ـ تالىدى. پۇگامدىكى يېڭى پادىشاھ كيوزۋا موڭغۇللارنىڭ قايتىپ كېلىپ زورلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1297 ـ يىلى قۇبلايخانغا قارام بولۇپ باج ـ خىراج تۆلەشكە ماقۇل بولدى. موڭغۇللار پۇگامدىكى شاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈپەيلى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان جېدەل ـ ماجىرانى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، 1300 ـ يىلى بىرما چېگرىسىغا يەنە بىر نۆۋەت تاجاۋۇز قىلدى.

موڭغۇللار كامبودژاغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. قۇبلايخاننىڭ ۋارىسى تېمۇرخان 1296 ـ يىلى بۇ دۆلەتكە ئەلچى چىقاردى. ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى جۇداگۇەن دېگەن كىشى كېيىنكىلەرگە بىر پارچە ساياھەت خاتىرىسى قالدۇرۇپ كەتتى. 1294 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، دەيزۇ مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ئىككى پادىشاھ جىڭمەي بىلەن سوخوتايمۇ موڭغۇللارغا ئەل بولدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، يەنى 1293 ـ يىلى قۇبلايخان 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى چوەنجۇدىن ياۋا ئارىلىغا ئاتلاندۇردى. ياۋا ئارىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسلىق پادىشاھى مۇشۇ ئارالنىڭ

شەرقىدىكى كېدىرىنىڭ پادىشاھى ئىدى. خەنزۇ قوماندانلاردىن شى بېي بىلەن گاۋشىڭنىڭ باشچىلىقىدا ئاتلانغان موڭغۇل قوشۇنى ياۋا ئارىلىدىكى توخان بىجايا ئىسىملىك يەنە بىر ئاقساقالنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن ماجاپاخىت ئەتراپىدا كېدىرىنىڭ پادىشاھىنى تارمار قىلدى. موڭغۇل قوشۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ پايتەختى كېدىرىنى ۋە داھانى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، توخان بىجايا موڭغۇل قوشۇنىغا قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جەڭ كېمىلىرىگە چېكىندۈردى. نەتىجىدە بۇ ئارالنىڭ ئازاد قىلغۇچىلىرى ماجاپاخىت ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

## § 4 . قۇبلايخاننىڭ قايدۇغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرى

«مۇستەملىكە دۆلەت» ئارقىلىق يىراققا قىلىنغان بۇ يۈرۈشلەرنىڭ قۇبلايخانغا بولغان مۇھىملىقى ئۇنىڭ موڭغۇللار رايونىدا قوزغىغان جەڭلىرىگە يەتمەيتتى. بۇ جەڭلەرنىڭ مەقسىتى ئىمىل دەرياسى بىلەن تارباغاتاي تاغلىرى ئارىسىدىكى ئوگداي خان جەمەتىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان ئوگداي خاننىڭ نەۋرىسى قايدۇنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۆز ئىرقىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسىگە ۋە تۇرمۇش شەكلىگە سادىق بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ موڭغۇل يىگىتى قىسمەن خەنزۇلاشقان قۇبلايخاننىڭ قارشىسىدا جانلىق بىر سېلىشتۇرما تىكلىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، كۆپ ساندىكى موڭغۇللار ۋە موڭغۇللاشقان تۈركلەر ئىمپېرىيىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگوغا كۆچكەنلىكى ۋە خاقاننىڭ تەڭرى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن تەئەججۇپلىنەتتى. مۇشۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئارىخ بۇقا بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. قايدۇمۇ ئوخشاشلا رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىگە خاس قاتتىق

مىجەزلىك ۋە بويسۇنماس ئىرادىگە ئىگە ئادەم ئىدى. قايدۇ قۇبلايخان ۋەكىللىكىدىكى، چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ پاك ئەنئەنىسىدىن ئاساسەن ۋاز كەچكەن تولىخان جەمەتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئوگداي خان جەمەتىنىڭ ئىگىلىكىنى، 1251 ـ يىلىدىن باشلاپ قولدىن كەتكەن ئىمپېرىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى قولغا ئالماقچى، هېچبولمىغاندا ئاسىيا ئېگىزلىكىدە چوڭ بىر خانلىقنى تىكلىمەكچى بولدى. بۇ خانلىق موڭغۇل رايونى تەرەپتە قۇبلايخانغا زىيانلىق بولسا، تۈركىستان تەرەپتە چاغاتايخان جەمەتىگە زىيانلىق ئىدى.

تۆۋەندىكى بابلاردا كۆرىدىغىنىمىزدەك، قايدۇ ئالدى بىلەن چاغاتايخان جەمەتىگە قارشى چىقتى. ئۇ 1267 ـ يىل بىلەن 1269 ـ يىلى ئارىسىدا، چاغاتايخان ئوردىسىدىكى باراقنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئىلى بىلەن قەشقەرنى تارتىۋالدى، ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغان بۇ دۈشمىنىگە پەقەت ماۋرا ئۇننەهرنىلا قالدۇردى. باراقنىڭ ۋارىسلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قايدۇغا قارام بولدى، ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى قالدۇرۇش هوقۇقى قايدۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان قايدۇ ئۆزىنى خاقان ئاتىدى ۋە قۇبلايخانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى.

قۇبلايخان قايدۇ بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن، تۆتىنچى ئوغلى بەگزادە نوموقاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالمىلىق (هازىرقى ئىلى ۋادىسىنىڭ غۇلجىغا يېقىن جايىدا) قا قوشۇن ئەۋەتتى (1275 ـ يىلى). بەگزادىلەردىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك بىر مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىمۇ نوموقان بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا قۇبلايخاننىڭ جىيەن ئىنىسى، مونكىخاننىڭ ئوغلى چىراگى بىلەن توغ تېمۇرمۇ بار ئىدى. لېكىن، 1276 ـ يىلى توغ تېمۇر قۇبلايخانغا بولغان نارازىلىقى تۈپەيلى چىراگى بىلەن مەخپىي تىل

بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈردى ۋە ناموقاننى كۆرۈگە تۇتۇۋېلىپ قايدۇنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار ئارقىدىنلا ناموقاننى قايدۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. قىپچاق خان مۇنكى تېمۇر چاغاتايخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ساربان ياكى سالماننى ئېزىقتۇرۇپ، چىڭگىزخان جەمەتىدىن بولغان باشقا ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە ئالمىلىقتىكى قايدۇنىڭ قارارگاھىغا باردى ۋە قاراقورۇمغا قوشۇن تارتتى (1277 ـ يىلى). ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، قۇبلايخان ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. ئۇ جۇڭگودىن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەركەردىسى باياننى چاقىرتتى. بايان ئورخۇن دەرياسى بويىدا چىراگىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى ئېرتىش دەرياسىغا قەدەر قوغلاپ باردى. تۇغ تېمۇر قىرغىزلارنىڭ يۇرتى تاننۇئولاغا قاچتى. لېكىن، ئۇ يەردىمۇ ئوردا قوشۇنىدىكى ئاۋانگارت ئەترەتنىڭ قورشاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلالمىدى. مۇشۇ نۆۋەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، چىراگى، تۇغ تېمۇر ۋە ساربان ئارىسىدا دە تالاش كېلىپ چىقتى، تۇغ تېمۇر چىراگى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا چىراگى ساربان بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، ساربان چىراگىنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۇنى قۇبلايخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. قۇبلايخان سارباننى ئەپۇ قىلىپ، چىراگىنى يېگانە بىر ئارالغا پالىۋەتتى. ئارقىدىنلا ناموقان ئەركىنلىككە ئېرىشتى (1278 ـ يىلى). يىغىپ ئېيتقاندا، قۇبلايخاننىڭ سىياسىي رەقىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ چاكىنىلىقىدىن قۇبلايخانغا قارشى قوزغالغان ئىتتىپاقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

لېكىن، قايدۇ يەنىلا قۇبلايخان بىلەن جەڭ ھالىتىدە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ داھىي بولۇش نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئىمىل دەرياسى بىلەن ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ ئىگىسى، ئۆزىنىڭ زورلۇق ـ زومىگەرلىككە تايىنىپ، ماۋرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇننەھر بىلەنلا چەكلەنگەن چاغاتاي جەمەتىنىڭ ھامىيسى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىراق شەرقتىكى قۇبلايخان بىلەن تىركىشەلەيدىغان ھەقىقىي خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ 1287 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇبلايخانغا قارشى يېڭى ئىتتىپاق تەشكىللىدى. بۇ ئىتتىپاققا چىڭگىزخاننىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ جەمەتىدىكى بىر تالاي شىرەم تۇغقان موڭغۇل ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى. نايان، چىدۇر، قادان قاتارلىق بەگزادىلەرمۇ بۇ ئىتتىپاققا ئىشتىراك قىلدى. نايان توغرىسىدا، ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئىنىسى تېمۇرگە ئوتچىگىننىڭ ئەۋلادى ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئانا بىر قېرىندىشى بەلگۇتەينىڭ نەۋرىسى دېگەن گەپلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرى مانجۇرىيە تەرەپتە ئىدى. ماركوپولۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ نىستۇرى دىنىنىڭ مۇرتى بولۇپ، قوشۇن بايرىقىغا ياكى «تۇغ» نىڭ ئۈستىگە كرېست ئورۇنلاشتۇراتتى. چىدۇر چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئىنىسى قاسارنىڭ نەۋرىسى ئىدى. قادان بولسا چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئىنىسى قاچىئۇننىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايى تامامەن دېگۈدەك موڭغۇل رايونى بىلەن مانجۇرىيە تەرەپتە ئىدى. ئاۋادا قايدۇ ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا بىلەن غەربىي موڭغۇل دالاسىدىن باشلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنى نايان، چىدۇر ۋە قاداننىڭ مانجۇرىيەگە يىغىلغان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قالسا، ئۇ چاغدا قۇبلايخانغا نىسبەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى.

قۇبلايخان ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىش باشلىدى. ئۇ بايانىنى قايدۇنى توسۇش ئۈچۈن قارا قۇرۇم رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇننى يېتەكلەپ مانجۇرىيەگە ئاتلاندى. ئۆزى بىلەن بىللە بوۋىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ سادىق سەپدىشى، نامى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بوۋۇرجۇنىڭ ئوغلى سانغۇن يىسۇتېمۇرنى ئېلىپ ماڭدى. ئىمپېرىيىنىڭ زور مىقداردىكى ھەربىي

ئەسلىھەلىرى بېسىلغان جەڭ كېمىلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خەيكۇدىن يولغا چىقىپ، ئۇدۇللاپ لياۋخې دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ باردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر جەڭ ئىدى. نايانىڭ قوشۇنى بىر تالاي ھارۋىلار بىلەن موڭغۇلچە مۇداپىئە لىنىيىسى ياساپ، لياخې دەرياسىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشقانىدى. يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن قۇبلايخان تۆت پىلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ياكى تۆت پىل سۆرەپ ماڭغان ياغاچ مۇنارغا ئولتۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. رەشىدىددىننىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، شۇ كۈندىكى جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا قۇبلايخان يېڭىپ چىقتى. بۇ جەڭ شەك ـ شۈبھىسىزكى جۇڭگو تارىخىدا خاتىرىلەنگەندەك ئادەم ئەڭ كۆپ بولغان، شۇنداقلا خەنزۇ لەشكەرلەر بىلەن موڭغۇل لەشكەرلەر ئارىلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭ ئىدى. نايان ئەسىرگە چۈشتى. قۇبلايخان ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ جىيەن نەۋرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىگىز ئاستىدا تۇنجۇقتۇرۇپ، قان چىقمايدىغان قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى (1288 ـ يىلى). نېستورى دىنىدىكى نايان بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەر قۇبلايخاننىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇبلايخان بۇ قېتىمقى ئىسياننىڭ مەسئۇلىيىتىنى خرىستىئان دىنىدىن كۆرمىدى. قۇبلايخاننىڭ نەۋرىسى ۋە كەلگۈسىدىكى مىراسخورى تېمۇر ئولجايتۇ بۇ ئىسياننى ئۇزۇل ـ كېسىل تىنجىتتى، قادانىنى تارمار قىلىپ، مانجۇرىيەنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى موڭغۇل رايونىنى جىمىقتۇردى.

قايدۇنىڭ يىراق شەرقتىكى ئىشلارغا چات كىرىش ئۈمىدى يوققا چىقتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا قاڭقاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي موڭغۇل رايونى بىلەن تۈركستاننىڭ خوجايىنى ئىدى. قۇبلايخاننىڭ نەۋرىسى كامالا قاڭقاي تاغلىرىنىڭ چېگرىسىنى قوغداش ۋە قايدۇنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈش جەريانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايدۇغا تاقابىل تۇرالماي مەغلۇپ بولدى، ئارقىدىنلا سىلىڭگا دەرياسى ئەتراپىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قىلىپ، مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىقتى. ياشىنىپ قالغان قۇبلايخان چوڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن بىۋاسىتە جەڭگە ئاتلىنىش لازىم دېگەن قارارغا كەلدى (1289 ـ يىلى 7 ـ ئاي)، قايدۇ بولسا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تارتىپ يىراقلاشتى. بۇ مەزگىلدە بايان سانغۇن موڭغۇل رايونىدىكى پادىشاھلىق قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئىدى. ئۇ قارا قۇرۇمنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، 1293 ـ يىلى ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرىدىغان غەلىبىلىك ئۇرۇش سەپەرگە ئاتلاندى. شۇ يىلى، ئۇنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قۇبلايخاننىڭ نەۋرىسى تېمۇر ئۆلجايتو ئۆز ئۈستىگە ئالدى، بايان قۇبلايخاننىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. 1295 ـ يىلى، قۇبلايخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

قۇبلايخان قايدۇغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىدى. بۇ خاقان 1294 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، ئوگداي جەمەتىنىڭ داھىيسى قايدۇ يەنىلا قاڭقاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى موڭغۇل رايونى بىلەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىگىسى ئىدى. قۇبلايخاننىڭ نەۋرىسى ۋە مىراسخورى تېمۇر، ئۆلجايتو (1295 ـ يىلىدىن 1307 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان يۈەن چىڭزۇڭ) بۇ جەڭنى داۋاملاشتۇردى. بۇ مەزگىلدە، قايدۇ تۈركىستاندىكى چاغاتاي ئولۇسىنىڭ ئاقساقلى دۇۋانى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىتتىپاقدىشى ۋە قارام بولغان ئەمەلدارى ھېسابلايتتى. دۇۋا 1297 ـ يىلى بىلەن 1298 ـ يىل ئارىلىقىدىكى ئونگۇت قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى گۆرگۈزگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ باتۇر شاھزادىنى ئەسىر ئالدى (گۆرگۈز گىئورگىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئونگۇتلارنىڭ نېستورى دىنىدە ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم). تېمۇر ئۆلجايتو خاننىڭ كۈيئوغلى

بولغان بۇ شاھزادە، شۇ چاغدا موڭغۇل رايونىدىكى پادىشاھلىق قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. دۇۋا پادىشالىق قوشۇنىنىڭ يەنە بىر تارمىقىغا، يەنى شاھزادە ئانەندا باشچىلىقىدىكى تاڭغۇتلار رايونىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلارغا يوشۇرۇن زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزى زەربىگە يولۇقۇپ قېچىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئىنتىقام ئورنىدا، ئەسىرگە چۈشكەن شاھزادە گۆرگۈزنى ئۆلتۈردى (1298 - يىلى). قايدۇ 1301 - يىلى ئىمپېرىيىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇ ئوگداي جەمەتى ۋە چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان بىر تالاي بەگزادىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ قاراقۇرۇمغا قوشۇن تارتتى. ئۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان كىشى تېمۇر ئولجايتو خاننىڭ جىيەنى قايچەن بەگزادە ئىدى. بىر قېتىملىق قەھرلىك جەڭ 1301 - يىلى 8 - ئايدا قاراقۇرۇم بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى تارماق ئېقىن تامىرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەردى. قايدۇ مەغلۇپ بولدى ۋە چېكىنىش يولىدا قازا قىلدى.

قايدۇنىڭ ئوغلى چاپار ئوگداي ئۇلۇسىنىڭ تارباغاتاي، ئىمىل دەريا ۋادىلىرىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قۇبلايخان جەمەتىنىڭ خانلىق ھوقۇقىغا قارشى تۇرۇشتا، دادىسىنىڭ «قەيسەرگە قارشى» تۇرغىنىدەك ئوخشاش رول ئوينىدى. چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى خانلىق جەمەتىنىڭ داھىيسى دۇۋا ئەڭ باشتا چاپارنى ئۆزىگە ھامىيلىق قىلغۇچى قاتارىدا كۆردى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىمپېرىيىگە قارشى ئايىغى چىقمايدىغان بۇ ئۇرۇشتىن زېرىكىپ، چاپاردىن پادىشاھ تېمۇر ئولجايتو خاننىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 1303 - يىلى 8 - ئايدا، ئىككى بەگزادىنىڭ ئەلچىلىرى بېيجىڭغا بېرىپ ئىمپېرىيە ئوردىسىغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ مۇھىم ھەرىكەت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئوگداي بىلەن چاغاتايدىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇستىكى خان جەمەتىنى

تولى جەمەتىگە قارام بولغانلارنىڭ قاتارىغا چۈشۈرۈۋەتتى. كېيىنچە، دۇۋا بىلەن چاپار ئارىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىقتى. دۇۋا چاپارنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى ئىككى تۈركستانىي تاپشۇرۇپ بېرىشكە قەستىدى (1306 ـ يىلى ئەتراپىدا). دۇۋا ئۆلگەندىن كېيىن (1306 ـ 1307 ـ يىلى ئەتراپىدا) چاپار ئوگداي جەمەتىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئۈستىگە قويماقچى بولۇپ، دۇۋانىڭ ئوغلى ۋە مىراسخورى كېبەكخانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە كېبەكخان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى (تەخمىنەن 1309 ـ يىلى) ھەمدە جۇڭگودىكى خاقانىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوگداينىڭ خانلىق جەمەتى ۋە ئۇنىڭ تارباغاتايدىكى ئەمىل دەرياسىنى مەركەز قىلغان خانلىقى يوقالدى. بۇ خانلىق مەركىزىي ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىرىق يىل ئىچىدە (1269 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) قۇبلايخاننىڭ جەمەتى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپلا ئۆتتى.

جۇڭگو زېمىنىدىكى موڭغۇل خانلىقى، يەنى قۇبلايخاننىڭ سۇلالىسى موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىردىنبىر ھامىيسىغا ئايلاندى. بېيجىڭ شەھىرى دوناي دەرياسى بىلەن يېۋخرات دەرياسىغىچە سوزۇلغان كەڭ دۇنيانىڭ پايتەختى بولدى.

قۇبلايخان جەمەتىنىڭ قايدۇ جەمەتىگە قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى نىسبەتەن ئېنىق بايان قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى تاكى يەكۈن چىققۇچە، قۇبلايخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئون بەش يىلغىچە سۆزلەشكە توغرا كەلدى. ئەمدى بىز بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئاتالمىش «ئىچكى سىياسىتى» گە قايتىپ كېلەيلى.

## 5 § . قۇبلايخاننىڭ ھاكىمىيىتى: موڭغۇلچە سىياسەت ۋە جۇڭگوچە سىياسەت

قۇبلايخاننىڭ سىياسىتى ئىككى تەرەپلىمە بولدى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشى ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇشى بويىچە، ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ مىراسخورى، خاقان ياكى جۇڭگو زېمىنىدىكى ئون توققۇز سۇلالىنى داۋاملاشتۇرغۇچى تەڭرى دەپ بىلدى. موڭغۇللارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئاساسەن، ئۇ چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ نامىدىكى بىرلىك پرىنسىپلىرىنى مۇكەممەل يوسۇندا داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئەڭ ئالىي قاغان چىڭگىزخاننىڭ ۋە موڭكىخاننىڭ نوپۇزىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ئاپتونومىيىلىك خانلىق بولۇۋالغان ھەرقايسى فېئودال تۆرىلەردىن ئۆزىگە بويسۇنۇشنى ئۆزلۈكسىز تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئوگداي جەمەتى (قايدۇ) بىلەن چاغاتاي جەمەتىنى مۇشۇ خىلدىكى بويسۇنۇشنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى جەڭ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ ئىنىسى ھىلاكۇ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىرانغا كەلسەك، ئۇ بۇ جايلارنى پەقەت ئىمپېرىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ چاغلىدى، ئىراندىكى خانۋاڭلار ئالايلۇق، ھىلاكو (1256 ـ يىلىدىن 1265 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، ئاباغا (1265 ـ يىلدىن 1281 ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان)، ئارخون (1284 ـ يىلىدىن 1291 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىقلارنى نوقۇل ھالدىكى ئېلخانلار ياكى ئۆز قارىمىقىدىكى خان ۋاڭلار ۋە ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلكە باشلىقلىرى، دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇبلايخاندىن ئوتتۇغات نام ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، قۇبلايخان پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئىگىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستان ۋە موڭغۇل روسىيەسىنىڭ ئاتاقتىكى ھامىيسى، ئىرانىنىڭ ئەمەلىي خوجايىنى، خۇددى ماركوپولو ئېيتقاندەك: «ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇگۈنگە قەدەر، دۇنيا مىقياسىدا باشقۇرغان ئادىمى، ئىگىلىگەن زېمىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن بايلىقى ئەڭ كۆپ بولغان ئىمپېراتور، ئەڭ كۈچلۈك شەخس» ئىدى.

قۇبلايخان ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا چىڭگىزخانىنىڭ مىراسخورى بولغان بولسا، جۇڭگودا يىگىرمە خانىدانلىقنىڭ سادىق داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولدى. ئۇ تەگرىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ رول ئېلىشنى باشتىن - ئاياغ ئەستىن چىقارمىدى. ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرىپ ئۆزىنى ئوگىنىشتىن ئىبارەت ئىچكى سىياستى يۈز يىل مابەينىدىكى ئۇرۇش تۈپەيلى پەيدا بولغان جاراھەتلەرنى ساقايتتى. سۇڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ يالغۇز ئالدىنقى سۇلالىنىڭ تۈزۈملىرىنى تولۇقى بىلەن ساقلاپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەستايىدىل ئىقرار قىلىپلا قالماي، بەلكى كونا مەمۇرىي خادىملارغا ئۆز ئەمىلىنى بېرىپ داۋاملىق ئىشلەتتى ۋە ئۇلارنى ئۆز ئورنىدىلا قايىل قىلدى. ئۇ يەر - جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلدى. ئۇنىڭغا كەلگەن ئەڭ زور شان - شەرەپ ئېھتىمال ئۇنىڭ تارىختىكى جۇڭگونى تولۇق بويسۇندۇرغان تۇنجى ئادەم بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تىنچلاندۇرغانلىقىدا ئىپادىلەندى.

بۇ كەڭ كەتكەن ئىمپېرىيىدىكى مەمۇرىيەتكە ۋە ئۇنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم بولغان قاتناش مەسىلىسى قۇبلايخانىنىڭ كۆڭلىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇ پادىشاھلىق يوللارنى رېمونت قىلدۇردى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئورمان بەرپا قىلدى، پوچتا ئۆتەڭلىرىنى تۇرغۇزدى. ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئاتنى ھەرقايسى پوچتا ئۆتەڭلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەقسىملەپ بەردى. ئۇ بېيجىڭنى تەمىنلەش ئۈچۈن قانالنى رېمونت قىلدۇردى ۋە ئۇزارتتى، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى گۈرۈچنىڭ

پايتەختكە كېلەلىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قەدىمكى جۇڭگودىن مىراس قالغان ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەيفېڭدىكى مەشھۇر شەخس ۋاڭ ئەنشىنى تەرپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان قانۇن - تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. مول - ھوسۇل ئالغان يىللاردا، پۇقرالارنىڭ قولىدىكى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئامبارلىرىدا ساقلىدى؛ قەھەتچىلىك يىللاردا، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەندە، بۇ ئاشلىقنى تۆۋەن باھادا پۇقرالارغا سېتىپ بەردى ياكى ھەقسىز تارقاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئاممىۋى پاراۋانلىقنى قايتىدىن تەشكىللىدى. 1260 - يىلىدىكى بىر پارچە يارلىقتا ھەرقايسى ئۆلكىنىڭ باشلىقلىرىغا ياشىنىپ قالغان ئەدىب - ئۆلىمالار، يېتىم - يېسىرلار، كېسەللەر ۋە مېيىپلاردىن ھال سوراش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىنغانىدى. 1271 - يىلىدىكى بىر يارلىقتا پاراۋانلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىش بۇيرۇلغانىدى. مۇشۇلاردىن قۇبلايخاننىڭ روھىدا جۇڭگودىكى مەمۇرىي ئەنئەنىلەردىن باشقا، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كەمبەغەل - نامراتلارغا گۈرۈچ - قوناقلارنى تارقىتىپ بېرىش دائىملىق ئىشلاردىن ئىدى. ماركوپولو بىزگە قۇبلايخاننىڭ ھەر كۈنى ئوتتۇزمىڭ كەمبەغەلگە خەير - سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇردى.

بۇ خىلدىكى مەمۇرىيەتنىڭ بىردىنبىر ياخشى ئەمەس يېرى قۇبلايخاننىڭ مالىيە مەسىلىسى ئىدى. ئۇ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى ئىچىدىن پۇل ياكى قەغەز پۇلنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تاپتى. ئۇ بۇ ئۇسۇلنى ئومۇملاشتۇردى ھەمدە ئۇنى مالىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسى قىلىپ بەلگىلىدى. 1264 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ ھەقىقىي بىر پۇل مۇئامىلە قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قەغەز پۇل بىلەن ھېسابلاشنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ بىرىنچى مالىيە ئەمەلدارى، بۇخارالىق مۇسۇلمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەيدىن ئىجىل (1279 ـ يىلى ئۆلگەن) قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى مۇۋاپىق چەكلەشنىڭ قائىدىلىرىنىمۇ بىلەتتى.[1] لېكىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مالىيە ئەمەلدارلىرى، ئالدى بىلەن ماۋرا ئۇننەھردىن كەلگەن ئەھمەد بىنكەنت (1282 ـ يىلى ئۆلگەن)، ئۇيغۇر سانگا قاتارلىقلار باش ـ باشتاقلىق قىلىپ چاتاق تېرىدى. ئىككىسى بىرلىكتە قالايمىقان تارقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پۇلنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى تېز لا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار نەق پۇلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا تېگىشىپ بېرىش ۋە جىق پايدىنى دەپ توپ سېتىش چارىسىنى قوللاندى. ئەھمەد بىنكەنت 1282 ـ يىلى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قۇبلايخان ئۇنى جازالاش ئۈچۈن دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتتى. سانگا خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى (1291 ـ يىلى). قۇبلايخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن، كونا پۇلنىڭ پاخال بولۇپ كېتىشىنى توسقىلى بولمىدى. نەتىجىدە يېڭى پۇل چىقىرىلدى (1303 ـ يىلى)، لېكىن يېڭى پۇلنىڭمۇ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

## § 6. قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دىن سىياسىتى: بۇددا دىنى

قۇبلايخان گەرچە 1279 ـ يىلى بىر مەھەل چىڭگىزخاننىڭ ئەمر ـ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرگەن، يەنى قوي ـ كالىلارنى قانداق ئۆلتۈرۈش جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان

[1] سەيدىن ئىجىل شەمشىددىن ئۆمەر تەخمىنەن 1210 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1279 ـ يىلى ئۆلگەن، ئۇ 1274 ـ يىلى بىلەن 1279 ـ يىلى ئارىلىقىدا يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ پىڭجاڭ دېگەن يېرىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، ئوغلى نەسىردىن (1292 ـ يىلى ئۆلگەن) ۋە ھۈسەيىن ئۇنىڭ شۇ ئۆلكىدىكى مەمۇرىي ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، بۇ ئۆلكە مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. سەيدىن ئىجىل ئۇ يەردە ئەڭ دەسلەپكى ئىككى مەسچىتنى بىنا قىلدۇرغان.

قانۇننى يولغا قويغان ھەمدە «قۇرئان» دىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «كاپىر» لار ئۈستىدىن غازات ئېلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار دېگەن بەلگىلىمىدىن ئىنتايىن غەزەبلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماركوپولونىڭ كۆرسەتكىنىدەك ھەر خىل دىنلارغا قارىتا ئەڭ زور چەك ئىچىدە تاقەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا بولغان ھېسداشلىقى تەرىقەتچىلەرگە، يەنى بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى رىقابەتچىلىرىگە يامان كۆز بىلەن قاراشتا ئىپادىسىنى تاپتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇددا دىنىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. موڭغۇللاردىكى رىۋايەتلەردە ھەم ئۇ مۇشۇ قىلىقى بىلەن نام - ئاتاق چىقارغانىدى. تەقۋادار بۇددىست ۋە موڭغۇل تارىخچىسى ساناڭ سېچېن ھەتتا «قۇتۇغتۇ» (ئەۋلىيا) ۋە «زاگراۋۇر» (دۇنيانىڭ خوجىسى) قاتارلىق بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىنى قۇبلايخاننىڭ نامى ئالدىغا قوشتى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنى موڭكىخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە شاڭدۇدا بىر قېتىملىق دىن مۇنازىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ يىغىندا بۇددىستلار تەرىقەتچىلەر ئۈستىدىن يېڭىپ چىقتى (1258 - يىلى). بوددا دىنىنىڭ بۇ قېتىملىق چوڭ يىغىنىدا بۇددا ئىلمى ھەققىدە سۆزلىگەنلەر ئىلگىرى موڭكىخان بىلەن تەپ تارتماي تاكاللاشقان نامۇ ۋە شىزاڭلىق ياش لاما پاسپا ئىدى. ئۇلار 1255 - يىلىدىكى مۇنازىرىگە ئوخشاش بىدئەت سۆزلەرنى قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھاقارەت قىلغان ۋە بۇددا دىنىنى تەرىقەتچىلىكنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئەگەشكۈچىسى دەپ قارىغان تەرىقەتچىلەرگە رەددىيە بەردى. قۇبلايخان مۇشۇ قېتىملىق مۇنازىرىدىن كېيىن بىرنەچچە پارچە يارلىق چۈشۈرۈپ، گۇمانلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈشنى بۇيرۇدى، تەرىقەتچىلەر زورمۇزور ئىگىلىۋالغان ئىبادەتخانىلارنى راھىبلارغا قايتۇرغۇزدى (1258 -، 1261 -، 1280 -، 1281 - يىللار). ماركوپولومۇ بىزگە قۇبلايخاننىڭ خاقان بولغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەيلون پادىشاھى ئەۋەتكەن بۇددانىڭ سۆڭكىنى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قوبۇل قىلغانلىقىنى دېگەنىدى.

قۇبلايخاننىڭ بۇددا دىنى ساھەسىدىكى ئاساسلىق ياردەمچىسى شىزاڭلىق لاما پاسپا ئىدى. بۇ ئادەم 1239 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1280 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ شىزاڭدىكى ساجا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۆلۇماسى، داڭلىق ساجابەنجىدانىڭ جىيەنى ۋە ۋارىسى ئىدى. قۇبلايخان ئۇنى شىزاڭدىن چاقىرتىپ، ئۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق موڭغۇللارنى يۇمشاتتى ھەمدە شىزاڭلىقلارنىڭ ئۆزىگە باش ئۇرۇپ، باج ـ خىراج تاپشۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇ يەنە بۇ كىشىنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا شىزاڭدىكى ھەرقايسى مەمۇري ئورگانلارنى سىياسىي ۋە دىن جەھەتتە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، قەدىمكى جوڭگونىڭ بۇددا دىنىدىكى بۇ ئاتاقتىن پايدىلاندى. ئۇ چاغدىكى موڭغۇللار پەقەت ئۇيغۇر يېزىقى دەيدىغان بىر خىل يېزىقنىڭ بارلىقىدىنلا خەۋەردار ئىدى. قۇبلايخاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، پاسپا ئۇلارغا زاڭزۇلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېڭى بىر خىل يېزىق ئىجاد قىلىپ بەردى (1269 ـ يىلى)، لېكىن پىللىئوت ئەپەندىنىڭ قارىشى بويىچە، كىشىلەر پاسپانىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىنى موبالىغە قىلىشىۋەتكەندەك ئىدى. چۈنكى ئۇ ياراتقان تۆت چاسا يېزىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىردەملىكلا ئىش بولدى. موڭغۇللار كېيىنچە داۋاملىق يوسۇندا ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلگەن بىر خىل يېزىقنى قوللاندى (بۇ «يېزىش ئۇسۇلى» جەھەتتە باشقىچىرەك، سىزىقنىڭ بۇرجەكلىرى نىسبەتەن چوڭ يېزىق ئىدى). نەتىجىدە ئۇ موڭغۇللارنىڭ مىللەت يېزىقى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئارخىپلىرىمىزدا موڭغۇل مەھكىمىلىرىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن

ھۆججەتلىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا.[①] پېللىئوت ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كەمتۈك جايلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ 13 - ئەسىردىكى موڭغۇل تىلىنى تەلەپپۇز قىلىشى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، «O» بىلەن «OU» ئاھاڭىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى، خەتلەرنىڭ بېشىدىكى h ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بوغۇز تاۋۇشى پاسپا ئىجاد قىلغان يېزىقتەك مول ئەمەس ئىدى.

قۇبلايخاننىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋارىسلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسى، يەنى ئۇنىڭ ئورنىدا تەختكە ئولتۇرغان تېمۇر ئۆلجايتوخان (1295 - يىلىدىن 1307 - يىلىغىچە) دىن باشلاپ، ھەممىسىلا بەقۋادار بۇددا مۇخلىسلىرى ئىدى. لېكىن، قۇبلايخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن ئانەندا ئىسىملىك بىر بەگزادە (ئۆز ئىسمىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىدىن كەلگەنلىكىگە قارىماي) ئىسلام دىنىغا مايىل بولۇپ چىقتى، «قۇرئاننى» يادا ئالدى، ئەرەب يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىدى. تاڭغۇتلارنىڭ يۇرتى (نىڭشىيا) دا مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان چاغلىرىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ياراتقان بۇ دىننى قىزغىن تەشۋىق قىلدى. تېمۇر ئۆلجايتوخان ئۇنى يولدىن ياندۇرۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئانەندا ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدى، نەتىجىدە نەزەربەندكە ئېلىندى. ئۇ گەرچە تېمۇر ئۆلجايتوخان ئۆلگەندىن كېيىن (1307 - يىلى 2 - ئاينىڭ

---

① موڭغۇل تىلى بىلەن پۈتۈلگەن ئەڭ قەدىمكى تارىخى ماتېرىيال 1225 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تىكلەنگەن چىڭگىزخان مەڭگۈ تېشى بولۇپ، ھازىر ئۇ لېنىنگىراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ مەڭگۈ تاشتىكى خەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەنىدى. پېللىئوت ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە: خەنزۇ تىلىنىڭ ئاھاڭ تەلەپپۇزى ۋە تەرجىمىسى بىلەن 1240 - يىلى يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانىدى. پېللىئوت ئەپەندى 1908 - يىلى گەنسۇدىن تاپقان 1362 - يىلىدىكى موڭغۇل بۈيۈك ئابىدىسى — پېرسىيەدىكى ئارغۇن خان بىلەن ئۆلجايتۇخان «گۈزەللىك شاھزادىسى» فىلىپپىغا يوللىغان ۋە بۈگۈنكى كۈندە فرانسىيە ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە خەتمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، گۈيۈكخان 1246 - يىلى پاپا يىننوسىن Ⅳ گە ئەۋەتكەن خەتتىكى موڭغۇلچە مۇھۇرمۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئويۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

10 ـ كۈنى) ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، لېكىن نەۋرە ئىنىسى خەيشەننىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، خەيشەن، يەنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇزۇڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى مەزگىلدە (1307 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 1311 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنگە قەدەر)، ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بۇددا مۇخلىس ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى، ھەتتا بۇددا نوملىرىنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھالبۇكى، كۆڭزىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىدىكى تەرىققەتچىلەر ئۇنىڭ لامالارغا قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە غەمخورلۇقىدىن نارازى بولدى. ھۆكۈمەتمۇ بۇ خىل پەۋقۇلئاددە غەمخورلۇققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىنكاسى تەرىقىسىدە، بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئىلگىرى بەلگىلەنگەن مال ـ مۈلۈكنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدىكى كەچۈرۈم باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. قۇبلايخاننىڭ پەي نەۋرىسى يىسۈتېمۇر (پادىشاھ تەيدىڭ) تەختتە ئولتۇرغان دەۋرىدە (1323 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 1328 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنگە قەدەر)، باش ۋەزىر جاڭ كۈي تەرىققەتچىلەرگە ۋاكالىتەن لامالار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىمتىيازغا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شەنشىدىكى شىزاڭلىق لامالار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: «غەربتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن ئاتلىق ئۆتۈپ تۇرغان بۇ لامالار پۇتلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن يول خەتلىرىنى ئېسىپ يۈرەتتى. شەھەرلەرگە كىرگەندە، ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئۆيىنى مېھمانخانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆي ئىگىلىرىنى ھەيدەپ چىقىراتتى. خوتۇن، قىزلارنى ھاقارەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئىپلاس قىلمىشلىرىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، پۇقرالارنىڭ ئۈششاق ـ چۈشەك

نەرسىلەرنىڭچە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇرلۇقى ۋە ۋەھشىيلىكى ئالدىدا باجگىرلارمۇ يىپ ئېشەلمەيتتى». پادىشاھ يىسۇتېمۇر يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا كېلىدىغان لامالارنىڭ سانىنى چەكلەپ قويدى.

جۇڭگودىكى تەرىقەتچىلەر بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى موڭغۇل ئوردىسىدىن كۆردى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل زوراۋانلىق مەزكۇر سۇلالىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قۇبلايخان ئوردىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى جۇڭگو زېمىنىدا قۇرۇلغان تۈرك ـ موڭغۇل خانلىقلىرىدىلا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال ئەمەس ئىدى. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فۇجيەن ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە نەپەر توبا خانلىرىدىمۇ بۇ خىل ۋەقە سادىر بولغانىدى. بۇددا دىنى ئالدى بىلەن ۋەھشىي ۋە ياۋايى ئادەملەرنى مۇلايىم ۋە دىيانەتلىك قىلىپ يېتەكلىدى، ئاندىن ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغما مىجەزىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆڭزىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىدە ياشاۋاتقان قەدىمىي جۇڭگو، قورقۇنچلۇق ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇرۇشقاق خۇي ـ پەيلىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى ياكى ئۇلارنى توبا خانلىرىنى قوشۇۋالغاندەك ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە ياكى چىڭگىزخان موڭغۇللىرىنى قوغلاپ چىقارغاندەك، ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى. قۇبلايخاننىڭ ئوردىسى ناۋادا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا بەيئەت قىلغان بولسا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان بولاتتى. ئەگەر 1307 ـ يىلى ئانەندا پادىشاھلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان بولسا، بۇ خىل مۇمكىنچىلىك ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى قەدىمىي جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن بولاتتى. بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزاق تارىخى مۇساپىسىدە مۇشۇنداق خەۋپ - خەتەرنىڭ تەھدىتىگە ئىككى قېتىم دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بىرسى ئانەندانىڭ 1370 - يىلىدىكى ئۆرۈشى بولدى. يەنە بىرسى 1404 - يىلى مۇشۇ زېمىننىڭ تەلىيىگە يارىشا ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن تېمۇرلەرنىڭ تاجاۋۇزى بولدى.①

## § 7 . قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دىن سىياسىتى: نېستۇرى دىنى

قۇبلايخاننىڭ بۇددا دىنىغا بولغان كۆيۈنۈشى ئۇنىڭ نېستۇرى دىنىغا بولغان ھېسداشلىقىغا قىلچىلىكمۇ توسالغۇ پەيدا قىلمىدى. ئۇمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ بايرام كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىنى دوراپ، نېستۇرى دىنىنىڭ ئورددا تۇرۇشلۇق باشلىرى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئىنجىلنى تارتىنمايلا قوبۇل قىلىدىغان بولدى. «ماركوپولو» دېگەن كىتابىمۇ بۇ ھەقتە: «ئۇ ئىمپېرىيىدىكى خرىستىئان دىنىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، 1289 - يىلى ھۆرمەتى ئىنجىل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى» دەپ يېزىلدى. ئۇنىڭ چۈشۈرگەن يارلىقلىرى ئوگداي بىلەن موڭكىخانغا ئوخشاش نېستۇرى دىنىنىڭ باشلىرىنى خۇددى بۇددا دىنىنىڭ راھىبلىرى، تەرىقەتچىلەر،

---

① موڭغۇل ھاكىمىيىتى جۇڭگودا يۇرۇتقى خىتىرۇ سۇلالىلار ئەمەلدىن قالدۇرغان پىرىخونلۇق بىلەن مەخپىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا بەكرەك مەدەت بەردى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، سۇڭ سۇلالىسىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەنسىزلىككە سالغان ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار يېڭى خانىدانلىققا ياردەم بەرگەن بولغاچقا، بۇ خانىدانلىق بىر خىل ئىنئام تەرىقىسىدە ئۇلارغا يالغۇز ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ رەسمىي نام - ئاتاق ۋە ئەمەلىي نامى قوللىنىشىغىمۇ يول قويدى. شۇڭا، 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيلى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ياكى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» دە بولسۇن، پاك دۇنيا مەزھەپلىرىدىكى «بەيييۈەن»، «بەيلىيەن» تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆپ جايلاردا تىلغا ئېلىنىدى. بۇ يەردە تويىن دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ۋە سىرتتىن كىرگەن دىنلاردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپىنى ھەمدە كاتولىك دىنى، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

مۇسۇلمان ئىماملار بىلەن بىر قاتاردا باجنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى ۋە باشقا ئىمتىيازلار بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز مۇشۇلارغا ئاساسەن موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى بويىچە خرىستىئان دىنىنى «دىشە» ياكى «ئېركيۇن» دەپ ، باستىر ياكى موناخلارنى «رابىان ئىركيۇن» دەپ، ئېپىسكوپلارنى «مالخاش» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئەسكە ئالالايمىز. ①

موڭغۇل قەبىلىرى ياكى ئۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان قەبىلىلەردە نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، بولۇپمۇ كېرەي قەبىلىسى بىلەن تۈركلەرگە مەنسۇپ بولغان ئونگۇتلاردا ئۇنداقلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى. ئونگۇتلار تۈركلەر تەركىبىدىكى تاتار مىللىتى ياشايدىغان جايلاردا، يەنى شەنشىنىڭ شىمالىي قاسىنقىدىكى سەددىچىن سېپىلى چېگرىسىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلاردىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، ئۇ ئىسىملارنىڭ نىستۇرى دىنىدىكىلەر ئورتاق قوللىنىدىغان ئىسىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. پىللىئوت ئەپەندى بۇ ھەقتە ئۇلاردىكى فەنۇېن، گىئورگى، بورىس، قىلىش، يونان، ياگۇتانا، ئىزۇپ، لوھا قاتارلىق ئىسىملارنى مىسالغا ئالغانىدى.

باشتا ئۇچراتقىنىمىزدەك، ئونگۇتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمىي سۈيۈەنىنىڭ توقتۇ ياكى گۇيخۇا دەپ ئاتىلىدىغان رايونلىرىدا ياشىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بۇ يەر دۇڭشېڭ دەپ ئاتالدى. پىللىئوت ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دۇڭشېڭ دېگەن بۇ نامدىن ko — chang ، يەنى مارىياپالاخا Ⅲ بىلەن رابىان ساۋمانىڭ

① ئوردوس موڭغۇللىرى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى «ئېركيۇن» دېگەن ئىسمىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى شەكلى ErΦ ياكى Erkul نى قوللىنىدۇ. بوپ تېيەن جىنفۇ بۇ ئۇرۇقنىڭ ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇلار سامانى مۇرىتلىرىدىن ياكى بۇددا مۇرىتلىرىدىن ئەمەس، ئۇلار قارىمۇقارشى نىشانىدىكى باشقا بىر خىل كرىستقا چوقۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇنىڭ خرىستىئان دىنىدىن مىراس قالغان ئەجەبا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە مۇشۇلارغا ئاساسەن ئۇلارنى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئونگۇت قەبىلىسىدە ياشىغان نىستۇرى مۇرىتلىرىنىڭ ئەۋلادى، دەپ خۇلاسە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىئوگرافىيىسىدە تىلغا ئېلىنغان To — chang دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كەلدى. بۇ رايوننى ماركوپولونىڭ tandus دەپ ئاتىغىنىغا كەلسەك، بۇ ئاتاقمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىم پېللىئوت ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ناھىيە تيەندى (Thian — Tak) نىڭ تەلەپپۇزى ئىدى. بۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە نىستورى دىنىغا ئىخلاس بىلەن چوقۇنغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چىڭگىزخان جەمەتى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان تۈرك مىللەتلىرىنىڭ خانلىق جەمەتىدىكى ئونگۇت خانلىقى ئولتۇراقلاشقان جاينىڭ دەل ئۆزى ئىدى. چىڭگىزخان جەمەتى نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ بەگزادىلەرگە قەرزدار ئىدى، بۇنى ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ يادىدىن چىقمايدىغان مۇھىم ئىش دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئونگۇتلارنىڭ ئاقساقىلى ئالغۇس تىكىن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلاردىن ئۆز ياردىمىنى ئاياپ يۈرمىدى. نايمانلار 1240 - يىلى ئۇنى چىڭگىزخانغا قارشى ئىتتىپاققا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ ئىككىلەنمەي تۇرمايلا چىڭگىزخانغا يان باستى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ ساداقىتى بىلەن بىللە ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلدى. ئۇ نايمانلارغا قارشى جەڭدىن كېيىن ئۆيىگە قايتقاندا، ئۆزىنىڭ قەبىلىسىدىكى نايمانلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بەزى ئادەملەر ئۇنى چوڭ ئوغلى بايان شىبان بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى كەنجى ئوغلى بولگىخاينى ئېلىپ يۇنجۇڭغا قاچتى. چىڭگىزخان جورجىتلارنى تارمار قىلىپ يۇنجۇڭغا بارغاندا، ئۆزىگە ئەل بولۇپ ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بۇ ئاقساقالنىڭ ئونگۇت قەبىلىسىدىكى خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ياش بولگىخاي شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ خارەزىم ئۇرۇشىغا قاتناشتى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى موڭغۇل يايلاقلىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزى ئالاخەي بېكەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. بولگىخاي

ئۆلگەندىن كېيىن ئالاخەي بىكە چىڭگىزخاننىڭ ئۆز قىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئونگۇت قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە ئېرىنىڭ يەنە بىر ئايالىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلى كۈن بۇغا، ئاي بۇغا، كۆك بۇغا قاتارلىقلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرۈپ قاتارغا قوشتى (ئۇ ئۆزى تۇغمىغانىدى). چوڭ ئوغۇل بىلەن ئوتتۇرانچىسىمۇ ئوخشاشلا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى قىزلار بىلەن توي قىلدى. كۈن بۇغا گۇيۇك خاقانىنىڭ قىزى يېلمىشجىنى ئالدى، ئاي بۇغا قۇبلايخاننىڭ قىزى يۈلەگە ئۆيلەندى، ئاي بۇغانىڭ ئوغلى گېئورگىس، يەنى گېئورگى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇبلايخاننىڭ ئوغلى چىكىمنىڭ قىزى قۇتاتمىش مەلىكە بىلەن تېمۇر ئولجايتۇ خاننىڭ قىزى ئايمىچ مەلىكىنى ئالدى. ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بىز ئۇنىڭ 1298 - يىلى تېمۇر ئولجايتۇ خانغا خىزمەت قىلىۋېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەنىدۇق.

نىستورى مۇخلىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ خانلىقنىڭ پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن قانچىلىك زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكى بىزگە ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا، ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ھەر خىل دىنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان دائىرىدە ئىش ئېلىپ بېرىشىغا، ئۆزلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە تايىنىپ خىرىستىيان دىنىغا ھامىيلىق قىلىشقا سەل قارىمىدى. مارىيابالاخا III بىلەن لىببان ساۋمانىڭ بىئوگرافىيىسىمۇ كۈن بۇغا بىلەن ئاي بوغانىڭ ئىروسالىمنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىككى نەپەر نىستورى مۇرىتىنى قىزغىن ھالدا كۈتۈۋالغانلىقى ھەمدە ئۇلارغا بىر تالاي سوۋغا - سالام تەقدىم قىلغانلىقىنى خاتىرىلىدى. «بەگزادە گېئورگى» غا كەلسەك، ئۇمۇ يېشى بىر يەرگە بارغاندا سانت فرانسكا مىسسىئونېرلىرىدىن بولغان مونتى گورۋۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن كاتولىك دىنىغا بەيئەت قىلدى.

مارىيا بالاخا III بىلەن لىببان ساۋمانىڭ بىئوگرافىيىسى موڭغۇللارنىڭ شىمالىي جۇڭگو تەرەپتىكى نىستورى دىنىنىڭ يالغۇز

ئونگۇت قەبىلىسى بىلەنلا چەكلەنمىگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئالايلۇق، ئىروسالىمنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭغان ھېلىقى ئىككى كىشى غەربكە كېتىۋېتىپ تاڭغۇتلارنىڭ زېمىنىدىن، يەنى گەنسۇدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا تاڭغۇتلارنىڭ قەلئەسى نىڭشيادىن ئۆتكەندە، ئۇ يەردىكى خىرىستىئان مۇخلىسلىرى بۇ ئىككىسىنى تولمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. مۇشۇنىڭدىنلا نىستۇرى روھانىي ئورگانلىرىنىڭ بۇ يەردىكى پۇتكۇل رايوندا، جۇملىدىن نىڭشيا، شىنىڭ، گەنجۇ، سۇجۇ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا مەۋجۇت ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. بىز تۆۋەندە ماركوپولونىڭ پەقەت نىڭشيادىلا ئۈچ ئورۇندا نىستۇرى چېركاۋلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

لېكىن، نىستۇرى مۇخلىسلىرى ئۆزىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ مۇشۇ جايلىرى بىلەنلا چەكلەپ قويمىدى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپلا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مۇشۇ رايونلاردا يىلتىز تارتتى. چىڭگىزخانىنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلدى. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن نىستۇرىلار جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. نىستۇرى دىنىدىكى باش ئېپىسكوپ 1275 ـ يىلى بېيجىڭدا روھانىيلار رايونى تەسىس قىلدى. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، نىستۇرىلار ھەتتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارغا قەدەر سىڭىپ كىردى. قۇبلايخان 1278 ـ يىلى مار سارگىس دەيدىغان بىرسىنى بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنجياڭ شەھىرىگە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى، ئىسمىدىنلا نىستۇرى مۇخلىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ناھايىتى تېز ئارىدىلا جېنجياڭغا چېركاۋ سالدۇردى (1281 ـ يىلى). ياڭجۇ بىلەن خاڭجۇدىمۇ بىرنەچچە

يەردە نىستۇرى دىنىنىڭ چېركاۋلىرىنى ياسىدى.

موڭغۇللار دەۋرىدىكى نىستۇرىلار ھەققىدە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ زور دەلىل ـ ئىسپات مارىيابالاخا Ⅲ بىلەن لىببانساۋما قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىدا يېزىپ چىققان بىئوگرافىيەدىن ئىبارەت.

لىببان ساۋما (1294 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن) بىلەن ئۇنىڭ دوستى، كېلگۈسىدىكى باش ئېپىسكوپ ماركۇئىس (1245 — 1317) ئوخشاشلا نىستۇرى مۇخلىسلىرىدىن ئىدى. ماركۇئىسنى ھېچبولمىغاندا ئونگۇت قەبىلىسىدىن دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئونگۇتلارنىڭ قەلئەسى Kochang ياكى Tochang دىكى ياردەمچى كاھىن ئىدى. بۇ قەلئە، بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، يەنى پىللىئوت ئەپەندى دەلىللەپ چىققاندەك ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇڭشېڭ، بۈگۈنكى توقتو بولۇپ، ئورنى سۈيىيۈەن بىلەن شەنشىنىڭ چېگرىسىغا توغرا كېلەتتى. لىببان ساماۋغا كەلسەك، ئۇ خانبالىق ياكى بېيجىڭدىكى نىستۇرىلارنىڭ چېركاۋسىدا ئىشلەيدىغان «تەپتىش خادىمى» نىڭ ئوغلى ئىدى. لىببان ساۋما بېيجىڭدىكى ئېپىسكوپ مارگۇيۋارگۇيسنىڭ چوقۇندۇرۇشىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلدى، ئۇ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ موناخ بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن بىر كۈنلۈك نېرىدىكى مۇناستىردا دەرۋىشلەرچە كۈن ئۆتكۈزدى. دەل شۇ مەزگىلدە ماركوئىس ئۇنى ئىزدەپ تاپتى. ماركوئىسنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئاساسەن، ئىككىيلەن ئىروسالىمنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولدى. ئۇلار توقتوغا يېقىن بېرىپ، ئونگۇت قەبىلىسىدىكى ئىككى بەگزادىنى زىيارەت قىلدى. كۈن بۇغا بىلەن ئاي بۇغا ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ: «غەربكە بېرىپ نېمە قىلىسىلەر، بىز شۇنچە كۈچەپ ئاشۇ جايدىن ئېپىسكوپ ھەتتا موناخ ـ راھىبلارنى چاقىرىپ كەلدۇق ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئونگۇت بەگزادىلىرى لىببان ساۋما

بىلەن ئۇنىڭ دوستىنىڭ نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى ئات، خىراجەت ھەمدە مەركىزىي ئاسىيادىن كېسىپ ئۆتكەندە لازىم بولىدىغان ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىككىيلەن ئالدى بىلەن تاڭغۇت رايونىدىن، يەنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتتى. نىڭشىيا قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە نېستۇرى دىنىدىكى «ئەرلەر، ئاياللار، ھەتتا كىچىك باللارمۇ چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، تاڭغۇت پۇقرالىرىنىڭ ئېتىقادى تولمۇ قىزغىن ھەمدە سەمىمىي بولدى». ئۇلار لوپنۇر بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چىغىر يولدىن مېڭىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىدىكى خوتەنگە كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى خان دۇۋا بولۇپ، پىللىئوت ئەپەندىنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسەن بۇ 1275 ـ يىلى 1276 ـ يىلىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئىدى. بۇ دەل مەركىزىي ئاسىيادىكى چىڭگىزخان موڭغۇللىرىنىڭ بەگزادىلىرى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، لىببان ساۋما بىلەن ماركوئىسنىڭ ئۇدۇللا قەشقەردىن ئۆتۈپ پېرسىيەگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇلارمۇ خوتەندە ئاچارچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، قەشقەردىكى پۇقرالارنىڭمۇ ئورۇشتىن قېچىپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، قەشقەردىن غەربكە ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. نەتىجىدە، ئۇلار شىمالغا قاراپ مېڭىپ، بۈگۈنكى ئەۋلىيا ئاتا دەپ ئاتىلىدىغان تالاسقا يېتىپ باردى. بۇ رايونغا ئوگداي خانلىقىدىكى قايدۇ مەسئۇل ئىدى. قايدۇخان ئىككى نەپەر نېستۇرى مۆخلىسىنى تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى، ئۇلارغا يول خېتى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىيلەن جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىدىن ئۆتۈپ ئاباقاخان (1265 — 1282) ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيە موڭغۇل خانلىقىغا يېتىپ باردى.

خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن ئالغاندا ئەيسا (1227 — 1308) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر نېستۇرى

مۇخلىسى بولۇپ، ئۇ سۇرىيەدىن كەلگەن، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتى ئىدى. ئۇ قۇبلايخان دەۋرىدە مۇھىم ئەمەل تۇتتى. قۇبلايخان ئۇنى مۇنەججىملەر مەھكىمىسىگە قويۇشتىن بۇرۇن (1263 ـ يىلى)، ئۇ گۇيۇكخاننىڭ خىزمىتىنى قىلغانىدى. ئۇ دوختۇر، شۇنداقلا بىرقانچە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان تىلشۇناس ئىدى. ئەيسانى 1279 ـ يىلىدىكى يارلىقنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى دەپ قىياس قىلىشقا بولاتتى. بۇ يارلىقتا قۇبلايخاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ جۇڭگودىكى تەشۋىقاتىنى چەكلەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئەيسا 1284 ـ يىلى بىلەن 1285 ـ يىلى ئارىلىقىدا موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋەزىر پولاتقا ھەمراھ بولۇپ پېرسىيە خانلىقىدىكى ئارغۇنغا باردى. جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن خرىستىئان دىنىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە (پاراۋانلىق مەھكىمىسىگە) تەيىنلەندى (1291 ـ يىلى)، كېيىنچە ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلدى (1297 ـ يىلى). ئوغۇللىرى ئىلىيا، دىنھا، غىياس، كۆرگۇر، لوك قاتارلىقلار ئوخشاشلا نىستۇرى مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭدا ئوردا ئەمەلدارلىقىدا تۇردى.

قۇبلايخان بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ خاس ياساۋۇللىرى ئىچىدە گرېتسىيە مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئالانلاردىن تەركىب تاپقان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىدى. بۇلار موڭكىخان دەۋرىدە كاۋكازدىن كەلگەنلەر ئىدى. 1275 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئالانلارنىڭ بىر تارماق قوشۇنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شىمالىي قىرغاقتا سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ئارمىيىسى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىدى. قۇبلايخان مۇشۇ يەردىكى قەلئە تەسلىم بولغاندىن كېيىن يىغىۋالغان باج ـ خىراجنى ئۆلتۈرۈلگەن ئالانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. مۇشۇ ئالانلارنىڭ ئەۋلادى 1336 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رىم پاپىسى

www.uyghurkitap.com

بېنېدىكتۇس X Ⅱ گە بىر پارچە ئەل بولۇش مەكتۇپىنى يوللىدى. بۇ مەكتۇپنى ئاكا ـ ئۇكا ئاندىرى بىلەن گوللاۋۇم ۋە ئالان توغايلار ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار 1338 ـ يىلى ئاران دېگەندە (فرانسىيەنىڭ) ئاۋىگنون دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ پاپا بىلەن كۆرۈشتى.

پىللىئوت ئەپەندىنىڭ دەلىللىشى بويىچە، قەدىمىي مانى دىنىمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ فۇجيەندىكى پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، لېكىن بۇ ئەھۋال سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغانىدى.

## § 8 . ماركوپولونىڭ ساياھىتى

نىكولاي پولو بىلەن ئىنىسى مارفى پولو ئۇزۇندىن بۇيان كونستانتىنبورگدا تۇرۇۋاتقان ۋېنىتسىيەلىك سودىگەرلەردىن بولۇپ، ئۇلار 1260 ـ يىلى بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى قىپچاق خانلىقىدا سەييارە سودا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ۋولگا دەرياسى (ماركوپولو «يولۋاس دەريا» دېگەن دەريا) نىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ساراي قەلئەسىگە كەلگەندە، باتۇخاننىڭ ئىنىسى ۋە ۋارىسى قىپچاق خان بېركى ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن بىر تالاي ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇزىننەت بۇيۇملارنى سېتىۋالدى (1262 ـ يىلى). ئارقىدىنلا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن خارەزىم ئارقىلىق چاغاتاي خانلىقىدىكى مەشھۇر شەھەر بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ يىلغىچە تۇردى. شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىش يولى موڭغۇل بەگزادىلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈپ قويۇلغاچقا، پېرسىيەدىكى ھىلاكۇ خان جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئاكىسى قۇبلايخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بولغان ئەلچىلەر ئەگىشىپ مېڭىشقا بەل باغلىدى. ئۇلار ئەلچىلەر بىلەن بىللە كارۋانلار ماڭغان قەدىمىي

يولنى بويلاپ سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئوترادىن، ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىقتىن، شۇنداقلا بۇ يەردىكى باشقا ئىككى شەھەردىن، يەنى بەشبالىق (گۇچېڭنىڭ ئەتراپىدا) بىلەن شۇ چاغلاردا قوجۇ دەپ ئاتالغان (ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدىكى تۇرپان) دىن ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار قومۇل (ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدىكى Camul) بىلەن دۇنخۇاڭدىن ياكى بولمىسا شاجۇدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا كىردى ھەمدە بېيجىڭغا ياكى خانبالىققا يېتىپ باردى. قۇبلايخان ئۇلارنى تولىمۇ ياخشى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا ئۇلار قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا ئۇلارغا دۇنخۇاڭدىن يەتتە خىل ھۈنەرنى بىلىدىغان يۈز نەپەر ئالىمنى جۇڭگوغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن 1266 ـ يىلى جۇڭگودىن قوزغالدى ۋە ئالدى بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغىقىدىكى لاياسقا يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەر سىلىسىيەدىكى ئەرمىنىيە خانلىقىغا قاراشلىق ئاساسلىق پورت ئىدى. 1269 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە ئۇلار سانت جوھان ئاكرى پورتى ئارقىلىق رىمغا قايتتى. ئۇلار قۇبلايخان ھاۋالە قىلغان مىسسىئونېر ۋە ئالىملارنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولغاچقا، 1271 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كېمىگە ئولتۇرۇپ سانت جوھان ئاكرى پورتىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىككىنچى قېتىملىق سەپەردە ئۇلار نىكولاينىڭ ئوغلى ماركوپولونى بىللە ئېلىۋالدى. دەل مۇشۇ ماركوپولو بىزگە ئۆزىنىڭ تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ساياھەت خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

لاياستىن يولغا چىققاندىن كېيىن، ماركوپولو دادىسى ۋە تاغىسى ئۈچەيلەن سىۋاس ئارقىلىق كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىدىن ئۆتۈپ پېرسىيەدىكى موڭغۇل خانلىقىغا كەلدى. پېرسىيەدىكى ئاباغاخان ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە قېرىنداشلىرى بىلەن تۈركىستان چاغاتاي خانلىقىدىكى قايدۇخاننى قوللايدىغان بەگزادىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش ۋېنىتسىيەلىك ئۈچ نەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سودىگەرنىڭ ماۋرا ئۈننەھردىكى بول بىلەن مېڭىشقا مۇمكىنچىلىك بەرمىدى. ئۇلار پېرسىيەنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ تەبرىز، سۇلتانىيە ۋە قازان ئارقىلىق ماڭدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ يەزدى، كىرمان قاتارلىق يوللار بىلەن ھورمۇزغا كېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ھورمۇزدا كېمىگە ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا قاراپ مېڭىشنى ئويلىدى، لېكىن پىللىئوت ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، ئۆز ۋاقتىدىكى جەنۇبىي جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرى، گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، فۇجۇ ۋە خاڭجۇ قاتارلىق پورتلىرى موڭغۇللارنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ قولىدا ئىدى. ھورمۇزغا بېرىۋالغان تەقدىردە، ئاتا ـ بالا پولۇلار ئەلۋەتتە خۇشال بولغان بولاتتى. ئۇلار يىراق شەرققە دېڭىز يولى بىلەن مېڭىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، شىمالىي تەرەپتىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىگە قاراپ ئاتلاندى ۋە خۇراسان (ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدىكى «قاقشال يەر» ياكى «يالغۇز تېرەك»)، نىشاپۇر، شەبىرگان، بەلخ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتتى.

ئاتا ـ بالا پولۇلار ماۋرا ئۈننەھردىن يەنە پېرسىيە خانلىقى بىلەن چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى خانلىق جەمەت ئارىسىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بەلختىن قىيپاش ھالدا شەرققە يۈزلەندى ھەمدە بەدەخشان ۋە بولۇر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋاھان كارىدورىدىن ئۆتۈپ پامىر ئېگىزلىكىگە چىقتى. ئۇلار قەدىمىي «يىپەك يولى» (تاشقورغان، پتولمىسىنىڭ خاتىرىسىدىكى «تاش مۇنار») ئارقىلىق شەرق تەرەپكە قايرىلىپ قەشقەرگە كەلدى. ماركوپولو بۇ شەھەر توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ ئۇنىڭ گۈزەل باغلىرىنى، ئۈزۈمزارلىرىنى، بۇ يەردىكى ئاۋام ـ پۇقرانىڭ سودىدىكى پەم ـ پاراسىتىنى يەتكۈدەك ماختىدى ھەمدە «ئۇلار شۇ شەھەردىن ئاتلىنىپ، دۇنيانىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن تاۋار مال تاپىدىغانلار» دېدى. ئۇ يەنە قەشقەردە نىستورى دىنىنىڭ روھانىي ئورگانلىرى، چېركاۋلىرى بارلىقىنى تىلغا

ئالدى. ئاتا - بالا پولولار قەدىمىي ئۆتەڭ يوللىرى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ، يەكەن، خوتەن، كىرىيە ۋە چەرچەندىن ئۆتتى. ئاندىن سېر ستەيىن دەلىللەپ چىققان بۈگۈنكى چارقىلىقتىكى لوپنۇر قەلئەسىگە يەتتى. هايال ئۆتمەي ئۇلار دۇنخۇاڭ ياكى شاجۇغا كېلىپ تاڭغىتلارنىڭ قەدىم جايدىكى زېمىنىدىن، گەنسۇدىكى سۇجۇ ۋە گەنجۇ قاتارلىق قەلئەلەردىن ئۆتتى. بىزنىڭ ۋېنىتسىيەلىك بۇرادەرلىرىمىز سودىگەرلەر ئۇيانىدىن - بۇيانغا موكىدەك ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ داڭلىق شەھەردە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلاپ ساق بىر يىل توختىدى. ماركوپولو گەنجۇدا ئۈچ ئورۇندا نىستورى چېركاۋى بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يەردە بۇددا راھىبلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىكەنلىكىنى يېزىپ، بۇ راھىبلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئەمەلىي رەۋىشتە ماختىدى.

گەنجۇدا توختاپ قالغان ئاتا - بالا ئۈچەيلەن ئەمدى يەنە قوزغىلىپ شەرققە قاراپ يولغا چىقتى ۋە لياڭجۇ بىلەن نىڭشيادىن ئۆتتى. قەدىمكى دەۋردە تاڭغىت خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ قەلئەدىكى پۇقرالارنىڭ تەڭدىن - تولىسى بۇددىست ئىدى. شۇنداقتىمۇ ماركوپولو بۇ يەردە يەنىلا نىستورى روهانى ئورگانلىرى بارلىقىنى، ئۈچ ئورۇندا چېركاۋ بارلىقىنى خاتىرىلىدى. سەيياهلىرىمىز ئارقىدىنلا ئونگۇت قەبىلىسىگە كىرىپ كەلدى. خۇددى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ماركوپولو بۇ يەرنى ئىلاهىي پەزىلەت دۆلىتى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ مەركىزى ئەلۋەتتە بۈگۈنكى توقتۇ ياكى گۇيخۇا تەرەپتە ئىدى. ماركوپولو ئونگۇت بەگزادىلىرىنىڭ نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا ئېتىبارسىز قارىمىدى. بىراق، ئۇ ئۇلارنى «جوهان ئاقساقال» نىڭ جەمەتى، يەنى قەدىمىي كېرەي قەبىلىسىنىڭ بەگزادىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ خاتالىقنى كېيىنچە ئودورىكمۇ تەكرارلىدى. ماركوپولو ئۆز ۋاقتىدا خاقانىنىڭ هامىيلىقىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەمەلىيەتتە بولسا ئونگۇت قەبىلىسىگە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان «گىئوركىيوس» ۋە موڭغۇل خاندانلىق بىلەن ئونگۇت بەگزادىلىرى ئارىسىدىكى ئائىلىۋى ئىناقلىق ھەققىدە توختالدى.

ئۈچ نەپەر سودىگەر ئونگۇت قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ جۇڭگو تۇپرىقىغا ياكى توغرىراقى شىمالىي جۇڭگو رايونىغا قەدەم قويدى. ماركوپولۇ بۇ جاينى 8 ـ ئەسىردە بېيجىڭغا خوجايىن بولغانلارنىڭ نامىدا قىتان دەپ ئاتىدى. ئۇلار تۇقتۇدىن يولغا چىقىپ 1275 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇبلايخاننىڭ يازلىق لاگېرى تۇرۇشلۇق ئۇستۇنكى ئاستانىغا، يەنى بۈگۈنكى دولۇنورغا يېتىپ باردى.

ئاتا ـ بالا پولۇلار قۇبلايخانغا پاپا گىرىگورى X نىڭ خېتىنى سۇندى. قۇبلايخان ماركوپولۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنى قىشلىق پايتەخت خانبالىققا، يەنى بىزگە مەلۇملۇق بېيجىڭغا ئېلىپ كەلدى. ماركوپولۇنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە سۆزلىسەك، قۇبلايخان ئۇنى موڭغۇل يامۇلىغا ئىشقا قويدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنى بىرنەچچە خىل ئىشەنچلىك ئورۇندا ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. لېكىن، ماركوپولۇ خەنزۇ تىلىنى بىلمەيتتى، ھېچبولمىغاندا خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلمەيتتى. ئەكسىچە ئۇ پارس تىلىغا ئۇستا ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۆپ ھاللاردا جۇڭگو تۇپرىقىدىكى جاي ناملىرىنى پارسچە ئاھاڭ بىلەن خاتىرىلەپ ماڭدى. ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ ھېچقانچە مۇھىم ئەمەسلىكىگە قارىماي، بەزىلەر بۇ ئىشنى خاتا چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. پېللىئوت ئەپەندىمۇ بىزنىڭ سەيياھلىرىمىزنىڭ تۈز كان ئېچىش توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى تۇزچىلىق ئىدارىسىدا ۋەزىپە ئۆتىدى دەپ قارىدى. بولمىسا ماركوپولۇنى مۇشۇ ۋەزىپە جەريانىدا ياڭجۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسىغا ياردەمچى بولۇپ ئۈچ يىلغا يېقىن ئىشلىدى دەپ خۇلاسە چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا، ماركوپولۇنىڭ 1268 ـ يىلى بىلەن 1273 ـ يىل ئارىلىقىدىكى

شىياڭياڭ مۇھاسىرىسىدە دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ قۇبلايخان ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغانلىرىمۇ جۇڭگودىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ماس كەلمىدى. ئەگەر ۋېنېتسىيەلىك بۇ مەشھۇر زاتنى ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى كۆپتۈرۈۋەتكەن دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي، جۇڭگونىڭ مۇھىم شەھەرلىرىنى ئايلىنىش ئۈچۈن پۇرسەت تاپالىغانلىقى رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئاساسلىق پاكىتلارنىڭ بىرى ئىدى.

ماركوپولونىڭ كىتابىدا مۇنداق ئىككى يول خاتىرىلەندى: ئۇنىڭ بىرى بېيجىڭدىن يۈننەنگىچە بارىدىغان يول، يەنە بىرى بېيجىڭدىن فۇجيەنگىچە بارىدىغان يول ئىدى. بىرىنچى يولدا ئۇ بۈگۈنكى شەنشىنىڭ مەركىزى تەييۈەن مەھكىمىسى بىلەن مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى پىڭياڭ مەھكىمىسى (بۈگۈنكى لىنفېن) نى تىلغا ئالدى. شەنشى ئۆلكىسىدىكى ئۆز ۋاقتىدا فېڭيۈەن مەھكىمىسى ياكى جىڭجاۋ مەھكىمىسى دەپ ئاتىلىدىغان شىئەن مەھكىمىسىدە، ماركوپولونىڭ خاتىرىسى بويىچە قۇبلايخاننىڭ مانگىلا ئىسىملىك ئوغلى (1272 - يىلىدىن 1280 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت باشقۇرغان) باش مۇپەتتىش ئىدى. ئۇ سىچۈەندىكى چېڭدۇ مەھكىمىسى ھەققىدىمۇ توختالدى، ساياھەت خاتىرىسىدىكى تەپسىلىي ۋەقەلەرگە قارىغاندا، ماركوپولونىڭ مۇشۇ يەردىن يۈننەنگە ياكى قەدىمىي دالى پادىشاھلىقىغا ئەۋەتىلگەنلىكى راست بولغان ئىشتەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە ئىككى شەھەردىن، يەنى دالى (قاراجاڭ) بىلەن يۈننەن مەھكىمىسى (كۇنمىڭ ۋە ياچى) نى ئۆز نەزىرىدىن چەتتە قويمىدى ھەمدە ئۇ جايدا زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىنىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى يېزىپ قالدۇردى. يۈننەن ئۆز زامانىسىدا پەۋقۇلئاددە ئۆلكە بولۇپ، چىڭگىزخان جەمەتىدىن ئىلگىرى - كېيىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان بەگزادىلەر ئىچىدە قۇبلايخاننىڭ ئوغلى خوكىچ (1267 - يىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇغلۇق (1274 ـ يىلى) ۋە خوكىچىنىڭ ئوغلى يەشىن تېمۇر (1280 ـ يىلى) بار ئىدى. ماركوپولونىڭ بىزگە دەپ بەرگىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ساياھەت بىلەن دالىغا بارغان ۋاقتى يەشىن تېمۇرنىڭ ۋەزىپىدىكى ۋاقتى ئىدى. ۋېنتسىيەلىك ساياھەتچىنىڭ بىزنى موڭغۇللارنىڭ بىرمىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدىن (1277 ـ يىلى، 1283 ـ يىلى، 1287 ـ يىلىدىكى موڭغۇللارنىڭ يىراقتا يۇرۇشى) تەپسىلىي خەۋەرلەندۈرگىنى بويىچە، ئۇنى موڭغۇل قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ مۇشۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان دېيىشكە بولاتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ 1277 ـ يىلىدىكى جەڭنىڭ ئەھۋالىنى چالا قويماي تەرىپلىدى، بۇ قېتىمقى جەڭدە موڭغۇل ئوقياچىلىرى پاگان پادىشاھلىقىنىڭ جەڭ پىللىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ھەمدە ئىرراۋاددى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بامو ئۆتكىلىنى زورمۇ زور ئىشغال قىلغانىدى. ئۇ بىزگە موڭغۇللارنىڭ 1287 ـ يىلىغا كەلگەندە پاگان شەھىرىگە بېسىپ كىرگەنلىكىنى دەپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

ماركوپولو بايان قىلغان ئىككىنچى يول جۇڭگو دېڭىزى بىلەن يانمۇيان بولغاچقا، ئۇ شىمالدىن جەنۇبقىچە شەرقىي جۇڭگو رايونىنى بېسىپ ئۆتتى. بېيجىڭدىن يولغا چىققان ماركوپولو خېجيەن مەھكىمىسى (ئۇنىڭ ئاتىغىنى بويىچە Cacianfu)، ساڭلۇ بازىرى (ئۇنىڭ ئاتىغىنى بويىچە Cianglu)، زىياڭ، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جىنىڭ (شىنجۇ پورتى)، خۇەيخې دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزى (ئۆز ۋاقتىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزى) يېنىدىكى خۇئەيئەن، ياڭجۇ، سۇجۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى خاڭجۇ (Qninsai)، لەنشىنىڭ جەنۇبىي يېقىدىكى ۋۇجۇ ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى چۇيجۇ، ئوخشاشلا جېجياڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق چۈجۇ، فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى جيەنىڭ مەھكىمىسى، بۈگۈنكى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى فۇجۇ بىلەن چۈەنجۇ قاتارلىق ۋىلايەت ـ

ئايماقلارنى ئارىلاپ ماڭدى. بۇ يولنىڭ ئەڭ ئاخىرى چۈەنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ توختىغاچقا، بۇ يەردە گۇاڭجۇ ھەققىدە گەپ ـ سۆز بولمىدى.

ماركوپولۇنىڭ قۇبلايخان چاپىيا بىلەن سىرىلانكا ئارىلىغا ئەۋەتكەن ئىككى قېتىملىق موڭغۇل ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ، شۇ يەرگە بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىغا ئائىت قىياسلار بار. سىرىلانكىغا بارغان ئەلچىلەر بۇددانىڭ سۆڭكىنى قارشى ئېلىش ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇددانىڭ چىشىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلار ئىدى. ۋېنىتسىيەلىك ساياھەتچى سىرىلانكىدىكى كۆنلەردە ساكيامۇنىنىڭ ھاياتىغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئاڭلىدى ھەمدە بىزگە ئىنتايىن قىزىق ئەينەن بىر چۈشەنچىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ماركوپولۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 1291 ـ يىلى ئەتىيازدا كېمىگە ئولتۇرۇپ ياۋروپاغا قايتىدىغان بولدى. قۇبلايخاننىڭ پېرسىيەگە خان بولۇپ ئولتۇرغان جىيەن نەۋرىسىدىن ئارغۇن قۇبلايخاندىن موڭغۇللارنىڭ باياۋۇت قەبىلىسىدىكى بىرەر مەلىكىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قۇبلايخان مەزكۇر قەبىلىدىكى كۆكچىن مەلىكىنى ماڭدۇرىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا قۇبلايخان بىلەن قايدۇ ئارىسىدىكى ئۇرۇش تۈپەيلى مەركىزىي ئاسىيادىكى يوللار توسۇلۇپ قالغان بولغاچقا، قۇبلايخان ئاتا ـ بالا پولۇلارغا موڭغۇل مەلىكىسىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق پېرسىيەگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇ يەنە ئاتا ـ بالا پولۇلاردىن رىم پاپىسىغا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە كاستى (قەدىمكى چاغلاردىكى ئىسپانىيەنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى) پادىشاھلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتتى. ئەلۋەتتە، ئاتا ـ بالا پولۇلارنىڭ چامپانىڭ پايتەختى بىجايا ياكى چابەن (بۈگۈنكى پىڭدىڭنىڭ ئەتراپىدا) دە توختىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. ئۇلار ئارقىدىنلا بىۋاسىتە مالاككا بوغىزىغا قاراپ يولغا چىقتى، لېكىن بوراندا توسۇلۇپ قېلىپ سۇماترا ئاراللىرىدا بەش ئايدىن ئۇزۇنراق تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدى. دەرۋەقە، ئۇلار دېڭىزدا قاتناپ يۈرگەن باشقا سەيياھلارغا ئوخشاش كۆرەن بىلەن تراۋانكوردىكى كاتتا دورا ـ دەرمەك بازىرىدا ھايال بولۇپ، ئاندىن دىھانىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ ئۇدۇل كامبا قولتۇقىغا، ئۇ يەردىن پېرسىيە قىرغاقلىرىغا يېتىپ باردى ۋە ھورمۇز پورتىدا توختىدى. ئۇلار ھورمۇزدىن يولغا چىققان تەقدىردە، كىرمان بىلەن يەزدىدىن ئۆتۈپ پېرسىيە تۈپرىقىغا قەدەم قويالايتتى. بۇ مەزگىل پېرسىيەدىكى ئارغۇن خان ئۆلۈپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن كۈنلەرگە توغرا كەلگەچكە، ئاتا ـ بالا پولۇلار كۆكچىن مەلىكىنى ئۇنىڭ ئوغلى، خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ باش ۋالىيسى غازانخانغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە ئارقىدىنلا تەبرىزدە تۇرۇپ پېرسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قايقاتۇنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار ئەزەربەيجاندا ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ تىربۇزۇن دېگەن جايدا كېمىگە چىقىپ كونستانتىنبورگقا قاراپ ئاتلاندى ۋە 1295 ـ يىلى ۋېنىتسىيەگە بېرىۋالدى.

## § 9 . موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى گۈللىنىش

ماركوپولو يازغان كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، ئۇنىڭ جۇڭگودىكى ئىككى رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى باياندىن ئىبارەت. ئۇ شىمالىي جۇڭگونى بۇرۇنقىدەكلا قەدىمىي قىتاننىڭ نامى بىلەن ئاتىدى. جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئىلگىرى سۇڭ سۇلالىسىغا تەئەللۇق جايلارنى مەنزى، يەنى ياۋايىلار دەپ تەرىپلىدى. ئۇنىڭ يازغانلىرىدىن بىزگە: شىمالىي جۇڭگودىكى ئادەملەرنىڭ كۆمۈركان ئاچىدىغانلىقى، «ئۇلارنىڭ تاغ باغرىدىن بىر خىل قارا تاشنى قېزىپ چىقىدىغانلىقى، بۇ تاشنىڭ ئوتونغا ئوخشاش

كۆيدىغانلىقى ۋە ئىنتايىن بەلەنلىكى ، قىتانلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى كۆيدۈرمەيدىغانلىقى» مەلۇم بولدى. دەريا ئېقىنىدىكى قاتناشمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ سودا - سېتىقتا تۇتقان مۇھىم ئورنىغا، ئۇنىڭ جۇڭگودىكى ئىقتىسادنىڭ جان - تومۇرى ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ماركوپولو « بۇ دەريادا ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان كېمىلەر ۋە ئۇنىڭدا توشۇلۇۋاتقان مول بايلىق خرىستىئان دۇنياسىدىكى بارلىق دېڭىز - دەريالاردا توشۇلىدىغان ماللاردىنمۇ كۆپ» دەپ يېزىپ كېلىپ: «ھەر يىلى دەريانىڭ قارشى ئېقىمىغا ماڭىدىغان كېمىلەر ئىككى يۈز مىڭ، دەريانىڭ ئېقىمىنى بويلاپ ماڭىدىغانلىرىنىڭ بولسا ھەددى - ھېسابى يوق» دېدى. ئۇ قۇبلايخان تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان قانال ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتى. چۈنكى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن چىقىدىغان گۈرۈچ مۇشۇ قانال ئارقىلىق بېيجىڭغا يېتىپ باراتتى.

ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى بۇ غايەت زور سودىغا قوماندانلىق قىلىش ھەمدە ھىندىستان ۋە جەنۇبىي ئوكياندىكى تاقىم ئاراللار بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن گۇاڭجۇ رايونلىرىدىكى ھەرقايسى پرېستانلاردا كۈچلۈك «سودا ئۇيۇشما»لىرى قۇرۇلغانىدى. بۇ سودا ئۇيۇشمىلىرى فۇراندىلدىكى «كەسپىي ئۇيۇشما» ۋە فلورېنسادىكى «سەنئەت ئۇيۇشما»لىرىغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ھالدا ئىدى. ماركوپولو خاڭجۇدىكى سودا ئۇيۇشمىلىرى ھەققىدە: «سودىگەرلەرنىڭ ھەم كۆپ ھەم باي ئىكەنلىكى، ئېلىم - بېرىمدىكى غايەت زور سان - ساناقنى مۆلچەرلەشكە ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى يەتمەيتتى. سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ خوجايىنلىرى ئۆز نۆۋىتىدە كارخانىلارنىڭ داھىيسى ئىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى قول - پۇتىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈنى شۇنداق باياشات ۋە ھەشەمەتلىك ئۆتەتتىكى، باشقىلار ئۇلارنى پادىشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى» دەپ يازدى. ماركوپولو بىر تۇتاش خەجلىنىدىغان قەغەز پۇلنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا «تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدىغان نەرسە» دەپ ئات قويىدى. ئۇ ھەقىقەتمۇ سودىغا قۇلايلىق ياراتقانىدى. ماركوپولو « مەن سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى (قەغەز پۇل) ئىشلىتىدۇ، ئۇلار خاننىڭ زېمىنىدا ئۇنىڭغا تايىنىپ سودا ـ سېتىق قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن ئوخشاش قاتاردا كۆرىدۇ» دەپ خاتىرىلىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ سودا ـ سېتىقتىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىقتىدارى ئالدىدا بىزنىڭ ۋېنىتسىيەلىك سودىگەرلىرىمىز ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇلار بۇ ماللارنىڭ تۈرى، يەنى ھىندىستاندىن كېمىلەرگە لىق بېسىپ ئېچىپ كېلىنگەن دورا ـ دەرمەكلەر، زەنجىۋىل، تەرەنجىۋىل، قوۋزاق دارچىن؛ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ياكى قارشى ئېقىمىغا قاراپ ماڭغان كېمىلەردىكى گۈرۈچ؛ خاڭجۇ ياكى چۈەنجۇدىكى دۇكانلاردا بېسىلىپ ياتقان قىممەتلىك تاۋارلار: خام يىپەك، كىمخاب، دۇردۇن، گۈللۈك يىپەك، گۈل تىكىلگەن رەخ ياكى چۈەنجۇنىڭ «توقۇلما ماللىرى»نى سۆزلەپ ھارمىدى.

ماركوپولو يۇقىرىقىدەك ھېسسىياتى بىلەن بىزگە جۇڭگونىڭ ئاساسلىق بازارلىرىنى تونۇشتۇردى: خانبالىق (بېيجىڭ) شىمالدىكى يىپەك توقۇلما ماللارنىڭ مەركىزى ئىدى («دۇخاۋا رەختنى زور مىقداردا توقۇپ چىقىرىش ئۈچۈن، بۇ بازارغا ھەر كۈنى مىڭ ھارۋىدىن كۆپ خام يىپەك توشۇپ كېلىنەتتى»)؛ چېڭدۇ مەھكىمىسى (سىچۈەندە) شۇ خىلدىكى دۇخاۋا رەختلەرنى توقۇپ سىرتقا يۆتكەيتتى، جۇڭگودىكى بۇ خىل يىپەك توقۇلما ماللار مەركىزي ئاسىياغا قەدەر باراتتى؛ نەنجىڭ (ئەنچىڭ ياكى كەيفېڭ) بىلەن سۇجۇ (جياڭسۇ)دا كىمخاب بىلەن دۇردۇن توقۇلاتتى؛ ياڭجۇ (جياڭسۇدا) چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن چىقىدىغان گۈرۈچنى يىغىپ ـ تارقىتىدىغان جاي ئىدى؛ شىڭزەي

(يەنى جېجاڭدىكى خاڭجۇ بازىرى) سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى بولۇپ، ئۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى يوقىتىپ قويمىدى، ئەكسىچە بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندى. ماركوپولو ئۇنى جۇڭگودىكى ۋېنىتسىيە دەپ تەسۋىرلىدى. ھەددى - ھېسابسىز سودا كېمىلىرى ھىندىستان بىلەن جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرىدىكى دورا - دەرمەكلەرنى توشۇپ مۇشۇ بازارغا كېلەتتى. ھىندىستان بىلەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا يىپەك ماللارنى چىقىراتتى. شۇڭا، بۇ يەردە ئەرەب، پارس ۋە خرىستىئان سودىگەرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. فۇجيەن ئۆلكىسىدىمۇ فۇجۇ بىلەن چۈەنجۇدىن ئىبارەت كاتتا ئىككى سودا پورتى بار ئىدى. فۇجۇدىكى سودىگەرلەر «زور مىقداردىكى خام زەنجىۋىل بىلەن خولىنجاننى زاپاس ساقلايتتى. بۇ بازاردا يەنە قەنت - شېكەر سودىسىمۇ بولاتتى، ھىندىستاندىن كەلگەن مەرۋايىت ۋە ياقۇتلار سېتىلاتتى.»

لېكىن، موڭغۇللارنىڭ جۇڭگو زېمىنىدىكى ئەڭ چوڭ سودا پورتى يەنىلا ماركوپولو Caiton دەپ ئاتىغان چۈەنجۇ ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە: «ھىندىستاندىن كەلگەن سودا كېمىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە توختايدۇ، بۇ كېمىلەر دورا - دەرمەك ۋە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ياقۇتلارنى توشۇيدۇ. بۇ بازار مەنزىلەرنىڭ سودىگەرلىرى توپلىشىدىغان پورت، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تاۋارلارنىڭ يىغىلىش مەركىزى، سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، ناۋادا ھىندىستاندىن قارامۇچ باسقان بىر كېمە ئالېكساندىر قەلئەسىگە ياكى خرىستىئانلار دۇنياسىدىكى باشقا پورتلارغا باردى دېگەن تەقدىردە، يۈز كېمە چۈەنجۇغا بارغان بولىدۇ» دەپ خاتىرىلىدى. بۇ ئەھۋالنى ئەرەبىستانلىق سەيياھ، ئىبىن باتۇتامۇ دەلىللىدى ھەمدە 1345 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى چۈەنجۇنى تونۇشتۇردى.

بىزگە مەلۇم، موڭغۇللار دەۋرىدىكى جۇڭگو بازارلىرى ھىندىستان ۋە مالاي تاقىم ئاراللىرىدىكى بازارلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ماركوپولونىڭ ئىسپاتلىغانلىرىغا ئاساسەن جۇڭگونىڭ تۆركۈم - تۆركۈم سودا كېمىلىرى دائىم دېڭىزدەك ياۋا پورتىغا بېرىپ ئۇ يەردىن «قارامۇچ، كاۋاۋچىن، خولىنجان، پىلپىل، مىق داچىن ۋە باشقا دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، چۈەنجۇلۇق سودىگەرلەر بولسا ئۇنى سېتىپ پايدا ئالاتتى». ئۇنىڭدىن سىرت، قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن تراۋانكور، قەرنات پادىشاھلىرى ئارىسىدا ھەقىقىي مەنىدىكى سودا كېلىشىمى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ سودا كېمىلىرى بوتان، كائىل، جۇلەن ۋە سىرىلانكا قاتارلىق جايلارغا خام يىپەك، دۇخاۋا كىمخاب، سچۈەن يىپىكى، دۈردۈن قاتارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەتتى ۋە ئارقىدىنلا ھىندىستاننىڭ مۇچ، زەنجىۋىل، قوزاق دارچىن، لاچىندانە، داكا، رەخت، ھىندىستان دېڭىزىنىڭ مەرۋايىتلىرى ۋە دېھاننىڭ ئالماسلىرىنى توشۇپ كېلەتتى.

جۇڭگودىكى موڭغۇل خانلىقى پېرسىيەدە قۇرغان قېرىنداش خانلىق ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. ھىلاكۇ ئوردىسىدىكى پېرسىيە خانلىرى گەرچە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى موڭغۇلچە ئىدى. ئۇلار جۇڭگودىن زېبۇزىنەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى قويماي ئېلىپ ماڭاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇخاۋا، كىمخاب ۋە چاقچۇقلار ئەڭ كۆپ ئىدى. جۇڭگولۇق رەسساملارنىڭ شۇ دەۋردىكى پېرسىيە رەسساملىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى زور ئىدى. ئەكسىچە، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيە جۇڭگوغا گېلەم، ئات جابدۇقلىرى، قورال - ياراغ، مىس سايمان، سىر قاتارلىقلارنى ماڭغۇزاتتى.

ماركوپولونىڭ ساياھىتى بىلەن پېگولوت يازغان «سودا ئادەتلىرى» دېگەن كىتاب موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ جۇڭگو بىلەن

ياۋروپانى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. قىتئەلەر ئارىسىدىكى ئىككى يولنىڭ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە غەرب بىلەن يىراق شەرقنى بىرلەشتۈرگەنلىكى راست ئىش ئىدى. بۇنىڭ بىرى دەشتى قىپچاقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يول بولۇپ، غەربلىكلەر تىرىمىيەدىكى گۈيانالىقلار بىلەن ۋېنىتسىيەلىكلەر مال ئالماشتۇرىدىغان پونكىتتىن ياكى توغرىراقىنى ئېيتقاندا دون دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى تانادىن يولغا چىقاتتى. ئۇلارنىڭ توختاپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭلىرى ئاساسلىقى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قىپچاق خانلىقىنىڭ پايتەختى ساراي بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئوترار، تالاس ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى بالاساغۇن ئىدى. ئىسسىقكۆلدىن چىققاندىن كېيىن موڭغۇل دالاسىغا بارىدىغان يەنە بىر يول بولۇپ، ئۇ ۋولگا دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇڭگو دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىرچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قاراقۇرۇمغا، ئاندىن جەنۇبنى ياقلاپ بېيجىڭغا باراتتى. يەنە بىر كىچىك يول ئوخشاشلا ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئالمىلىق (غۇلجا)، بەشبالىق (گۇچېڭ)، قۇمۇل، گەنسۇدىكى سۇجۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن جۇڭگو زېمىنىغا تۇتىشاتتى. ئىككىنچى چوڭ يول پېرسىيەدىكى موڭغۇل خانلىقىدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ياكى گىرىكلەشكەن دۆلەت تىربىزۇندنىڭ پايتەختى يەنى قارا دېڭىز بويىدىكى تىربىزۇند قەلئەسىدە ئىدى؛ ياكى بولمىسا بۇ يەردىكى سودىگەرلەر فرانكلار تۇرۇۋاتقان سۇرىيەنىڭ يېنىدىكى سىلىپسىيەدە قۇرۇلغان ئەرمىنىيە پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ ئاۋات سودا پورتى لاياستىن يولغا چىقاتتى. بۇنداق سەپەر مەيلى بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ قايسى بىرىدىن باشلانغان بولمىسۇن پېرسىيەدىكى موڭغۇل خانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان بېقىندى دۆلەتلەردىن، كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىنىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ ئاخىرىدا پېرسىيە خانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايتەختى ئورنىدىكى تەبرىزگە يېتىپ باراتتى. تەبرىزدىن كېيىنكى مۇھىم ئۆتەڭلەر ئادەتتە كازۋىن، رېيى ، مەرۋە، سەمەرقەنت، تاشكەنت (ئۆز ۋاقتىدىكى شاش)، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل، گەنسۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. سودىگەرلەر يەنە مەرۋە، بەلغ، بەدەھشان، قەشقەر، خوتەن، لوپنۇر ۋە دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ماڭاتتى. يىراق شەرقنىڭ ماللىرى ئوخشاش بولمىغان كارۋان يولى بىلەن بىۋاستە ھالدا ياۋروپاغا يېتىپ باراتتى.

قىتئەلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ياكى قەدىمىي يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭىدىغان يوللاردىن باشقا، موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى دېڭىز يولى بىلەن دورا - دەرمەك يولىنى قايتىدىن ئاچتى. ئەرەبلەر بىلەن سالجۇقى ئىرانلار غەربكە قارىتا ئۆزىنىڭ چېگرىسىنى تاقىۋالغان چاغدا، پېرسىيەدىكى موڭغۇللار دەرۋازىسىنى چوڭ ئېچىپ قويدى. خرىستىئان دۇنياسىدىكى دەسلەپكى سودىگەرلەر ۋە مىسسىئونېرلار جۇڭگوغا دېڭىز يولى ئارقىلىق بارىدىغان بولدى. باغدات خەلىپىلىكى ھالاك بولغاندىن تارتىپ ئىسلام دىنى پېرسىيە خانلىقىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشكەنگە قەدەر ئارىلىقتا، لاتىن تىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سەيياھلىرى ھېچقانچە قىيىنالمايلا ئىراندىن ئۆتۈپ، تەبرىزدىن ھورمۇزغا، ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ تانا، سىرىلانكا ۋە چۈەنجۇغا بېرىپ - كېلىپ يۈردى. بىز تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئودۇرىكنىڭ بۇ جەھەتتە تىپىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يەنە بىرى تەرەپتىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى، جەنۇبىي ئوكياندىكى تاقىم ئاراللار ۋە ھىندىستاننىڭ دورا - دەرمەكلىرى ھورمۇزدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان بولدى. سودىگەرلەر بۇ ماللارنى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيە ئارقىلىق تەبرىزدىكى كاتتا بازارلارغا، ئاندىن خرىستىئان دۇنياسىدىكى سودا پورتلىرىغا، تىربىزوند ياكى لاياسقا توشۇيدىغان بولدى.

بۇ جەھەتتە بىزنىڭ كۆپرەك سۆزلىگىنىمىز تۇزۇك، چۈنكى

ئۇ موڭغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنپەئىتى، شۇنداقلا كۆپ قېتىملىق قىرغىنچىلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى جۇڭگونى، تۈركىستاننى، پېرسىيە ۋە رۇسىيەنى بۇيۇك بىر ئىمپېرىيە ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى قاتتىق «ياساق» تۈزۈمى بىلەن باشقۇردى. بىر دىل بىر نىيەت بىلەن كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە دىن ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان بەگزادىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، قەدىمكى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە توسۇلۇپ قالغان دۇنياۋى قۇرۇقلۇق يوللىرى ۋە دېڭىز يوللىرى يېڭىۋاشتىن يورۇقلۇققا چىقتى. ئاتا ـ بالا پولۇلارنىڭ ساياھىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پائالىيەتلەر ئىماي تىدىيانوسىنىڭ نامىنى سىمۋول قىلغان پائالىيەتلەردىن مول بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، جۇڭگو، ئىران ۋە غەرب ئەللىرى ئۆزئارا مۇكەممەل مۇناسىۋەتتە بولدى. بۇ تارىختىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ئېھتىمال بولمىسۇن، بۇ چىڭگىزخاننىڭ قورقۇنچلۇق ئىستېلاسى تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇن ئېلىپ كېلىنگەن بەخت ـ سائادەت ھېسابلىناتتى.

## § 10 . موڭغۇللار دەۋرىدە جۇڭگودىكى كاتولىك دىنى

ئاتا ـ بالا پولۇلارنىڭ ساياھىتى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئەمەس ئىدى. 1291 ـ يىلى ئىتالىيەلىك سودىگەر پىتروس دې لوگالۇنگو تەبرىزدىن يولغا چىقىپ ھىندى ئوكيان ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلدى ۋە بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇ 1305 ـ يىلى ئوردا ئەتراپىدىكى بىر پارچە يەرنى سانت فرانسىسكا مىسسىئونېرى جوھان دې مىنتوكورۋىنوغا تەقدىم قىلغانلىقى تۈپەيلى روناق تېپىپ بېيىدى.

www.uyghurkitap.com

يىگىرمە يىلدىن كېيىن گويانالىق ئاندىرۇ دې ساۋىنانو جۇڭگوغا كېلىپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە ئاخىرىغا كېلىپ موڭغۇللارنىڭ ئەلچىسى نامىدا غەربكە قايتتى. 1338 ـ يىلى دانا ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم جۇڭگوغا كەلدى.

بۇ قاپ يۈرەك سودىگەرلەر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگوغا كەلگەنلەر ئىچىدە مىسسىئونېرلارمۇ بار ئىدى. 1289 ـ يىلى لىببان ساۋمادىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر تالاي خرىستىئان دىنىي رايونى بارلىقىنى ئاڭلىغان پاپا نىكولاي IV سانت فرانسىسكانىڭ ھەرقايسى ئۇيۇشمىلىرىدىكى مىسسىئونېرلاردىن مىنتوكورۋىنونى يولغا سالدى ھەمدە ئۇنىڭدىن پېرسىيەدىكى ئارخۇن بىلەن قۇبلايخانغا ئايرىم ھالدا دۆلەت مەكتۇپى يوللىدى. مىنتوكورۋىنو تەبرىزگە بېرىپ ئارخۇننىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇردى. 1291 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ مىلياپوردا سودىگەر لوكالونگو بىلەن بىللە ئون ئۈچ ئاي توختىدى. ئۇ يەردىن كېمىگە ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا بارغاندىن كېيىن، قۇبلايخاننىڭ نەۋرىسى ھەمدە ۋارىسى تېمۇرخان ئۇنى زور تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى. بۇ ھەقتە ئۇ دۇرىك: «بىزنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر دىنىي دوستىمىز ئوردىدا ئېپىسكوپ بولدى. ئۇ پادىشاھ ئالىيلىرى ئاتقا مىنگەندە ئۇنىڭغا دۇئا بېرەتتى، پادىشاھمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى كرېستنى ساداقەتمەنلىك بىلەن سۆيۈپ قوياتتى» دەپ يازدى.

مىنتوكوۋىنو بېيجىڭدا ئىككى ئورۇندا چېركاۋ سالدى. ئۇنىڭ بىرسىنى مىلياپوردىن (1305 ـ يىلى) ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئىتالىيەلىك سودىگەر لوكالونگو ئىئانە قىلغان پۇل بىلەن ياساپ پۈتتۈردى. ئۇ بىرنەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا «ئون مىڭدىن كۆپ تاتارنى چوقۇندۇردى» ۋە «مۇناجاتنامە» نى ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرى قوللىنىدىغان تىلغا تەرجىمە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ ئونگۇت قەبىلىسىدىكى شاھزادە گېئورگىنى، يەنى كېلىپ چىقىشى

خرىستىئان بولغان گېئورگىنى كاتولىك دىنىغا بەيئەت قىلدۇردى. بۇ ئۆزگىرىش ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئىش بولدى. «شاھزادە گېئورگى» ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى يۇكسەك ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، پادشاھ تېمۇرنىڭ كۈيئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىسسىئونېرلارنى ئۇنۇملۇك ھالدا قوغدىدى. گېئورگىنىڭ كەنجە ئوغلى چوقۇندۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا جوھان دەپ ئات قويۇلدى ۋە بۇنىڭدا مىنتوكوۋىنوغا بولغان ھۆرمەت ئىپادىلەندى.

1307 - يىلى پاپا كىلىمىن V مىنتوكورۋىنونى خانبالىقنىڭ باش ئېپىسكوپى قىلىپ تەيىنلىدى. 1313 - يىلى سانت فرانسىسكانىڭ ھەرقايسى ئۇيۇشمىلىرىدىن ئۈچ نەپەر مىسسىئونېر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. بۇ ياردەمچىلەر ئاندىرى دې بىلۇس، كىلار، بىلگىلىنو ئۇچەيلەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا پاپا يەنە دوم، گلۇم ۋە پېتىر دې فلۇرنىسنى موڭغۇللار تۇرۇشلۇق جايغا يولغا سالدى. گلۇم قىرىمىيەنىڭ ئېپىسكوپلىقىغا، قوشۇمچە قىپچاق خانلىقىدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بەلگىلەندى. كىلار فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى چۈەنجۇغا ئېپىسكوپ بولدى. بۇ شەھەردە ئەرمىنىيەلىك بىر باي ئايال سالدۇرغان چېركاۋ بار ئىدى. كىلار ئۆلگەندىن كېيىن، چۈەنجۇنىڭ ئېپىسكوپلۇقىغا بىلگىلىنو مەسئۇل بولدى. بىلىگنو 1323 — 1392 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاندىرى دې بىلۇسقا قالدى. موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ مىسسىئونېرلارغا قىلغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى ئاندىرىنىڭ بىلۇس مۇناستىرىدىكى ئاقساقاللارغا يازغان خېتىدە تىلغا ئېلىندى. بۇ 1326 - يىلى بىرىنچى ئايدا چۈەنجۇدىن ئەۋەتىلگەن خەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن پادشاھ يىسۇن تېمۇرنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان ھەر يىللىق تۇرمۇش راسخودىنىڭ 100 ئالتۇن فرۇلىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئاندىرى يەنە چۈەنجۇغا يېقىن جايدا يىگىرمە ئىككى راھىب سىغىدىغان بىر مۇناستىر ياساتقانلىقىنى، ئۆزى بولسا نۆۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ چېركاۋىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياكى تاغدىكى يوشۇرۇن ھۇجرىدا تۈرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

مىنتوكورۋىنو بىلەن ئاندىرى دې بىلۇستىن كېيىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگودا پائالىيەت ئېلىپ بارغان كاتولىك دىنىنىڭ مىسسىئونېرلىرىدىن ئەڭ مەشھۇرى سانت فرانسىسكانىڭ ئۇيۇشمىسىدىن كەلگەن ئودۇرىك (1265 - يىلى تۇغۇلۇپ 1331 - يىلى ئەتراپىدا ئۆلگەن) ئىدى. ئودۇرىك 1314 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋېنىتسىيەدە كېمىگە ئولتۇردى. (بەزى يازغۇچىلار 1318 - يىلى دەپمۇ قارىدى)، ئۇ تىرىبىزۇندا قىرغاققا چىقىپ، ئالدى بىلەن پېرسىيەدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئالدىغا باردى. تەبرىزدە ئېكىسكۇرسىيىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سودىدىكى مۇھىملىقىغا دىققەت قىلدى ۋە بىزگە: بۇ شەھەرنىڭ پېرسىيە خانلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان كىرىمى فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل پادىشاھلىقىدىن تاپىدىغان كىرىمىدىنمۇ كۆپ ئىكەن، دەپ بەردى. ئۇ ئەزەربەيجاندا بىرمۇنچە نىستۇرى دىنى ۋە ئەرمىنىيە مەزھىپىدىكى روھانىي ئورگانلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇ گەرچە ئىرانىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەزدىگە بارغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ياندى. بۇنىڭغا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خۇراپىي تەلەپلىرىنىڭ ھەددىن زىيادە ئېغىرلىقى سەۋەب بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1313 - يىلى بىلەن 1315 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئىرانىنىڭ شەرقىي قېرىنداشلار بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان سەھنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پېرسىيەدىكى ئولجايتۇخان تۈركىستاندىكى چاغاتاي خانىنىڭ ۋارىسى ئىسەن بۇغا ۋە ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى بىلەن ھەمدە ئافغانىستاندىكى داۋۇد غوجا بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىرانىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى قاتناشمۇ 1305 — 1327 - يىللار ئارىلىقىدىكى تالان - تاراج خاراكتېرلىك بويسۇنۇندۇرۇشتا ئۈزۈلگەن، تۈركىستاندىكى چاغاتاي جەمەت موڭغۇللارنىڭ پەنجابقا

بولغان تاجاۋۇزچىلىقى توختىتىلغانىدى. شۇڭا، ئودۇرىك غەربكە قايرىلىپ، ئۇدۇل ئىراق ۋە ئەرەبىستان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. باسورادا كېمىگە ئولتۇرۇپ ھورمۇزغا بارغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بومبايغا يېقىن جايدىكى تانادا قىرغاققا چىقتى. 1322 - يىلى ۋە 1323 - يىلى ياكى بولمىسا 1324 - يىلى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن (1321 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە) سانت فرانسىسكا ئۇيۇشمىلىرىدىكى تۆت نەپەر مىسسىئونېرنىڭ جەسىتىنى يەرلىكتە قويدى، مالابار دېڭىز ساھىلىنى كۆزدىن كۆچۈردى. بۇ يەر دورا - دەرمەكلەر يۇرتى، مۇچ پادىشاھلىقى بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردىكى سودا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. ئۇ سانت دوم ياكى مىلياپوردا ساياھەتتە بولدى. رىۋايەتلەرگە ئاساسەن بۇ يەردە ئەۋلىيا دومىنىڭ جەسىتى بار ئىدى، شۇنداقلا يەنە بىر يەردە خىرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ خېلى كۆپ ئادەمگە ئىگە مۇستەملىكىمۇ بار ئىدى. ئودۇرىك بۇ كونا نىستورى رايونىنىڭ خارابىلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ يەردىكى دىنىي رايون ئاساسەن دېگۈدەك بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇھىت ئىچىدە تۇرغاچقا، باشقا بىر يات دىنغا ئايلىنىپ كېتەي دەپلا قالغانىدى. روبىرىيۇكس موڭغۇللار دەۋرىدىلا نىستورى دىنىي كۈچلىرىنىڭ شۇ جايدىكى سامان مۇرىتلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز سەۋىيىسىنى قارشى تەرەپنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى. بولۇپمۇ ھىندى دىنى ئۆزىدىكى بىمەنە سېھىرلىق ۋە قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان چاكىنا قاراشلار تۈپەيلى، خىرىستىئان دىنىغا جان - جەھلى بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇت ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئاستىدا ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ بىر زامانلاردا ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن شۆەنزاڭنى ھاقارەت قىلغىنى بىلەن ئوخشاش

ئىدى. ئودۇرىك سىرىلانكىنى، ياۋا ئارىلىنى ئايلىنىپ چامپادا توختىدى ۋە ئۇ يەردە كېمىگە ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا قاراپ ماڭدى.

ئودۇرىك گۇاڭجۇدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئۇ جاينى «شىجيالەن» دەپ ئاتىدى، بۇ ئەرەب تىلىدىكى Cinkalan دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئۇ بۇ شەھەر ھەققىدە توختىلىپ، ئادىمى كۆپ، يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول، ماللىرى ئەرزان جاي ئىكەن دەپ تىلغا ئالدى. ئۇ پۇقرالارنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىكى تەبىئىي ئىقتىدارىنى تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭلا سودىگەر ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، ئاۋام ئارىسىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى يازدى. ئۇ چۈەنجۇ ياكى لاتۇڭغا ئالاھىدە قىزىقتى. قولىيازما ماتېرىيالغا Caitan دەپ يېزىپ كېلىپ، بۇ شەھەر «رىمدىن ئىككى ھەسسە چوڭ كېلىدىكەن» دېدى. ئۇ بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سانت فرانسىسكا ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناستىرىدا كۈتۈۋېلىندى. ئۇ بۇ جايدا ئۆزىنىڭ دىنىي دوستلىرى ياساتقان سانت فرانسۇۋا شەكلىدىكى چېركاۋ ۋە ئۇلارنىڭ تاغدىكى پىنھان ھۇجرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئودۇرىك ئۆزىنىڭ قولىيازمىسىدا خاڭجۇنى Cansay ياكى Quinzai دەپ ئاتاپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىدىن ھەيرانە - ھەس بولدى ۋە بۇ شەھەر «ئېھتىمال دۇنيادىكى ئەڭ زور شەھەر بولسا كېرەك. ئۇ بىزنىڭ ۋېنىتسىيەگە ئوخشاش ئىككى چوڭ كۆل، بىرنەچچە قانال ۋە كۆلچەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن» دېدى. شۇنداقلا ئۇ خەنزۇ، موڭغۇل، بۇددا مۇرىتلىرى، نىستۇرى دىنىدىكىلەر، مۇسۇلمان قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ بۇ غايەت زور ئاھالە رايونلىرىدا بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قايىللىقىنى بىلدۈردى. «شۇنچىۋالا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىنچ بىللە ياشىغانلىقى، ئوخشاش بىر ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت مۇنداق پاكىت دۇنيادىكى ئەڭ زور



www.uyghurkitap.com

مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ئودۇرىك خاڭجۇدىكى بىر موڭغۇل ئەمەلدارنىڭ (شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ نىستۇرى دىنىنىڭ مۇرىتى بولۇشى مۇمكىن) سانت فرانسىسكا ئۆيۈشمىلىرىدىكى مىسسىئونېرلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن كاتولىك دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى دەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئودۇرىكنى «ئاتا» دەپ ئاتىغانلىقىنى، بۇنىڭ تۈركىي تىلدىكى «دادا» سۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئودۇرىك مۇشۇ كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن، بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، راھىبلار بىلەن تەقدىر ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى.

ئودۇرىك خاڭجۇدىن يولغا چىقىپ كاۋدىدىكى جىنلىڭ مەھكىمىسىنى، يەنى نەنجىڭ شەھىرىنى ساياھەت قىلدى. ئاندىن ياڭجۇغا بېرىپ، ئۇ يەردە سانت فرانسىسكا ئۆيۈشمىلىرى سالدۇرغان بىر موناستىرنى يوقلىدى. نىستۇرى مەزھىپىنىڭ بىرنەچچە ئورۇندىكى چېركاۋلىرىنى كۆردى. ئاندىن ماركوپولو «يېڭى پىرىستان» دەپ ئاتىغان يەرگە، ئېنىقراقى بۇگۇنكى شەندۇڭدىكى جىنىڭغا باردى. بىزنىڭ مىسسىئونېرىمىز ئۇنى يېپەك ماللارنىڭ مۇھىم بازىرى دەپ تەرىپلىدى. ئاخىرىدا ئۇ «خاننىڭ شەھىرى»گە، يەنى خانبالىققا كەلدى. «ئۇ يەردىكى كەڭ ئوردا ـ ساراي ئىچىدە چوڭ خان تۇراتتى، ئەتراپى ئاز دېگەندىمۇ تۆت مىڭ قەدەم (يەنى تەخمىنەن ئالتە يېرىم كىلومېتىر) كېلەتتى. ئىككىنچى قاتاردا تۇرىدىغان بىرقانچە سارايمۇ شۇ يەرگە جايلاشقانىدى. خاننىڭ قەلئەسى بىرقانچە قەۋەت سېپىل بىلەن ئورالغان بولۇپ، ھەممە يەردە لىقلا ئادەم بار ئىدى. ئىككىنچى قەۋەت سېپىلنىڭ ئىچىدە چوڭ خاننىڭ تۇرالغۇ جايى بولۇپ، ئۇ يەرگە ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئوردا خادىملىرى ئورۇنلاشقانىدى. قورشاۋ سېپىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىچىك سۈنئىي تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي ئوردا جايلاشقانىدى. تاغ ئۈستىدە تولىمۇ چىرايلىق دەل ـ دەرەخلەر ئۆسكەن بولغاچقا، ئۇ يېشىل تاغ دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاتالغاندى. تاغنىڭ تۆت تەرىپى كۆل ۋە ئايلانما كۆلچەكلەر بىلەن ئورالغان، مەركىزىدە قاملاشتۇرۇپ سېلىنغان كۆۋرۈك، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن مەرمەر تاشلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ياسىلىشىدىكى ماھارەتتىن قارىغاندا، ئۇنى ئۆز ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل كۆۋرۈك دېيىشكە بولاتتى. كۆلچەكلەردە توپ - توپ بېلىقئالغۇچ، غاز، ئاق قۇ ۋە ياۋا ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا چوڭ خاننىڭ ئوردا سېپىلىدىن سىرتقا چىقىپ شىكار بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆڭۈل ئېچىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدىكى باغ ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تولغانىدى.»

ئۇنىڭدىن باشقا، ئودۇرىك چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئوردا مۇراسىملىرىنى تەسۋىرلىدى (بۇ قۇبلايخاننىڭ كۆكۈن نەۋرىسى يىسۈن تېمور ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان 1323 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 1328 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئىدى). «چوڭ خان ئۆز تەختىدە سەلتەنەت بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر پەلەمپەي پەس ئورۇندا خانىش، تېخىمۇ پەس ئورۇندا ئۈچ نەپەر تۇقال خانىشنىڭ ئورنى بولاتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئوردا ئىچىدىكى باشقا يۈز - ئابرۇيلۇق ئاياللارغا نۆۋەت كېلەتتى. چوڭ خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇراتتى، تۆۋەندىكى پەلەمپەيلەردە خانلىق جەمەتتىكى باشقا بەگزادىلار ئولتۇراتتى»، «ئۆزۈمگە كەلسەم، كىچىك دەرىجىدىكى ئېپىسكوپلار بىلەن بىللە (بېيجىڭ) شەھىرىدە ئۈچ يېرىم يىل تۇردۇم. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىر موناستىرى بار ئىدى ھەمدە ئۇلار خاننىڭ ھۇزۇرىدا ھەر خىل ئەمەلنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مەن چوڭ خانغا بەخت تىلەيدىغان پۈرسەتنى ئىلاجىمنىڭ بارىچە چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپىمدىكى ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلدىم ۋە كۆزەتتىم. بىزنىڭ دىنىي دوستلىرىمىز ئىچىدە (مىنتۇكورۋىنۇ) بىرسى ئوردىدىكى باش ئېپىسكوپ بولغاچقا، ئۇ چوڭ خان ھەر نۆۋەت سىرتقا چىقماقچى

بولغاندا ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. چوڭ خان بىر قېتىم بېيجىڭغا قايتىدىغان چاغدا، مەن باش ئېپىسكوپ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك دىنىي دوستلار بىلەن بىللە شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك نېرىغا بېرىپ ئۇنى قارشى ئالدۇق. بىز ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بولۇپ خاننىڭ ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇق. ئۇزۇن بىر ساپقا بېكىتىلگەن كرېستنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «مۇقەددەس روھناتىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دەيدىغان ئايەتنى توۋلاپ ماڭدۇق. شاھلىق ھارۋىسىغا يېقىنلاشقان چېغىمىزدا، چوڭ خان ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بىزنى ئالدىغىراق كېلىشكە بۇيرۇدى. كرېستنى ئېگىز قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قەدەم ئالدۇق. ئۇ بېشىدىكى قىممەتلىك تاجىنى قولغا ئېلىپ، كرېستكە ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى. ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى. چوڭ خان ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ كرېستنى سۆيدى. مەن كۈجىنى ئىسرىقدانغا قويدۇم، ئېپىسكوپ خانغا تەزىم قىلدى. تەكەللۇپتىكى بەلگىلىمە بويىچە، خان ئالىيلىرىغا يېقىن بارغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بىر سوۋغات تەقدىم قىلىشى زۆرۈر ئىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا كۈمۈش لىگەندە مېۋە تەڭلىدۇق. ئۇ مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئېلىپ يېدى. ئاندىن بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بىزنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلۈكىمىزدىن تارقالدۇق. بىز ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئىچىدىكى بىرنەچچە چوقۇندۇرۇلغان ھەربىي ئەمەلدارنىڭ (نېستورى مەزھىپىدىكى تۈركلەردىن كاتولىك دىنىغا بەيئەت قىلغانلارنىڭ) ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈۋالدۇق. ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئاددىي سوۋغاتلىرىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن قارىغاندا خۇددى ئۇبدان سوۋغا ـ سالام ئالغاندەك ئىدى.»

ئودۇرىك بىزنى يەنە خاننىڭ بېيجىڭدىن يىگىرمە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى پادىشاھلىق ئورماندا كەڭ كۆلەملىك شىكار بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۈغۇللىنىدىغانلىقىدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇ شىكار مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، خاننىڭ پىلغا مىنىدىغانلىقىنى، موڭغۇل بەگزادىلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدىكى ئوقلارنى ئاتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئەينەن يېزىپ قالدۇردى. «ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى، تايغانلارنىڭ ۋارقىراپ قاۋاشلىرى شۇنچىلىك ئىدىكى، ئادەملەر ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى.» ئاندىن يىسۇن تېمورمۇ بوۋىسى چىڭگىزخاننىڭ شىكاردىكى قىلىقلىرىنى دوراپ، «غەنىيمەتلەر» تەييار بولدى دەپ قارىغان چاغدا قورشاۋنى بوشىتىپ، تېخى قولغا چۈشمىگەن ھايۋانلارغا بۇددا شەكلىدە كەچۈرۈمنى يولغا قوياتتى.

ئودۇرىك يەنە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى پوچتىكەشلەر تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكىنى تىلغا ئالدى. «پوچتىكەشلەر ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپ، شىددەت بىلەن چاپاتتى ياكى تاق لوكىلىق تۆگىلەرگە مىنىپ ناھايىتى تېز ماڭاتتى. پوچتا ئۆتىڭگە يېتىپ باراي دېگەندە قولىدىكى بۇرغىنى پۈۋلەپ ئۆزىنىڭ كېلەي دەپ قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۆتەڭنى ساقلايدىغانلار بېشارەتنى ئاڭلاپلا يەنە بىر پوچتىكەشكە تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى ۋە تېز چاپىدىغان ئات ياكى تۆگىنى جابدۇيتتى. بۇ پوچتىكەشلەر خەت ـ چەك سېلىنغان خالتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئاتقا مىنگىشەتتى. ئات تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغان پېتى كېيىنكى ئۆتەڭگە قەدەر باراتتى. ئۇ يەردىكىلەر ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشاتتى. شۇڭا، چوڭ خان ئات بىلەن ئۈچ كۈندە بارغىلى بولىدىغان جايدىكى خەۋەردىن يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدىلا ۋاقىپ بولاتتى.»

ئودۇرىك بېيجىڭدا ئۈچ يىل تۇرۇپ، 1328 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۇرتىغا قايتتى. ئۇ ياۋروپاغا ئاسىيا ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ يېتىپ باردى. ئۇ ئونگۇت قەبىلىسىدىن، يەنى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى تۈركلەر

ياشايدىغان يۇرتتىن ماڭدى. بۇ قەبىلىدىكى شاھزادىلەردىن بىرى گېئورگى (1298 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىنتوكورۋىنۇنىڭ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا كاتولىك دىنىغا بەيئەت قىلدى. ئۇلار نىستۇرى مۇرىتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئودۇرىك بەئەينى ماركوپولۇغا ئوخشاش ئونگۇت قەبىلىسىدىكى شاھزادىلەرنى كېرەي قەبىلىسىدىكى «يوھان ئاقساقال» بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆپىنچە ھالدا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى مەلىكىلەر بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ راستىنلا ئونگۇت قەبىلىسىدىكى شاھزادىلەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. Thozan شەھىرىگە كەلسەك، ئودۇرىك ئۇنى ئونگۇتلارنىڭ مەركىزى دەپ ئاتىدى. پېللىئوت ئەپەندىنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى «دۇڭشېڭ»، بۈگۈنكى توقتۇ ياكى سۇيييۈەن قەلئەسى ئىدى. ئودۇرىك ئونگۇت قەبىلىسىدىن چىقىپ «گەنشەن» گە، يەنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى گەنجۇغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ كارۋان يولىدىكى بۇ شەھەر ـ بازارلار توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، بىرسىدىن چىقا ـ چىقمايلا يەنە بىرسىنىڭ سېپىللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ دېدى. ئودۇرىك ئاخىرىدا چۆللۈكتىكى بىر چىغىر يول بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبى ياكى شىمالىغا باردى ۋە يول بويى شىزاڭ ھەمدە لاما دىنىدىكى ئىلاھىي ھوقۇق توغرىسىدىكى مۇھىم ماتېرىياللارنى توپلىدى. لېكىن، كىشىلەر خاتا پەرەز قىلغاندەك، ئۇ بۇ جايلارغا بارمىغانىدى. ئودۇرىك 1330 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پاگاۋاغا يېتىپ باردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەلچى بولۇش جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن 1331 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئۇدىنىدىكى مۇناستىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئودۇرىكنى بېيجىڭدا كۈتۈۋالغان باش ئېپىسكوپ مىنتورۋىنو

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئودۇرىك قايتىپ كېتىپ ئۆزۈن ئۆتمەي 1328 ـ يىلى ياكى 1329 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. رىم 1333 ـ يىلى تۆۋەن دەرىجىدىكى دىنىي قېرىنداشلاردىن نىكولاينى ئۆلگۈچىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. نىكولاينىڭ ئالمىلىقتا، يەنى بۈگۈنكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غولجا دېگەن يېرىگە يېقىن جايغا كەلگەنلىك خەۋىرى 1338 ـ يىلى ياۋروپاغا يېتىپ باردى. لېكىن، ئۇ جۇڭگو زېمىنىغا قەدەم قويالماي سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتتى. 1339 ـ يىلى پاپا بىنوئىت XII سانت فرانسىسكا ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېر جوھان دې مالىنولىنى جۇڭگوغا ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. مالىنولى 1339 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناپلىستىن كونىستانتىنبورگقا قاراپ يولغا چىقتى، كېيىن كېمىگە ئولتۇرۇپ قىرىمىيەدىكى خافاغا باردى. ئۇ ئالدى بىلەن قىپچاق خان ئۆزبېك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا پاپانىڭ ھەر خىل سوۋغاتلىرىنى تاپشۇردى. 1340 ـ يىلى ئەتىيازدا دەشتى قىپچاقتىن ئالمىلىققا بېرىپ چاغاتاي خانلىقى چېگرىسى ئىچىدە بىر يىل ئىلگىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەدبىرلىرى بويىچە تارقىتىۋېتىلگەن خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللىدى. ئارقىدىنلا ئۇ مەركىزىي ئاسىيادىن ئۆتۈپ 1342 ـ يىلى بېيجىڭغا كەلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇبلايخاننىڭ ئونىنچى ۋارىسى توغان تېمور (يۈەن شۈندى) ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇ سوۋغات قىلغان غەربنىڭ ئايغىر ئېتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. مالىنولى 1347 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈەنجۇدا كېمىگە ئولتۇردى، ئارا يولدا ھىندىستاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سرىلانكا بىلەن مارىياپولدا بىر يىل تۇردى ۋە 1353 ـ يىلى ئاۋىگنونغا قايتتى.

1370 ـ يىلى پاپا ئۇربايىن V پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گوللاۋۇم دې پراتانى بېيجىڭدىكى باش ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلىدى. ياندۇرقى يىلى فرانسىسكو دې پوتئونى ۋاتىكاننىڭ

جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە بېكىتتى. لېكىن، بۇ چاغدا موڭغۇل خانلىقى ئاغدۇرۇلغانىدى. غەلىبە قازانغان خەنزۇلار، يەنى مىڭ سۇلالىسى خرىستىئان دىنىنى چەكلەنگەنلەر قاتارىغا قويۇپ، ئۇنى موڭغۇللار تارقاتقان ياكى ياخشى مۇئامىلە قىلغان چەت ئەلنىڭ تەلىماتى ھېسابىدا بىر تۇتاش ئەمەلدىن قالدۇردى. خرىستىئان دىنىنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىگە دۇچار بولۇشى خەنزۇ ئۆچمەنچىلەرنىڭ ئۇنى موڭغۇللارنىڭ دىنى دەپ قارىغانلىقتىن كېلىپ چىقتى. بۇ خۇددى 840 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلار بالا - قازاغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار ھامىيلىق قىلغان مانى دىنىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە ئوخشاپ كەتتى. غالىبلار ئۇنى بەدبۇي ئادەملەر باشقىلارغا زورلاپ تاڭغان دەپ قارىدى.

## § 11 . قۇبلايخاننىڭ ئەۋلادلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن قوغلاپ چىقىرىلىشى

بىز جۇڭگودىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل دىنلارنى بايان قىلىش ئۈچۈن، قۇبلايخان خانلىقىنىڭ تارىخىنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويغانىدۇق. ئەمدى ئۇنى باشتىن باشلايمىز، تېمۇرخان (1294 — 1307 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان يۈەن چىڭزۇڭ) جۇڭگودىكى موڭغۇل خانلىقىدا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئاخىرقى ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا چېكىنىش بارلىققا كەلدى. ئىش خۇددى چىڭگىزخاننىڭ ئالدىنئالا پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يايلاقتىكى ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ راھەت - پاراغەتلىرى، يەنى ماركوپولو

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئودۇرىك تەسۋىرلىگەن ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قانداقلارچە مىڭ تەستە باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇش بىلەن تەڭ، ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرگە ئاساسەن كۈچەيگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئەستىن چىقاردى. موڭغۇلخانىمۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلارنى يايلاق ھاياتىنىڭ ئاددىي - ساددىيلىقىغا قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئاخىرقىسى بولدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇبلايخان ئۆزىنىڭ خانلىقىنى خەنزۇلىششقا، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە مەدەنىيلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا يېتەكلەشكە بەل باغلىدى. بۇ ئۇنىڭ مىجەزىگە (شۇنداقلا نەۋرىسى تېمورنىڭ مىجەزىگە) تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندا موڭغۇل كۈچلىرىنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغاننىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنىڭ پۈتكۈل ماھارىتىنى قوشۇپ ئالالايتتى. لېكىن، چاكىنا ۋە ئاجىز خانلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ، مۇنداق قوش بىسلىق مىجەزنىڭ پايدىسىز بولۇپ چىقىدىغانلىقى بايقالدى. چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ھۆكۈمرانى ھەددىدىن زىيادە خەنزۇلاشتى، ئوردا تۇرمۇشىدا ھەددىدىن زىيادە يۇمشاپ كەتتى، كەيپ - ساپاغا غەرق بولدى. پوستىغا كىرىۋالغان ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئامراق خوتۇنلار، قەلەمدارلار، ئاقنانچى ئەمەلدارلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەددىدىن زىيادە ئۈزۈپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللارنىڭ ئەسلىدىكى شىجائىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىسىز بولدى. تارىختىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق بويسۇندۇرغۇچىنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى ئاخىرىغا بېرىپ ئەخمەقلىق، زەئىپلىك، يىغلاڭغۇلۇق ۋە بىر قارارغا كېلەلمەسلىك گىردابىغا غەرق بولدى، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇھ تارتماقتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار خەنزۇلاردىكى دۆلەت ئۇقۇمىنىڭ ئابستراكت ماھىيىتىنى ئەزەلدىن تارتىپلا چۈشەنمىدى. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇلار

باشتىن ـ ئاياغ بەدئىيلەر بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇلار تەڭرىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئورۇقداشلىق تۇزۇمگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى. مۇشۇ تۇپەيلى، جەمەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئاشكارا دە ـ تالاش، ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يوقىتىشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. خەنزۇلار ئىسيان كۆتۈرۈپ قوزغالغاندا بولسا، ئۇلار شۇ قەدەر پارچىلاندىكى، ھەتتا بەگزادىلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەنزۇرلار تەرىپىدىن قىرىلىشقا رازى بولدىكى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا ئەيش ـ ئىشارەتكە بېرىلىشى، ئۇلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن گۆرگە سۆرەپ كىردى. قۇبلايخان 1294 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئامراق ئوغلى چىنكىم، يەنى رەشىــــدىددىن Chinkin دەپ يازغان (يۈەن يۈزۈڭ) 1286 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆلدى. چىنكىمنىڭ ئوغلى تېمۇر چىڭگىزخان جەمەتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ھاراقكەشلىكنى بالدۇرلا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ بوۋىسى ئارزۇ قىلغاندەك ئەڭ ياخشى خان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 1307 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ پەرزەنتى يوق، ئەمدىلا 42 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ چاغدىكى پادىشاھلىق ئورۇن، بــــىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، قۇبلايخاننىڭ بىر نەۋرىسى بىلەن يەنە بىــــر پەي نەۋرىسىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتا قالدى. بىــر تەرەپ تاڭغۇت (گەنسۇ) دىكى بېقىندى پادىشاھ ئانەندا بەگزادە، يەنە بىر تەرەپ قاراقۇرۇم بىلەن موڭغۇللار رايونىدىكى بېقىندى پادىشاھ، قاڭقاي تاغلىرىنىڭ چېگرىسىدا ئىمپېرىيىدىكــى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى قايسان (يۈەن ۋۇزۇڭ) ئىدى. قايسان سىياسىي رەقىبى ئۇستىدىن غالىب كەلدى ۋە ئۇنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ قايدۇغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەردە ئىرادە ـ ئىشەنچ بىلەن تولۇپ تاشتى، لېكىن ئۇمۇ مەي ـ شارابقا زىيادە بېرىلىپ، 32 يېشىدا ئۆلدى (1311 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى). ئىنىسى بۇيانتۇ (يۈەن رېنزۇڭ ئايۇر پارىبابدا) «مۇلايىم، مېھرىبان، ئالانلىق» كىشى بولۇپ، موڭغۇللار ئىچىدە جۇڭگودىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ كېجۇي تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى بولغانىدى، لېكىن 35 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى (1320 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى). بۇ يانتۇنىڭ ئوغلى سودىپالا (يۈەن يىڭزۇڭ) 17 يېشىدا تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ سۇيىقەستچى شېرىكلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا ئۆلگۈچىنىڭ نەۋرە ئىنىسى يىسۇن تېمۇر (تەي دىڭدى) تەختكە ئولتۇردى (1323 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى).

موڭغۇللار رايونىدا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان يىسۇن تېمۇر پادىشاھلىققا تىكلەنگەن چېغىدا تېخى كىرولۇن دەرياسى قىرغىقىدىكى قارارگاھىدا ئىدى. ئۇ 1323 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 30 يېشىدا بېيجىڭدا رەسمىي رەۋىشتە تەختكە چىقتى. لېكىن، ئۇمۇ بەش يىل ئۆتۈپ، ھەددىدىن زىيادە كەيپ ـ ساپا تۈپەيلى ئۆلدى (1328 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى). جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۇنى كالۋا، ئىقتىدارسىز، ھەشەمەتلىك ھەمدە ئىقتىسادىي چىقىمى چېكىدىن ئاشقان موڭغۇل ئوردىسىدىكى ئەسىر تەرىقىسىدە تەسۋىرلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى. قايسانىڭ ئوغلى تۇغ تېمۇر (يۈەن ۋېنزۇڭ) ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى (1328 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى). بىراق، ئۇ موڭغۇل رايونىدا بېقىندى پادىشاھ بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئاكىسى قوسلانى پادىشاھ قىلىپ بېكىتتى (يۈەن زۈزۇڭ). قوسلا 1329 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. تۇغ تېمۇر ئۆزى تەختكە ئولتۇرغان بولسىمۇ،

ئوخشاشلا ھەددىدىن زىيادە ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ناھايىتى تېزلا گۆرگە كىردى (1332 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)، ئۇ ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەنىدى. ئارقىدىنلا قوسلانىڭ ئىككىنچى ئوغلى يىلىنجىبان (يۈەن نىڭزۇڭ) تەختكە چىقىرىلدى. بىراق، ئۇ ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئۆلدى (1332 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى). يىلىنجىبانىنىڭ چوڭ ئاكىسى توغان تېمۇر (يۈەن شۈندى) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندا تېخى 13 ياشتا ئىدى. (1333 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى).

توغان تېمۇر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىلدە موڭغۇل خانلىقىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقى بىلىنىپ قالدى. ئۇ تېخى كىچىك چاغدا، موڭغۇل ئەمەلدارلار ئوردىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كويىدا بولدى، ھاكىمىيەت ئالدى بىلەن كېلىپ چىقىشى مېركىت قەبىلىسىدىن بولغان بۇيانىنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇيانىدىن ئامەت كېتىپ ئۆلگەندىن كېيىن (1340 - يىلى)، موڭغۇللاردىكى مەزھەپ كۈرىشى تۈپەيلى، خانلىقنىڭ ئىناۋىتى يەر بىلەن يەكسان بولدى، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ نوپۇزى سۇندى. توغان تېمۇر خەق نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، تەخسىكەش ئەمەلدارلار ۋە شىزاڭلىق لامالار بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچتى. ھەرقانداق بۇزۇقچىلىقتىن قولىنى تارتمىدى، دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ ھەتتا خەنزۇلارنىڭ جەنۇبىي تەرەپتە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قوزغىلاڭلىرىغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. بۇ خىل چۈشكۈنلۈك يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە كېلىپ چىققان «ۋەتەنپەرۋەر» خەنزۇلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا مەدەت بېرىپ قويدى. بۇ خۇددى 1912 - يىلىدىكى قوزغىلاڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن گۇاڭجۇ رايونىدا قوزغالغانغا ئوخشاپلا كەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ قوزغىلاڭلار تارقاق ھەمدە ئىستىخىيىلىك ئىدى، ئۇنىڭغا يېرىم ۋەتەنپەرۋەر، يېرىم باندىت داھىيلار قوماندانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلاتتى. ئۇلار ھەم بىر - بىرى بىلەن ئېلىشاتتى، ھەم ئەينى ۋاقىتتا يەنە موغۇللار بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئالدى بىلەن شۇ تاۋخۇي ئىش تېرىدى، ئۇ موغۇللارنى خۇبېينىڭ زىڭگۇي شەھىرىدىن، خېنەنياڭ ۋە ۋۇچاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ (1352 - يىلى)، شاڭيائىنى ئىشغال قىلدى (1356 - يىلى) ۋە ئاخىرىدا خۇبېي بىلەن خۇنەنگە ھەمدە جياڭشىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ئىگە بولدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە قول ئاستىدىكى لەشكەر باشلىقلىرىدىن چېن يۇلياڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدى. چېن يۇلياڭ بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلى بولغىنىغا قارىماي، ئۆزىنى پادىشاھنىڭ نامزاتى چاغلاپ خۇياڭخۇ كۆلىنىڭ شىمالىدىكى جۇجياڭنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مىجەزدىكى ليۇخۇتۇڭ كېلىپ چىقىشى قاراقچى تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى ئاتاپ، كەيفېڭنى بىر مەھەل بېسىۋالغان بولسىمۇ (1358 - يىلى)، ئىككىنچى يىلدىلا موڭغۇل بەگزادىسى چاغان تېمۇر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆتىنچى باتۇر جاڭ شىچېڭ بولۇپ، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى ياڭجۇنى ئىگىلىدى (1356 - يىلى). قاپ يۈرەك دېڭىز قاراقچىسى فاڭ گوجېن جېجياڭ بىلەن فۇجيەننىڭ دېڭىز بويىنى بېسىپ ياتتى.

بۇ چۇپرەندە باتۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قابىل، كەلگۈسىدىكى ۋۇخۇڭ پادىشاھ، مىڭ خاندانلىقىنى قۇرۇپ چىققۇچى جۇ يۈەنجاڭ تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئەنخۇيدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ ئوغۇل بىر چاغلاردا راھىب بولغانىدى. ئۇ 1355 - يىلى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قىرغاقلارنى تىنجىتىش جەريانىدا ئارمىيە ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. گەرچە ئۇ باشتا ئۆزىنىڭ ھېلىقى رىقابەتچىلەرگە ئوخشاش بىر توپ ئادەمنىڭ ئادەتتىكى داھىيسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي كاللىسى، يۇقىرىلارغا بولغان ئاقىلانە

مېھرىبانلىقى، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىگە يۆلەكچى دەپ بىلگەنلىكى ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇردى. ئۇ 1356 - يىلى موڭغۇللارنىڭ قولىدىن نەنجىڭنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇ يەرنى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى ھەمدە تۆت ئەتراپى قالايمىقانلاشقان ئەھۋال ئاستىدا، ناھايىتى تېز پۇرسەتتە رەسمىي بىر ھاكىمىيەتنى تىكلىدى. 1363 - يىلى فۇياڭخۇنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى داۋجۇ (بۇگۇنكى بوياڭ) غا يېقىن جايدا سىياسىي رەقىبى چېن يۇلياڭنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە چېن يۇلياڭنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ مال - بىساتىنى قولىغا ئالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پۈتكۈل چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. 1367 - يىلى ئۇ يەنە بىر رىقابەتچىسى جاڭ شىچېڭنىڭ قولىدىن جېجياڭنى تارتىۋالدى. 1368 - يىلى دېڭىز قاراقچىسى فاڭ گوجېننىڭ قولىدىن دېڭىز ياقىسىدىكى پورتلارنى تارتىۋالدى. گۇاڭجۇ ھەمدە گۇاڭدۇڭ بىلەن گۇاڭشى ئۇنىڭغا ھېچقانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولدى (1368 - يىلى). نەتىجىدە مىڭ خاندانلىقى پۈتكۈل جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى.

موڭغۇللار خانلىقى ئەسلىدە جەنۇبىي سۇڭ ئىمپېرىيىسىگە مەنسۇپ بولغان جەنۇبىي جۇڭگونىڭ قولىدىن كېتىپ قالغانلىقىدىن ئۇنچە ئەنسىرەپ كەتمىدى. يۈز يىلنىڭ ئالدىدا قوبلايخان بويسۇندۇرغان بۇ زېمىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى شىمالىي جۇڭگو بولۇپ، بۇ يەر قەدىمكى جورجىتلارنىڭ كونا جايى، موڭغۇللار ئەڭ دەسلەپ بويسۇندۇرغان يەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر تېخى پۈتۈن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، موڭغۇل بەگزادىلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ھازىرقىدەك پارچىلىنىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلمىگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلاردا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچى بولۇشى كېرەك ئىدى. 1360 ـ يىلى موغۇل قوشۇنىدىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ئىككى سەركەردە، يەنى كەيفىڭنى قايتۇرۇۋالغان چاغان تېمۇر بىلەن شەنشى داتوڭدىكى ھەربىي ۋالىي پولد تېمۇر تەييۇەن (شۇ چاغدىكى جىنىڭ) نى باشقۇرۇش مەسىلىسىدە يۈز تېيىشىپ قالدى. ھابال ئۆتمەي، موڭغۇللارنىڭ ئوگداي جەمەتىدىن بولغان يەنە بىر بەگزادە يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوبلاي ئوردىسىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇ سەددىچىنگىچە قوشۇن تارتىپ، يۇقىرىقى ئاستانە (دولۇنۇر) نىڭ يېنىدا پادىشاھ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. 1363 ـ يىلى ئىمپېرىيە جەنۇبىي جۇڭگودىن ئايرىلىپ قالغان مەزگىلدە، پولد تېمور ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چاغان تېمۇرنىڭ ۋارىسى كۆك تېمورنىڭ قولىدىن تەييۇەننى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ۋەلىئەھد ئايۇسىردارا پولدد تېمورگە قارشى چىقتى ھەمدە كۆك تېمورگە ئۇنىڭ قولىدىن داتوڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. پولو تېمۇر قوشۇن باشلاپ بېيجىڭغا كىردى (1364 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) ۋە پادىشاھ توخان تېمۇرنى ئۆزىنى ئەمىر ـ ئۆمەرا قىلىپ بەلگىلەشكە قىستىدى. ۋەلىئەھد بۇ چاغدا تەييۇەندىكى كۆك تېمۇرنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەندى. لېكىن، پولو تېمۇر ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى دۈشمىنىدىن غالىب كېلەلمىدى، 1365 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىشى بىلەن يوشۇرۇن قەتل قىلىندى، كۆك تېمۇر ۋەلىئەھدنى ئېلىپ بېيجىڭغا قايتتى ۋە ئەمىر ـ ئۆمەرالىققا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ ۋەزىپىدە تاكى نەزەردىن قالغۇچە تۇردى (1367 ـ يىلى). موڭغۇل خانلىقى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر بۇ خىل ئىچكى جېدەل ـ ماجىرا بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا ، خەنزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي جۇڭگونى ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايتتى . مىڭ خاندانلىقىنىڭ

داھىيسى دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن دۈشمىنى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.

بۇ غەلىبىلىك يۈرۈش ئىدى. جۇ يۈەنجاڭ 1368 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەنجىڭدىن يولغا چىقىپ، گۋاڭپىڭ بىلەن سۈندى ئارقىلىق خېبېيگە كىردى. موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى بويان تېمۇر بېيجىڭغا يېقىنراق جايدا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇڭجۇدا مىڭ خانىدانلىقىنىڭ يارامىلىق لەشكەر بېشى شۈيدا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ۋەلىئەھد ئايۇشىر دارا (يۈەن شاۋزۇڭ) ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان «تەۋەررۈك» نى قۇچاقلاپ موڭغۇل دالاسىغا قاچتى. پادىشاھ توخان تېمۇرمۇ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېچىدە بېيجىڭدىن ئايرىلىپ يۇقىرىقى ئاستانىگە كەتتى. موڭغۇل بەگزادىسى تېمۇر بۇغا پايتەختنى مۇھاپىزەت قىلماقچى بولۇپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. مىڭ قوشۇنلىرى بېيجىڭغا كىردى.

ئەڭ ئاخىرقى موڭغۇل قوشۇنى ھېلىمۇ ھەم شەنشىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى تەييۈەننىڭ باش ۋالىيسى كۆك تېمۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنى مۇستەقىل پادىشاھلىق چاغلاپ، ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە ياردەم بېرىشتىن باش تارتتى. پەقەتلا ئۆزىنىڭ يېرىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا بولدى. مىڭ خانىدانلىقىنىڭ شۈيدا باشلاپ كەلگەن لەشكەرلىرى يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇمۇ تارمار بولدى. تەييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن كۆك تېمۇر گەنسۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىچارە پادىشاھ توخان تېمۇر دولۇنۇردا خاتىرجەم بولالماي، خىڭگەن دەرياسى ساھىلىدىكى يىڭچاڭ (كەيلو)غا باردى ۋە ئۇ يەردە 1370 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنى ياكى توغرىراقى پادىشاھلىق راھەت ـ پاراغەتنىڭ ماكانىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن ئېچىنىدى ھەمدە: «مېنىڭ كاتتا ئاستانەم (بېيجىڭ) ھەر خىل رەڭلەر بىلەن

ھەشەمەتلىك بېزەلگەن جاي ئىدى. يۇقىرىقى ئاستانە بولسا شاد ـ خۇرام ياشايدىغان، ھاۋاسى ساپ يازلىق داچا ئىدى. ساغۇچ رەڭدىكى بۇ پايانسىز يايلاقلار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ۋە ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان جايى ئىدى. ئىمپېرىيىدىن قۇرۇق قالغۇدەك نېمە گۇناھ سادىر قىلغان بولغىيتتىم» دېدى.

چىڭگىزخاننىڭ بالا ـ چاقىلىرى جۇڭگو تۇپرىقىدا قۇرغان خانلىق قۇبلايخاندىن توخان تېمۇرگە قەدەر ئاران بىر ئەسىر داۋاملاشتى. ئۇلار تۇركىستاندا قۇرغان شۇ خىلدىكى خانلىق، گەرچە ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىش ۋە تېمۇرلەرنىڭ تۇپەيلى ئۈزۈلۈپ قېلىشقا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەكسىچە تاكى 17 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولدى.

# تۆتىنچى باب چاغاتاي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان

## § 1 . چاغاتاي خانلىقى: ئادەتتىكى خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشى

چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا دادىسىدىن ئىسسىقكۆل رايونى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسى، چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ساھىلىدىكى يايلاق ياكى ھېچبولمىغاندا مەزكۇر يايلاقنىڭ شەرقىي قىسمى مىراس قالغانىدى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قىشلىق قارارگاھى ماراۋۇك ئىلادا، يازلىق قارارگاھى قۇياشتا بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئىدى، كېيىنكىسى ئالمىلىق (غۇلجا) نىڭ يېنىغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان زېمىننىڭ بىر تەرىپى قەشقەرگە تۇتىشاتتى، يەنە بىر تەرىپى ماۋرا ئۇننەھر بىلەن ياندىش ئىدى. بىراق، دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، ئۇيغۇرلار رايونى، يەنى بەشبالىق (گۇچېڭ)، تۇرپان (قوچۇ) ۋە كۇچادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلىتى 1260 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاندىن چاغاتاي جەمەتىگە قارام بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جايلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاراقۇرۇمدىكى خانلارغا مەنسۇپ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ماۋرا ئۇننەھردىكى شەھەرلەر، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىكى مەمۇرىي ئورگانلار، بەزى چاغلاردا ئوخشاشلا قاراقۇرۇمدىكى ئوردىغا قاراشلىق ئىدى.

بۇ رايوننى چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتىلىشى خۇددى ئۇنى

كىشىلەر «چاغاتاي» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش، مەزكۇر بەگزادىنىڭ مەزكۇر رايون بىلەن ئىسىمداش ئىكەنلىكىدىن بولدى. بۇ خانلىق ئەسلىدە قەدىمكى دەۋردىكى قارا قىتانغا ھۆكۈمران بولغان گورخانلارنىڭ خانلىقى ئىدى. ئەمدىكى خانلىق قەدىم دەۋردىكى قارا قىتان خانلىقىدەك، تۈركلەر ياشايدىغان زېمىندىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى، يەنى تۈركىستاندىكى موڭغۇل خانلىقى بولدى. لېكىن، چاغاتاي جەمەتى قارا قىتاندىكى گورخانلار ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سۆزلىسەك 7 - ئەسىردىكى غەربىي تۈرك خانلىرىدەك، غەربلىكلەرنىڭ چۈشەنچىسى ياكى جۇڭگولۇقلار بىلەن پېرسىيەلىكلەرنىڭ چۈشەنچىسىدەك ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەقىقىي بىر دۆلەت قىلىپ تەشكىللەشنى ئويلاپ قويمىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش كەمچىل بولدى. جۇڭگو بىلەن پېرسىيەدە، ئۇلارنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرى، قۇبلايخاننىڭ جەمەتى ياكى ھىلاكۇنىڭ جەمەتى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان قەدىمىي ئىمپېرىيىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەنئەنىسىنى، ئۆتمۈشتىكى ئادەمنى قايىل قىلىدىغان يامۇل ياكى «دىۋان» نى تاپتى، بۇ ئۇلارغا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان بايلىق ھېسابلاندى. ئۇلار بىر يەردە تەڭرى بولسا، يەنە بىر يەردە سۇلتان بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي چېگرىسى بولغان ھەمدە مۇئەييەن مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمىي دۆلەت چاغلىدى. چاغاتاينىڭ نەۋرىلىرى بۇ شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىيالمىدى. ئۇلاردىكى خانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئۆزگىرىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بېيجىڭ ياكى تەبرىزدەك مەركىزىي نۇقتىسى بولمىدى، ئۇلار پەقەت پايانسىز يايلاقىلا ئىگىدارچىلىق قىلدى. ئۇلار تارىم دەريا ساھىلىدىكى بوستانلىقلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، قەشقەر ياكى خوتەندىكى قورۇق تام بىلەن ئورالغان باغلار ئۇلارنىڭ توپ - توپ يىلقىلىرىغا، ئاتلىق قوشۇنلىرىغا تار كەلدى. بۇخارا ۋە

سەمەرقەنتتىكى ئازدۇر - كۆپتۇر ئىرانلىشىپ كەتكەن تاجىك ۋە تۈركلەر ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تېخىمۇ خالىمىدى. ئاھالىسى زىچ بۇ شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇراپىيلىقى، ئەۋلىيالارغا باش ئۇرىدىغان قالايمىقان قاراشلىرى ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن چىقىشالمىدى؛ ئۇلار شەھەر تۇرمۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق چەمبىرىكى ئىچىدىكى باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بىلەلمەي ياشىدى. شۇڭا، باراغخان بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى بۇلاش، ئۆزىگە تەئەللۇق شەھەرلەرنى تالان - تاراج قىلىش توغرىسىدا ئايىماي بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاخىرىغا كېلىپ، تاكى 15 - ئەسىرگىچە چاغاتاي جەمەتىدىكىلەر ئىلى دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يايلاق ئادىمى بولۇپ ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. ئارخۇن، غازانخان، ئولجايتۇخان، قۇبلايخان، تېمۇردەك سىياسىيونلار چىققان ئۇرۇق - جەمەت ئىچىدە چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى قالاق موڭغۇللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى خەنزۇلاشقان قۇبلاي جەمەتى ۋە پارسلىشىپ كەتكەن ھىلاكۇ جەمەتىگە قارىغاندا ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن چىڭ تۇرۇپ تىركەشتى دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار تۈركلەر رايونىدا ياشىغاچقا 14 - ئەسىردىلا روشەن ھالدا تۈركلىشىشكە يۈزلەندى. شۇڭا، كىشىلەر تۈركىي تىلنى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن چاغاتاي تۈركىي تىلى دەپ ئاتىدى. ئىلىدىكى تۈركلەر، قەدىمىي تۈركەش ۋە قارلۇقلارنىڭ ئەۋلادى خۇددى موڭغۇللارغا ئوخشاشلا مول مەدەنىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرمىگەنىدى. شۇڭا، چاغاتاي جەمەتى بەشبالىقتىكى بۇددا — نىستۇرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىكى ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى ئارىسىدا قايسى بىرىنى تاللاشنى ئۇقماي، بۇ مەدەنىيەت

بوسۇغىلىرىنىڭ سىرتىدا قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەڭ باشتا ئۆز ۋاقتىدىكى چىڭگىزخانغا ئوخشاش ئىمىلا بولمىسۇن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇددا دىنى ۋە نىستۇرى دىنىنىڭ كرېستقا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي موڭغۇللاردىن ئىدى. لېكىن، كېيىنچە، يەنى 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ چاغاتايلارمۇ ئىسلاملاشتى. بىراق، ئۇلار خۇراپىيلىققا ئىشەنمەيدىغان، ئەدەبىياتى يوق، سەمەرقەنتتىكى سادىق مۇسۇلمانلار يېرىم ـ يارتا بۇتقا چوقۇنىدىغانلار دەپ قارايدىغان موڭغۇلچە شەكىلدە ئىسلاملاشتى. ھالبۇكى، تېمۇرلەڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا ئىسلام دىنىنىڭ غازاتچىلىرى قىياپىتىدە پەيدا بولدى.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى، 1227 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان چاغاتاي قەدىمىي موڭغۇللارنىڭ تىپى ئىدى. ئۇ دادىسى چىڭگىزخان ئۇنىڭغا بويسۇنۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن «ياساق» قانۇنى بىلەن ئىنتىزامغا قايىل ئىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ خىل قانۇن ـ تۈزۈمگە ئۈمۈرۋايەت رىئايە قىلدى ۋە ئەتراپىتىكىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن بويسۇنۇشىنى نازارەت قىلدى. بىر كۈنى ئۇ مىنگەن ئاتنىڭ سۈرئىتى ئالدىقاچان خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغان ئىنىسى ئوگدايخاننىڭ ئېتىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەتىسى ئۇ ئوگدايخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن گۇناھىنى تىلىدى. ئىنىسىگە بولغان مۇنداق ھۆرمەت ئۇنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت تويۇلمايتتى. چۈنكى، دادىسى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى بەلگىلىگەنىدى. مۇشۇ خىلدىكى ئوخشاش سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئۇ گەرچە مۇسۇلمان خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى يۇيۇنۇش ۋە قوي ـ كالىلارنى بوغۇزلاش ۋاقتىدا ئىجرا قىلىدىغان «قۇرئان» دىكى گەپ ـ سۆزلەر موڭغۇللارنىڭ ئادەت

قانۇنى «ياساق» بىلەن چىقىشالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋەزىرى قۇتبىدىن ھەبەچ ئامىد (1260 - يىلى ئۆلگەن) ئوترارلىق مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چىڭگىزخان ئۆز زامانىسىدا مەھمۇد يالۋاچ ئىسىملىك بىر مۇسۇلماننى ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەردىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنىڭ مەمۇرىي ۋە باج - خىراج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەنىدى. بىر كۈنلىرى چاغاتاي ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. لېكىن، ئۇ بىۋاسىتە ھالدا خانغا قارايدىغان بولغاچقا، شۇ چاغدا خانلىق تەختتە ئولتۇرغان ئۇگدايخان چاغاتايغا ئۆز قىلمىشىنىڭ نامۇۋاپىق بولغانلىقىنى تونۇشقا بۇيرۇق قىلدى. مەھمۇد يالۋاچ قايتىدىن ئىشقا قويۇلدى. مەھمۇد ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مەسئۇد يالۋاچ ياكى مەسئۇد بەگ خاننىڭ نامى بىلەن ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەرنى داۋاملىق ھالدا باشقۇردى. بارتولدنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ چاغاتاي خانلىقىدىن جۇڭگونىڭ چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «ئەيۋەشكە كەلگەن باشقا ئۆلكە» لەرنىمۇ باشقۇردى. ئۇ ھەتتا مۇشۇ نام بىلەن 1246 - يىلىدىكى قۇرۇلتايغا قاتناشتى ۋە مەزكۇر قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ ئەمىلى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتى. 1238 — 1239 - يىللىرى بۇخارادا مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ تىغ ئۇچىنى بۇرژۇئازلار ۋە موڭغۇل مەمۇرىيىتىگە قاراتتى. مەسئۇد قوزغىلاڭنى باستۇردى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بۇ شەھەرنى موڭغۇللارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

چاغاتاي ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىنى نەۋرىسى قارا ھىلاكۇغا قالدۇرۇپ (1242 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بالا چاغاتاينىڭ چوڭ ئوغلىدىن بولۇپ، دادىسى مۆتوگېن 1221 - يىلى باميان شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغاندا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى پۈتكۈل جەمەتكە ناھايىتى زور قايغۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. قارا ھىلاكۇ خانىش ئانىسى ئېسكون خاتۇننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نائىبلىقىدا 1242 ـ يىلىدىن 1246 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولدى.

1246 ـ يىلى يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان گۈيۈك ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا چاغاتاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى يېسۇمەنگۈنى قويدى. بۇ خان گۈيۈك بىلەن يېقىن بولسىمۇ، لېكىن هاراققا ئامراق ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى توقال خانىشلىرىدىن ۋە مۇسۇلمان ۋەزىرى باھاۋۇدۇن مەرغىلانىدىن سورىماي قىلمايتتى. مەرغىلانى دېگەن بۇ ئادەم جۇۋەينىنىڭ سۆزى بويىچە ئالغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھامىيسى ئىدى. بىراق، يېسۇمەنگۈنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋاقتى ئوخشاش سەۋەبلەردىن ئىنتايىن قىسقا بولدى (1241 ـ يىلىدىن 1252 ـ يىلىغىچە قەدەر). 1249 ـ يىلى بىلەن 1250 ـ يىللىرى ئارىسىدا چىڭگىزخان قوۋمىدىكى ھەرقايسى جەمەتلەر ئىمپېرىيىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ دەتالاشلىرى تۈپەيلى پارچىلانغان چاغدا، يېسۇمەنگۈ ئاشكارا يوسۇندا ئوگداي جەمەتىنى ياقلاپ، موڭكۇنىڭ خان بولۇپ سايلىنىشىغا قارشى چىقتى. موڭكۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا، يېسۇمەنگۈنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان دەپ ئېلان قىلدى ۋە بەش يىلنىڭ ئالدىدا يېسۇمەنگۈگە ھوقۇقىنى تارتتۇرۇپ قويغان قارا ھىلاكۇنى چاغاتاي خانلىقىغا خان قىلىپ تەيىنلىدى (1252 ـ يىلى 8 ـ ئاي). قارا ھىلاكۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قېرىنداش تاغىسى يېسۇمەنگۈنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇدى. شۇنىسى ئېنىقكى، خانلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ھېلىقىدەك ئوردا ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن، بۇ مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى مۇستەقىل بولالمىدى. ناھايىتى كەلسە قاراقۇرۇمدىكى ئوردىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى ۋە ئىزچىل ھالدا خانلىق جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىلەندۈردى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ گەرچە ئوگداي جەمەتى بىلەن تولۇي جەمەتىگە نىسبەتەن چوڭ ئوغۇلنىڭ ئىمتىيازى دېيىدىغان ئاتاقتا بولسىمۇ، لېكىن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئالىقىنىدىكى

مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بېقىندى بولۇپ كۈن ئۆتكۈزدى.

قارا ھىلاكۇ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋېتىپ (1252 ـ يىلى) سەپەر ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇل قالغان ئايالى ئورخانا خانىنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن يېسۇمەنگۈنى قەتلى قىلدى. ياشىنىپ قالغان ۋەزىر قۇتبىدىن ھەبەش ئامىد قارا ھىلاكۇنىڭ ئادىمى بولغاچقا، يېسۇمەنگۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۈندە بەك قىينالغانىدى. ئەمدى ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ باھاۋۇدۇن مەرغىلانىدىن ئۆچىنى ئالدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. ئورخانا چاغاتاي خانلىقىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىدا توققۇز يىلدىن ئارتۇق (1252 ـ يىلدىن 1261 ـ يىلغىچە) تۇردى.

چىڭگىزخانىنىڭ بۇرۇنقى ھەرقايسى خانلىقلىرى چاغاتاي جەمەتىنىڭ ھامىيلىقىدا يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولدى. ئۇلارمۇ چاغاتاي خانلىقىغا ئوخشاش قاراقۇرۇمدىكى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئالايلۇق، بەشبالىق (گۈچېڭ)، تۇرپان ۋە كۇچادىكى ئۇيغۇر بەگلىكلىرىمۇ بۇ ئىشتىن مۇستەسنا بولمىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شاھزادىسى بارچۇق تېكىن پۈتكۈل ھاياتىدا چىڭگىزخانغا سادىق بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇتلۇقنى، خارەزىم شاھىنى ۋە تاڭغۇت خانلىقىنى بويسۇندۇردى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزى ئال ئالتۇننى ياتلىق قىلماقچى بولدى، لېكىن چىڭگىزخان بىلەن قىزى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەچكە ئۇلار توي قىلالمىدى. بارچۇق ئارت تېكىنمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئوغلى ئىسمايىل ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ «ئىدىقۇت»، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ شاھزادىسى بولدى ۋە موڭغۇل ئوردىسىغا بېرىپ ئوگدايخانىنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلدى. ئوخشاشلا، ئىسمايىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلگەندىن كېيىن موڭغۇل خانلىقىنىڭ نائىبى تىراگىنا خاتۇن ئۆلگۈچىنىڭ ئىنىسى سالىندىنى ئۇيغۇر ئېلىگە خان قىلىپ تىكلىدى. سالىندى بۇددىست بولغاچقا، ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىرىدەك نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلدى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ قاتتىق قوللىقىدىن نارازى بولدى. 1251 ـ يىلى ئوگداي جەمەتى بىلەن موڭكى موڭغۇل خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە تالاش قىلىشىۋاتقاندا، سالىندىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر، ھېچبولمىغاندا ئاز بىر قىسىم ئادەملەر ئوگداي جەمەتىگە يان باستى. شۇڭا، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاساسلىق ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بالا دەيدىغان بىرسى غەلىبە قازانغان موڭكىخان تەرىپىدىن ئوگۇل قايمىشنىڭ شېرىكى دەپ قەتل قىلىندى. ھالبۇكى، سالىندىنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشى تاسادىپىي ئىش ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ (1252 ـ يىلى) موڭكىخاننى تاۋاپ قىلدى. لېكىن، قايتىپ كەلگەن چېغىدا، دۆلىتىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئۇيغۇر ئېلىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئۇستىدىن قەستەنلىك بىلەن مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلدى، دەپ ئەرز سۇندى. بەزىلەرنىڭ دېگىنىدە، بۇ قىرغىنچىلىق بەشبالىق بىلەن پۈتكۈل دۆلەتتە «ھەممە ئادەم مەسچىتكە كىرىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا» ئېلىپ بېرىلغانىدى. موڭكىخاننىڭ بىر ۋەكىلى، يەنى سەيپىدىن ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان كىشى بەشبالىقتىكى ۋاقتىدا بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلدى ۋە سالىندىغا قاراقورۇمغا بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بۇ ئىشنى خاقاننىڭ كۆز ئالدىدا بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانىدى. بەختكە قارشى ئۇيغۇر شاھزادە قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھېلىقى قىرغىنچىلىقنى ئىقرار قىلىپ قويدى. نەتىجىدە موڭكىخان ئۇنى جىنايىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن بەشبالىققا قايتۇردى. دوسۇننىڭ يازغانلىرى بويىچە: «بىر جۈمە كۈنى، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوغۇ جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى. مۇسۇلمانلار خۇشاللىقىدىن چورقىرىشىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى بۇ

بۇددىست شاھزادىنى قاغاۋاتقاندەك ئىدى.» ئەمەلىيەتتە، سالىندى ئوگداي جەمەتىنىڭ قول ـ چوماقى تەرىقىسىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندى. ئۇنىڭ ئىنىسى بولسا ئۆزىنى موڭكىخاننىڭ ئادىمى چاغلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن، بۇ ئائىلىۋى ماجىرا ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى بۇددىستلاردىن ئۆچ ئالىدىغان يولغا باشلاپ قويدى (1252 ـ يىلى).

## 2 §. ئالغۇينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ ھۆرلۈككە ئىنتىلىشى

چىرايلىق، ئەقىللىق ۋە دىتى بار دەپ تەرىپلەنگەن ئورخانا 1256 ـ يىلىدىن 1261 ـ يىلىغا قەدەر چاغاتاي خانلىقىغا ھۆكۈمران بولدى. ئەڭ ئاخىرقى يىلى بۇ خانلىق يەنە بىر قېتىم موڭغۇللار رايونىدىكى خاقانلىقنى تالىشىش، تۆپەيلىدىن سادىر بولغان جەڭگە ـ جېدەللەرنىڭ تەسىرىگە يولۇقتى. بۇ چوڭ خان قۇبلاي بىلەن ئىنىسى ئارىغ بۇقا ئارىسىدىكى جېدەل ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە موڭغۇللار رايونىنىڭ خوجايىنى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئارىغ بۇقا چاغاتاينىڭ بىر نەۋرىسىنى، يەنى بايدارنىڭ ئوغلى ئالغۇي بەگزادىنى «چاغاتاي» خان دەپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا پېرسىيىدىكى ھىلاكۇ خاننىڭ قۇبلايغا ياردەمگە ئەۋەتىدىغان لەشكىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئامۇ دەرياسىنىڭ چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇڭا، ئالغۇينى بەشبالىقتا بېرىپ ئورخانانىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ھېچقانچە زورۇقمايلا ئالمىلىق بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ گەرچە 1261 ـ يىلىدىن 1266 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي خاھىشى ئارىغ بۇقانىڭ مۆلچەرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقتى.

ئالغۇي قۇبلايخان بىلەن ئارىغ بۇقا ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا بولۇۋاتقان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خان دەپ چاغلىدى. بۇ ئۇنىڭ خانلىق جەمەتىدە ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىش ئىدى. ھامىيلىق ئورنىدىكى ئارىغ بۇقا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلاردىن باج ـ خىراج، ئەسكىرىي قورال ۋە ئات ـ ئۇلاغ يىغىشقا مەخسۇس خادىم ئەۋەتكەن چاغدا، بۇ بايلىقتىن شۆلگىيى ئاققان ئالغۇي ئۇلارنىڭ يىغىۋالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى پاكپاكىز مۇسادىرە قىلدى. ئارىغ بۇقا ئەۋەتكەن مەخسۇس خادىملارنى ئۆلتۈردى ھەمدە بۇ ئەھۋالنى (1262 ـ يىلى ئەتراپىدا) قۇبلايخانغا مەلۇم قىلدى. مۇنداق ئاسىيلىقتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئارىغ بۇقا ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى باشلىدى. ئالغۇي دەسلەپكى جەڭدىلا غەلىبە قىلىپ، سايرام بىلەن ئىبۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى بولۇد دېگەن جايدا دۈشمەنىنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. بىراق، ئۇ مۇشۇ غەلىبىدىن كېيىن جاھان تىنچىيدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ قوراللىق قوشۇنىنى خاتا ھالدا تارقىتىۋەتتى ۋە خاتىرجەم بولۇپ ئىلىدىكى قارارگاھىغا قايتتى. نەتىجىدە ئارىغ بۇقانىڭ قول ئاستىدىكى يەنە بىر سەركەردە يېڭى قوشۇننى باشلاپ ئىلى ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئالمىلىقنى ئىشغال قىلىپ، ئالغۇينى قەشقەر بىلەن خوتەن تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇرلىدى. ئارىغ بۇقا ئۆزىگە قالمايلا قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ئالمىلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئالغۇي سەمەرقەنتكە چېكىنگەنىدى (1262 ـ يىلى بىلەن 1263 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە). بىراق، ئارىغ بۇقا بۇ گۈزەل ئىلى رايونىغا ناھايىتى ۋەھشىي مۇئامىلىدە بولدى، ھەممىلا يەرنى دەپسەندە قىلدى، ئۆزىگە سىياسىي رەقىب ھېسابىدىكى ھەممە ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە

سادىر بولغان ئاچارچىلىق تۈپەيلى، ئۇنىڭ لەشكىرىي ئەمەلدارلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ بۇ جايدىن كېتىپ قالدى. ئۆز قوشۇنىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى كۆرگەن ئارىخ بۇقا ئالغۇي بىلەن ياراشماقچى بولدى. ئورخانا مەلىكىمۇ ئارىخ بۇقانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ چاغاتاي خانلىقىدىكى ھامىيلىق ئورنىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىغا قارشى چىقتى. نەتىجىدە، ئارىخ بۇقا ئۇنىڭغا مەسئۇد يالۋاچنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە بېرىشنى ھەمدە ئالغۇي بىلەن يارىشىپ قېلىشنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە سۆزلىشىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ ئارىدا يەنە بىر كومېدىيە يۈز بەردى، يەنى ئورخانا ئالغۇينىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، ئالغۇي ئۇنى ئەمرىگە ئېلىپ، مەسئۇد يالۋاچنى مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. مەسئۇدنىڭ تەسلىم بولۇشى ئالغۇي ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى بۇ ئەقىللىق مەمۇرىي ئەمەلدار بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتتىن زور مىقداردىكى باج ـ خىراجنى يىغىپ ئالالايتتى ۋە ئالغۇي بىلەن ئورخانانىڭ سۈپەتلىك بىر قوشۇنغا ئىگە بولالىشىغا ياردەم بېرەلەيتتى. ئاقىۋەت، ئالغۇي ئوگداي خانلىق جەمەتىدىكى بەگزادە قايدۇنىڭ تاجاۋۇزىنى مەغلۇپ قىلدى. قايدۇ ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى بولغان ئىمىل دەريا ۋادىسىدىن جەنۇبقا ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشتىلا يېڭىلدى. ئارىخ بۇقاغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇق قول قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغۇينىڭ غەرب تەرەپتىن، قۇبلايخاننىڭ شەرق تەرەپتىن بەرگەن زەربىسىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا قۇبلايخانغا تەسلىم بولدى.

مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، چاغاتاي خانلىقى ئەگەر قانۇنىي جەھەتتىن دېيىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە چوڭ خانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان جىددىي نازارىتىدىن ئازاد بولدى. چوڭ خانلار ئۈچۈن بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى سوراپ كەلگەن مەسئۇد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يالۋاچ (1289 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇ يەردىن يىغقان باج ـ خىراجلارنى ئالغۇيغا تاپشۇرىدىغان بولدى. ئالغۇيمۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتتى. قىپچاق خان بېركىغا قارشى جەڭ قىلىپ ئوترارنى ئالدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلدى، خارەزىمنى ئىگىلىدى.

ئالغۇي ئۆلگەندىن كېيىن (1265 — 1266 ـ يىللىرى)، خوتۇنى ئورخانا ئۆزىنىڭ قارا ھىلاكۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى مۇبارەكشاھنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى. (Djemal Qonracha نىڭ خاتىرىلەنگەنلىرى بويىچە 1266 ـ يىلى 3 ـ ئاي). مۇبارەكشاھ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ياشايدىغان ئاھالىنىڭ تەسىرى بىلەن چاغاتاي خانلىق جەمەتى ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانىدى. لېكىن، چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى، يەنى موتوگىننىڭ نەۋرىسى باراغ قۇبلايخاندىن بىر پارچە «ئوتۇغاتنامە» تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مۇبارەكشاھنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ئەمەلدار بولۇش بەلگىلەندى. باراغ ئىلىغا كېلىپلا قوشۇنىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەم قىلدى ۋە خوجەندتە مۇبارەكشاھنى ئورنىنى بىكارلاپ بېرىشكە قىستىدى (خاتىرىگە ئاساسەن 1266 ـ يىلى 9 ـ ئاي) ھەمدە مۇبارەكشاھنى «شىكارغا مەسئۇل ئاغلاقچى» لىققا چۈشۈرۈپ قويدى. باراغ قۇبلايخاننىڭ كۆچىگە تايىنىپ تەختكە ئېرىشكەن تۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇبلايخان بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇبلايخان موخۇلتاينىڭ ئەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالتە مىڭ ئاتلىقتىن تەركىب تاپقان قوشۇننى ئاتلاندۇردى. لېكىن، باراغ ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن بۇ ئاتلىق قوشۇننى جەڭ قىلمايلا چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى، بۇنىڭدىن باشقا باراغ

قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ قۇبلايخانغا تەئەللۇق خوتەننى بۇلىدى.

## § 3. قايدۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى چاغاتاي خانلىقى

قايدۇغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە، باراغدىن ئامەت قاچتى. بىزگە مەلۇم، ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى قايدۇ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارباغاتاي تەۋەسىدىكى ئىمىل دەريا ۋادىسىدا روياپقا چىقاردى ھەمدە قۇبلايخان بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا خاقانلىق نام ۋە چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ باشقا خانلىقلىرىغا بولغان ھامىيلىق ھوقۇقىنى قوغلاشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىشنى باراغدىن باشلىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئولپان تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ قوراللىق ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تۇنجى قېتىملىق توقۇنۇشتا، باراغ ئۆز دۈشمىنىنى ئالداپ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ھىيلىسىنى قوللاندى ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئادىمىنى ۋە مال - مۈلكىنى غەنىيمەت ئالدى. لېكىن، قايدۇ قىپچاق خان مۆڭكى تېمۇرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، مۆڭكى تېمۇر بىر كىنجار باشچىلىقىدا ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. بىر نۆۋەتلىك چوڭ جەڭدە باراغ مەغلۇپ بولۇپ ماۋرائۇننەھر چېكىندى. باراغ ئۇ يەردە بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن تەشكىللەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ئاخىرغىچە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، قايدۇ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالماقچى بولدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، قۇبلايخان بىلەن موڭغۇللار رايونىنى تالىشىدىغان جەڭدە، قايدۇنىڭ ئۇنى توسۇپ قالغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلاردىن ۋاز كېچىپ ئۇنى باراغقا بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ شەرتى، باراغ ئىلى ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەمەلىي

www.uyghurkitap.com

رەۋىشتە قايدۇغا ئۆتۈنۈپ بەرسە، يەنى باراغ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلاردا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئولپان تۆلىسە، ھەممە ئىش تاماملانغان بولاتتى. ۋاسساپىنىڭ خاتىرىلەنگەنلىرى بويىچە، تىنچلىقنى سۆھبەت تېمىسى قىلغان بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي 1267 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى كاتۋان يايلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. رەشىدىددىننىڭ يازغانلىرى بويىچە، بۇ قۇرۇلتاي تالاس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا 1269 ـ يىلى ئەتىيازدا چاقىرىلدى. بارتولد مۇنداق يازىدۇ: «قۇبلايخان بىلەن بولغان مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بىر ئىمپېرىيە قايدۇنىڭ ھامىيلىقى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادا تەشكىللەندى. بۇ نۆۋەتلىك كېلىشىمگە قاتناشقان بارلىق بەگزادىلەر ئەلۋەتتە ئۆز ئارا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار قېرىنداشلاردىن ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە يېزا ـ قىشلاق ۋە شەھەرلەردىكى ئاھالىنىڭ مال ـ مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولىدىغان، بەگزادىلەر يايلاقتىكى ۋە تاغدىكى ئوتلاقلىرىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىدىغان، پادىلار ۋە يىلقىلار دېھقانچىلىق رايونىدىن يىراق جايدا تۇرىدىغان بولدى. ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى باراغقا قالدۇرۇلدى، لېكىن ئۇ يەردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا قايدۇ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەسئۇد (يالۋاچ) رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.»

باراغنى ئىلى دەرياسى ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھامىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان قايدۇ ئۇنى ھىلاكۇنىڭ خانلىق جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پېرسىيە خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. بۇ مەزگىلدە مەزكۇر خانلىقنىڭ پادىشاھى ھىلاكۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئاباغا ئىدى. باراغ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، مەسئۇد يالۋاچنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى يەنە بىر مەرتىۋە تالان ـ تاراج قىلدى. ناۋادا مەسئۇدنىڭ ئىلتىماسى

بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى پاكپاكىز قۇرۇقداپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئاقىۋەت، ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ مەرۋىنىڭ يېنىدا لاگېر قۇردى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى بەگزادىلەردىن تەركىب تاپقان قوماندانلىق ئورگان بار ئىدى. ئۇنىڭغا باراغنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدىن نىكپاي ئوغۇل، مۇبارەكشاھ (باراغ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان)، بۆرى قاتارلىقلار قاتناشتى. باراغ ئەڭ باشتىكى نىشان قىلىپ ئافغانىستاننى تاللىدى (شۇبھىسىزكى، ئۇ 1221 - يىلى باميان قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالغاندا ئۆلگەن بوۋىسى موتوگىننىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى).

جەڭ دەسلەپىدە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. باراغ ھىرات دېگەن يەرگە يېقىن جايدا ئاباغانىڭ ئىنىسى، خۇراساننىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى بەگزادە بوتچىننى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ مەزكۇر ئۆلكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىپ (1270 - يىلىنىڭ ئەتراپىدا) نىشاپۇرنى بۇلىدى. ئەمىر شەمشىدىن كىرتنى ئۆزىگە باج - خىراج تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. دەل شۇ چاغدا پېرسىيەنىڭ پادىشاھى ئاباغا ئەزەربەيجاندىن قايتىپ ھىراتنىڭ ئەتراپىدا بۆكتۈرمە قويدى. 1270 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باراغنىڭ پۈتۈن قوشۇنى كاردىن چىقتى. باراغ ئامان قالغان قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماۋرائۇننەھر رايونىغا قايتتى. ئۇ يولدا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ مەجرۇھ ئادەم بولۇپ قالدى. بۇخارادا قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئىسمىنى «غىياسىدىن سۇلتان»غا ئۆزگەرتتى.

باراغنىڭ مەغلۇب بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ جەمەتى ۋە ۋەزىر ئەزەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەگزادىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. مۇشۇ چاغدا ئۇ تاشكەنتكە بېرىپ، ئۆزىگە ھامىي بولۇۋاتقان قايدۇدىن ياردەم سورىدى. قايدۇ يىگىرمە مىڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەرىزى ياردەم ئۈچۈن ئەمەس ئىدى،

www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە ئۇ توپۇلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. باراغ ئەڭ ئاخىرىدا ۋەھىمە ئىچىدە ئۆلدى. بەزىلەرنىڭ سۆزى بويىچە قايدۇنىڭ شېرىكلىرى ئۇنى يوشۇرۇن يوقاتتى (DjemaL Qaurachi نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغان 1271 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى).

باراغ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئالغۇينىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ قايدۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ماۋرائۇننەھردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى. لېكىن، بۇ ئىش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسئۇد يالۋاچنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئاۋات بولۇشقا يۈزلەنگەن ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەرنى بۇلاپ قويدى. نەتىجىدە قايدۇ بۇ جايلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا تۇتقۇزماي، چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان نىكپاي ئوغۇل ئىسىملىك بىرسىنى بەلگىلىدى (1271 ـ يىلى). نىكپاي ئوغۇلمۇ ھايال ئۆتمەيلا قايدۇنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇش كويىدا بولدى. قايدۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا شۇ جەمەت ئەزالىرىدىن بولغان بۆرەنىڭ نەۋرىسى توخا تېمۈرنى قويدى (1272 ـ يىلى ئەتراپىدا). ئۇزۇن ئۆتمەي توخا تېمۈر ئۆلدى، قايدۇ خانلىقنى باراغنىڭ ئوغلى دۇۋا (1274 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) غا تۇتقۇزدى. مۇشۇ چاغدا، پېرسىيەدىكى ئاباغا 1270 ـ يىلىدىكى تاجاۋۇزچىلىقنى ئېسىدىن چىقارمىغان بولغاچقا، ئۈچ ئېلىش يۈزىسىدىن قوشۇن تارتتى. ئۇ يولغا سالغان قوشۇن 1272 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خارەزىم بىلەن ماۋرا رايونلارغا يېتىپ كېلىپ، ئۈرگەنج بىلەن خىۋانى تالان ـ تاراج قىلدى ۋە 1273 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇخاراغا باستۇرۇپ كىردى. يەتتە كۈن ئىچىدە شەھەردە ھېچ نەرسە قالمىدى. قاچالمىغان شەھەر ئاھالىسى قىرىپ تاشلاندى، ھىلاكۇ خانلىق جەمەتىدىكى قوشۇن پېرسىيەگە قايتىدىغان چاغدا ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئەسىرنى ئېلىپ ماڭدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك،

كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇرمۇش شارائىتىنى قالدۇرۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ داھىيلىرى بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئائىلىۋى ماجىرالار ئىچىدە ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى تېپىپ، قارشى تەرەپكە تەئەللۇق شەھەر - قەلئەلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۆزىگە تەئەللۇق شەھەر قەلئەلىرىنىمۇ تۈگەشتۈردى.

تاجاۋۇزچىلار چېكىنگەندىن كېيىن، مەسئۇد يالۋاچ ماۋرائۇننەھردىكى موڭغۇللارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن، قەرەللىك ھالدا بۇزۇلۇپ تۇرغان بەختسىز شەھەر - قەلئەلەرنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ بۇ خىل ۋەزىپىنى تاكى 1289 - يىلى 10 -، 11 - ئاي ئارىلىقىدا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئۈچ ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى باشقۇردى. بۆبەگ 1298 - يىلىنىڭ 5 -، 6 - ئايلىرىدا، سىتىلمىش بەگ 1302 — 1303 - يىل ئارىلىقىدا، سۆيۈنچى بەگ 1303 - يىلىدىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي خانلىقىدىكى ئاقساقاللار نامىدا قورقۇنچلۇق قايدۇغا قارام بولدى. ئالدىنقى ئىككىسىنى قايدۇ بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ئۈچىنچىسى بولسا قايدۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى چاپارنىڭ قولىدا ھاكىمىيەتكە ئىگە بولدى.

گۇمانلىنىشقا بولمايدىغىنى، دۇۋا ئۆزىدىن بۇرۇن ئەمەل تۇتقانلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قايدۇغا سادىق بېقىندى ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىدىقۇت»ى باشتىن - ئاياغ قۇبلايخان تەرەپتە تۇردى. شۇڭا، دۇۋا بىلەن قايدۇ 1275 - يىلى ئۇيغۇر ئېلىگە تاجاۋۇز قىلدى. «ئىدىقۇت»نى ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاپ، ئۇنىڭ پايتەختى (بەشبالىق) قا يېقىنلاشتى، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانلىق قوشۇن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر ئېلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.① دۇۋا 1301 - يىلى قايدۇغا باتۇرلارچە ئەگىشىپ قاراقورۇمنىڭ غەربىدىكى قاڭغاي تېغىدا قۇبلايخاننىڭ ۋارىسى تېمۇرنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنراق، يەنى 1298 - يىلى 9 - ئايلاردا پادىشاھ تېمۇرنىڭ كۈيئوغلى، ئۆنگۈت قەبىلىسىدىكى خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلغان بەگزادە گۆرگۈزنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنىدى. مۇشۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن دۇۋا تىبەت بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدىكى ئىمپېرىيە چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. دەل شۇ مەزگىلدە دۇۋا بىلەن قايدۇ ئىككىسى ئاق ئوردا (جۇجىخاننىڭ خانلىق جەمەتىگە تەئەللۇق شەرقىي قوشۇن) نىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى بويان ياكى نايان ئۆز دۆلىتىنى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدا قۇرۇپ چىققانىدى. دۇۋا ئەڭ ئاخىرىدا، يەنى 1301 - يىلى قايدۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، خانلىق قوشۇنىنىڭ قولىدىن قاراقورۇمنى تارتىۋالماقچى بولغان ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشتى. شۇ يىلى 8 - ئايلارغا كەلگەندە خانلىق قوشۇن ئوگداي جەمەتىدىكى ئىمپېرىيە دەۋاسىنى قىلغۇچى بۇ كىشىنى قاراقورۇم بىلەن تامىر دەرياسى ئارىلىقىدا تارمار قىلدى. قايدۇ ئەسىرگە چۈشتى. لېكىن، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا، بىز قايدۇنىڭ چېكىنىش يولىدا ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدۇق.

قايدۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، بىز پەقەت «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا ئاشكارا قىلىنغان ئاز - پاز ئەھۋالغا قاراپ قىياس قىلالايمىز. ئۇ قارىماققا دىققەت قىلىشقا تولىمۇ

---

① دۇسۇننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، قايدۇ 1284 - يىلى قۇبلايخاننىڭ قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەندىكى ئەمەلدارلارنى قوغلاپ چىقارغان. قۇبلايخان 1279 - يىلى خوتەننى ئىشغال قىلغان، يەكەن بىلەن قەشقەرنى قىسقا بىر مەزگىل ئىگىلىگەنىدى.

ئەرزىيدىغان، قەيسەر، ئىرادىلىك بىر شەخس ئىدى. ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان گۇيۇكخان دېيىشكە بولاتتى. ئوگداي جەمەتىدىن بولغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى خان ھېچبولمىغاندا پادىشاھ بولالىغۇدەك تالانتقا ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئالغۇيغا ماۋرائۇننەھردىكى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئاھالىنى ۋە ئۇ يەردىكى شەھەر پۇقرالىرىنى قوغداپ قېلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقى، ئۇنىڭ بۇ خىل ئاقىلانە تەدبىرى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تالان - تاراجقا كۆنۈپ كەتكەن كۆچمەن چارۋىچىلاردىن يۇكسەك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. ئۇ قىرىق بىر قېتىملىق جەڭگە (جۈملىدىن 1241 - يىلى پولشا بىلەن ۋېنگىرىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا) قاتناشتى. شۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر قوماندان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتا قۇبلايخاننىڭ تەقدىرىنى تەۋرەتكەن بىردىنبىر كىشى بولۇپ قالدى. ھەتتا قۇبلايخان ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋە روناق تاپقان چاغلىرىدىمۇ ئۇنى يېڭەلمىدى. ئۇنىڭ نىستۇرى دىنىنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان رابان ساۋما بىلەن ماركوسقا بولغان مۇئامىلىسى، پاپانىكولاي IV نىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى (1285 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇنى كاتولىك دىنىغا ئۈندەپ يېزىلغان خەت) ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق قەدىمىي موڭغۇللارغا ئوخشاش خرىستىئان دىنىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ئۇنىڭ بەكمۇ كېچىكىپ قالغانلىقىدىن بولدى. چۈنكى، قۇبلايخان بۇ چاغدا يېرىم - ياتا بولسىمۇ خەنزۇلاشقان، تۈركلەشكەن ياكى بولمىسا ئىرانلىشىپ بولغانىدى. مەيلى قايسى تەرەپتىن سۆزلىمەيلى، ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى خاننى موڭغۇللاردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەم دېيىشكە

بولاتتى.

## 4 § . چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى: دۇۋا، يىسەن بۇغا ۋە كېبىكخان

دۇۋانىڭ قايدۇغا ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئاخىرىغا قەدەر سادىقلىق بىلەن ئەگەشكەنلىكىنى كۆردۇق. ئەگەر ئۇنى ئادەم ئەيمەنمىدىغان ھامىيسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئازادلىققا چىقاردى دېسەك، بۇ يەنىلا توغرا بولمايتتى. دەرۋەقە، ئۇ پەقەت ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئىشلارنىلا بىر تەرەپ قىلدى. قايدۇنىڭ ئوغلى چابار ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. دۇۋامۇ ئۇنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئوگداي خانلىق جەمەتىنىڭ پادىشاھىغا ۋارىسلىق قىلغان بۇ ئادەم دادىسى مىلىك تەستە قۇرۇپ چىققان ئىمپېرىيىنى باشقۇرۇشقا ئاجىز كەلدى. دۇۋا ئۇنىڭغا تېمۇر پادىشاھنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. شۇڭا، ئىككىيلەن 1303 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭغا تەسلىمنامە يوللاپ قىرىق يىلدىن بۇيان ئاسىيا ئېگىزلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلغان ئىچكى ئۇرۇشقا خاتىمە بەردى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يەنە بىر قېتىم بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىراق، دۇۋا ئىمپېرىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا چاباردىن يۈز ئۆرىدى. ئىككى بەگزادىنىڭ قوشۇنى خوجەنت بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقىدا توقۇنۇشۇپ قالدى. چابارنىڭ قوشۇنى باشتىلا ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى، لېكىن ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە چابارنىڭ ئىنىسى شائۆگۈل يېڭىپ چىقتى. نەتىجىدە دۇۋا چابارغا ئىككى ئارىدىكى دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى ۋە ئىككى تەرەپ تاشكەنتتە كۆرۈشمەكچى بولدى. شائۆگۈل نادانلىق قىلىپ

موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. دۇۋا بولسا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى باشلاپ تاشكەنتكە كەلدى - دە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن شائۆگۈلنى چېكىندۈردى ھەمدە ئارقىدىنلا چابارغا تەئەللۇق بىنكەنت بىلەن تالاسنى بېسىۋالدى. ئېرتىش دەرياسى بىلەن يۇلدۇز دەرياسى ئارىلىقىدىكى لاگېردا تۇرۇۋاتقان چابارنىڭ بۇ سۇيىقەستتىن خەۋىرى يوقتەك ئىدى. شۇ ئەسنادا يېڭى بىر بالا - قازا پەيدا بولدى. پادىشاھ تېمۇرنىڭ قوشۇنلىرى قاراقۇرۇمدىن يولغا چىقىپ ئالتاينىڭ جەنۇبىي يېقىدىن ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. بىچارە چابار نائىلاج قىلىپ، دۇۋاغا تەسلىم بولۇشتىن باشقا يولنى تاپالمىدى. دۇۋا ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل بايلىقىنى ئېلىۋالدى. ئاقىۋەت، قايدۇ جەمەتىنىڭ زورلۇقى تۈپەيلى ماۋرائۇننەھرنىلا چاڭگاللاپ قالغان چاغاتاي جەمەتى ئىلى بىلەن قەشقەرنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى (1306 - يىلى ئەتراپىدا).

دۇۋا بۇ يېڭى ئامەتتىن ئازلا بەھرىمەن بولالىدى. ئۇ 1306 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىراق ئۆلدى. ئوغلى كۈنجۈك تەختتە ئاران بىر يېرىم يىل ئولتۇرالىدى. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۆرىنىڭ نەۋرىسى تالىقۇ ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئالدى. دوسون مۇنداق يازىدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسالامنىڭ دىنىغا بەيئەت قىلغان بۇ بەگزادە نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا بۇ دىنىنى تەرغىب قىلغانىدى». لېكىن، دۇۋا جەمەتىنىڭ قولچوماقلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئۇلاردىن بىرى بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى (1308 - يىلى بىلەن 1309 - يىلى ئارىلىقىدا). سۇيىقەستچىلەر دۇۋانىڭ ئىككىنچى ئوغلى كېبەكنى شاھلىققا تۇرغۇزدى. قالايمىقانچىلىق دۇۋادىن مەغلۇپ بولۇپ ھوقۇقىنى تارتتۇرۇپ قويغان ئوگداي

www.uyghurkitap.com

جەمەتىدىكى چابارنى ئاز بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇ كېبېكقا هۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قېلىپ ئىلى دەرياسى تەرەپكە چېكىندى ۋە ئاخىر جۇڭگودىكى موڭغۇل پادىشاهى قايسانىڭ ئوردىسىغا بېرىپ پاناهلاندى. بۇ نۆۋەتلىك غەلبىنىڭ نەتىجىسى ئوگداي جەمەتىنى ئەبەدىلئەبەت باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، چاغاتاي جەمەتىدىكى بەگزادىلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ، شۇ چاغدا بېيجىڭدىكى ئوردىدا تۇرۇۋاتقان يېسەن بۇغانى، يەنى دۇۋانىڭ يەنە بىر ئوغلىنى خانلىققا قويۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ۋاسساپنىڭ دېگەنلىرى بويىچە، يېسەن بۇغا ئاكىسى كېبېكنىڭ ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن خانلىق ئورنىنى ناهايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. يېسەن بۇغا 1320 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېبېك يەنە بىر نۆۋەت هاكىمىيەت سوردى.

دۇۋانىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان چاغاتاي جەمەتىگە تەۋە هەرقايسى خانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، سىرتقا قارىتا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن، جۇڭگودا ئارال دېڭىزى بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا، پېرسىيەدە قۇرۇلغان ۋە مۇستەهكەملەنگەن قۇبلاي خانلىقى، جۇرجى خانلىقى ۋە هىلاكۇ خانلىقى ئۇلارنىڭ مۇنداق كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا يول قويمايتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز كېڭەيمىچىلىكىنى ئافغانىستان بىلەن هىندىستان تەرەپكە قاراتتى. ئەزەربەيجان ۋە ئىراننىڭ يەنە بىر چېتىدە ئوردا تەسىس قىلىپ ئولتۇرغان پېرسىيە خانلىرى ئافغانىستاننىڭ ئىشلىرىغا ئانچە قاراپ كەتمەيتتى. چاغاتاي جەمەتىدىكى خانلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بەدەخشاندىكى كابۇل بىلەن غەزنىگە باستۇرۇپ كىردى. بۇ مەزگىل ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا هەقىقەتەن يېڭىلمەس هەمدە گۈللەنگەن بىر يەرلىك هاكىمىيەت، يەنى كىرىت مىللىتى

قۇرۇپ چىققان ئافغان — كېرىت خانلىقى بولۇپ، ئۇ پېرسىيە خانلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئاپتونومىيىلىك ھوقۇققا ئىگە ئىدى. بۇ تەرەپكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن چاغاتاي خانلىرى ئافغانىستاننىڭ شەرقىگە بۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا كىردى ۋە ئۇ يەرنى بۇلىدى. 1297 - يىلى دۇۋا پەنجاپ ئۆلكىسىنى دەپسەندە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدا ئالاۋۇددىن قىلىچ (1295 - يىلىدىن 1315 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھۆكۈمرانلىقىدىكى دېھلى ئىمپېرىيىسى ھەربىي ئەمەلدارلار پادىشاھلىقىدىكى كۈچلۈك مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئىدى. شۇڭا، چاغاتاي جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەرقانداق ھۇجۇمى قىلچىمۇ كارغا كەلمىدى. شۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ 75 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چىڭگىزخان جەمەتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى.

دۇۋانىڭ يەنە بىر ئوغلى قۇتلۇق خوجا ئافغانىستاننىڭ شەرقىي تەرىپىگە ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك سۇيۇرغال يەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپلا تالان - تاراج خاراكتېرلىك يېڭى بىر سەپەرگە كىرىشتى، يەنى (1299 - يىلى بىلەن 1300 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) تاكى دېھلىنىڭ يېنىغىچە باردى. 1303 - يىلى چاغاتاي جەمەتىدىكىلەر بەگزادە تورخاينىڭ قوماندانلىقىدا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يېڭى تاجاۋۇزچىلىقنى باشلىدى. موڭغۇللار دېھلى قەلئەسىنىڭ يېنىغىلا لاگېر قۇرۇپ، شەھەرنى ئىككى ئايدىن ئۇزۇنراق قامال قىلدى. ئارقىدىن بۇ رايوننى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە بۇلاپ تالىدى. لېكىن، بۇ ھەددىدىن زىيادە چوڭ قوشۇن شەھەرنى قامال قىلىش قوراللىرىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئافغانىستانغا قايتتى. 1304 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلار قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى: موڭغۇللارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى پەنجاپ

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىسىدىكى لاھور رايونىنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، دېھلىنىڭ شەرقىدىكى ئامرۇھاغىچە باردى. لېكىن، ئالاۋۇدۇن سۇلتاننىڭ سەركەردىسى تۇغلۇق ئۇلارنى مۇشۇ جايدا مەغلۇپ قىلدى ۋە توققۇز مىڭ موڭغۇلنى پىلغا دەسسىتىپ ئۆلتۈردى. بەگزادە كېبېك (كەلگۈسىدىكى خان) ئۆلگەن ئادەملىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مولتاننى ۋەيران قىلدى. بىراق، قايتىش يولىدا تۇغلۇقنىڭ ھىندى دەرياسى بويىدىكى بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى (1305 — 1306 - يىللار). بۇ نۆۋەتمۇ ئاز بولمىغان ئەسىرلەر دېھلىدا پىللارنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ بېرىلدى.

پېرسىيە خانلىرى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي جەمەتىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنى بىرخىل تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارىدى. بۇ سۇيۇرغال يەرلەرنىڭ ئاقساقىلى قۇتلۇق خوجىنىڭ ۋارىسى، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى داۋۇد خوجا ئىدى. 1313 - يىلى پېرسىيە خانى ئولجايتۇخان قوشۇن چىقىرىپ داۋۇد خوجىنى قوغلاپ چىقاردى. داۋۇد خوجا ئۆزىنىڭ تاغىسى ۋە ھامىيسى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ قاغانى يەسەن بۇغانىڭ قېشىغا ياردەم سوراپ باردى. يەسەن بۇغا ئىنىسى كېبېكنى داۋۇد خوجا بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ مۇرغاپ دەرياسىدا دۈشمەنلەرنى تارمار قىلدى، خۇراساننى ۋەيران قىلدى ۋە ھىرات قەلئەسىگىچە يېتىپ كەلدى (1315 - يىلى). لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى بويسۇندۇرماقچى بولغان بۇ زېمىندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، جۇڭگو موڭغۇللىرى چاغاتاي خانلىقىغا ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. يەسەن بۇغا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بېيجىڭدىكى ئوردىدىن كەتكەن يەنە بىر قوشۇن بىلەن ئېلىشمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ «تەڭرىتاغلىرىغا يېقىن جايدا»، شۈبھىسىزكى كۆچا بىلەن ئىسسىقكۆلنىڭ ئارىلىقىدا ۋەزىر توگاچىي باشچىلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ

قىلىندى. يىسەن بۇغا ئۈچ ئېلىش مەقسىتىدە قاغاننىڭ (پۇياندۇ ياكى ئايۇر پارىب خابرا، يەنى يۇەن رېنزۇڭ) پېرسىيەدىن بېيجىڭغا قايتىۋاتقان ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە توگاچى بىلەن يۇەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چاغاتاي خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، يىسەن بۇغانىڭ ئىسسىقكۆل قىرغىقىدىكى قىشلىق لاگېرى بىلەن تالاس دەرياسى بويىدىكى يازلىق لاگېرىنى ۋەيران قىلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە تاسادىپىي بىر ئەھۋال يۈز بەردى: چاغاتاي جەمەتىدىكى بەگزادە ياساۋۇر قاغان يىسەن بۇغا ۋە كېبىك بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ پېرسىيە خاقانىغا تەسلىم بولدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتتىكى پۇقرالار ئىدى. خاقان ئۇلارنى چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى سۇيۇرغال يېرى بولغان شەرقىي ئافغانىستانغا (بەلخ، بەدەخشان، كابۇل، قەندىھار) غا ئورۇنلاشتۇردى (1316 ـ يىلى). ئۇزۇن ئۆتمەي ياساۋۇر ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ خوراساننىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى (1318 ـ يىلى). بۇ چاغدىكى چاغاتاي قاغانى كېبىك خان (ئەمدىلا ئاكىسى يىسەن بۇغانىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان) پېرسىيە خانىغا بىرلىكتە قوشۇن چىقىرىپ ياساۋۇرنى يوقىتىش تەكلىپىنى قويدى. ئەمەلىيەتتە، پېرسىيە قوشۇنلىرى ياساۋۇرنى مەغلۇپ قىلىۋاتقاندا، چاغاتاي قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت، ياساۋۇرنى ئۆزىنىڭ قوشۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلدى (1320 ـ يىلى 6 ـ ئاي).

شۇ چاغدا ئىشلىتىلگەن پۇلنىڭ ئۇستىدىكى ۋاقىتقا قارىغاندا، كېبىكخان 1326 ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇردى. بارتولدنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بويىچە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقتا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭكىگە ئوخشىمىدى. ئۇ ماۋرائۇننەھردىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە

www.uyghurkitap.com

شەھەر تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. «ئۇ ناخسىپتا (سەمەرقەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) بىر ئوردا سالدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەلئەنىڭ نامى قارشى دەپ ئاتالدى، ئۇ موڭغۇلچە ئوردا دېگەن سۆز. ئۇ كېيىنكىلەر كېبەك دەپ ئاتىغان كۈمۈش تەڭگىنى بازارغا سالدى. بۇ خىل كۈمۈش پۇل چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئەڭ بالدۇر ئىشلەتكەن پۇل ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئايرىم شەھەر ياكى يەرلىك كىچىك خانلىقلار تارقاتقان پۇلدىن باشقا بىرلىككە كەلگەن پۇل يوق ئىدى» (بارتولدنىڭ «چاغاتاي خان» دېگەن كىتابى، 384 ـ بەت). لېكىن، كېبەكخان ماۋرا ئۇننەھردىكى تۇرمۇشقا شۇنچە قىزىققىنىغا قارىماي ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مۇسۇلمان بولماي ئۆتۈپ كەتتى.

## 5 § . چاغاتاي خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى: ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتى ۋە موغۇلىستان

كېبەكخاننىڭ ئۈچ ئىنىسى ئەلجىگدەي، دۇۋا تېمۇر ۋە تالماشىل ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئالدىنقى ئىككىيلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدە بىرنەچچە ئايلا ئولتۇرالىدى. تالماشىل بولسا خېلى مۇھىم بىر ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنى باشتىن كۆچۈردى (1326 ـ يىلىدىن 1333 ـ يىلىغا قەدەر). 1327 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك يۈرۈش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھىندىستانغا باردى ۋە دېھلى قەلئەسىنىڭ سېپىلىغىچە كەلدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇ قارشى تەرەپ غايەت زور مىقداردا تۆلەم تۆلىگەچكە، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. باشقا تارىخىي ماتېرىياللار بويىچە دېھلىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەد ئىبنى قۇتلۇق ئۇنى مەغلۇپ

قىلىپ تاكى پەنجاپ ئۆلكىسىگە قەدەر قوغلىدى. تالماشىلىنىڭ ئىسمى گەرچە سانسكرىت تىلى بىلەن قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئەكسىچە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى ۋە ئۆزىنى ئالاۋۇدۇن سۇلتان دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل دىنىي ئېتىقادىغا ئامۇ دەرياسى سىرتىدىكى يۇقرالار خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋال ئىسسىقكۆل بىلەن ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش چىڭگىزخان بەلگىلەپ بەرگەن «ياساق»قا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق ئىدى. ئاقىۋەت، بۇ يەردىكىلەر تالماشىلغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى (1333 ـ يىلى بىلەن 1334 ـ يىلى ئارىسىدا) ۋە دۇۋانىڭ نەۋرىسى جىنكىش خانلىقنى قولغا ئېلىپ، 1334 ـ يىلدىن 1338 ـ يىلىغا قەدەر ئىلى ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ دەۋردە گەۋدىلىك يۈز بەرگەن بىر ئىش مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، بۇ ئەھۋالدىن نىستۇرى مۇرىتلىرى پايدا ئالدى. ئۇلار قەدىمىي خرىستىئان رايونى ھېسابلانغان ئالمىلىق بىلەن بىشكەكتە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. كاتولىك دىنىدىكىلەرمۇ يېڭىۋاشتىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە ئايلاپ دىن تارقىتىدىغان، يا بولمىسا چېركاۋ سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. جىنكىش خاننىڭ ئەمدىلا يەتتىگە كىرگەن ئوغلى دادىسىنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق چوقۇندۇرۇلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يوھان دەپ ئۆزگەرتتى. 1338 ـ يىلى رىم پاپىسى بىنوئىت XII ئالمىلىققا سانت فرانسىسكا دىنى ئۇيۇشمىسىدىن لىچارد دې بورگىنىنى ئېپىسكوپ قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1339 ـ يىلى بىلەن 1340 ـ يىلى ئارىلىقىدا لىچاردنى ئىلكىدىكى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋاتىكاننىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەردىن فرانكىس ئالېكساندر، پاسكال لىسبانوللى، لورىن دانگىن ۋە دىنداش بۇرادەرلەردىن ھىندىستانلىق تەرجىمان پىئىد، سودىگەر كىدارا قاتارلىقلار شېھىت بولدى. ئىككىنچى يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوھان دې مارنوللى ۋاتىكاننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن كەلگەن بولغاچقا، كافىغا، قىپچاق خانلىقى، چاغاتاي خانلىقىدىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا يېتىپ باردى ۋە قاغان بىلەن كۆرۈشتى. ئالمىلىقتىن ئۆتكەن چاغدا دىنىنى تەرغىب قىلدى، بىر چېركاۋنى ياسىدى، يا بولمىسا رېمونت قىلدى. نۇرغۇن مۇرتلارنى چوقۇندۇردى. ئۇ ئەلچىلىك سالاھىيەت بىلەن قاغاننىڭ ھۇزۇرىدا ھەقىقەتەن زور ئىلتىپاتقا نائىل بولدى، ئەمما ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلگەنلەر باشقىلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغانىدى. لېكىن، ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئالمىلىقنىكى خرىستىئان دىنى تولىمۇ تېزلىك بىلەن زاۋالغا يۈز تۇتتى. نىستۇرى دىنىنىڭ ئىلىدىكى قەدىمىي مەركىزى تېمۇرخانلىقىنىڭ چەكلىمىسىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى.①

## § 6. قازخان ئەمىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرائۇننەھر

ئىلگىرىكى چاغاتاي خانلىقى خانلىق جەمەت تەركىبىدىكى ئىككى يېقىن تۇغقانلار تەرىپىدىن ئىككى كىچىك خانلىققا بۆلۈنگەنىدى: ئۇنىڭ بىرى ماۋرائۇننەھر، يەنە بىرى «موغۇلىستان»، يەنى ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپى، تالاس دەرياسى بىلەن ماناس دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلار ئىدى. ماۋرائۇننەھرگە بىرگە تونۇشلۇق ياساۋۇرنىڭ ئوغلى قازانخان (1343 ـ يىلىدىن 1346 ـ يىلىغا قەدەر) قارشىدا قارارگاھ قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ماۋرائۇننەھردىكى بىر چاغلاردا ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ

① مولىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپەر مىسسىئونېر، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چۈەنجۇ ۋىلايىتىدىكى ئېپىسكوپ ياك دې فلورۇنسا ئەگەر پېرسىيىدە بولمىغاندىمۇ، مەركىزىي ئاسىيادىكى چاغاتاي خانلىقىدا شېھىت بولدى.

تەختكە چىقارغان تۈرك ئاقساقاللىرىنى ماڭا بويسۇنمىدى دەپ باستۇرماقچى بولغاچقا، «زەپەرنامە» دە ۋەھشىي پادىشاھ دەپ تەسۋىرلەندى. بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داھىيسى قازخان بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيۇرغال يېرى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سېرىق سارايىنىڭ ئەتراپى، بۈگۈنكى كابادىيانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، قۇندۇزنىڭ شىمالىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ قازخانغا قارشى چىقتى، لېكىن تۇنجى قېتىملىق جەڭدىلا مەغلۇپ بولدى. بۇ جەڭ تىرمىز بىلەن قارشى ئارىسىدىكى «تۆمۈر دەرۋازا» دا ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە قازخاننىڭ كۆزىگە ئوق تەگدى. بىراق قازانخان ئۆز عەلىبىسىنى داۋاملاشتۇرماي، قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قارشىغا قايتتى. ھالبۇكى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىر بۆلۈك لەشكەرلىرى قېچىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقى تۈپەيلى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئۇ مۇشۇ قەلئەنىڭ يېقىنىلا يېرىدە قازخاننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ يېڭىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلدى (1346 — 1347 ـ يىلى ئارىلىقىدا) .

قازخان ماۋرائۇننەھرنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولغاندىن كېيىن چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ نەسەب ئەنئەنىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا بەل باغلاپ، بۇ جاينىڭ خانلىق ھوقۇقىنى ئوگداي جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولغان دانىشمەن دىيا (1346 ـ يىلىدىن 1347 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) غا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي خانىنىڭ نائىبى قازخان ئۆزى ھىمايە قىلغان بۇ كىشىنى يوقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا چاغاتاي جەمەتىدىكى بىرەيلەننى، يەنى دۇۋانىڭ نەۋرىسى بۇيانقۇل (1348 ـ يىلىدىن 1358 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نى تىكلىدى. «زەپەرنامە» دە بۇيانقۇلغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر بۇ خانىنىڭ قازخاننىڭ قولىدىكى سادىق قورال ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەملىكىنى دەلىللىدى.

ئەمەلىيەتتە، چاغاتاي جەمەتىنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەۋلادلىرى ئۆتۈپ كەتكەن ھۆرۈن خانلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممە ھوقۇقى شۇ جايدىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا بولاتتى، بۈگۈن قازخان يۇرت سورىسا، ئەتىسى تېمۇر يۇرت سورايتتى. ئاتالمىش موڭغۇل خانلىقى راستىنلا تۈرك خانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

قازخاننىڭ ھۆكۈمىتىنى (1347 — 1357 - يىللار) قاملاشمىغان ھۆكۈمەت دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ باشتىلا ماۋرائۇننەھرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق ئىرانغا تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن ھىراتتىكى ئىرانلىق بەگزادە ھۇسەيىن كىرىت ھەدېسىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى، ماۋرائۇننەھردىكى ئەندىكۇي، شىبىرگەن رايونلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، قازخان قورچاق بەگزادە بۇيانقۇلنى ئەگەشتۈرۈپ ھىراتنى قورشاۋغا ئالدى (1351 - يىلى) ھەمدە كىرىتنى ئۆزىگە باج - خىراج تاپشۇرىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئارقىدىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەرقەنتكە باستۇرۇپ كىردى. تۆۋەندىكى مەزمۇندا كۆرىدىغىنىمىزدەك، پېرسىيىدىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلى ئىراننىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئىرانلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى تۇيۇقسىز تىرىلگەن چاغدا (ھىراتتىكى كىرت خانلىقى، سەبزىۋاردىكى سەربىدار خانلىقى، شىرازدىكى مۇزەپپەر خانلىقى)، تېمۇرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك قازخان پەيدا بولدى. ئۇ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاقساقىلى سالاھىيىتى بىلەن تۈرك قوۋمىنىڭ ئىران قوۋمىغا بولغان ئۈستۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

قازخان سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى (1357 - يىلى)، لېكىن ئوغلى مىرزا ئابدۇللادا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك شىجائەت بولمىدى. مىرزا ئابدۇللا بۇيانقۇلخاننىڭ خوتۇنىغا ئىش - پەش تارتىپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولدى ۋە سەمەرقەنتتە بۇيانقۇلخاننى ئۆلتۈردى (1358 - يىلى). بۇ

ئەھۋال ماۋرائۇننەھردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى، بولۇپمۇ ئىككى نەپەر ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بويان سولدۇز، يەنە بىرى ھاجى بارلاس ئىدى، ھاجى بارلاس ئۇنىڭ ئۈستىگە تېمۇرنىڭ تاغىسى، سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى بۈگۈنكى شەھرى سەبزگە قاراشلىق تاشكەنت قەلئەسىنىڭ خوجىسى ئىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى ئاقسۆڭەك مىرزا ئابدۇللانى بۇ رايوندىن تاكى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەندىلىپكە قەدەر قوغلىۋەتتى، مىرزا ئابدۇللا مۇشۇ يەردە ئۆلدى. ماۋرائۇننەھردىكى فېئودال خوجىلار ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەل ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاجىزلىتىپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## § 7 . تۇغلۇق تېمۇر: چاغاتاي خانلىقى زېمىنىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشى

ماۋرائۇننەھردىكى چاغاتاي جەمەتى يەرلىك تۈرك فېئودال كۈچلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھۆرۈن جەمەتكە ئايلىنىپ قالغان چاغدا، «موغۇلىستان»، يەنى تالاس دەريا ساھىلى، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، ئىسسىقكۆل، ئىلى دەرياسى، ئېبىنۇر كۆلى ۋە ماناس دەرياسى ساھىلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بىر مەزگىللىك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن چاغاتاي خانلىق جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن قۇردى. بۇ رايوندىكى ئاساسلىق موڭغۇل قەبىلىسى دوغلاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇت تىرەپ تۇرغان يېرى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى موغۇلىستان بىلەن شۇ زامانلاردا «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان قەشقەردە ئىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىلىرىدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ داھىيلىرى ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن، يەنى تولىك، بۇلاجى ۋە قەمەرىدىن بولۇپ، ئۇلار شۇ جاينىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى ھېسابلىناتتى. رەشىدىددىننىڭ «تارىخنامە» سىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇلاجى 1345 ـ يىلى ئىسسىقكۆلدىن كۇچاغا ۋە بۈگۈرگىچە، پەرغانە چېگرىسىدىن لوپنورغىچە بولغان ھەمدە ئاقسۇنى مەركەز قىلغان كەڭ زېمىندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا چاغاتاي جەمەتى ئىچىدىن ماۋرائۇننەھر ئادەملىرىگە تەسلىم بولمىغان، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە تايىنىپ ئىلى خانلىقى ياكى شۇ چاغدا موغۇلىستان دەپ ئاتالغان خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلالايدىغان بىرسىنى تېپىشنى تەشەببۇس قىلدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى ئىسەن بۇغانىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرغان تۇغلۇق تېمۇر ئىسىملىك بىرسى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر مۇنچە تەۋەككۈلچىلىكتىن كېيىن ھېچقانداق شەپە چىقارمىغان ھالدا موغۇلىستاننىڭ شەرقىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. چاغاتاي جەمەتىنىڭ ھەقىقىي ياكى پەرەزدىكى بۇ ئادىمىنى بۇلاجى تېپىۋالدى. بۇلاجى ئۇنى ئاقسۇدا داغدۇغىلىق قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قاغان دەپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇلاجىنىڭ ئاكىسى تولىك تۇغلۇق تېمۇرنىڭ يېنىدا «ئولۇسبەگ»، يەنى باش ئەمىر بولدى.

ناۋادا دوغلات قەبىلىسىدىكىلەر بىرەرسىنى بولسىمۇ يۆلەپ قاغانلىق ئورنىغا چىقارماي، چاغاتاي نەسەبى بىلەن ماۋرائۇننەھردىكى چاغاتاي قوۋمىنى ئۆز ئارا قارىمۇقارشى قىلىپ قويغان بولسا، ئۇلار چوقۇم مەغلۇپ بولاتتى. تۇغلۇق تېمۇر ئۆزىدىكى قەيسەرلىكنى ھەر جەھەتتىن نامايان قىلدى. ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ (1347 — 1363 ـ يىللار) ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىش ئالدى بىلەن دىن جەھەتتە شۇنداق بولدى. ئەگەر ماۋرائۇننەھردىكى تۈركلەر — تاجىكلار،

بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىكى شەھەر ئاھالىسى دىيانەتلىك مۇسۇلمانلار دېيىلسە، موغۇلىستاندىكى تۈركلەر — موڭغۇللار، ئىلى ۋە ئاقسۇدىكى يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا بۇددا دىنى بىلەن شامان دىنىنىڭ «بۇدقا باش ئۇرىدىغان» مۇرىتلىرىدىن ئىدى. لېكىن، مۇشۇ كۈنلەردە، بۇ جايدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتىمۇ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ شۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئاقساقىلى ئەمىر تولىك بىرىنچى بولۇپ بۇ دىنغا كىردى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ، تۇغلۇق تېمۇرمۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى. رەشىدىددىنىنىڭ «تارىخنامە»دە دېگەنلىرى بويىچە تۇغلۇق تېمۇر بېشىغا كۈن چۈشكەن ئېغىر چاغلاردا شۇنداق قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەنىدى. «ئۇ خەتنىسىنى قىلدۇردى. شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ 160 مىڭ ئادىمى چېچىنى ئالدۇرۇۋېتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.» مۇھەممەد ھەيدەر دوگىلات يازغان «ئەسلىمە»مۇ تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ئىرادىسى چىڭ، ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە شادلىق ئاتا قىلغاندىن سىرت، شەك - شۈبھىسىزكى ئۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشىنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئېلىش جەريانىدا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى خىيالىدىن نېرى قىلمىدى. بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «قۇرئان»غا سەجدە قىلىش ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. . . نېمىلا بولمىسۇن، تۇغلۇق تېمۇر ئۆزىنىڭ موغۇلىستاندىكى ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئىلگىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنى بولغان جايلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى روياپقا چىقارماقچى بولدى، دېمىسىمۇ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئابدۇللا ئىبنى قازخان ئەمىر قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ماۋرائۇننەھر پارچىلىنىپ كەتتى ۋە قالايمىقانلاشتى. بۇيان سولدۇز بىلەن ھاجى بارلاستىن ئىبارەت ئىككى ئەمىر گەرچە ئابدۇللانى يەڭگەن بولسىمۇ، لېكىن

بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل بىر ھاكىمىيەتنى تىكلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنى كۆرسىتەلمىدى. «زەپەرنامە»نىڭ بىزگە دەپ بەرگىنىدىن قارىغاندا، بويان. سولدۇز «مېھرىبان، ئەمما يۇمشاق باش، ھاراق - شارابتىن ئۆزىنى تارتالمايدىغان ئادەم» ئىدى. ھاجى بارلاسقا كەلسەك، ئۇ گەرچە ئۆزىنىڭ سۇيۇرغال يېرىدە كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا خېلىلا بوشاڭ شەخس ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇ ئىككىيلەندىن باشقا يەرلىك تۈرك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرى ماۋرائۇننەھرنى سان - ساناقسىز كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈۋەتتى. دېمەك، تۇغلۇق تېمۇرگە پۇرسەت كەلگەنىدى. 1360 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇ ماۋرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ تاشكەنتتىن شەھرى سەبزگە قەدەر باردى. ھاجى پارلاس شەھرى سەبز بىلەن قارشىدىكى كۈچلىرىگە تايىنىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئالدىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا چېكىندى.

تۇغلۇق تېمۇرنىڭ غەلىبىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە يۈزلەندى. چۈنكى ھاجى بارلاسنىڭ قېرىنداش جىيەنى ئەمدىلەتىن 26 ياشقا كىرگەن تېمۇر يېڭىپ چىققۇچىغا تەسلىم بولۇش ئاقىلىنىڭ ئىشى دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. تېمۇرگە ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان «زەپەرنامە» گەرچە تېمۇرنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشقا رازىكى تەسلىم بولۇشقا رازى ئەمەس ئادەم، ئۇ ھېچبولمىغاندا قېچىپ قۇتۇلۇش دېگەنلەرنىمۇ تاغىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن دەپ تەسۋىرلەشكە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل نۇقسانىنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقنى مەزكۇر كىتابنىڭ ئۆزىمۇ ئىنكار قىلالماي تۇرالمىدى. تېمۇرنىڭ تۇغلۇق. تېمۇرگە تەسلىم بولغانلىقى بەدىلىگە ھاجى بارلاسنىڭ شەھرى سەبزدىكى سۇيۇرغال يەرلىرى

تارتۇق قىلىپ بېرىلدى. تۇغلۇق تېمۇر ئۇزۇن ئۆتمەي موغۇلىستانغا قايتتى، ھاجى بارلاس خۇراساندىن ماۋرائۇننەھرگە كېلىپ تېمۇرنى مەغلۇپ قىلدى. تېمۇر شەھرى سەبزنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، بەلكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ باش ئاقساقىلى مۇشۇنداق ئىتائەتمەن بولۇشى كېرەك دېگەندەك، ئۇنىڭغا ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن خىزمەتكار بولدى. لېكىن، تۇغلۇق تېمۇر تېز ئارىدىلا موغۇلىستاندىن جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقىپ ماۋرائۇننەھرگە كەلدى. خوجەنتكە كىرگەن چېغىدا ماۋرائۇننەھردىكى ئاقسۆڭەكلەر تولۇق تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى قارشى ئالدى. بويان سولدۇز ئۇنىڭ بىلەن تاكى سەمەرقەنتكىچە باردى. ھاجى بارلاس بولسا ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. تۇغلۇق تېمۇر ئۇزۇن ئۆتمەي خوجەنتنىڭ ئەمىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھاجى بارلاس قورقۇپ كېتىپ خۇراسانغا قاچتى ۋە سەبزىۋارنىڭ يېنىدا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاقىۋىتى تېمۇرنى بارلاس قەبىلىسىنىڭ داھىيسىغا ئايلاندۇردى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ شەھرى سەبزنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان خوجايىنى بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى قول قوشتۇرۇپ قوبۇل قىلدى. قازخاننىڭ نەۋرىسى ھۇسەيىن ئەمىر ئافغانىستاننىڭ شەرقىدە، جۈملىدىن بەلخ، قۇندۇز، بەدەخشان، كابۇل ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆزىنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرى بىلەن بولۇۋاتقاندا، تۇغلۇق تېمۇر ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلدى ۋە قوشا دەرياسى بويىدا ئۇنى تارمارقىلىپ، قۇندۇزدىن ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە قوغلاپ باردى. تۇغلۇق تېمۇر بوۋىسى چىڭگىزخاننى دوراپ، ئۇ يەردە ئەتىيازنى ۋە ياز پەسلىنى ئۆتكۈزدى. مۇشۇ قېتىمقى يىراق سەپەردىن كېيىن، ئۇ سەمەرقەنتكە قايتىپ، ماۋرائۇننەھردىكى

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داھىيسى بويان سولدۇزنى قەتلى قىلدى. ئوغلى ئىلياس خوجىنى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا، تېمۇرنى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ يەنە بىر مەرتـــۋە موغۇلىستانغا كەتتى. ئۇ تېمۇرنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى ئۇنىڭ خانغا بولغان ساداقىتىگە كېپىللىك قىلالايدۇ دېگەن قاراشتا ئىدى.

شۇڭا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى بىرلىكى يەنە بىـــر ئىرادىلىك ۋە ئادەم ئەيمەنمەيدىغان قاغان تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئىلياس خوجىنىڭ مۇئەللىمى ۋە ۋەزىرى بولغان تېمۇرنىڭ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چاغاتاي جەمەتىنىـڭ ئورنىغا يېڭى بىر ئىمپېرىيىنى ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىمـمۇ ئويلىمىدى. لېكىن، بىز ماۋرائۇننەھرنىڭ بويسۇندۇرغۇچىنىـڭ تارىخىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئارقىمىزغا يېنىپ پېرسىيەدىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

# بەشىنچى باب موڭغۇل پېرسىيەسى ۋە ھىلاكۇ خانلىقى

## § 1 . پېرسىيەدىكى ھىلاكۇدىن بۇرۇنقى موڭغۇل خانلىقى: شورماقان، بەيجۇ ۋە ئەلجىگدەي

پېرسىيە موڭغۇللار تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرۇلغان ۋە جالالىدىننىڭ يېڭى خارەزىم خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن (1231 - يىلى) ۋاقىتلىق ۋە خېلىلا تەشكىلسىز بىر خىل تۈزۈم ئاستىدا قالدى. غەربتىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى تولۇق ھوقۇقلۇق سەركەردىلەرنىڭ، يەنى ئالدى بىلەن جالالىدىننىڭ خانلىقىنى ۋەيران قىلغان شورماقان (1231 - يىلدىن 1241 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، كېيىنچە كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىرىنى بويسۇندۇرغان بەيجۇ (1242 - يىلدىن 1256 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)لارنىڭ قوماندانلىقىدا كورا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن ئاركىس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلاردا، ئاراران ۋە موھان يايلاقلىرىدا مۇداپىئەدە تۇردى. چېگرا رايوندىكى بۇ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقتا گرۇزىيە (گېئورگى) بەگزادىلىرى، كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىرى، سىلىبسىيەدىكى ئەرمىنىيە بەگزادىلىرى، مۇسۇلنىڭ ئاتا بەگلىرى بېقىندى بولدى. ئۇلار يەنە لاتىن تىلى دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىللىئوت ئەپەندىنىڭ تىلغا ئالغانلىرى بويىچە شورماقاننىڭ نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرىدىن ئىككىيلەن نىستۇرى دىنىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ خرىستىئان دىنى بىلەن ئىناق ئۆتتى. ئۇ پۇتكۈل قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يەنە 1233 — 1234 - يىللىرى ئوگداي خان سۇرىيەلىك خرىستىئان مۇرىتلىرىدىن سىميۇن ئىسىملىك بىرسىنى تەبرىزگە ئەۋەتتى. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا سۇرىيەچە لىبەن ئاتا دېگەن ئىسىم بىلەن تېخىمۇ داڭق چىقارغانىدى. ئۇ كېيىنچە گۈيۈكخاننىڭ ئەتراپىدا خرىستىئان دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋەزىپىگە رەسمىي تەيىنلەندى. ئوگداينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە پېرسىيەگە كەلگەندىن كېيىن، شورماقانغا قاغاننىڭ ئالاھىدە ئىنئام قىلغان ھوقۇقىنى پەش قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلىغان خرىستىئان مۇرىتلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەرمىنىيەلىك يىلنامىچىسى كراكوس دې كەنزاك مۇنداق دەيدۇ: «لىبەن ئاتا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، ئۇ ئۇلارنى ئۆلۈم ۋە قۇللۇق گىردابىدىن قۇتۇلدۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلئە شەھەرلىرىدە چېركاۋ بىنا قىلدى، ئۇ يەردە (موڭغۇللار كېلىشتىن ئىلگىرى)، بولۇپمۇ تەبرىز بىلەن ناخچىۋاندا خرىستىئانلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش چەكلىنەتتى. لېكىن، لىبەن ئاتا چېركاۋ سالدۇردى، كرېست تىكلىدى، كېچە - كۈندۈز سايراپ تۇرىدىغان ياغاچ قوڭغۇراق بېكىتتى، ئۇ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىدىغان چاغدا ئۇلارغا ئىنجىل بىلەن كرېستنى ھەمراھ قىلىشنى، شام ياندۇرۇپ، مۇقەددەس ناخشىلارنى ئېيتىشنى يولغا قويدى» لىبەن ئاتانىڭ ئەلچى بولۇشى بىلەن، موڭغۇل ھۆكۈمىتى ئەڭ باشتىكى بەزى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئىراننىڭ غەربىدىكى خرىستىئان پۇقرالىرىنى بۇرۇن ھېچقانداق چاغدا بولۇپ باقمىغان ئالاھىدە

ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

شورماقان 1241 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە گەپ قىلالمايدىغان بىر كېسەلگە (ئېنىقراقى پالەچ كېسىلىگە) گىرىپتار بولدى. ياندۇرقى يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان بەيجۇ خرىستىئان دىنىدىكىلەر بىلەن كېلىشەلمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رىم پاپىسى ئىننوۇسىن Ⅳ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دومىنىكا دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ راھىبى ئاسېلىن بىلەن ئۇنىڭ تۆت نەپەر بۇرادىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى بۇ نۇقتىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاسېلىن تىبلىستىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇ يەردە ساياھەت قىلىۋاتقان گېسال دى كىلىمىن بىلەن كۆرۈشتى (1240 - يىلىدىن ئېتىبارەن تىبلىستا دومىنىكا دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناستىرى سېلىنغانىدى). ئاسېلىن 1247 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بەيجۇنىڭ گوكچا كۆلىنىڭ شەرقى، ئاركىس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئارارلاندا تۇرۇشلۇق قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى.①

ئۇ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ماھارىتى كەمچىل بولغانلىقى تۈپەيلى، موڭغۇللاردىن پەقەت قىرغىنچىلىقنى توختىتىشنى ھەمدە پاپىنىڭ ئىلاھى ھوقۇقىغا تەسلىم بولۇشى كېرەكلىكىنىلا تەلەپ قىلالىدى. ئۇ يەنە خاننىڭ ۋەكىلى بولغان بەيجۇغا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈشنى رەت قىلدى. ئاچچىقى كەلگەن بەيجۇ دومىنىكا دىنىي ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق بۇ بەش نەپەر ئادەمنى ئۆلتۈرىمەن دەپ تەھدىت سالدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، يەنى 1247 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گۈيۈك خان موڭغۇللارنىڭ «مۇپەتتىش خادىمى» ئەلجىگدەينى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. بەيجۇ ئاسېلىنغا ئۆزىنىڭ رىم پاپىسىغا يوللايدىغان جاۋاب خېتىنى ئېلىپ

---

① موڭغۇل قوماندانلىقىنىڭ بۇ يازلىق لاگېرى ئەرمەن يېزىقى ۋە لاتىن يېزىقىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردا «سىسئەن» ياكى «سىدەن» دەپ ئاتالغان جايلاردا ئىدى. ئۇنىڭ گوكچا كۆلىنىڭ ئۇدۇل شەرقىدىكى Siounie ۋە Artsakh ئارىسىدىكى Haeand ناھىيىسى ئىچىدە بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىشىنى ھاۋالە قىلدى. بۇ خەت 1246 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گۈيۈك خان پىلانكارىنىغا ھاۋالە قىلغان خەت بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ خەتتە موڭغۇللار دۇنياۋى ئىمپېرىيىدە بولىدىغان ئىلاھى ھوقۇقنى تەلەپ قىلدى ھەمدە رىم پاپىسىغا قاغاننى زىيارەت قىلىشنى تاپىلىدى. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسە ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا سانايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەلجىگدەيمۇ خەتتىكى بۇ مەزمۇنلاردىن خەۋەردار بولدى. ئاسېلىن 1247 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بەيجۇنىڭ قارارگاھىدىن يولغا چىقتى. بەيجۇ ئۇلارغا ئىككى نەپەر «موڭغۇل» ۋەكىلنى قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ بىرى تۈركچە ئىسىملىك ئايبەك بولۇپ، پىللىئوت ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ئۇ موڭغۇللارنىڭ مەھكىمىسىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدار ئىدى؛ يەنە بىرى خرىستىئان مۇرىتى، توغرىراق ئېيتقاندا نىستۇرى مەزھىپىدىكى سارگىس دېگەن كىشى ئىدى. مۇنداق سەپەرگە ئاتلانغانلار شۇ كۈنلەردە پەقەت تەبرىزدىن ئۆتۈپ، موسىل، ھەلەپ، شەندۇ ۋە ئاكرى قاتارلىق جايلار بىلەن ماڭالايتتى. ئاكرىدىن چىققان موڭغۇل ئەلچىلەر 1248 ـ يىلى كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىتالىيەگە قاراپ قوزغالدى. پاپا ئىننوسىن IV ئۇلار بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەشتى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىننوسىن IV ئۇلاردىن بەيجۇغا جاۋاب يوللىدى.

ئاسېلىننىڭ ئەلچىلىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئەسلىدىكى مەقسەتلىرىنىڭ تەتۈرىسىچە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلجىگدەي خرىستىئان دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بەيجۇغا قارىغاندا ياخشى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ 1248 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شەرقتىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىدىن داۋىد بىلەن ماركۇنى فرانسىيە پادىشاھى لويىس IX نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. بۇ ئىككىيلەن ئۆزى بىلەن بىرگە غەلىتە بىر خەتنى، يەنى پارس يېزىقىدا پۈتۈلگەن بىر مەكتۇپنى ئېلىپ ماڭدى، بىز بۇ خەتنىڭ لاتىنچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ھېلىمۇ ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ مەكتۇپتا ئەلجىگدەي

گۈيۈك خان ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ شەرقتىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەركىن ھالدا دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى ئىزاھلىدى. ئۇ «زېمىننىڭ ھامىيسى»، قاغاننىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭغا «ئوغۇل» ھېسابىدىكى فرانسىيە پادىشاھىغا موڭغۇللارنىڭ جىمىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنى، مەيلى ئۇلار لاتىن مەزھىپىدىكىلەر ياكى گرېك مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئۇلار ئەرمەن مەزھىپىدىكىلەر، نىستۇرى مەزھىپىدىكىلەر ۋە ياگۇ مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن ئوخشاشلا ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لويىس IX 1248 - يىلى 12 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ «ئەلچى»لەرنى سىپرۇستىكى ئىستىراھەتخانىدا قوبۇل قىلدى. گەرچە بۇ ئەلچىلەرنىڭ راست شۇنداق قىلغانلىقى دەرگۇمان بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن پىللىئوت ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە، ئەلجىگدەيىنىڭ 1248 - يىلى باغدات خەلىپىلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئويىدا بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقان سانت لويىسنىڭ ئەھلىسەلىب قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى. ھالبۇكى، موڭغۇللار ساق ئون يىل ئۆتكەندىلا ھىلاكۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئاندىن بۇ ھەرىكەتنى باشلىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر «موڭغۇل» خرىستىئان مۇرىتى 1249 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سانت لويىس بىلەن خوشلاشتى ۋە سىپرۇسنىڭ نىكوسىيە دېگەن يېرىدىن يولغا چىققاندا دومىنىكا دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى ئاندىرى دې لۇڭجۇيمۇ، ئىنىسى گوللاۋۇم دې لۇڭجۇيمۇ ۋە يوھان دې كائىكاسۇن قاتارلىق ئۈچ راھىبنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئاندىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1249 - يىلى 4 - ئاي بىلەن 5 - ئاي ئارىلىقىدا ئەلجىگدەيىنىڭ قارارگاھىغا كەلدى. ئاندىن تارغاباتايدىكى ئىمىل دەرياسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قابا دەرياسى ساھىلىدىكى ئوگداي خانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى سۇيۇرغال يېرىگە، يەنى خانىش ئوگۇل قايمىشنىڭ نائىبلىقىدىكى موڭغۇل ئوردىسىغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ 1251 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەيسەرىيەگە قايتىپ سانت لويىسقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

ئەلجىگدەي گۇيۇك خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بولغاچقا، موڭكىخاننىڭ قاغانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ئوگداي جەمەتىدىكى بىر تەرەپ قىلىنىۋېتىشكە تېگىشلىك ئادەملەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالدى ۋە 1251 ـ يىلى 10 ـ ئاي بىلەن 1252 ـ يىلى 2 ـ ئاي ئارىلىقىدا مونكىخان تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. شۇڭا، بەيجۇ تاكى 1255 ـ يىلى ھىلاكۇ يېتىپ كەلگەنگە قەدەر چېگرا رايوندىكى ھەربىي ھاكىمىيەتكە ئۆزى يالغۇز يېتەكچىلىك قىلدى.

گرۇزىيە بىلەن كىچىك ئاسىيانىڭ ئىشلىرىدا بەيجۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. گرۇزىيە خانىشى رۇسۇدەن ئۆلگەندىن كېيىن، بەيجۇ بۇ خانىشنىڭ موڭغۇللار بىلەن ئىزچىل قارشىلاشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇشنى ئىزچىل رەت قىلغانلىقى تۇپەيلى، بېسىقماي كەلگەن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۇچۇن گرۇزىيەنىڭ شاھلىق تاجىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغاندا مۇلايىمراق كەلگەن جيەن ئوغلى داۋىد لاشاغا بەرمەكچى بولدى. لېكىن، دەشتى قىپچاقتىكى باتۇخان رۇسۇدەننىڭ ئوغلى داۋىد نارىننى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان بولغاچقا ئىككى نەپەر نامزات موڭغۇل دالاسىغا بېرىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىدىن گۇيۇك خانغا ئەرز قىلدى (1246 ـ يىلى). خاننىڭ بۇ دەتالاشنى قانداق ئاخىرلاشتۇرغانلىقى بىزگە مەلۇم، يەنى ئۇ كارتلىنى داۋىد لاشاغا، ئىمىرتنى داۋىد نارىنغا بېرىپ ئىشنى تۈگەتتى.

ئىشنى مۇشۇنداق بىر ياقلىق قىلىش كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىدىمۇ بولدى. گۇيۇك خان خانلىق ھوقۇقىنى

كەيكاۋۇس II گە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ موڭغۇل دالاسىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ياش بەگزادە ئىنىسى قىلىچ ئارسلان IV كە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە سالجۇقلارنى ھەر يىلى «بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ تەڭگە پۇل، 500 توپ دۇخاۋا، 500 تۇياق ئات، 500 تۇياق تۆگە، 5 مىڭ تۇياق ئۇششاق مال ۋە بۇلارنىڭ ئىككى باراۋىرىگە تەڭ سوۋغا ـ سالام» ئولپان تاپشۇرىدۇ دەپ بەلگىلىدى. 1254 ـ يىلىغا كەلگەندە موڭكىخان كەيكاۋۇس II نىڭ قىزىل — ئىرماق دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى، قىلىچ ئارسلانخان IV نىڭ دەريانىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قارارلاشتۇردى. بىراق، ئىككى ئاكا ـ ئۇكا پىتىشمىدى، نەتىجىدە كەيكاۋۇس يېڭىلىپ چىقىپ، ئىنىسىنى ئەسىرگە ئالدى. 1256 ـ يىلى بەيجۇ كەيكاۋۇسنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ لەشكەر چىقاردى ۋە ئۇنى ئاق سارايىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلدى. كەيكاۋۇس نىسەيدىكى گرېكلار ئارىسىغا قېچىپ باردى. موڭغۇللار بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭ ئورنىغا قىلىچ ئارسلان IV نى ئولتۇرغۇزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كەيكاۋۇس دۆلىتىگە قايتتى ۋە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن دۆلەتنى ئىنىسى بىلەن تەڭ باشقۇرىدىغان بولدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، موڭغۇللارنىڭ غەربىي جەنۇبتىكى ھامىيلىق ھوقۇقى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئۇلاشمايدىغان، بىر قېتىملىق زوراۋانلىقتىن كېيىن دىمىنى رۇسلىۋالمىسا بولمايدىغان مەزگىلنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇردى. شورماقان بىلەن بەيجۇ ئۆزىنىڭ بېقىندى ئەللىرىگە قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى تارتمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەنە ئۇزلۇكسىز يۇسۇندا قاراقۇرۇمدىن يولىيورۇق سوراپ كۈن ئۆتكۈزدى. لېكىن، يول يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردىنىڭ قارارىمۇ ئايلاپ ـ ئايلاپ كېچىكتى. بېقىندى دۆلەتتىكى بەگزادىلەر ۋە ئەلچىلەر موڭغۇل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوردىسىغا ئەرز ـ شىكايە سۇنۇش ئۇچۇن بارغاندا ئۇلارمۇ تاسادىپىي يوسۇندا چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدىكى ئائىلىۋى ماجىرالارنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى.

## § 2 . پېرسىيەدىكى ھىلاكۇدىن بۇرۇنقى موڭغۇل ھۆكۇمرانلىقى: گېئورگىس ۋە ئارغۇن ئاغا

مۇشۇ چاغدا يۇقىرىلارنىڭ ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىزناسى خۇراسان بىلەن ئىراق — ئەجەم رايونلىرىدا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. موڭغۇل سەركەردىسى چىن تېمۇر 1231 ـ يىلى خارەزىم شاھلىقىنىڭ خۇراساندىكى قارشى كۈچلىرىنى تارمار قىلغاندا، شورماقانمۇ غەربىي شىمال تەرەپتە جالالىددىننى تۈگەشتۈردى. دەل مۇشۇ چىن تېمۇر 1233 ـ يىلى ئوگداي خان تەرىپىدىن خۇراسان بىلەن مازاندارانىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى باج ـ خىراج يىغىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. قاغان ۋە چىڭگىزخان جەمەتىدىكى باشقا ئۇچ خانلىقنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ بەختسىز رايوندىن ئۆز ئالدىغا باج ـ خىراج ئېلىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىي ۋاستىلەرنى قوللاندى. ئۇلاردىكى ياۋايىلىق بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن كەم بولمىدى. بۇ ئەھۋال تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. لېكىن، باش مۇپەتتىش چىن تېمۇر تۈنجى قەدىمىلا ئىرانلىق مۆلكى خادىم، تارىخشۇناس جۇۋەينىنىڭ دادىسىنى ئۆزىنىڭ مالىيە ۋەزىرى قىلىپ بەلگىلىدى.①

---

① جۇۋەينىنىڭ دادىسى باھاۋۇددىن مۇھەممەد توس دېگەن يەردە موڭغۇل سەركەردىسى كۆل پولات تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. موڭغۇللار ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى ھەمدە ئۇنى خۇراساننىڭ مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1253 ـ يىلى ئىسفاھاندا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر تۇردى.

چىن تېمۇر 1235 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. قىسقا مەزگىللىك ئۆزۈكچىلىكتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر گېئورگىس ئولتۇردى. گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى خرىستىئانچە بولسىمۇ لېكىن ئۆزى بۇددا مۇخلىسى ئىدى ( ئۇ 1235 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە ھوقۇق تۇتتى) . گېئورگىس بەشبالىغ (گۇچېڭ) غا يېقىن جايدىن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەلەمدارلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى. شۇڭا، چىڭگىزخان تېخى ھايات چېغىدىلا جۇجىنىڭ كۆزى چۈشكەچكە، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى ئۇنىڭغا خانلىق جەمەتتىكى بالىلارنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئوقۇتۇشنى ھاۋالە قىلغانىدى. نىستۇرى دىنىدىكى «ۋەزىر» چىنقاينىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، ئوگىداي خان ئۇنى خۇراساندا نوپۇس ئېنىقلاش ۋە باج ـ خىراجنىڭ مىقدارىنى بېكىتىش تۈزۈملىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئەۋەتتى. «ھەربىر نايون، ھەربىر ھەربىي ئەمەلدار ئۆزى قوماندانلىق بولۇپ تۇرغان ناھىيىلەرنىڭ مۇتلەق خوجايىنى ئىدى. ئۇلار يىغىۋالغان باجنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتتى. گېئورگىس بۇ خىل تۈزۈمنى بىكار قىلدى ۋە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى قويدى. ئۇ پېرسىيەلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغدىدى. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقىغا قارشى چىقتى. ئۇلار ئەمدى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدىغان بولدى.» بۇ بۇددا مۇخلىسى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ قالدى ۋە ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزىمۇ مۇسۇلمانغا ئايلاندى. ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قەيسەر ئۇيغۇر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان توس رايونىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىراندىكى پۇقرالارغا ۋە موڭغۇللارنىڭ خەزىنىسىگە پايدىلىق بىر خىل رەسمىي تۈزۈمنى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر خىل خەلق ئىشلىرى ئورگىنىنى تەسىس قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ بىرمۇنچە تەكلىپلىرى بويىچە، ئوگداي خان 1236 ـ يىلى خۇراساننى قايتا گۈللەندۈرۈشكە بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقاردى. ئالدى بىلەن ھىراتتىكى ئاھالىنىڭ سانى كۆپەيتىلدى. ئوگداي خان ئۆلگەندىن كېيىن، گېئورگىس توپەيلى خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغان موڭغۇل ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئۇنى دۆلەت نائىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خانىش تىراگىناغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئارقىدىنلا يەنە چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قارا ھەلاكۇغا تاپشۇرۇلدى، قارا ھىلاكۇ گېئورگىسنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن قىيناپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى (1242 ـ يىلى).

خانىش تىراگىنا خۇراسان بىلەن ئىراق — ئەجەمنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۇيرات قەبىلىسىدىكى ئارخۇن ئاغانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئارخۇن ئاغانىڭ بۇ ئىشقا قويۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى بىلىدىغانلىقىدىن بولدى. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوگداي خاننىڭ قارا دىۋان ئىشلىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلغانىدى.① ئارخۇن ئاغا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان مەزگىلدە (1243 ـ يىلىدىن 1255 ـ يىلىغا قەدەر) گېئورگىسقا ئوخشاشلا موڭغۇل ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ زالىملىقى ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئىران پۇقرالىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى. گۇيۇك خاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا قارىغۇلارچە يولغا قويغان زايوم تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇلاردىكى باجدىن كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بىلەن ئۆشرە ـ زاكات ئېلىش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ خىل باجنى مەزكۇر ھەربىي ئەمەلدارلار موڭغۇللارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن ئۆزى خالاپ ئېلىۋالالايتتى. ئارخۇن ئاغا ھېچبولمىغاندا موڭكە خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇ توپەيلى ئۇ 1251 ـ يىلى ئۇنى زىيارەت

---

① جۇۋەينى دادىسى بىلەن بىللە ئارخۇن ئاغانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئەمەل تۇتتى. ئۇ ئۇيغۇر ئالىملارنىڭ ئەرەب ـ پارس ئەدىبلىرىگە قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۇلارغا ناھايىتى قوپاللارچە قارشى چىقتى. ئۇ: «قورسىقىدا ئۆمىچى يوق، پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنىلا بىلىدىغان بىر نېمىلەرنىڭ بىزنىڭ ئورنىمىزنى تارتىۋالغىنىنى قارىمامدىغان» دېگەندى.

قىلدى. موڭكىخان ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە پىرسىيەدە ئۇنى بويسۇندۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا قالايمىقان يولغا قويغان باج يىغىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ماۋرائۇننەھىردىكى مەھمۇد يالۋاچ ۋە مەسئۇد يالۋاچلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يېڭى تۈزۈمنى دەسسىتىشكە ماقۇل بولدى، يەنى باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ بەلگىلەنگەن ئادەم سانى بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمىگە قوشۇلدى. ئادەم سانى بويىچە ئېلىنىدىغان بۇ باجنى ئارمىيەنىڭ ۋە پوچتىنىڭ چىقىمىغا ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئارغۇن ئاغا 1278 ـ يىلى توسقا يېقىن بىر جايدا ئالەمدىن ئۆتتى، بۇ چاغدا ئۇ ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى، يەنى بىر مەھەل خۇراساننىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان ناۋرۇز داڭلىق ئەمىرلەرنىڭ بىر ئىدى.

موڭكىخان 1251 ـ يىلى خارابىيلىقتىن گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ھىراتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى كۆل رايونىدىكى ئاقسۆڭەك شەمشىدىن مۇھەممەد كىرتنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى. كېلىپ چىقىشى ئافغان بولغان سۈننىي مەزھىپىدىكى بۇ مۇسۇلمان قاغاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل دالاسىغا كەلدى. ئۇ ئافغانىستاننىڭ شەرقىدە قۇرۇلغان خور خانىدانلىقىدىكى سۇلتانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1245 ـ يىلىدىن باشلاپلا كۆل رايونىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. كىرت مىللىتىدىكى بەگزادىلەر مەلىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى ئورنىدا كۆرەتتى. ئۇلار ئەقىللىق ۋە قولىدا ھۈنىرى بار ئادەملەر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ موڭغۇل خوجايىنلىرىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىشقا ئۇستا ئىدى. چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئىچكى جاڭجاللىرى ئىچىدە قايمۇقۇپ قالمايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولالايتتى، شۇڭا ئۇلار ھىراتتىن ئىبارەت كىچىك بىر بەگلىكتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جان تالىشىپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىرلىكتە خېلى ئۇزۇن ياشىدى (1251 ـ يىلىدىن 1389 ـ يىلىغىچە). شەمشىدىننىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى (1251 ـ يىلىدىن 1278 ـ يىلىغا قەدەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

بەگلىكنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى مۇستەھكەملىدى، خور خانىدانلىقىنىڭ بۇ يوسۇندا تىرىلىشى ناھايىتى قىزىق بىر ئىش بولدى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى ئاستىدا بارلىققا كەلدى.

موڭغۇللارمۇ كۆكسى ـ قارىنى كەڭ تۇتتى. ئۇلار ھېچبولمىغاندا دەسلەپكى كۈنلەردە كىرماندىكى قۇتلۇقشا جەمەتىنىڭ ئاتا بەگلەر خانلىقى بىلەن پارسلارنىڭ سالخۇر خانلىقىدىكى ئاتا بەگلەرنى ئۆزگە قارام بېقىندىلار قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلدى. قۇتلۇقشا خانلىقى بۇراق ھاجىپ (1223 ـ يىلىدىن 1235 ـ يىلىغىچە) تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. ئۇ ئىنتايىن قۇۋ، ھىيلىگەر ئادەم بولغاچقا خارەزىم شاھ جالالىدىننىڭ غەزەپ يالقۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئوغلى رۇقنىدىن خوجا (تەخمىنەن 1235 ـ يىلىدىن 1252 ـ يىلىغا قەدەر ھوقۇق تۇتقان) دەل ۋاقتىدا موڭغۇل دالاسىغا بېرىپ ئوگداي خاننى زىيارەت قىلدى (1235 ـ يىلى). كېيىنچە قۇتبىدىنمۇ (تەخمىنەن 1252 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە ھوقۇق تۇتقان) زىيارەتكە كەلدى ۋە جۇڭگودىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىچىدە ئىشلەپ، ئاخىرىدا موڭكىخان تەرىپىدىن كىرماننىڭ پادىشاھلىقىغا قويۇلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى، شىرازدىكى سالخۇر خانلىقىدىكى ئابابەكرى (1231 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىلىغىچە ھوقۇق تۇتقان) مۇ ئوگداي خانغا ۋە كېيىنكى قاغانلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

## § 3 . ھىلاكۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى: ئاسساسىنلارنىڭ يوقىتىلىشى، باغدادنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە خەلىپىلىكنىڭ ھالاك بولۇشى

موڭغۇللار پېرسىيە بويسۇندۇرۇلۇپ يىگىرمە يىلدىن كېيىن

شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ۋاقىتلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇ تۈزۈم ئىككى مەنبەچىلىك تۈزۈم ئىدى، يەنى ئاراران بىلەن مۇھاندا نوقۇل ھەربىي ھۆكۈمرانلىق، خوراسان بىلەن ئىراق — ئەجەمدە باج يىغىدىغان مەمۇرىي ئورگان بولۇپ، ئەمدىلىكتە بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ ئورنىغا بىرلىككە كەلگەن رەسمىي بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقىش لازىم ئىدى. شۇڭا، 1251 ـ يىلى چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا موڭكىخان ئىراندىكى بېقىندى ئەللەرنى ئىنىسى ھىلاكۇغا بېرىشنى بېكىتتى. ھىلاكۇ موڭكىخاندىن پېرسىيەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى دىنىي ھاكىمىيەتنى، يەنى مازاندارانىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى (مۇرائىلار) قۇرغان خانلىق بىلەن باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى يوقىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيەنى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا: «سەن چىڭگىزخاننىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە قانۇنىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن تارتىپ مىسىرنىڭ ئۇ چېتىگىچە تىكلە، كىمدە ـ كىم سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا ماقۇل بولسا ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىل؛ كىمدە ـ كىم ساڭا بويسۇنمىسا ئۇنى ھاقارەت گىردابىغا غەرق قىل» دەپ تاپىلاندى.

ھىلاكۇ موڭغۇل دالاسىدىن يولغا چىقىپ، ئەڭ قىسقا ئارىلىقنى تاللىدى. ئالمىلىق بىلەن سەمەرقەنت ئارقىلىق 1256 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. دەريانىڭ پېرسىيە تەرەپتىكى قىرغىقىدا يېڭى بېقىندى ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرى: ھىراتتىكى «مەلىك» شەمشىدىن كىرىت ۋە پارستىكى ئاتا بەگ، سالخۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابابەكرى، كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق پادىشاھلاردىن كەيكاۋۇس II بىلەن قىلىچ ئارسلان IV ئۇنى قارشى ئالدى. موڭكىخان بەلگىلەپ بەرگەن پىلان بويىچە، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپى ياكى ئاسساسىنلارنىڭ مازانداران، مىمۇندىز ۋە ئالاموتتىكى بازىلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلدى. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ باش ئېپىسكوپى رۇقنىددىن گورشا مەيمۇندىزدا ھىلاكۇنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى ۋە 1256 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تەسلىم بولدى. ھىلاكۇ ئۇنى موڭكىخاننىڭ قېشىغا يولغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارا يولدا ئۆلتۈرۈلدى. ئالامۇتنى مۇھاپىزەت قىلغانلار 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تەسلىم بولدى. 12 ـ ئەسىردە سالجۇق خانلىقىدىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكىنىگە قارىماي، سۇلتانلىق دۆلەت ۋە خەلىپىلىكنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قورقۇنچلۇق بۇ مەزھەپ ئاخىرىدا پاكپاكىز يوقىتىلدى. ئۇ پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغان ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. موڭغۇللار ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە مەدەنىي ھايات ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە ياراتتى.

ھىلاكۇ ئارقىدىنلا باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسىگە سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ داھىيسى ۋە ئىراق — ئەرەبىيەدىكى كىچىك خانلىقنىڭ خوجايىنىغا ھۇجۇم قىلدى.

شۇ چاغدا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان خەلىپە مۇستەسىم (1242 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قابىلىيەتسىز ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان ئىراندا داۋاملىشىپ كەلگەن خىلمۇخىل زومىگەرلىككە، يەنى بوي خانلىقىغا، سالجۇقلارغا، خارەزىملىكلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇللارغا تاقابىل تۇرغانغا ئوخشاش، ئەمدىكى موڭغۇللار ئېلىپ كەتكەن بالا ـ قازاغىمۇ قوۋۇلۇق ـ شۇملۇق قىلىپ تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ناۋادا شۇ چاغدىكى يۇرت خوجايىنلىرى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، خەلىپىلىك ئۆزىنىڭ

ئەتراپىدا 10 - ئەسىردە قۇرۇلغان بوي خانىدانلىقىدىكى «ئەمىرۋلئەمىر» لەر بىلەن 11 - ئەسىردە قۇرۇلغان سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ تۇرۇۋېرىشىگە يول قويغان، ئۆزىمۇ دىنىي ۋەزىپە ئىچىگە ۋاقىتلىق چېكىنىپ، قويرۇقىنى قوم بېسىۋاتقان بۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ زەئىپلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە دەرھال باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى بىر ياقلىق قىلغان ۋە ئۇلارغا ئۆزى خالىغان پەيتتە ئەجەللىك زەربە بەرگەن بولاتتى. خەلىپە مۇقەددەسلىككە ياتىدىغان مۇشۇ كۈچ - قۇدرەتكە تايىنىپ، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتتى، بىر كۈن ياكى يۈز يىل يۇرت ئىگىسى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىدىكى ئەبەدىلئەبەت يوقالماسلىقنى ھېس قىلاتتى ياكى ھېچبولمىغاندا شۇنىڭغا ئىشىنەتتى. لېكىن، پايانسىز زېمىندىكى ئىمپېرىيە، چىڭگىزخان جەمەتى تەگرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ تونىغاچقا، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق قارشىلىققا يول قويمايتتى. ھۇلاكۇ بىلەن خەلىپەنىڭ بىر - بىرىگە يوللىغان مەكتۇپلىرى، مەسىلەن، رەشىدىددىننىڭ توپلىغانلىرى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر ئىدى. قاغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە ئۆتكەن 36 خەلىپىنىڭ ۋارىسىدىن بۇرۇنقى چاغلاردا باغداد ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بوي خاندانلىقىدىكى «شاھەنشاھ» لارغا ۋە سالجۇق سۇلتانلىرىغا ئۆتۈنگەن ئەركىن ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «سىلەر موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ چىڭگىزخاندىن تارتىپ پۈتۈن دۇنياغا قانداق تەقدىر ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭلار. مەڭگۈلۈك تەگرىنىڭ ياردىمىدىن، خارەزىمنىڭ شاھلىرى، سالجۇق سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى، دىلىم دۆلىتىنىڭ بەگزادىلىرى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئاتا بەگلىرى قانچىلىك يامان كۈنلەرگە قالدى! ھالبۇكى، باغداد ئەزەلدىنلا ھەرقانداق بىرەر قەبىلىگە ئۆزىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان. بىز شۇنچە قۇدرەتلىك قوشۇنغا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇپ، بۇ شەھەرگە كىرەيلى دېگەندە سىلەر بىزنى چەكلىيەلەمسىلەر؟ ئېھتىيات قىلىڭلار! سىلەر چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ تۇغى بىلەن جەڭ قىلىسىلەر!» دېيىلدى.

خەلىپە چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ بۇ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئۆز ئاتا - بوۋىلىرى پېرسىيەدىكى ئەڭ ئاخىرقى سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئاббاسىيلار خەلىپىلىكىگە تەئەللۇق ئەركىن زېمىننى قولدىن چىقىرىۋېتىشنى خالىمىدى. ئۆزىنى مۇسۇلمانلاردىكى «ۋاتكان»، دۇنياۋى دىنىي داھىي چاغلاپ تۇرۇپ چىڭگىزخانىنىڭ دۇنياۋى ئىمپېرىيىسى بىلەن قارشىلاشتى. «ھاكىمىيەتكە قەدەم قويغان گۈدەكلەر ئون كۈنلۈك راھەت - پاراغەتتىن خۇدىنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىن ھالقىپ كەتتىم دەپ قارايدۇ. سىلەرمۇ بىلمەيسىلەر. ئاللاغا سەجدە قىلغۇچى ھەممەيلەن، مەشرىقتىن مەغرىبقىچە، شاھتىن گادايغىچە ئوخشاشلا مۇشۇ پادىشاھلىقنىڭ قۇللىرى، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇيرۇقىغا تايىنىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە يىغالايمەن.» تەھدىت كارغا يارىمىدى. سۇرىيە بىلەن مىسىردىكى ئايۇبىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ھەرقايسى سۇلتانلىقلار موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشتى، ئۇلار مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ھىلاكۇ ۋە ئۇنىڭ شامان دىنىغا، بۇددا دىنىغا، نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سەركەردىلىرى خەلىپىنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى پەش قىلغانلىقىدىن غەزەپلەندى.

موڭغۇل قوشۇنلىرى باغدادقا بولغان ھۇجۇمنى 1257 - يىلى 11 - ئايدا باشلىدى. بەيجۇنىڭ قوشۇنى موسىل يولى ئارقىلىق تىگرىس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ باغدادنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. ھىلاكۇنىڭ يارامىلىق سەركەردىسى نايمانلىق كىت بۇقا

(نېستورى مۆرىتى) سول قانات قوشۇننى باشلاپ لورىستان يولى ئارقىلىق ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختىگە قاراپ ئاتلاندى. ھۇلاكۇ ئۆزى باشلىغان قوشۇن ھامادانىدىن چىقىپ كىرمانشا بىلەن خولۋان ئارقىلىق تىگرىس دەرياسىغا يېتىپ باردى. موڭغۇل قوشۇنلىرى 1258 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بىر يەرگە جەم بولدى. ھۇلاكۇ قارارگاھىنى باغدادنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئورناتتى. خەلىپىنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولمىغان قوشۇنى قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولدى (1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)، 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى موڭغۇل سەركەردىلىرى بەيجۇ، بۇقا تېمۇر، سوغۇنچاق باغدادنىڭ تىگرىس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى شەھەر رايونىنى ئىشغال قىلدى. ھۇلاكۇ بىلەن كىت بۇقا دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. خەلىپە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شىئە مەزھىپىدىن بولغان تەقۋادار ۋەزىرىنى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا تەسلىم بولۇش كويىدا يۈرگەن بىر ئادەمنى نېستورى دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى ماچىكا بىلەن بىللە كېلىشىم قىلىشقا ئەۋەتتى، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. شىددەتلىك ھۇجۇمنىڭ ئاقىۋىتىدە موڭغۇللار مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى (2 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنلىرى). شەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلارغا تەسلىم بولۇشتىن باشقا يول قالمىدى. ئۇلار قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، موڭغۇللار ئۇلارنى قوغلاپ كەينىگە ياندۇردى ۋە ھەرقايسى قىسىملارغا بۆلۈپ بېرىپ قىرغىن قىلدى. خەلىپە 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەھەردىن چىقىپ ھۇلاكۇغا تەسلىم بولدى. ھۇلاكۇ ئۇنىڭغا شەھەر ئاھالىسىنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىشنى تاپىلىدى. «قورالسىزلاندۇرۇلغان ئاھالە توپ ـ توپ بولۇپ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇللار ئۇلارنى بىردەمدىلا قىرغىن قىلىپ تۈگەتتى.» بۇيرۇققا

بويسۇنمىغانلارنى موڭغۇللار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن يىغىپ تۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئارقىدىن شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى (2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى). بۇلاڭ - تالاڭ ئون يەتتە كۈن داۋاملاشتى. 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى. خەلىپە دۆلەت خەزىنىسىنى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇللار ئۇنى سالاھىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ قان ئاققۇزماسلىق ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى، يەنى ئۇنى تاغارغا سېلىپ، ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈردى (2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا). «شەھەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. جامەئە مەسچىت ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەقبەرىلىرى ۋەيران قىلىندى.»

## § 4 . ھىلاكۇنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان كۆڭلى

شەرقتىكى خرىستىئان مۇرىتلىرى موڭغۇللارنىڭ باغدادنى ئالغانلىقىنى خۇدانىڭ ھىممىتىدىن كەلگەن ئۆچ ئېلىش، دەپ قارىدى. دېمىسىمۇ، نىستۇرى دىنىنىڭ موڭغۇللار ئىچىدىكى مۇرىتلىرى، مەسىلەن، نايمانلىق كىت بۇقا (خاچىنىدىكى ئەرمىنىيە — گرۇزىيە بەگزادىسى ھاسان برۇچىنىڭ قوماندانلىقىدىكى گىرۇزىيەلىك ياللانما ئەسكەرلەر) باغدادنى تالان - تاراج قىلغاندا ئاھالە ئىچىدىكى خرىستىئانلارنى قەستەن ھالدا قويۇۋەتتى. ئەرمىنىيىلىك تارىخشۇناس كىراكوس دې كەنزاك بۇ ھەقتە: «باغداد ئېلىنغاندا ھىلاكۇنىڭ ئايالى، نىستۇرى دىنىدىكى توغىس خاتۇن نىستۇرى مۇرىتلىرىنى ياكى خرىستىئان دىنىنىڭ باشقا مەزھىپىدىكى مۇرىتلارنى قوغداپ قالدى. ھىلاكۇدىن ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ھىلاكۇ

ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلدى. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەگمىدى» دەپ يازدى. ۋارتان بۇ پاكىتنى دەلىللەپ، باغداد ئىشغال قىلىنغاندا شەھەردىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ نىستورى مەزھىپىدىكى باش ئېپىسكوپ ماچكانىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن مەلۇم بىر چېركاۋغا كىرىۋېلىپ پاناھلانغانلىقىنى، موڭغۇللارنىڭ بۇ بىناغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمىغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردىكى مۇرىتلار بىلەنمۇ كارى بولمىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ھىلاكۇ ھەتتا خەلىپىنىڭ سارايلىرىدىن بىرىنى، يەنى مۇئاۋىن ۋەزىرىنىڭ يامۇلىنى باش ئېپىسكوپ ماچكانىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى.

ئەرمىنىيىلىك تارىخشۇناس كراكوس دې كەنزاك شەرقتىكى بۇ خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ باغداد ئېلىنغان چاغدا غالىبلارچە خۇشال بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ: «515 ـ يىلى ئىلگىرى قۇرۇلغان بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيىلىك ئورنىنى ئىزچىل ھالدا ساقلاپ كەلگەن، خۇددى قارنى تويمايدىغان پارازىت قۇرتتەك پۈتۈن دۇنيانى يالماپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇرۇن تارتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇردى. ئۇ جازاغا تارتىلىپ يېگەنلىرى بۇرنىدىن بۇلاق بولدى. ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى جىنايى قىلمىش بىلەن لىق تولغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ زالىملىقى ساق 647 يىل داۋاملاشقانىدى» دەپ خاتىرىلىدى.

نىستورى مۇرىتلىرى، ياگو مەزھىپى ۋە ئەرمەن مەزھىپىدىكى مۇرىتلارنىڭ نەزىرىدىكى موڭغۇللار ئېزىلگۈچى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگۈچىلەر ئىدى، ئۇلار ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش، ئىسلام دىنىنى ئاغدۇرۇش، ئۇنى تۈپتىن تەۋرىتىش مەقسىتىدە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن يېتىپ كەلگەن پەرىشتىلەرگە ئوخشايتتى. كىمدۇر بىرلىرى 7 ـ ئەسىردە تىگرىس دەريا ۋادىسىدىكى سىلۇسىيا ياكى بېيىت ئاتادىن يولغا چىققان ئادەتتىكى مىسسىئونېرلار ئۇيغۇر ئېلى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى جەزىرىگە تىكىپ قويغان «ئىنجىل» نىڭ ئۇرۇقلىرى ھامان بىر

كۈنى ھوسۇل بېرىدۇ دېمىگەنمىدى؟

ھىلاكۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىغا مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئاساسىي جەھەتتىن بۇ خانىنىڭ ئايالى توغىس خاتۇنىنىڭ تەسىرى بىلەن بولدى. كېرەي قەبىلىسىدىن چىققان بۇ مەلىكە بۇ قەبىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بەگزادە «ۋاڭخان» توغراۋۇلنىڭ قېرىنداش جىيەن قىزى ئىدى. موڭكىخان ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن قايىل بولۇپ، ھىلاكۇغا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا كۆپرەك ئۇنىڭ تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىشنى تاپىلىغانىدى. رەشىدىددىن مۇنداق يازىدۇ: «كېرەي قەبىلىسىدىكىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، توغىس خاتۇن خرىستىئان مۇرىتلىرىنى چىن دىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىغا ئالدى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىدە خرىستىئان مۇرىتلىرى كۈنسايىن گۈللىنىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولدى. ھىلاكۇ مۇشۇ مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى دەپ خرىستىئان مۇرىتلىرىغا تولىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەتتا مەملىكەت ئىچىدە ھەر كۈنى بىرنەچچە چېركاۋ سېلىنىدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. توغىس خاتۇنىنىڭ چېدىرى ئالدىغا كىچىك بىر چېركاۋ تىكلەندى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى». ئەرمېنىيەلىك مىسسىئونېر ۋارتان بۇلارنى ئىسپاتلاپ: «پېرسىيەدىكى موڭغۇللار ھارۋا ئۈستىگىمۇ چېركاۋ شەكىللىك چېدىرلارنى ياسىدى. ياغاچ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى مۇرىتلارنى ئىبادەتكە چاقىرىپ تۇراتتى. ھەر كۈنلۈك ئىبادەتنى پوپلار بىلەن كاھىنلار رىياسەتچىلىك قىلىپ باشقۇراتتى. ھەرقايسى خرىستىئان ئەللىرىدىن كەلگەن دىنىي خادىملار بۇ يەردە بەھۇزۇر تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار بۇ يەرگە تىنچلىقنى دەپ كېلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولالايتتى، قايتىدىغان چاغدا قۇرۇق قول قايتمايتتى» دەپ يازدى. توغىس خاتۇنىنىڭ جىيەن قىزى توغىتىت خاتۇنمۇ ھىلاكۇنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇمۇ نېستورى

مەزھىپىدىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلدى.

توغىس خاتۇن خرىستىئان دىنىغا يالغۇز ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ھېسسىياتقا تايىنىپلا مۇئامىلە قىلمىدى. راھىب ۋارتاننىڭ بىزگە دەپ بەرگىنىگە ئاساسلانغاندا، «توغىس خاتۇن خرىستىئان دىنىنىڭ گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى توغىس خاتۇنغا مەنسۇپ دېيىشكە بولاتتى». ھىلاكۇ ئۆزىنىڭ بۇددا مۇخلىسى بولغىنىغا قارىماي توغىس خاتۇننىڭ ھېسسىياتىنى قوللىدى. ۋارتان بايان قىلغان تۆۋەندىكى قۇرلار بۇنىڭ دەلىلى ئىدى. ئەرمىيىلىك بۇ راھىب مۇنداق يازدى: «1264 ـ يىلى ئىل خان ھىلاكۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. مەن ۋادابىد (ۋاتىكاننىڭ ئەمەلدارى)، سارگىس بىلەن كىرىكور ۋە تىبلىستىن كەلگەن پوپ ئاۋاك بىرلىكتە باردۇق. بىزنىڭ بۇ قۇدرەتلىك پادىشاھنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا كەلگەن ۋاقتىمىز دەل تاتارلارنىڭ يىل بېشى، يەنى 7 ـ ئايلار بولۇپ، قۇرۇلتاي چاقىرىلغان كۈنلەرگە توغرا كەلدى. بىز باشلاپ ماڭغانلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ھىلاكۇنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە ئۇ بىزنىڭ تاتارلارنىڭ ئادىتى بويىچە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشىمىزغا يول قويمىدى. ئۇ خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ پەقەت خۇدا ئالدىدىلا تىزلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار بىزگە بەخت ـ سائادەت تىلەش ھارىقى تۇتتى. ئاندىن ئۇنى يەنە بىزنىڭ قولىمىزدىن قوبۇل قىلىپ ئالدى. ھىلاكۇ ماڭا مەن سېنى مېنى تونۇپ قويسۇن ۋە ماڭا سەممىيلىك بىلەن دۇئا قىلسۇن دەپ چاقىردىم دېدى. ئۇ بىزنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، بىز بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگار ھەققىدىكى ناخشىنى ئېيتتى. گرۇزىيەلىكلەر دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. سۈرىيەلىكلەر ۋە گرېتسىيەلىكلەرمۇ شۇنداق قىلدى. ئىل خان

www.uyghurkitap.com

ھىلاكۇ ماڭا: «بۇ راھىبلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى زىيارەت قىلىش ھەمدە ماڭا بەخت تىلەشتىن ئىبارەت. بۇ خۇدانىڭ مېنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى» دېدى. مەلۇم بىر كۈنى ھىلاكۇ ۋارتاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئانىسى، نىستورى مۇرىتى سۆيۈگ خاتۇننى ئەسلەپ قالغان. ئۇ ‹مۇلازىملارنى ئوردىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئىككىمىز لا يالغۇز قالدۇق. ماڭا ھاياتىدىكى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.› ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئانىسىنى تىلغا ئالدى. ھىلاكۇ ئەزەلدىن تارتىپلا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان. ئۇنىڭ بۇددىست ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى مايىترى بۇدداغىلا چوقۇنىدىغانلاردىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىراندىكى خانلىقىدا بۇددىستلار يوق ئىدى. ئەكسىچە خرىستىئان دىنىنىڭ نۇرغۇن مۇرىتلىرى، ئالايلۇق نىستورى مەزھىپىدىكىلەر، ياگۇ مەزھىپىدىكىلەر، ئەرمەنىيە مەزھىپىدىكىلەر، گرۇزىيە مەزھىپىدىكىلەر بار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۆزى بىلەن بىر دىندىكىلەر بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ئانىسى ۋە ئايالى بىلەن ئوخشاش دىندىكىلەرگە پەۋقۇلئاددە مۇئامىلە قىلدى. ئۇ راھىب ۋارتان بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ بىر تۇغقان نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرى رۇسىيەنىڭ جەنۇبى بىلەن تۈركىستاندا (قىپچاق خانلىقى بىلەن چاغاتاي خانلىقىدا) چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ بەگزادىلىرى ئىچىگە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچقان چاغدىن باشلانغانىدى. شۇڭا، ئۇ ۋارتانغا: ‹بىز خرىستىئان دىنىنى ياخشى كۆرىمىز، لېكىن مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مۇسۇلمانلار بىلەنلا

بولۇپ كەتتى〉» دېدى.

## 5 § . ھۇلاكۇنىڭ سۈرىيەگە قىلغان يۈرۈشى

باغدادنى ئىشغال قىلغاندىن ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھۇلاكۇ ھامادان يولىدىن شىمالغا قاراپ ئەزەربەيجانغا ماڭدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى پېرسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان شورماقان بىلەن بەيجۇنى دوراپ، خانىدانلىقنىڭ چوڭ قارارگاھىنى بۇ ئۆلكىنىڭ شىمالىغا ئورناتتى. ئەزەربەيجاننىڭ شەھەرلىرىدىن تەبرىز بىلەن ماراگا پايتەخت قىلىشقا لايىق بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلىققا كۆنۈپ قالغان بۇ خانلىق كۆپ ھاللاردا شەھەر ئەتراپىدا تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ھۇلاكۇ ئۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۇرمىيا كۆلى رايونىدا بىرنەچچە جايغا ساراي سالغۇزدى. «ماراگادىكى شىمالىي تاغدا بىر رەسەتخانا، ئالاتاغدا بىر ئوردا، خوي شەھىرىدە بۇتقا چوقۇنىدىغان بىرقانچە ئىبادەتخانا قەد كۆتۈردى». باغدادتا قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەرنى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا سېلىنغان داچىدىكى خەزىنىگە جايلاشتۇردى. موھان ۋە ئاراراندىن ئىبارەت ئىككى تۇزلەڭلىك بىر چاغلاردا شورماقان بىلەن بەيجۇ قىشلىق تۇرالغۇ جاي قىلغاندەك، ھۇلاكۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ جەڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان يايلاققا ئايلاندى. ياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ھۇلاكۇ خانلىقىدىكى بەگزادىلەر شىمالدىكى ئارارات تاغلىرىنىڭ تارمىقى بولغان ئالاتاغنىڭ ئېتىكىدە تۇرىدىغان بولدى.

باغدادنىڭ ئېلىنىشى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇردى. مۇسۇلدىكى يېشى 80 دىن ئاشقان قېرى ئاتا بەگ بەدىردىن لولو (1233 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) باغدادتىكى ۋەزىرلەرنىڭ كاللىسىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەرنىڭ سېپىلىغا ئېسىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق قىلىشنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھىلاكۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ماراگادىكى قارارگاھىغا باردى. ئارقىدىنلا خارىستىكى ئاتا بەگ ئابابەكرى باغدادنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئوغلى سەئىدنى خانلىقنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇقلارنىڭ سۇلتانى، ئۆزئارا خانلىق تەختىنى تالىشىپ يۈرگەن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا، يەنى كايكاۋۇس II بىلەن قىلىچ ئارسلان IV مۇ تەڭلا ۋاقىتتا ھىلاكۇنىڭ تەبرىز ئەتراپىدىكى قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كەيكاۋۇس II ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرى 1256 ـ يىلى موڭغۇل سەركەردىسى بەيجۇغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ ئاق سارايدا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھىلاكۇدىن ئەپۇ سوراش مەقسىتىدە ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر خۇشامەتنى ئويلاپ چىقتى: ئۇ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى ئاياغىنىڭ چەمگە سىزدۇرۇپ، ئۇنى ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان ھىلاكۇغا تەقدىم قىلدى ۋە «كەمىنە قۇللىرى ئۆز شاھىدىن ئۇنىڭ بېشىمغا بىر قاراپ قويسا دەپ ئىلتىماس قىلىشقا پېتىندىم ۋە بۇ بېشىمنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس پۇتلىرى ئاستىغا قويدۇم» دېدى. بۇ قىلمىشىنىڭ ئۆزىلا ئىسلام دىنىنىڭ زەئىپلىشىپ قانچىلىك پەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

موڭكىخانىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان پىلانلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھىلاكۇ سۇرىيە بىلەن مىسىرنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. سۇرىيەنى فرانسۇزلار ۋە مۇسۇلمان ئەييۇبىيلار سۇلالىسى پارچىلاپ بولغانىدى. دېڭىز ياقىسىدىكى ئىككى رايون، يەنى شىمالدىكى بوھىمۇند VI گە قاراشلىق قوغشار بەگلىكى بىلەن تىرىپولدىكى گرافلارنىڭ سۆيۈرغاللىق يەرلىرى فرانسۇزلارغا تەئەللۇق ئىدى. ئۇلار جەنۇب تەرەپتە ئىروسالىم پادىشاھلىقىغىمۇ ئىگىدارچىلىق

قىلاتتى. لېكىن، ئىروسالىم شەھىرى ناھايىتى بالدۇرلا قولدىن كەتكەن بولغاچقا، بۇ پادىشاھلىق ئەمەلىيەتتە پادىشاھلىقتا تازا ئوخشىماي، ئەكسىچە گرافلارنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنىڭ بىرلەشمىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى كەلسە تىردىكى ۋىكوندىنىڭ سۇيۇرغال يېرى، ئاكرىدىكى ئاپتونومىيىلىك شەھەر ۋە يافادىكى گرافنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرى قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغشارنىڭ، يەنى تىرىپولىنىڭ پادىشاھى بوھىمۇند VI شىمالدىكى قوشنىسى بولغان كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھى خېيتوملىر I نىڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى ۋە كۈيئوغلى خېيىم I ناھايىتى تېزلا موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سۇرىيەنىڭ قارشىسىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى، جۈملىدىن ھەلەپ بىلەن دەمەشىق قەدىمىي ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىغا تەۋە ئىدى. بۇ خانلىقنى پادىشاھ سالاھىدىن قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئۇ يەردىكى كوردلار بۇ چاغدا پۈتۈنلەي ئەرەبلىشىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئىقتىدارسىز ۋە ئۆتۈپ كەتكەن توخۇ يۈرەك ناسىر يۈسۈپ (1236 ـ يىلىدىن 1260 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سۇلتان ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇمۇ 1258 ـ يىلى ھىلاكۇغا باج ـ خىراج تۆلەيدىغان بولۇپ ئوغلى ئەل ئەزىزنى يولغا سالدى.

مۇشۇ يوسۇندىكى ئەل بولۇپ ئولپان تۆلەيدىغان رېئاللىقنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە قارىماي، ھىلاكۇ ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىغا قارايدىغان مىسسۇپوتامىيەنىڭ غەربىي بىلەن مۇسۇلمانلار سۇرىيەسىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. دەسلەپكى جەڭ رايون خاراكتېرلىك يۈرۈش بىلەن باشلاندى. نىشان دىيار بەكىردىكى ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىغا قارام بولغان كامىل مۇھەممەدنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى مىياخاركىن ئەمىرلىكىگە قارىتىلدى. موڭغۇللارنىڭ كامىل مۇھەممەدگە ھۇجۇم قىلىشىغا بۇ خۇراپىي مۇسۇلماننىڭ موڭغۇللارنىڭ يول خېتىنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەن ياگۇ مەزھىپىدىكى بىر نەپەر خرىستىئان باستېرنى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلىكى باھانە بولدى. ھىلاكۇ مىياخاركىننى قورشاشقا ئەۋەتكەن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىچىدە گرۇزىيەلىك قوماندان ھاسان برۇچ يېتەكچىلىكىدىكى گرۇزىيە ۋە ئەرمىنىيەدىن كەلگەن لەشكەرلەر بار ئىدى. ئەرمىنىيەلىك بەگزادە سەيۋاددي خاچىن قورشاۋ جەريانىدا ئۆلدى ياكى ئەرمىنىيەلىك تارىخشۇناس ۋارتاننىڭ يازغىنىدەك: «ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەسلىكنىڭ تاجىنى كىيدى. خۇداغا ۋە ‹ئېل خانلار› غا مەڭگۈلۈك سادىق بولدى. ئەيسا ئۈچۈن جان بەرگەنلەر بىلەن غەلىبە قوينىدا ئۇچراشتى.» چىڭگىزخاننىڭ تۇغ بىلەن كرېستنىڭ بۇ تەرىقە ھەمكارلىشىشى دىققەتكە ئەرزىيتتى: شەرقتىكى خرىستىئان مۇرىتلىرى موڭغۇللارغا ئەگىشىپ سۇرىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىبنىڭ ئۆزى دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورشاۋدىن كېيىن مىياخاركىن ئېلىندى، كامىل مۇھەممەد ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. موڭغۇللار ئۇنىڭ گۆشىنى بىر پارچە - بىر پارچىدىن كېسىپ تا جېنى چىققانغا قەدەر ئېغىزىغا تىقىپ قىينىدى. ئاندىن كاللىسىنى ئۇزۇن بىر نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ مۇسۇلمانلار سۇرىيەسىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىگە، ھەلەپتىن دەمەشىققىچە ئېلىپ بېرىپ سازايى قىلدى، ئالدىدا قوشاقچىلار بىلەن دۇمباقچىلار يول باشلاپ ماڭدى. مىياخاركىن ئەمىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرىدىكى مۇسۇلمان ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قىرىپ تاشلاندى. خرىستىئان مۇرىتلىرى ھېچنېمە بولمىدى. بۇ شەھەر ياگۇ مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كونا دىنىي رايونى، شۇنداقلا ئەرمەن مەزھىپىدىكى روھانىلارنىڭ مەركىزى بولغاچقا، بۇ يەردىكى خرىستىئانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. كراكوس دې كەنزاكىنىڭ يازغىنىدەك: «خرىستىئان چېركاۋلىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. سانت مارۋتا

توپلىغان سان ـ ساناقسىز ئەۋلىيالارنىڭ جەسەدىمۇ قوغداپ قېلىندى.»

مىياخاركىن قورشاۋدىكى چاغدىلا، ھىلاكۇ مۇسۇلمان سۇرىيەسىنى بويسۇندۇردى.

ئەرمىنىيەلىك تارىخشۇناس خايتوننىڭ يازغىنىغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇللارنىڭ جەڭ پىلانى ھىلاكۇ بىلەن ئۇنىڭغا ئەل بولغان سادىق خىزمەتكار، كىچىك ئەرمىنىيەنىڭ پادىشاھى خېيتۇم I ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا بەلگىلەندى. «خانۋاڭ تاكى ئىروسالىمغىچە بېرىپ، بۇ مۇقەددەس زېمىننى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن، خېيتۇم I دىن ئەرمىنىيەدىكى پۇتكۇل قوشۇننى باشلاپ ئىدىسەي (ئورفا) ئېگىزلىكىگە كېلىشنى تەلەپ قىلدى.» پادىشاھ خېيتۇم بۇ خەۋەردىن خۇشال بولدى، چۇنكى ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ھىلاكۇغا قوشۇلالايتتى. ۋارتاننىڭ بىزگە دېگەنلىرىدىن قارىغاندا، ئەرمىنىيە مەزھىپىدىكى باش ئېپىسكوپ خانۋاڭغا خۇدادىن نۇسرەت تىلىدى. شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى قىلىۋاتقان بۇ جەڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئەرمەنلەر بىلەن موڭغۇللاردىكى ئەھلىسەلىب قوشۇنلىرىنىڭ قىياپىتىنى بارلىققا كەلتۇردى. مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنى فرانسۇز — موڭغۇل ئەھلىسەلىب قوشۇنلىرىنىڭ يۇرۇشى دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرمىنىيە پادىشاھى خېيتۇم موڭغۇللار بىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق يالغۇز ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى بوھىمۇند VI ، يەنى ئانتاكىيەدىكى بەگزادە ۋە تىرىپولدىكى گراف ئۇچۇنمۇ باش قاتۇردى. تىردىكى قىران ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رىتسارلىرى «كىپورنۋالىقلارنىڭ زەپەرنامىسى» دېگەن ئەسەردە: «ئەرمىنىيە پادىشاھى خېيتۇم كۈيئوغلى بوھىمۇند VI نىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ، ھىلاكۇغا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن

ھىلاكۇ بوھېمۇند VI گە ياخشى مۇئامىلە قىلدى» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

موڭغۇللارنىڭ زور قوشۇنى 1259 - يىلى 9 - ئايلاردا ئەزەربەيجاندىن سۇرىيەگە قاراپ ئاتلاندى. ئايمان قەبىلىسىدىن چىققان نىستۇرى مۇرتى كىت بۇقا نايون، خۇددى بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك باغدادنى ئالىدىغان چاغدا ناھايىتى قالتىس رول ئوينىغان، ئۇ ھازىر ئاۋانگارت قوشۇن بىلەن بىللە يولغا چىقتى. ئوڭ قانات قوشۇنغا پېشقەدەم سەركەردە بەيجۇ بىلەن سۇنقۇر، سول قانات قوشۇنغا سوغۇنچاق، ئوتتۇرىدىكى قوشۇنغا ھىلاكۇ قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئايالى توغىس خاتۇن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. خانۋاڭ كوردىستاندىن جەنۇبتىكى جەزىرىگە چۇشۇپ نىسبىننى ئالدى ۋە خارران بىلەن ئىدىسەينى تەسلىم قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن سارۇجتىكى ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى. بىلانى ئىشغال قىلىپ يېۋپرات دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مىنبىجنى تالان - تاراج قىلىپ ھەلەپنى قورشاۋغا ئالدى. ناسىر سۇلتان بۇ شەھەردە قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئەكسىچە دەمەشىقتە تۇرۇۋالدى. ياكۇ مەزھىپىدىكى ھەلەپتە تۇرۇشلۇق ئېپىسكوپ بارخېبراۋۇس موڭغۇللارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھىلاكۇنى زىيارەت قىلدى.

1260 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھىلاكۇ باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىۋاتقان پادىشاھ خېيتۇمنىڭ ئەرمەنلىرى ۋە بوھېمۇند VI نىڭ فرانسۇزلىرى ھەلەپنى قورشاۋغا ئالدى. شەھەرنى ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىنىڭ پېشقەدەم پادىشاھى دۇرانشا مۇھاپىزەت قىلدى. لېكىن، «موڭغۇللار مانجاناقتىن يىگىرمىنى ئورنىتىپ، 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى بىر قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمدىلا شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى ۋە پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئىچكى قەلئەدىكىلەر 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بەرداشلىق

بېرەلىدى.» چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، رەتلىك ۋە ئايىماي ئېلىپ بېرىلىدىغان قىرغىن قىلىش ساق ئالتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. شۇ ئاينىڭ 30 - كۈنىگە كەلگەندىلا ھىلاكۇ توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئەرمەن پادىشاھى چوڭ مەسچىتكە ئوت قويۇپ، كۆلىنى كۆككە سورىدى. ياگۇ مەزھىپىدىكىلەرنىڭ چېركاۋى ئامان قالدى. ھىلاكۇ بىر بۆلۈك غەنىيمەتنى خېيتۇمغا تەقسىملەپ بەردى ھەمدە ئىلگىرى ھەلەپتىكى مۇسۇلمانلار ئەرمىنىيە پادىشاھىدىن تارتىۋالغان بىرقانچە ناھىيە ۋە ئۇ يەردىكى ئوردا - سارايىنى ئىگىسىگە قايتۇردى. ئۇ ھەتتا سالاھىدىن دەۋردىكى مۇسۇلمانلار تارتىۋالغان قوغشار بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنىمۇ بوھېموند VI گە ئېلىپ بەردى.

پۈتكۈل سۈرىيەنى ۋەھىمە قاپلىدى. مۇسۇلمان بەگزادىلىرى موڭغۇللارنىڭ قارشىسىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. ھىلاكۇ ھەلەپ سېپىلى تۇۋىدە قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان خومۇسنىڭ پادىشاھى، ئەييۇبىيلار خاندانلىقىغا قاراشلىق ئەل ئەشرەپ مۇسانى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى. ھەلەپنىڭ قولدىن كېتىشى خاما قەلئەسىنى جەڭ قىلمايلا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. مۇداپىئەدىكىلەر تاشلاپ قاچقان دەمەشقمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن تەسلىم بولدى. كىت بۇقا ۋە بىر قىسىم موڭغۇل ئىشغالىيەتچىلىرى 1260 - يىلى 3 - ئاينى 1 - كۈنى شەھەرگە كىردى. ئەرمەنلەر ۋە بوھېموند VI مۇ يېقىندىن ئەگەشتى. دەمەشقنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى بىر نەپەر موڭغۇل ئەمەلدارغا تاپشۇرۇلدى. پېرسىيەلىك ئۈچ نەپەر مىرزا ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان بولدى. ئىچكى قەلئە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئاخىر 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تەسلىم بولدى. كىت بۇقا مۇداپىئەگە مەسئۇل بولغان باش مۇپەتتىشنى ھىلاكۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۆز قولى بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى.

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە، مۇسۇلمان سۇرىيەسىنى بويسۇندۇرۇش تامامەن تۈگىدى. موڭغۇللار سامارىيەگە كىرىپ، ناپلىستىكى قارشىلىق قىلغان مۇداپىئەچىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇلار گازاغا بارغۇچە ھېچقانداق توسالغۇ بولمىدى. سۇلتان ناسىر يۇسۇپ بىلقا دېگەن يەردە ئەسىرگە چۈشتى. كىت بۇقا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاجلۇندا مۇداپىئەدە تۇرغانلارنى تەسلىم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ھىلاكۇغا يوللاپ بەردى. ئەييۇبىيلار خاندانلىقىنىڭ بانىياسقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بەگزادىسىمۇ غەلىبە قىلغۇچىلار ئالدىدا تىزلاندى.

موڭغۇللار دەمەشىققە كىرگەندە، يەرلىك خرىستىئان مۇرىتلىرى مەيلى سۇرىيەدىكى ياكۇ مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن ياكى گرېك مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسى موڭغۇللار بىزنىڭ 600 يىللىق ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ بەردى دېيىشتى. ئۇلار بايراقدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ناخشىلارنى توۋلاپ، كرېستلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشكە زورلىدى. ئۇلار ھەتتا ئۇممەۋىيلەر خانلىقى ۋاقتىدا سېلىنغان مەسچىتتە ئىبادەت قوڭغۇراقلىرىنى چالدى، مەي - شاراب ئىچىشكە پېتىندى. تىردىكى قىران ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رىتسارلىرى بۇ ھەقتە ئەرمىنىيە پادىشاھى خېتۇم ۋە كۇيئوغلى بوھېموند VI نىڭ موڭغۇللارغا ياردەم بېرىپ دەمەشىقنى بويسۇندۇرغانلىقى ئۈچۈن كىت بۇقانىڭ قولىدىن بىر مەسچىتنى ئۆزگەرتىپ ياساش ھوقۇقىنى ئالغانلىقىنى، ياكى بولمىسا مۇسۇلمانلار مەسچىت قىلىۋالغان قەدىمىي ۋىزانتىيە چېركاۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋى قىلىپ قۇرغانلىقىنى يېزىپ قالدۇردى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار كىت بۇقاغا ئەرز قىلدى. كىت بۇقا ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خرىستىئان دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ چېركاۋىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە مەزھەپ ئاقساقاللىرىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلتىماسىنى بىر تەرەپ قىلمىدى.

بۇ خىلدىكى بويسۇندۇرۇش رەسمىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاز قالغاندا، پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئۆزگىرىش ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئۈزۈپ قويدى. موڭكىخان جۇڭگودا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىشىدا قۇبلايخان بىلەن ئارىغ بۇقا ئاكا - ئۇكا ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ھىلاكۇ ئۇلارنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى ئىدى، يولنىڭ يىراقلىقى ۋە سايلامغا ئائىت ئەھۋاللار يېتەرلىك دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى تۈپەيلى، ئۇ نامزات تەييارلىقىنى قىلمىدى، لېكىن ئۇ قۇبلايخاننى ھىمايە قىلىش تەرەپدارى بولدى. ئۇنىڭ قوللىشى ياكى ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى سايلامنى يا ئۇيان يا بۇيان قىلالايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كاۋكاز چېگرىسىدا ئۇنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىدىن قىپچاق خان بىركىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ھىلاكۇغا ئېنىق ئىدى. بۇ خانلىق ھىلاكۇ خرىستىئان دىنىغا قانداق ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئىسلام دىنىغا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ھىلاكۇنى باغدادتىكى ئاھالىنى قىرغىن قىلغان تۈپەيلى ئەيىبلىگەنىدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن، ھىلاكۇ كىت بۇقانى ناھايىتى ئاز قوشۇن بىلەن يەنى كراكوسىنىڭ گېپى بويىچە 20 مىڭ، خايتونىنىڭ دېگىنى بويىچە 10 مىڭ ئادەم بىلەن سۇرىيە ۋە پەلەستىنىدە قېلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى پېرسىيەگە قايتتى.

بۇيرۇققا بىنائەن سۇرىيە بىلەن پەلەستىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىت بۇقا خرىستىئان دىنىنى ناھايىتى ياخشى نىيەتتە ئەتىۋارلىدى. بۇ يالغۇز ئۇنىڭ نىستورى مۇرىتى بولغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ فرانسۇز - موڭغۇل ئىتتىپاقىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئىتىنى ئوبدان بىلەتتى. يامان يېرى، ئانتاكىيىدىكى تىرىپولىنىڭ بەگزادىسى بوھېمۇند VI ئۇنىڭ مۇشۇ قارىشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاكىرىدىكى بارونلار موڭغۇللارنى ئىزچىل رەۋىشتە مۇسۇلمانلارغا يەتمەيدىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ياۋايىلار قاتارىدا كۆردى. بۇ بارونلارنىڭ بىرى بولغان جولان دې سىدون موڭغۇللارنىڭ چارلىغۇچىلىرىغا قىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە كىت بۇقانىڭ جىيەنىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. غەزەپلەنگەن موڭغۇللار سىدون قەلئەسىنى تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ ۋەقە فرانسۇزلار بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدىكى ئاشكارا ياكى بولمىسا سۆكۈتتىكى ئىتتىپاقنى ئاخىرلاشتۇردى.

مۇسۇلمانلار بۇ خىل ئارازلىق پەيدا بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر نۆۋەت ئورنىدىن تۇردى. ناۋادا ھەلەپ بىلەن دەمەشقتىكى ئەييۇبىيلەر خانىدانلىقى بويسۇندۇرۇلدى دېگەندىمۇ، يەنە بىر قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلار دۆلىتى، مىسىر سۇلتانلىقىنىڭ خوجايىنى مىملۇكلەر دۆلىتى تېخى مەۋجۇت ئىدى. مىملۇكلەرنىڭ ئەسلىدە تۈرك يالالنما ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، ئۇلار بىر چاغلاردا مىسىردىكى ئەييۇبىيلەر خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنى بولۇپ تەشكىللەنگەن ۋە 1250 ـ يىلى بۇ خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، بۇ دۆلەتنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى بولۇۋالغانىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى خانىدانلىقنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانىدى. مىملۇكلەرنىڭ سۇلتانى قوتۇز (1259 ـ يىلىدىن 1260 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بۇ كۈنلەردە قاھىرەدە بولۇپ، ئۇ شارائىتنىڭ پايدىلىق تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ھىلاكۇ موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىللە پېرسىيەگە قايتقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىت بۇقانىڭ قولىدىكى قوشۇننىڭ سانى كۆپ بولغاندىمۇ ئاران 20 مىڭ ئىدى. ئۇ پەقەت دېڭىز ياقىسىدىكى فرانسۇزلار بىلەن ئىتتىپاق بولالىسىلا ئۆزى بويسۇندۇرغان زېمىننى ساقلاپ قالالايتتى. ئەمەلىيەتتە، فرانسۇزلار ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغاچقا، مىملۇكلەر نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلىۋېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنى 1260 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بايبارس ئەمىرنىڭ قوماندانلىقىدا مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقتى. بايدارنىڭ قوماندانلىقىدا

گازانى ئىشغال قىلىۋالغان ئاز ساندىكى موڭغۇل قوشۇنى ئادىمى كۆپ دۈشمەن قوشۇنىغا تاقابىل تۇرالماي تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. ئاكىردىكى فرانسۇزلار كىت بۇقا بىلەن يارىشىپ قېلىشنى خالىمىدى، ئەكسىچە مىملۇكلەر قوشۇنىنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە ۋە ئاكىر قەلئەسى تۈۋىدە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشىغا يول قويدى.

فرانسۇزلارنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلىرىدا ھاردۇق ئېلىش ۋە فرانسۇزلار تەييارلاپ قويغان تەمىناتقا تايىنىپ تۇرۇپ قوشۇننى قوراللاندۇرۇش مىملۇكلەردىكى ئەڭ مۇھىم ئەۋزەللىك بولدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش ئىدى. كىت بۇقا چىڭگىزخان جەمەتىدىكى مەڭگۈ يېڭىلمەسلىككە ئىشەنگەن بولغاچقا، دۈشمەن تەرەپكە قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىدى. مىملۇكلەر فرانسۇزلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئاكىر قەلئەسى تۈۋىدە قوشۇننى تەرتىپكە سالدى، ئاندىن فرانسۇزلار تۇرۇشلۇق گالىل كۆلى رايونىدىن ئۆتۈپ ئىئوردانىيەگە ئات سالدى. كىت بۇقا ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ۋە گرۇزىنلار بىلەن ئەرمەنلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى يېتەكلەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. 1260 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىككى تەرەپ زېرىنغا يېقىن جايدىكى ئاين جالۇت دېگەن يەردە ئۇچراشتى. كىت بۇقا ئۆزىدىن كۆپ قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى، شۇنداقتىمۇ چىڭگىزخاننىڭ تۇغىنىڭ شان - شەرىپىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. رەشىدىددىن مۇنداق يازدى: «قىرغىنلىق ۋە باتۇرلۇق ئۇنىڭ جېنىغا جان قوشتى ۋە ئۇنى ئېغىر ياردار قىلدى. يېنىدىكىلەر ئۇنى چېكىنىشكە دەۋەت قىلىپ ئاۋارە بولدى. ئۇ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ: مۇتلەق يوسۇندا مۇشۇ جايدا ئۆلۈش كېرەك. قاغان بىلەن كۆرۈشكەن ھەرقانداق ئەسكەر كىت بۇقانىڭ نومۇسسىزلارچە چېكىنىشىنى رەت قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىقتىن ئۆتسۇن، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلىسۇن، بۇنىڭدىن باشقا قاغانمۇ موڭغۇللارنىڭ بىر قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، ئۇ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئەسكەرلەردىن بىرەرسىنىڭ ئايالىنىڭمۇ نېمىشقا ئېغىر ئاياغ بولمىغانلىقىنى، بىرەر ئاتنىڭمۇ تايلىمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قويسۇن، قاغانغا بەخت يار بولسۇن، دېدى.» رەشىدىددىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق يازدى: «كىت بۇقا گەرچە يالغۇز قالغان بولسىمۇ، بىر جېنى بىلەن ئون جانغا تېتىغۇدەك جەڭ قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ ئەسىرگە ئېلىندى.» ئادەملەر ئۇنى باغلاپ، قوتۇزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، مەغلۇپ بولغان بويسۇندۇرغۇچى قاتتىق ھاقارەتلەندى. ئۇلار: «شۇنچە كۆپ خانلىقنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، سەنمۇ قىلتاققا ئىلىندىڭ» دېدى. نىستۇرى دىنىدىكى موڭغۇل چىڭگىزخان جەمەتى توغرىسىدىكى ئىپوسلارغا ياراشقۇدەك سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ: «ئەگەر مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلىدىغان بولسام، بۇ ئىشنى پىلانلىغان سەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ تەڭرىم. سەن بىردەملىك مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويما. مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىم ھىلاكۇ خاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇنىڭ غەزىپى كۆۋەجىگەن دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلىنىدۇ. ئەزەربەيجاندىن مىسىرغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چەيلىنىدۇ» دېدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىدا، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى موڭغۇلچە ساداقەتكە، بۇ جەمەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نەسەبىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مىملۇك سۇلتانلىرىنىڭ، تاسادىپىي يوسۇندا پادىشاھ بولۇپ قالغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى ھوقۇق تارتىۋېلىشتىكى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلغا ئايلاندۇرغانلىقىنى سۆكتى. ئۇ «مەن تۇغۇلغان چېغىمدىن تارتىپ خان ۋاڭنىڭ قۇلى، مەن سىلەردەك ئۆز پادىشاھىنى ئۆلتۈرىدىغانلارغا ئوخشىمايمەن!» دەۋاتقاندا، كاللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

قوتۇز سۇلتان غالىبلار سىياقىدا دەمەشىقكە كىردى. شەھەردىكى خرىستىئان مۇرتىلىرى موڭغۇللارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلىدى. پۈتكۈل مۇسۇلمان سۈرىيەسى تاكى يېۋپرات دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا قەدەر مىسىردىكى مەملۇكلەر سۇلتانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ھىلاكۇ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ، 1260 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سۈرىيەگە يېڭىۋاشتىن بېسىپ كىردى. ئىككىنچى قېتىمدا ھەلەپنى بۇلىدى، لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇنى خومۇسقىچە چېكىندۇردى (12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ۋە يېۋپرات دەرياسىنىڭ شەرقىگە قەدەر قوغلىدى.

## 6 § . ھىلاكۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى

ھىلاكۇنىڭ مۇسۇلمانلار سۈرىيەسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشى، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان نەۋرە ئىنىسى قىپچاق خان بېركىنىڭ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشىدىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. چىڭگىزخان جەمەتىدىكى چوڭ ئوغۇل بىلەن قانداش بۇ ئەۋلاد رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا ئىسلام دىنىدىكىلەرگە ھىلاكۇ خرىستىئان دىنىدىكىلەرگە قىلغان مۇئامىلىدىنمۇ ياخشىراق مۇئامىلىدە بولدى. چۈنكى ھىلاكۇنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭغا ۋەھىمە بولۇپ تۇيۇلغانىدى. رەشىدىددىن پېرسىيە خانلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە قىپچاق خانىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرىنى پاكپاكىز بۇلىدى. ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ خەلىپىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەگەر ئاللا ماڭا يار ـ يۆلەك بولسا ئۇلاردىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قان قەرزىنى تۆلىتىۋالىمەن!» دېگەنلەرنى يازدى. بېركى مۇشۇ خىلدىكى

ھېسسىيات تۇپەيلى، موڭغۇللارنىڭ سىرتقى جايلارنى بويسۇندۇرۇشىدا ئاۋانگارت بولغان، ئەكسىچە خرىستىئان مۇرىتلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغان پېرسىيەدىكى بىر نەۋرە ئىنىسى ھىلاكۇغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن موڭغۇللارنىڭ دۈشمىنى، لېكىن مۇسۇلمانلار ئېتىقادىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان مىملۇكلەر بىلەن ئىككىلەنمەيلا يېقىنلاشتى. مىملۇكلەر خانلىقىدىكى يېڭى سۇلتان بايبارس (1260 ـ يىلىدىن 1277 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئەسلىدە قىپچاق تۈركلەردىن بولغاچقا، بېركىدىكى ھېلىقىدەك خاھىشقا مەدەت بەردى. 1262 ـ يىلى بېركى بايبارس بىلەن ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشتى ۋە ھىلاكۇغا جەڭ ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاي بىلەن 12 ـ ئاي ئارىلىقىدا، ھىلاكۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ ئىككى خانلىقنىڭ كاۋكاز تېغى بىلەن چېگرىلىنىدىغان دەربەند جىلغىسىدىن ئۆتۈپ «قىپچاق» زېمىنىغا كىردى ۋە تېرەك دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا قەدەر ئىلگىرىلىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز ۋۇن ئۆتمەيلا دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە بېركىنىڭ جىيەن ئوغلى ناغاي قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇننىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەزەربەيجانغا چېكىندى. قىپچاق خانلىرى ھىلاكۇنىڭ ئۆزلىرىگە دۈشمىنىدەك قارايدىغانلىقىنى باشتىلا بىلەتتى. ئەمدىلىكتە قىپچاق خانلىرىمۇ ئۇنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن چاغلاپ، پېرسىيە خانلىقىنى قورشاشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن، كاۋكاز ياكى ئامۇ دەريا تەرەپتىن توختىماي ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنداقلا ئۇنى سۈرىيە تەرەپتىكى كېڭەيمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان دەرىجىگە ئېلىپ كەلدى. چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەڭگى ـ جېدەل موڭغۇللار ئىستېلاسىنى رەسمىي توختاتتى.

بىراق، ھىلاكۇ بىرنەچچە ئۆلكىدىكى خانلىقنى يوقىتىپ، ھېچبولمىغاندا پېرسىيە خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالدى. موسۇلدىكى ئاتا بەگ ياشىنىپ قالغان

بەدىردىن لۇلۇ (1233 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) موڭغۇللارغا تىز پۈكۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ شاھلىق ئورنىنى قۇتقۇزۇۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ مەملۇكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەچكە، ھىلاكۇ موسلنى ئىشغال قىلدى ۋە بۇ بەگلىكنى ئاياغ ئاستى قىلىپ (1262 ـ يىلى) ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئوخشاشلا، پارستىكى ئاتا بەگ سالخۇر خانىدانلىقىدىكى سالجۇق شاھمۇ (1262 ـ يىلىدىن 1264 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئىسيان كۆتۈرۈپ قويۇپ، موڭغۇللار كازىرۇننى ئىشغال قىلغاندا ئۆلتۈرۈلدى (1264 ـ يىلى 12 ـ ئاي). ھىلاكۇ پارسنىڭ خانلىق تەختىنى سالخۇر خانلىقىدىكى مەلىكە ئامىش خاتۇنغا تۇتقۇزدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تۆتىنچى ئوغلى مەڭگۇ تېمۇر بۇ ئايالنى ئەمرىگە ئالغان بولغاچقا، توينىڭ ئۆزى خانلىقنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىش بولۇپ ئاياغلاشتى. ھىلاكۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى، ئۇنىڭ ۋارىسى ئاباغا كىرمان دۆلىتىدىكى قۇتلۇق شا خانلىقىنىڭ ۋارىسى، مەلىكە پادشا خاتۇن بىلەن توي قىلدى.

ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا ھەققىدە، يەنى ھىلاكۇ ۋە ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋارىسلىرى دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ پېرسىيەدىكى پائالىيىتى توغرىسىدا بىز تېخى ھېچ نەرسە دېمىدۇق. بىزگە پەقەت ئۇيغۇرلار ئېلىدىن، جۇڭگودىن ۋە شىزاڭدىن كەلگەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ ھىلاكۇ خانلىقىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە رەسىم ۋە ھەيكەل بىلەن بېزەلگەن بۇددا مۇنارلىرىنى ياسىغانلىقىلا مەلۇم. بىز كېيىنچە ھىلاكۇنىڭ نەۋرىسى ئارخۇننىڭ بۇددا مۇنارىنى ئۆزىنىڭ رەسىمى بىلەن بېزىگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. ئەپسۇسكى، يۇەن سۇلالىسىدىكى بىز بىلىدىغان جۇڭگو رەسىملىرى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ پېرسىيەنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى مىنىياتۇرا

رەسىملەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئۇنىڭدىكى بەزى ئالاھىدىلىكنى دەلىللىگىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار گەرچە ھىلاكۇنى باغدادنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقتىن، خۇدادىن كەلگەن بالا ـ قازا دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پېرسىيەلىك ئەدىبلەرگە قىلغان ياخشىلىقىمۇ ئاز بولمىدى. پېرسىيەلىك ئۇلۇغ تارىخچى ئالاۋۇدۇن جۇۋەينى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايتتى. ئۇنىڭ دادىسى باھاۋۇدۇن (1253 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىشاپورلۇق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا موڭغۇل مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن ۋە خوراساننىڭ مالىيە ۋەزىرى بولغانىدى. جۇۋەينىنىڭ ئۆزىمۇ مەمۇرىي ئورگانلاردا ئەمەل تۇتتى. ئۇ 1256 ـ يىلى ھىلاكۇنى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالامۇتتىكى كۇتۇپخانىدا ساقلىغان كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن توستى. ئۇ موڭغۇل دالاسىغا ئىككى نۆۋەت ساياھەت قىلىپ بېرىپ (1246 ـ يىلدىن 1251 ـ يىلغىچە؛ 1251 ـ يىلدىن 1253 ـ يىلغىچە)، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىشلىرىنى پىششىق ئىگىلىدى. 1260 ـ يىلغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كىتابى «تارىخىي جاھان كۇشاي»نى، يەنى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ 1258 ـ يىلغىچە بولغان تارىخىنى يېزىپ پۈتتۈردى. ھىلاكۇ ئۆزىگە ئەل بولغان پېرسىيەلىك بۇ ئادەمنى 1262 ـ يىلى بىلەن 1263 ـ يىلى ئارىسىدا باغدادنىڭ مەلىكىلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنىڭ شانلىق بىر ئىشى، 1268 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدا بوھران يۈز بەرگەندە، نىستورى دىنىدىكى باش ئېپىسكوپ ماردىنھاغا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە پاناھلىق بەردى. ئىنىسى شەمشىدىن جۇۋەينى ھىلاكۇ، ئاباغا، تىكودىردىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر خانغا 1263 ـ يىلدىن 1284 ـ يىلغا قەدەر مالىيە ۋەزىرى بولدى.

## 7 § . ئاباغانىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ھىلاكۇ 1265 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ماراگاغا يېقىن بىر جايدا ئالەمدىن ئۆتتى. خانىش توغىس خاتۇنمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز قەبرىسىگە ئېلىپ كەتكىنى شەرقتىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ھەسرىتىدىن ئىبارەت بولدى. خۇددى سۇرىيەدىكى ياگۇ مەزھىپىنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارخىبراۋۇس بىلەن ئەرمىنىيە دىنىي جەمئىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىراكۇس دې كەنزاكىنىڭ بۇ نادامەت ۋە كۆز ياشلارنى ئىنتايىن تەسىرلىك ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلىگىنىدەك، ئۇلار «خرىستىئان دىنىدىكى ئىككى چولپان يۇلتۇز» ، «يەنە بىر كونىستانتىن بىلەن يەنە بىر ئىلىنا» دىن ئايرىلغانىدى.

ھىلاكۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاباغا ۋارىسلىق قىلدى (1265 ـ يىلىدىن 1282 ـ يىلىغىچە) . يېڭى قاغان ئەزەربەيجاندا تۇرىۋەردى، لېكىن ھىلاكۇ دەۋرىدىكى پايتەخت ماراگا، ئاباغانىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تەبرىزگە ئۆزگەردى. بۇ شەھەر تاكى خانىدانلىق ئاخىرلاشقىچە پايتەخت بولدى. پەقەت ئولجايتۇخان دەۋرىدە (1304 ـ يىلىدىن 1316 ـ يىلىغا قەدەر) سۇلتانىيە پايتەخت قىلىندى. دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، ئاباغامۇ ھىلاكۇنى دوراپ، ئۆزىنى مەڭگۈلۈك رەۋىشتە قۇبلايخاننىڭ ئادەتتىكى سەركەردىسى دەپ تونىدى. قۇبلايخان ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا ئوتۇغات نامى بەردى.

ئاباغا گەرچە دادىسىغا ئوخشاش سىپىي ئۆزىدىن بۇددىست بولغىنىغا قارىماي، دۆلەت ئىچىدىكى خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەرمەنىيە مەزھىپى، نىستۇرى مەزھىپى ياكى ياگۇ مەزھىپىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دادىسىغا ئوخشاشلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبدان مۇئامىلە قىلدى. دۆلەت سىرتىدا مىسىر بىلەن سۇرىيەدىكى مىملۇكلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىئان دۇنياسى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان تۇنجى يىلى ۋىزانتىيە پادىشاھى مىچىل پالىئولگانىڭ قىزى مارىيە بىلەن توي قىلدى. سۇرىيە تەرەپتە، سۇرىيەدىكى نىستۇرى دىنىنىڭ ئېپىسكوپى مار دىنھانى قانات ئاستىغا ئالدى. كېيىنچە بولسا مۇشۇ ئېپىسكوپىنىڭ ۋارىسى مار يابالاھا بىلەن دوست بولدى.

بىز مۇشۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا نىستۇرى دىنىدىكى ئىككى نەپەر راھىبنى تىلغا ئالغاندۇق: ئۇلارنىڭ بىرى شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى توقتۇغا تەۋە رابان ساۋما، يەنە بىرى بېيجىڭ رايونىغا تەۋە ماركۇس بولۇپ، ئۇلار ئەۋلىيالارنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئىروسالىمغا يولغا چىققانلار ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلار 1275 ـ يىلى بىلەن 1276 ـ يىلىنىڭ ئارىلىقىدا قەشقەردىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا پېرسىيەگە يېتىپ كەلدى ۋە سۇرىيە يېزىقىدا پۈتۈلگەن بىئوگرافىيەسىدە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان نىستۇرى دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ پېرسىيەدىكى كۈچى ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇلار خۇراسانغا بارغاندىن كېيىن، توسقا يېقىن بىر جايدىكى مار سىيۇن نىستۇرى موناستىرىنى كۆردى. ئەزەربەيجاندىكى ماراگا ئەتراپىدا ئېپىسكوپ مار دىنھا بىلەن كۆرۈشتى. بۇ بىز بايىلا تىلغا ئالغان موڭغۇللار ھاكىمىيىتىدە قالتىس ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشكەن ھېلىقى ئېپىسكوپىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىككىيلەن بۇ يەردە قوزغىلىپ باغدادقا باردى. بۇ يەردە نىستۇرى دىنىنىڭ قەدىمكى سىلۇسىيا نامىدىكى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بار ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئاسسۇرىيەگە بېرىپ، نىستۇرى دىنىنىڭ ئاربىل، بىتگارمەي، نىسۇبوس قاتارلىق مازارلىرى ۋە موناستىرلىرىنى كۆردى. رابان ساۋما بىلەن ماركۇس نىسبۇسقا يېقىن دالى دېگەن جايدىكى سانت مىچىل موناستىردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تورۇشلۇق

جايىغا تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئاباغا خاننىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلماقچى بولدى. ئاباغا خان ئۇلارنى زىيادە ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىروسالىمغا بارالايدىغان يول خەت تارقىتىپ بەردى. لېكىن، بۇ كۈنلەردە پېرسىيە خانلىقى مىملۇكلار ۋە قىپچاق خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز ساياھىتىنى تاماملىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ماردىنھا ماركۇسنى ئونگۇت قەبىلىسى بىلەن قىتانلار دۆلىتىگە، يەنى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى دىنىي رايونلارغا ئېپىسكوپ بولۇپ بېرىشقا تەيىنلىدى، راببان ساۋما ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدى. ئۇلار يېڭى ۋەزىپىگە ئورۇنلاشماي تۇرۇپلا مار دىنھا ئۆلۈپ كەتتى (1281 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) . دەل مۇشۇ چاغدا، نىستورى دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي دىنىي ئىشلار يىغىنى باغدادتا ئېچىلدى ۋە ماركۇسنى باش ئېپىسكوپلۇققا بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا مار ياباللاھا Ⅲ دەپ ئىسىم قويدى. بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ سىياسىي رول ئوينىيالايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى يېڭى ئېپىسكوپ گەرچە ئالىي دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولىسمۇ، لېكىن قەدىمىي سۇرىيە يېزىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى. ئەرەب يېزىقىدىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. بىرلا يېرى ئۇ «موڭغۇل» ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ تۈرك ـ موڭغۇل مىللىتىگە مەنسۇپ بولغاچقا، بۇ مىللەتتىكى بەگزادىلەر بىلەن چىڭگىزخان جەمەتى ئارىسىدا بىر زامانلاردا شەكىللەنگەن زىچ مۇناسىۋەتكە گەپ سىغمايتتى. نىستورى دىنىدىكى ئاقساقاللارنىڭ پەرىزىچە، پېرسىيىدىكى خانىۋاڭنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭدىن ياخشى باش ئېپىسكوپ تېپىلمايتتى. شۇڭا، مار ياباللاھا Ⅲ ئاباغادىن ئوتتۇغات نامى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، موڭغۇل قاغان ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلىدە بولدى. ئۇنىڭغا ئۆزى مۇرىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان يامغۇرلۇق چاپاننى، ئۆزى ئولتۇرىدىغان ھەمدە چاققان ياسالغان شاھانە ئورۇندۇقنى تەقدىم قىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر دانە شەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنلۈكى ۋە پادىشاھلىق بەلگىسى بىلەن باش ئېپىسكوپىنىڭ تامغىسى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاختاينى بەردى. بېيجىڭدىن قەدەم تەشرىپ قىلغان بۇ جاكاچى 1281 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سىلۇسىيانىڭ يېنىدىكى ماركوكى ناملىق چېركاۋدا نىستۇرى دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ھازىر بولدى. مۇراسىمغا يەنە ئىروسالىمدىكى ئېپىسكوپ مار ئابراھام، سەمەرقەنتتىكى ئېپىسكوپ مار ياكوس، تاڭغىتلاردىكى، يەنى جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئېپىسكوپ يېسۇسابرانلار قاتناشتى.

سىرتقا نىسبەتەن ئاباغا دادىسى قىپچاق خان بېركىگە قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەرگە خاتىمە بەردى. بېركىنىڭ جىيەنى ناغاي 1266 - يىلى ئەتىيازدا ئاباغانىڭ قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن دەربەند جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، كورا دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئاباغانىڭ سەركەردىلىرى ئۇنى ئاقسۇ دېگەن يەردە مەغلۇپ قىلىپ، شىرۋان چېگرىسى ئىچىگىچە قوغلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بېركى چوڭ قوشۇننى ئۆزى بىۋاستە باشلاپ دەربەنددىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى، لېكىن كورا دەرياسىدىن ئۆتمىدىغان چاغدا، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى (1266 - يىلى). ئۇنىڭ ئۆلۈمى قىپچاق قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

شەرقىي شىمال تەرەپتە، ئاباغا چاغاتاي جەمەتىدىن ماۋرائۇننەھردە خان بولۇپ تۇرغان باراقنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرمىسا بولمايتتى. بۇ خان 1269 - يىلى بىلەن 1270 - يىلى ئارىسىدا خۇراسانغا تاجاۋۇز قىلىپ مەرۋە بىلەن نىشاپورنى بېسىۋالدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئاباغا ئالدى بىلەن تاكتىكا جەھەتتە چېكىنگەن بولۇپ، دۈشمەنلىرىنى ئىشەندۈردى، ئاندىن 1270 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھىراتقا يېقىن بىر جايدا باراقنى تارمار قىلدى. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىز

ھىراتنىڭ پادىشاھى شەمشىددىن كىرتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئۇنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردا زىيان - زەخمەتتىن خالىي بولۇشىنى چار - تەدبىرلىرىنى تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك. چاغاتاي جەمەتىدىكىلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە بۇ ئەقىللىق ئافغان ئۆزىنىڭ شەھىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا باش ئەگكەن بولدى. لېكىن، ئاباغا بىلەن ئۇنىڭ چوڭ قوشۇنى خۇراسانغا كەلگەندە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يېڭىۋاشتىن بىرلىشىپ جەڭ قىلدى، ھىراتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغدىدى ھەمدە ئاباغانىڭ دۈشمەنلىرىنى ئالداپ كىرگۈزۈپ بىر يولدىلا يوقىتىشقا ياردەملەشتى. ئاباغا 1273 - يىلى ئۆزىنىڭ ئۆچ ئېلىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇ ماۋرائۇننەھردە ئۇرۇش قوزغاپ بۇخارانى بۇلاش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى. گەرچە ھىرات پادىشاھى شەمشىددىن 1270 - يىلى ئاباغاغا قارىتا سادىق بولۇشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاباغا ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇ شەمشىددىنگە يېتەرلىك ئوتتۇغات نام ۋە ئىززەت - ئابرۇي بېرىپ بولۇپ، 1277 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنى ئالداپ تەبرىزگە ئېلىپ كەلدى ۋە زەھەرلەپ ئۆلتۈردى (1278 - يىلى 1 - ئاي). 1279 - يىلى، ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى رۇقنىددىننى يۆلەپ ھىراتنىڭ پادىشاھلىقىغا قويدى ھەمدە ئۇنى شەمشىددىن II دەپ ئاتىدى.

غەربكە قارىتا، ئاباغا دادىسىنىڭ مەملۇكلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. مەملۇكلار بۇ كەمدە يالغۇز مىسىرغىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار سۈرىيەسىگىمۇ ھۆكۈمران بولۇپ بولغانىدى. مەملۇكلارنىڭ سۇلتانى بايبارس پۈتكۈل ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋانگارتى ۋە شۇ چاغدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش داھىيلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى (1260 - يىلدىن 1277 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان). ئۇ سىلىسىيەدىكى ئەرمەنىيە پادىشاھلىقىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موڭغۇلارنىڭ بېقىندى دۆلەتلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا قارىتا نۇرغۇن قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان ۋە ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلغانىدى. ئۇ 1275 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ سىس، ئاتىنا، دارس ۋە لاياس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئارقىدىنلا كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇق سۇلتانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. بىزگە مەلۇم، بۇ دۆلەت پېرسىيە خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قوشنا دۆلەت بولۇپ، ياش سۇلتان كەيخىسراۋ Ⅲ (1265 ـ يىلىدىن 1283 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن چاغلاردا، بۇ دۆلەتنى موڭغۇللارنىڭ ھىمايىسىدىكى ۋەزىر ياكى «پەرۋىش قىلغۇچى» مۇھىددىن سۇلايمان سوراپ تۇرغانىدى. بۇ قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ بايبارس بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. ئۇ راستتىنلا بايبارستىن بۇ دۆلەتنى موڭغۇللارنىڭ نازارەت تۈزۈمىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دەرۋەقە، 1277 ـ يىلى بايبارس سالجۇق سۇلتانلىقىغا بېسىپ كىردى ھەمدە كاپادوسىيا ئۆلكىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى ھېسابلىنىدىغان جاھان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئالبىستان دېگەن يەردە موڭغۇل ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. سالجۇق قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ۋەزىرمۇ تىكىۋەتتى. بايبارس كاپادوسىيا ئۆلكىسىنىڭ قەيسەرىيەدە غالىبلارنىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى (4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)، ئاندىن سۇرىيەگە قايتىپ كەتتى.

ئاباغا موڭغۇللارنىڭ مەغلۇب بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئاناتولىيەگە باردى (1277 ـ يىلى 7 ـ ئاي). سالجۇق تۈركلەر بۇ قېتىمقى جەڭدە ھەددىدىن زىيادە بوشاڭلىق قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا بولغان ئېتىقادى چىڭگىزخان موڭغۇللىرىغا بولغان ئېتىقادىدىن ئارتۇق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاباغا ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى. بىر قۇر تەكشۈرۈش

ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى ۋەزىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى (8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى).

ئاباغا مەملۇكلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، لاتىن تىلىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزۈشكە بەل باغلىدى. مۇشۇ مەقسەتتە، 1273 - يىلى رىم پاپىسى بىلەن بىرىتانىيە پادىشاھى ئېدۋارد I گە مەكتۇپ يوللىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يولغا چىققان ئىككى نەپەر ئەلچى 1274 - يىلى 5 - ئاي بىلەن 7 - ئاي ئارىلىقىدا گرىگورى X ۋە لىئوندىكى يىغىنغا قاتناشقا پوپلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ يولغا سالغان باشقا ئەلچىلەر 1276 - يىلى 11 - ئايدا ئىتالىيىگە يېتىپ باردى، ئىككىنچى يىلى بىرىتانىيەدىكى ئېدۋارد I نىڭ ئوردىسىغا كەلدى. لېكىن، مەيلى ۋاتىكان بولسۇن، مەيلى فرانسىيە ياكى ئەنگلىيە بولسۇن، بىرەرسىمۇ موڭغۇللارنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب قايتۇرۇش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ئاباغا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلماقچى بولدى. 1271 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، ھەلەپ ئۆلكىسىدىكى تۆت يېزىنى خانىۋەيران قىلدى. 1280 - يىلى 9 - ئاي بىلەن 10 - ئاي ئارىلىقىدا تېخىمۇ كۈچلۈك قوشۇننى ئەۋەتىپ، ھەلەپنىڭ سىرتقى قەلئەسىنى بىر مەزگىللىك ئىشغال قىلدى ۋە بىرنەچچە مەسچىتنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى (10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)، لېكىن بۇمۇ تېخى ئادەتتىكى رازۋېدكىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. 1281 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى سۈرىيەگە كىردى. كىچىك ئەرمىنىيە (سىلىسىيە) پادىشاھى لېئون III دادىسى خېيتۇم I گە ئوخشاش موڭغۇللارغا سادىق ئادەملەردىن بولغاچقا، دەرھال قوشۇن باشلاپ موڭغۇللار بىلەن بىرلەشتى. شۇڭا، موڭغۇللارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا ئەرمەنلەر، گرۇزىنلار ۋە فرانسۇزلاردىن بولۇپ

يەنە 30 مىڭ ئادەم قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاباغانىڭ ئىنىسى مەڭگۇ تېمۇر بەگزادە قوماندانلىق قىلدى. بۇ قوشۇن 1281 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خومۇسقا يېقىن بىر جايدا قالاۋۇن سۇلتان باشچىلىقىدىكى مىملۇكلار قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. موڭغۇل قوشۇنىدىكى ئوڭ قانات ئارمىيە، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى لېئون Ⅲ يېتەكلەپ ماڭغان ئەرمەنلەر بىلەن گرۇزىنلار دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلدى، لېكىن ئوتتۇرا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان مەڭگۇ تېمۇر يارىدار بولۇپ، سەپتىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال پۈتكۈل قوشۇننى قالايمىقان قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، موڭغۇللار يىۋپرات دەرياسى تەرەپكە يەنە بىر قېتىم چېكىندى. مۇشۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاباغا قازا قىلدى (1282 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى).

## § 8 . ئارخۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئاباغانىڭ ئىنىسى تېكودىر ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى (1285 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)، خانلىق جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلگەن بولدى. گەرچە ئۇ ئاباغا بىلەن بىر ئانىدىن ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوتۇي خاتۇندىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىسسىئونېر ھايتۇن بىزگە دەپ بەرگەندەك، كىچىك چېغىدىلا چوقۇندۇرۇلغان بولغاچقا، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۆزىگە ئەھمەد دەپ ئىسىم قويۇپ، سۇلتانلىق نامىنى يولغا قويدى. ئۇ ھەتتا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، پېرسىيە دۆلىتىنى ئىسلاملاشتۇرماقچى بولدى. مىسسىئونېر ھايتۇنمۇ: «ئۇ موڭغۇللارنى جان ـ جەھلى بىلەن مۇھەممەدنىڭ

ساختا دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرماقچى بولدى» دەپ يازدى. تېكودىر 1282 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مىملۇكلارغا تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقداش بولۇش تەكلىپىنى قويدى. دەل شۇ چاغدا، بۇددا دىنى ۋە نىستۇرى مەزھىپىدىكى «موڭغۇل مويسىپىتلار گۇرۇھى» تېكودىرنىڭ تاغىسى، يەنى پېرسىيە خانلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھامىيسى، جۇڭگودىكى قۇبلايخانغا نارازىلىق ئەرز سۇندى. ماركوپولۇنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە، قۇبلايخان ناھايىتى رەنجىپ، بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاسىتە ئارىلاشماقچى بولدى. تېكودىر بولسا بېيجىڭدىكى ئوردىغا بۇ تەرىقە شىكايەت قىلىدىغانلار نىستۇرى دىنىنىڭ ئاقساقاللىرى، بولۇپمۇ مار يابالاخا Ⅲ بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى راببان ساۋما دەپ قارىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، باش ئېپىسكوپ تۈرمىگە تاشلاندى، لېكىن ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشى خانىش قوتۇي خاتۇننىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن بولدى، يەنى قوتۇي خاتۇن ئۇنى قويۇپ بەردى.

ھالبۇكى، بارلىق موڭغۇل مويسىپىتلىرى، بۇددا دىنىغا ۋە نىستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئاباغانىڭ ئوغلى، خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ئارغۇننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى. يېڭىش ـ يېڭىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى ئۇ پېرسىيەنىڭ ھېلىمۇ ھەم موڭغۇللار دۆلىتى بولۇۋېرىشى ياكى مۇسۇلمان سۇلتانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىشى، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە داۋاملىق يوسۇندا نىستۇرى ۋە ياكوۋ مەزھىپىدىكى مۇرىتلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىش ـ قىلماسلىقى، دۆلەت سىرتىدا ئەرمەنلەر ۋە فرانسۇزلار بىلەن داۋاملىق يوسۇندا دوستانە ئۆتۈش، ئۆتەلمەسلىكى، مىملۇكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى قاتارلىق ئىشلارغا چېتىلاتتى. ئۇرۇشنىڭ ئالدى بىلەن ئارغۇنغا پايدىسىز ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ خۇراساندا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىراق ـ ئەجەم تەرەپكە قوشۇن تارتتى ۋە 1284 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غەزنە ئەتراپىدىكى ئاق خوجا دېگەن يەردە مەغلۇپ بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېكودىرگە باش ئەگدى. بىراق، ئۇزۇنغا بارمايلا، سەركەردىلەرنىڭ بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، ئوردا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. پۈتكۈل قوشۇن تېكودىردىن يۈز ئۆرۈدى ۋە 1284 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ئارغۇن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

ئارغۇن پېرسىيەنىڭ ئىسلاملىشىش كېتىشىنى توختاتتى. ئۇ گەرچە ئاباغا بىلەن ھىلاكۇغا ئوخشاش بۇددىست بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىشلىرىغا ئائىت ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى خرىستىئان مۇرىتلىرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مالىيە باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ يەھۇدىيلاردىن دوختۇر سەئىد دەۋلەنى مالىيە ۋەزىرلىكىگە ۋە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىدى. بۇ ئادەم 1288 - يىلىدىن تارتىپ تاكى ئارغۇن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر (1291 - يىلى 2 - ئاي) خاننىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولۇپ ياشىدى. ئۇ ئەقىللىق، مۇلايىم، تۈركچە بىلەن موڭغۇلچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان، پەم - پاراسەتلىك ۋەزىر ئىدى (ئۇ خاننىڭ كېسەللىنى ساقايتقان سۈرگۈ دورىسى بىلەن مۇشۇنداق ئىشەنچىگە ئىگە بولغانىدى). ئارغۇننىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ئۇنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە بولغان ساداقىتىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇ ياخشى مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن، مالىيە ئورگانلىرىدىكى تەرتىپ - ئىنتىزامنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوغرىلىقچە نەپ ئېلىشىنى توستى. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ سوتقا خىلاپ ھالدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلمىشلىرىنى چەكلىدى. ئاقسۆڭەك باجگىرلارنىڭ خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىنى مەنئى قىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىمكانقەدەر رەزىل قىلمىشلارنى يوقىتىشقا تىرىشتى. موڭغۇللارنىڭ ئارمىيە شەكلىدىكى ھاكىمىيىتىنى رەسمىي شەكىلدىكى خەلق ئىشلىرى تەشكىلىنىڭ رېئاللىقىغا يېتەكلىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى كەمسىتمىدى.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەرز - شىكايەتنى موڭغۇللاردىكى ئادەت قانۇنىغا ئەمەس، بەلكى «قۇرئان» دىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتتى. ئالىملارنى ۋە ئەدىپلەرنى ئىلھاملاندۇردى، ئۇلارغا ياردەم بەردى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن پەقەت خەلق ئىشلىرىغا ئائىت ئاساسلىق ئەمەلنى يەھۇدىيلارغا كۆپرەك بەرگەنلىكى، بولۇپمۇ ھەممە باجخانىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەقسىم قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئاغرىندى. ئەلۋەتتە، خۇراسان بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى باجخانىلارغا ئۇنىڭ كۈچى يەتمىدى. چۈنكى بۇ ئۆلكىلەر ئارغۇننىڭ ئوغلى غازان بىلەن ئىنىسى قابقۇدۇنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى ئىدى.

يەھۇدىي ۋەزىر شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا باشقىلارنىڭ تاپا - تەنىسى ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدىغان يامان كۆزگە قالدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭدىن توسقانلىقى ئۈچۈن نارازى بولدى. تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۇنى ئارغۇن بىلەن بىللە يېڭى بىر دىن پەيدا قىلماقچى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى «بۇتقا چوقۇنغۇچىلار» غا ئايلاندۇرماقچى، مەككىدىكى «كەئبە» نى بۇت ساقلايدىغان ئىبادەتخانا قىلىپ ئۆزگەرتمەكچى، قىسقىسى ئۇ يەرنى بۇددا دىنىنىڭ تاۋاپگاھى قىلماقچى دەپ خاپا بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇ شىكايەتلەرنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى تۈپەيلى، بۇ ئىشلار بۇ ئۇلۇغ زاتقا زىيان يەتكۈزمەي قالمىدى.

ئارغۇننىڭ توقاللىرىدىن بىرى ئۆرۈك خاتۇن كېرەي قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن تۇغىس خاتۇننىڭ جىيەن قىزى ئىدى، شۇنداقلا نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ 1289 - يىلى 8 - ئايلاردا، يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغلىنى، يەنى كەلگۈسىدىكى ئولجايتۇخاننى چوقۇندۇرۇپ، رىم پاپىسىنى نىكولاي IV نىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىكولاي دەپ

ئات قويدى. مىسسىئونېر هايتۇن بۇ ھەقتە دەپ كېلىپ: «ئارخۇن خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئامراق ئىدى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى. تېكودىر بۇزۇۋەتكەن چېركاۋلار ئۇنىڭ قولى بىلەن قايتىدىن ياسالدى» دەپ يازدى. بىز نىستۇرى دىنىدىكى باش ئېپىسكوپ مار ياباللاخانىڭ بىئوگرافىيەسىدىن ئارخۇننىڭ شۇ چاغلاردا بىرمۇنچە جايدىكى قەدىمىي تاۋابگاھلارنى رېمونت قىلدۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە ماراگادىكى مارشالىتا چېركاۋىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

## § 9 . راببان ساۋمانىڭ غەربتىكى ئەلچىلىكى

مەملۇكلار بىلەن يەنە بىر نۆۋەت ئېلىشىش ئۈچۈن، ئارخۇننىڭ خرىستىئان دۇنياسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئۇ مەملۇكلارغا قارشى بىرلەشمە ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى بويىچە، موڭغۇل قوشۇنلىرى سۈرىيەگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئەھلىسەلىپنىڭ سانت ـ يوھان ـ ئاكرىدا ياكى دامىئتتا قۇرۇقلۇققا چىقىشى، ئاندىن سۈرىيەنى ئىككى تەرەپ بۆلۈۋېلىشى لازىم ئىدى. موڭغۇللار ھەلەپ بىلەن دەمەشىقنى ئىشغال قىلغاندا بولسا، ئەھلىسەلىپنىڭمۇ ئىروسالىمنى ئىشغال قىلىشى كېرەك ئىدى. ئارخۇن مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، 1285 ـ يىلى پاپا خونۇرىئوس Ⅳ كە خەت ئەۋەتتى . لاتىن يېزىقىدىكى تەرجىمىسى ھىلىمۇ ھەم ۋاتىكاندا ساقلىنىۋاتقان بۇ خەتتە جەڭنىڭ ئىنتايىن ئەمەلىي پىلانلىرى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئارخۇن بۇ مەشھۇر ھۆججەتتە، «بارلىق موڭغۇللارنىڭ بوۋىسى» چىڭگىزخاننىڭ نامىنى ، جۇڭگودا قاغان بولۇپ تۇرغان تاغىسى ، ھامىيسى ۋە ئىتتىپاقدىشى قۇبلاينى ئاتاپ كېلىپ چىڭگىزخان خانلىقى بىلەن

خرىستىئان دىنىنىڭ بىرلىشىش جەريانىنى، ئانىسىنىڭ خرىستىئان مۆرتى ئىكەنلىكىنى، چوڭ دادىسى ھىلاكۇ ۋە دادىسى ئاباغانىڭ خرىستىئان مۆرىتلىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، قاغان قۇبلاينىڭ ئۇنىڭغا «خرىستىئان مۆرىتلىرىنىڭ زېمىنى» نى ئازاد قىلىش ۋە قوغداشنى ھاۋالە قىلغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. خەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆزى سۈرىيەگە كىرگەن چاغىنىڭ ئۆزىدە ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنىڭمۇ شۇ يەردە قۇرۇقلۇققا چىقىشىنى تەلەپ قىلىپ، «ساراسىنلار (ئەرەبلەر) نىڭ يېرى سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا، بىز ئۇنى قورشاۋغا ئېلىشىمىز ھەمدە يوقىتىشىمىز كېرەك. . . بىز خۇدانىڭ، پاپىنىڭ ۋە قاغاننىڭ ياردىمى ئارقىلىق ساراسىنلارنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىمىز لازىم» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇشۇ مەقسەت تۈپەيلى، ئارخۇن 1287 - يىلى نىستورى دىنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك راھىب رابban ساۋمانى غەربكە يەنە بىر مەرتىۋە ئەلچىلىككە ئېرىشقا بۇيرۇدى. بېيجىڭ ئەتراپىدىكى ئونگۇت قەبىلىسى ياكى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن دۇنياغا كەلگەن ۋە ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان بۇ راھىبنىڭ جۇڭگودىن پېرسىيەگىچە ساياھەتكە چىققانلىقى بىزگە تونۇشلۇق ئىش ئىدى. دەرۋەقە، رابban ساۋما قارا دېڭىزدا، ئېنىقراقى تىرىبىزوندا كېمىگە ئولتۇرۇپ، كونستانتىنوپولغا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان سالجۇق سۇلتانلىقىدىكى ئانا تولىيە پېرسىيە خانلىقىغا قارايدىغان بولغاچقا، ۋىزانتىيە پادىشاھى ئاندورنى Ⅱ (1282 - يىلدىن 1328 - يىلغىچە تەختتە بولغان) ئارخۇننىڭ ۋەكىلىنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. رابban ساۋما ئالدى بىلەن سانت سوفىيە چېركاۋىغا بېرىپ ئىبادەت قىلدى، ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىتالىيەگە باردى. ناپلىسقا كېلىپ، بۇ يەردىكى دېڭىز قولتۇقىدا 1287 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەنجۇ (Anjou) بىلەن ئاداگوندىن ئىبارەت

ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جەڭ پاراخوتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ناپلىستىن چىقىپ رىمغا بارغاندا، پاپا خونۇرىئوس IV بەختكە قارشى ئەلەمدىن ئۆتكەن (1287 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، يېڭى ۋارىس تېخى بارلىققا كەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى ۋەزىپە ئۇستىدىكى كاردىناللار قارشى ئالدى. ئۇ ئۇلارغا موڭغۇللاردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ كېلىپ: «بىلىشىڭلار كېرەك، بىزنىڭ نۇرغۇن پوپلىرىمىز (7 ـ ئەسىردىكى نىستۇرى مىسسىئونېرلىرىدىن تارتىپ) تۈركلەرنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ يەرلىك ئاھالىنى تەربىيىلىدى. بۈگۈنكى موڭغۇللارنىڭ ئىچىدە خرىستىئان مۇرىتلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پادىشاھ ۋە خانىشلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمۇ بار. ئۇلار چوقۇندۇرۇلغان ھەممە ئەيساغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئايدالادىكى لاگېرلاردىمۇ ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرى بار. ئارخۇن بەگزادە بىلەن ئېپىسكوپ جانابلىرىمۇ دوسلۇقنى دەپلا بىر يەرگە جەم بولۇپ قالمىغان. ئۇ سۈرىيەنى ئىشغال قىلىش نىيىتىدە بولغاچقا، ئىروسالىمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن سىلەردىن ياردەم سورايدۇ» دېدى.

راببان ساۋما سانت پېتىر ۋە رىمدىكى باشقا چېركاۋلاردا ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن گۇيانا ئارقىلىق فرانسىيەگە باردى. قىرىمىيە بىلەن تىرىبۇزۇندا مۇھىم سودا سارايلىرىنى قۇرغان گۇيانالىقلارنىڭ موڭغۇل پېرسىيەسىگە بېرىپ ـ كېلىدىغان سودىگەرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ئارخۇننىڭ ئەلچىلىرىنى تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن مېھمان قىلدى. راببان ساۋما 1287 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتراپىدا پارىژغا كېلىپ، «گۈزەللىك شاھى» فىلىپنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مەزكۇر شاھ ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن «سانت شاپىل» دەيدىغان شەرەپلىك ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلدى. پارىژنى كۆرۈپ

بولۇپ، سوبان ئارقىلىق سانت دىنىسقا بارغاندىن كېيىن، راببان ساۋما پوردۇغا كېلىپ ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد I بىلەن يۈز كۆرۈشتى (10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا). ئەنگلىيە پادىشاھى فرانسىيە پادىشاھىغا ئوخشاش ، موڭغۇل ئەلچىسىنى تەكەللۇپ بىلەن كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىلەر بىلەن ئۇلار ئارزۇ قىلغان ھېلىقى ھەربىي توختامنامىنى تۈزمىدى. خېلىلا ئۈمىدسىزلەنگەن راببان ساۋما رىمغا يەنە بىر نۆۋەت باردى. 1288 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سايلانغان يېڭى پاپا نىكولاي Ⅳ موڭغۇل ۋەكىللىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنى مۇقەددەس يەكشەنبىلىك مۇراسىمغا قاتناستۇردى، ئۇلارنى بارغانلا يېرىدە تۆرگە باشلىدى ۋە ئۇلارغا بىۋاسىتە ھالدا دىنىي سالام ـ سائەت قىلدى. راببان ساۋما يولغا چىققان چاغدا ئىشەنچ بىلەن تولۇپ ـ تاشقانىدى . ئۇنىڭ ئەلچىلىك جەريانىدىكى خاتىرىسىدىمۇ، بېيجىڭنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تۇغۇلغان بۇ دىنىي جەمئىيەت ۋەكىلىنىڭ دىنىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ھېسسىيات جەھەتتە مۇنچىلىك قانائەت ھاسىل قىلىدىغانلىقى چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمىغانلىقى يېزىلغانىدى. لېكىن، سىياسىي نۇقتىئىينەزەر جەھەتتە ئۇنىڭ ئەلچىلىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىدىغان ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە بۇ ئارقىلىق فرانسۇزلارنىڭ سۇرىيەدىكى مۇستەملىكىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش قارارىنى چىقارمىدى. راببان ساۋما گويانادىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتكەندە دوسكلۇدىكى كاردىنالغا: «سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك جاناب، ئەمدى سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ مەن ئارخۇن بەگزادە بىلەن باش ئېپىسكوپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سىلەر بىلەن ئىروسالىمنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلگەنىدىم. مانا، ساق بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ قايتىپ بارغاندىن كېيىن موڭغۇللارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

رابان ساۋما پېرسىيەگە قايتىدىغان چاغدا نىكولاي IV نىڭ، «گۈزەللىك شاھى» فىلىپنىڭ ۋە ئېدۋارد I نىڭ ئارغۇن خانغا يازغان سالام خېتىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ 1288 ـ يىلى ياز پەسلىدە پېرسىيەدىكى ئوردىغا يېتىپ كەلدى. ئارغۇن ئۇنىڭغا تولىمۇ مىننەتدار بولدى ۋە ئۇنى ئوردا ئىچىدىكى نىستۇرى ئىبادەتخانىسىنىڭ كاھىنلىقىغا تەيىنلىدى. «ئارغۇن ئوردىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن چاققان چېركاۋ سالدۇردى. ئوردىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن چېركاۋنىڭ ئارغامچىسىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىدى، شۇنداقلا چېركاۋ ئىچىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازىنى توختىتىپ قويماسلىقتا بۇيرۇق قىلدى.»

1289 ـ يىلى (4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) دىكى «كاتولىك پاسخا بايرىمى» دىن كېيىن، ئارغۇن پاپا نىكولاي IV، «گۈزەللىك شاھى» فىلىپ ۋە ئېدۋارد I گە يېڭى بىر ئەلچىنى، يەنى بوسكارىل دې گىسۇفنى ماڭدى. بوسكارىل 1289 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئارىلىقىدا رىمغا يېتىپ كەلدى. ئۇ نىكولاينىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئارقىدىن (11 ـ، 12 ـ ئاي ئارىلىقىدا) «گۈزەللىك شاھى» فىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئۇلارغا ئۆز پادىشاھىنىڭ قۇددۇسنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئىتتىپاق ئورنىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تەكرارلىدى. «گۈزەللىك شاھى» فىلىپقا يېزىقى ئۇيغۇرچە، تىلى موڭغۇلچە قىلىپ يوللانغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان خەتتە: «ئەبەدىلىك تەڭرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە قاغان (قۇبلاي) نىڭ شانۇ شەۋكىتى بىلەن فرانسىيە پادىشاھىغا مەكتۇپ يوللايمىزكى، مەن سىزنىڭ يىلپىز يىلى قىش پەسلىنىڭ 12 ـ ئېيىدا (1291 ـ يىلى 1 ـئايدا) ئاتلىنىپ، ئەتىيازنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى (1291 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا) دەمەشقتە پەيدا بولۇشىڭىزنى تەكلىپ

قىلىمەن. ناۋادا سىز ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ ئالدىنئالا پۈتۈشكەن ۋاقىت ئىچىدە قوشۇن چىقارسىڭىز، ئىروسالىمنى قايتۇرۇۋېلىپ سىزگە تارتۇق قىلىمەن. ناۋادا ۋەدىڭىزدە تۇرمىسىڭىز، مېنىڭ قوشۇن چىقارغىنىمنىڭ پايدىسى يوق» دەپ يېزىلغانىدى. بوسكارىل «گۈزەللىك شاھى» فىلىپقا تاپشۇرغان فرانسۇز يېزىقىدىكى قوشۇمچە خەتتىمۇ، ئارخۇن ئەگەر فرانسىيەنىڭ ئەھلىسەلىپ قوشۇنى سۇرىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقسا، مەزكۇر قوشۇنغا بارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن بىرگە 30 مىڭ تۇياق جەڭ ئېتى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئارخۇن 1290 - يىلى نىكولاي IV، «گۈزەللىك شاھى» فىلىپ ۋە ئېدۋارد I گە تۆتىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىم يولغا چىققان ئەلچىنىڭ ئىسمى چاگان ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چوقۇندۇرۇلغان چاغدىكى ئىسمى ئاندىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بوسكارىل بىلەن بىرگە بىر مەرتىۋە ئەلچىلىككە چىققان بولغاچقا، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ھېسابلىناتتى. لېكىن، غەربلىكلەر بۇ قېتىممۇ كەلگەن ئەلچىلەرنى تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپ ئىشنى تۈگەتتى. فرانسىيە - موڭغۇل بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ مىملۇكلارغا ھوجۇم قىلىش ئىشى شۇنىڭ بىلەن يوققا چىقتى.

شۇڭا، ئارخۇن ئۆزىنىڭ خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ئۇ خۇراساننىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى غازانغا تاپشۇردى. ئۇيرات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەمۇرىي ئەمەلدار ئارخۇن ئاغانىڭ ئوغلى ناۋرۇز ئەمىرنى ئۇنىڭغا ياردەمچىلىككە تەيىنلىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئارخۇن ئاغا 1243 - يىلىدىن 1255 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قاغانغا تەئەللۇق، لېكىن ئۆزىنىڭ قارىمىقىدا تۇرغان پېرسىيە رايونىنىڭ شەرقىي بىلەن ئوتتۇرا قىسمىغا ھۆكۈمران بولغان ھەمدە ھىلاكۇ خانلىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن تاكى 1278 ـ يىلى توسقا يېقىن بىر جايدا ئەلەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر تېخىمۇ مۇھىم نوپۇزنى ساقلاپ قالغان كىشى ئىدى. ئەمەلدارلىق سەھنىسىدە چوڭ بولغان ناۋرۇز خۇراساننى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى چاغلاپ، 1289 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈردى ۋە بەگزادە غازاننى تۇتۇۋېلىشقا تاس ـ تاس قالدى. لېكىن، دەسلەپكى غەلىبىدىن كېيىنلا ئۇ ئارغۇن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، ماۋرائۇننەھرگە قاچتى ھەمدە ئوگداي خانلىقىنىڭ ئاقساقىلى قايدۇرخاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى (1290 ـ يىلى). كاپكاز تەرەپتە، قىپچاق خان دەربەند جىلغىسىدىن ئاتلىنىپ پېرسىيە خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ئارغۇننىڭ سەركەردىلىرى 1290 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سىراكاستىكى قاراسۇ دەرياسى بويىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلدى، تاجاۋۇزچىلىق بۇ زېمىندىن يىراقلاشتى.

## § 10 . قايقۇدو بىلەن بەيدۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئارغۇن 1291 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىق باشلاندى. ئوردىدىكى ئارزۇلۇق ئەمەلدارلار يەھۇدىيلاردىن چىققان ۋەزىر سەئىدداۋۇلنى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەسىر كۈچى ئەڭ زور سەركەردىلەر شۇ كۈنلەردە ئاناتولىيەدە ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئارغۇننىڭ ئىنىسى قايقۇدونى يۆلەپ خانلىق تەختىگە چىقاردى. لېكىن، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن چاكىنا ، ھاراقكەش، خوتۇن كىشىگە ئامراق ، ئىسراپخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يوق ئادەم ئىدى. ئۇ ۋەزىر «شادى جاھان» ئەھمەد خالىد بىلەن بىرلىشىپ

بولمىغۇر بىر ئىشنى ئويلاپ چىقتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا قۇبلايخاننىڭ جۇڭگودىكى قىلىقىنى دوراپ قەغەز پۇل ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى 1294 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېرسىيەگىمۇ سۆرەپ كىردى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تەبرىزدە تۇنجى بولۇپ قەغەز پۇل تارقىتىلدى. بىراق، ئۇنىڭ نەتىجىسى جۇڭگودىكىدىنمۇ بەتتەر بولدى. سودىگەرلەرنىڭ بازار تاشلىشى ۋە بازارلاردا كېلىپ چىققان غەليان تۈپەيلى قەغەز پۇل ئىشلىتىش توختىتىلدى.

دىن جەھەتتە، ماريا بالاخا Ⅲ نىڭ بىئوگرافىيەسىدە سۆزلەنگەندەك، قايقۇدو باش ئېپىسكوپ بىلەن راببان ساۋماغا ناھايىتى زور غەمخورلۇق كۆرسەتتى ھەمدە راببان ساۋما ماراگادا سالدۇرغان نىستۇرى چېركاۋىنى خۇشاللىق بىلەن كۆزدىن كۆچۈردى. لېكىن، ھوقۇقى چوڭىيىپ كەتكەن ۋەزىر «شادى جاھان» موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنى دۆلەت ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ سىياستى بارتولدنىڭ بايقىغانلىرىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالاھىدە پايدىلىق ئىدى.

مۇشۇ خىل خاھىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان قاتتىق نارازىلىقتىن، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى قايقۇدونى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇ 1294 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ماداگادىكى قارارگاھىدا سىياسىي رەقىبلىرى تەرىپىدىن «قان ئاققۇزماسلىق ئۇسۇلى» بويىچە يانىڭ كىرىچى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاقسۆڭەكلەر ھىلاكۇنىڭ يەنە بىر نەۋرىسىنى، يەنى قايقۇدونىڭ نەۋرە ئىنىسى بەيدۇنى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتتى. بېكى خان ئۇنچە مۇھىم ئادەملەردىن بولمىغاچقا، ئۇ پەقەت ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغىنى ئۈچۈنلا ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلدى. بارھېبراۋسنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ خىرىستىئان دىنىغا ئىنتايىن ياخشى كۆڭۈل بۆلدى. «ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى، گرېتسىيەلىك مەلىكە ئابىھەنىڭ جەمئىيىتىدە خىرىستىئان

www.uyghurkitap.com

مۇرتلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئوردىسى ئىچىگە بىرنەچچە كىچىك چېركاۋ ۋە قوڭغۇراق مۇنارلىرىنى ياسىشىغا يول قويدى. ھەتتا ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ خرىستىئان مۇرتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، بوينىغا كرېست ئېسىپ يۈردى. لېكىن، ئۇلارنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى. . . مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ خرىستىئان مۇرىتلىرىغا مۇنچىۋالا ھىممەت كۆرسىتىشىنى قەتئىي خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە مەمۇرىي ئورگانلاردىكى بىر تالاي ئورۇننى قولغا كەلتۈرگەنىدى.»

ئارخۇننىڭ ئوغلى، خۇراساننىڭ ۋالىيسى بەگزادە غازان دادىسىدىن قالغان خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا بەل باغلىدى ۋە بەيدۇغا قارشى چىقتى. غازاننى قوللايدىغانلار ئىچىدە ئەمىر ناۋرۇزمۇ بار ئىدى. بىز تېخى بايىلا تىلغا ئالغان بۇ كىشى 1294 ـ يىلى غازان بىلەن يارىشىپ قالغان ھەمدە ئۇنىڭ لەشكەر باشلىقلىقىغا بەلگىلەنگەنىدى. ناۋرۇز تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولغاچقا، بەيدۇغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭدە پېرسىيىلىكلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، غازاننى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ ، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە قايىل قىلدى. بۇ خىل سىياسەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. چۈنكى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بەيدۇنى قوللايدىغانلار خرىستىئان مۇرتلىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ بەيدۇ ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن، ئاخىر بېرىپ قۇربانلىققا ئايلاندى. غازان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئۇنى بۇ كىچىك بەگزادىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە كۈشكۈرتتى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى ئۇنداق ئويلىمىدى. قول

ئاستىدىكىلەرمۇ ناۋرۇزنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنى تاشلىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇ جەڭ قىلمايلا مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئەزەربەيجاندىن گرۇزىيەگە قېچىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن نەقشىۋەنگە يېقىن جايدا دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ (1295 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) ئۆلتۈرۈلدى.

## § 11 . غازاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

غازان ئاخىرى خانلىق تەختكە چىقتى. بۇ ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن تارتىپ ئويلاپ يۈرگەن ئىشى ئىدى. ئۇ گەرچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن سېپى ئۆزىدىن موڭغۇل ئىدى. بەزىلەرنىڭ تەسۋىرلىگىنى بويىچە ئۇ پاكار بويلۇق، بەتبەشىرە، قوشۇندىكى ئەڭ سەت ئادەم ئىدى. مىسسىئونېر ھايتۇننىڭ سۆزى بويىچە ئۇ پولاتتەك ئىرادىلىك، قۇۋ، مۇتتەھەم، چىدامىلىق ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ ناۋرۇزغا تۇتقان پوزىتسىيىسى دەلىللەپ بېرەلەيتتى. ئۇ دۈشمەنلىرىنى كەچۈرمەيتتى، ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چاغدا ھېچكىمنىڭ ھاياتىغا رەھىم قىلمايتتى، لېكىن ئۇ ۋىجدانلىق، ئەقىللىق مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانپەرۋەر ئادەم دېيىشكە بولاتتى. دەرۋەقە، ئۇ ياخشى قوماندان ۋە باتۇر جەڭچى ئىدى (كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغىنى، خومۇستىكى جەڭدە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن چاغدا، ئۇنى ئۆزى يالغۇز ئوتتۇرىغا چىقىپ جەڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىدى دېيىشكە بولاتتى). يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ دەۋر ئوخشىمىغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ بوۋىسى چىڭگىزخانىنى تارتقانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ پاراسەتلىك ھەمدە تەربىيە كۆرگەن كىشى ئىدى. رەشىدىددىن مۇنداق يازىدۇ: «موڭغۇل تىلى ئۇنىڭ ئانا تىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەرەب تىلى، پېرسىيە تىلى، ھىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلى، زاڭزۇ تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە فرانسۇز تىلىنى ئاز - پاز بولسىمۇ بىلەتتى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى ئەڭ ياخشى ئىگىلىگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش بۇ تارىخقا ئىنتايىن يۈكسەك باھا بېرەلەيتتى. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرى ۋە بارلىق موڭغۇل ئاقساقاللار بىلەن سەركەردىلەرنىڭ نەسەبنامىسىنى پولات ئاغادىن بۆلەك ھەرقانداق موڭغۇلدىنمۇ بەك پىششىق يادلىيالايتتى.» چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدىن مۇشۇ بەگزادىدەك ئۆزىنىڭ ئىرقى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان بىرمۇ ئادەم ئەزەلدىن چىقمىغانىدى. لېكىن، شەرت - شارائىت تۈپەيلى، ئۇنىڭ خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، ئىسلاملىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

شۇڭا، غازانخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپىدىلا كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە شەخس بولغىنىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۆز مۇخلىسلىرىنىڭ سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇ ۋەزىرى ناۋرۇز ۋە مۇسۇلمان گۇرۇھلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى لازىم بولدى. پېرسىيەدىكى موڭغۇل دۆلىتى رەسمىي يوسۇندا ئىسلاملاشتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ سىرتقى بەلگىسى موڭغۇللارنىڭ سەللە يۆگىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ناۋرۇز قوتراتقان مۇسۇلمانلار زوراۋانلىقىنىڭ ئەكس تەسىرى ھىلاكۇنى، ئاباغا ۋە ئارغۇن قاتارلىقلار يۈرگۈزگەن سىياسەتنىڭ قارشى تەرىپىنى شەكىللەندۇردى. ئۆز گۇرۇھىغا ئەسىرگە چۈشكەن ھالەتتە پايتەخت تەبرىزگە قەدەم قويغان غازانخان خرىستىئان ۋە يەھۇدى چېركاۋلىرىنى، مەزدى مەزھىپىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ھەمدە بۇددا دىنىنىڭ مۇنارلىرىنى ۋەيران قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇددا دىنىنىڭ بۇتلىرى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ رەسىملىرىنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ، تەبرىزنىڭ كوچىلىرىدا سازايى

قىلدۇردى. بۇددا راھىبلىرى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. غازانخاننىڭ دادىسى ئارخۇن ئۆزىنىڭ رەسىمىنى بۇددا موناستىرىنىڭ تېمىغا سىزدۇرغانىدى، غازانخان شۇنىمۇ ئاياپ قالماي، بۇ خىل رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن يوقاتتى. خرىستىئان مۇرىتلىرى ۋە يەھۇدىيلار ئۆز ئارا پەرقلىنىدىغان كىيىملەرنى كىيىمەي تۇرۇپ خالايىق ئالدىدا ئاشكار كۆرۈنۈش قىلالمايدىغان بولدى. ناۋرۇز ھەتتا خاننىڭ روخستىنى ئالمايلا، بۇددا راھىبلىرى ۋە خرىستىئان پوپلىرىنى ئۆلتۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇددا راھىبلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ بولغانىدى. نىستۇرى دىنىدىكى باش ئېپىسكوپ ماريا بالاخا Ⅲ ياشىنىپ قالغان ۋە «موڭغۇل» تەۋەلىكىگە كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ ماداگادىكى ۋەخپە يېرىدە قولغا ئېلىندى، نەزەربەند قىلىندى ۋە قامچىلاندى. مۇسۇلمانلار مارشالتادىكى نىستۇرى چېركاۋىنى بۇلاپ ـ تالىدى. ناۋرۇز مايا بالاخا Ⅲ نى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلماقچى بولغاندا، ئەرمىنىيە (سىلىسىيە) پادىشاھى خېيتۇم Ⅱ تەبرىزدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە غازانخاندىن بۇ مويسىپىتنى تىلىۋالدى. مۇشۇ ئارىلىشىش ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى. گەرچە موڭغۇللارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش تەدبىرى ئىنتايىن ئەشەددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ساداقەتمەن بېقىندى دۆلەت ئەرمىنىيەگە تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى بۇ دۆلەت ئىمپېرىيە بىلەن مەملۇكلار سۇلتانلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان چېگرا جايلارنى قوغدايتتى. غازانخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە، شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۇ بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مۇسۇلمان ئەللەرگە ھۆكۈمران قىلىش جەريانىدىكى مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ ۋەزىرى ناۋرۇزنىڭ باشقا دىنلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايتتى. مۇشۇ نوقتىدا ئۇ تەلتۆكۈس موڭغۇل ئىدى. ئۇ ئەركىن ھەرىكەت قوللىنالايدىغان بولغاندا، ماريا بالاخانىڭ ئۇنۋانى ۋە ئەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردى (1296 ـ يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى) ، ماريا بالاخانىڭ موڭغۇل تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. بىراق، ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە تەلۋىلەشكەن مۇسۇلمانلار ماراگادا يەنە بىر قېتىم ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار بۇ شەھەردە نىستۇرى دىنىدىكى باش ئېپىسكوپىنىڭ تۇرالغۇ جايىنى ۋە چېركاۋنى تالان ـ تاراج قىلدى ( 1297 ـ يىلى 3 ـ ئاي). ئەينى ۋاقىتتا، كىرىد تاغلىق رايونىدىكى ئاھالە ناۋرۇز ئەۋەتكەن جاسۇسلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىربىلدىكى ئىچكى قەلئەنى، نىستۇرى مۇرىتلىرىنىڭ پاناھلىنىش ئورنىنى قورشاۋغا ئالدى.

لېكىن، غازانخان ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن قوغدايدىغان قەيسەر ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ ناۋرۇزدىكى ھاكىم مۇتلەقلىقنىڭ چىدىغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى تېز ئارىدىلا سەزدى. ناۋرۇز بولسا نېمە قىلسام يوللۇق دەپ قارىدى. پېرسىيەنىڭ شەرقىدىكى بىر جايدا تەپرىقچىلىك قىلغان موڭغۇل ۋالىيسىنىڭ بۇ ئوغلى، خانلىق جەمەتىدىكى مەلىكە، يەنى ئاباغانىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ، غازانخاننى يۆلەپ تەختكە چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ھېچكىم دەخلى ـ تەرۇز قىلالمايدىغان ئادەم ساناپ قالدى. غازانخانمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش كويىدا، ئۇنى خانلىقنىڭ ھەقىقىي باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەمىرنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە قوپاللىقى چېكىگە يەتتى. شۇنداقتىمۇ خاننىڭ ھوقۇق كالتىكى ئويلىمىغان يەردىنلا ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. 1297 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئىچىدە، غازانخان ناۋرۇزنىڭ ئوردىدىكى قولچوماقچىلىرىنى تۇيۇقسىز قولغا ئالدى ھەمدە ئۇلارنى تېزلىك بىلەنلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە خۇراساندا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ناۋرۇزخانغا سادىق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى ۋە نىشاپورنىڭ ئەتراپىدا مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئۇ جېنىنى ئامان ساقلاش ئۈچۈن، ھىرات شەھىرىدىكى مەلىك رۇقنىدىنىنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى پەخرىدىن

كىرىتنىڭ يېنىغا قېچىپ باردى. لېكىن، كىرىتنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىن تارتىپ موڭغۇللا ئارىسىدا قالايمىقان جەڭگى ـ جېدەلدە كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ تەرىپىگە دەرھال ئۆتۈۋېلىش ئىدى. بۇ پاراسەتلىك ئافغان جەمەتى ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغان بىر ۋەزىرنى دەپ، چىڭگىزخاننىڭ خانلىقى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرمايتتى. ئىمپېرىيە قوشۇنى ھىراتنى قورشىغاندا ۋە ناۋرۇزنى تۇتماقچى بولۇۋاتقاندا، پەخىردىن قېچىپ يۈرگەن بۇ ۋەزىرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ناۋرۇز دەرھال ئۆلتۈرۈلدى (1297 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى).

ناۋرۇزنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلغان غازانخان ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى راۋرۇس ئاشكارىلىدى. بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئۇ گەرچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق ئەيىبى يوق موڭغۇل ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇكەممەل بىلىمى بار، قاتتىق قول، ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى. مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان چاغدا، ئۇ ھەرقانداق گۇمانلىق ئادەمنى ئۇنىڭ خان جەمەتى، ئەمىر ياكى ئەمەلدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بايقىغان ھامان، ئۇلارنى شەپقەتسىز ھالدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بارتولد مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ بىر پادىشاھ ۋە قانۇن تۇرغۇزغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل مەردانە، ئۇلۇغۋار پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، تاكى تەقۋادارچىلىقتىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى دۆلەت مالىيەسىگە، بولۇپمۇ پۇل ئىشلىتىش تۈزۈمىگە قاراتتى. ئۇ مېتال پۇل ئۇستىگە ئەرەبچە، موڭغۇلچە ۋە زاڭزۇچە ئۈچ خىل خەتنى ئويدۇرۇپ چىقتى. غازانخان ئۆزىنىڭ ئەجداتلىرى بىلەن بىرگە يەنىلا بېيجىڭدىكى قاغاننىڭ ۋەكىلى بولىۋەرمەي، ئەكسىچە ئۆزىنى ‹تەڭرىنىڭ قىلىچى› ھېسابلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولالايدىغان ھوقۇقنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارلىقىغا قارىماي، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى داۋاملىق ھالدا جۇڭگودىكى چوڭ خان تېمۇر (يۈەن چىڭزۇڭ) نى زىيارەت قىلىشقا ماڭدۇرۇپ تۇردى. ئۇنى چىڭگىزخانىنىڭ جەمەتى، بولۇپمۇ تولى جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى دەپ بىلدى.»

غازانخان ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ سۇيىقەستى ۋە خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىغا قەتئىي يول قويماسلىق بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئېھتىياتچان سىياستى ئارقىلىق «زورلۇق - زومبۇلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلاردىكى خەلقنى قانات ئاستىغا ئالدى.» بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىغا: «سىلەر مېنى تاجىكلارنى (پېرسىيەلىكلەرنى) بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا يول قويۇڭ دەيسىلەر، لېكىن سىلەر دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇدا ئىشلىتىدىغان ئۇي - كالىلىرى بىلەن ئاشلىقلىرىنى بۇزۇپ چاچقاندىن كېيىن يەنە نېمىلەرنى قىلالايسىلەر؟ ئەگەر شۇ چاغدا سىلەر مەندىن تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان بولساڭلار، دەھشەتلىك يوسۇندا ئەدەپلەيمەن» دېدى. ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاياغ ئاستى قىلىشتىن كېيىن، خۇراسان بىلەن ئىراق - ئەجەمنىڭ زور بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرى چۆل - جەزىرىگە ئايلانغانىدى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېتىز - ئېرىقلارنى ۋەيران قىلغانىدى. رەشىددىدىن مۇنداق يازىدۇ: «تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق زور قىسمى تېرىلمىغانىدى. مەيلى بۇ يەرلەر ئومۇمنىڭ ياكى شەخسنىڭ بولسۇن، ھېچكىممۇ تېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇلار بىر تالاي كۈچ سەرپ قىلغان ۋە پۇل خەجلىگەندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.» غازانخان «تېرىلغۇ يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» بىلەن شوغۇللاندى. رەشىددىدىن يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ بۇ خىل ئەمگەكنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئۆزى چۈشۈرگەن بىر يارلىقتا تېرىقچىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئادىل شەرت ئاستىدا ئۇلارنىڭ

ئۆزىگە بېرىشكە، ئومۇمىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان يەرلىرىنى تېرىشنى خالايدىغانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشقا، بىرىنچى يىلدا باجنى كەچۈرۈم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ يارلىقنىڭ ئۆزىدە يەنە كۆپ يىل تاشلىنىپ قېلىپ تېرىلمىغان يەرلەرنى يېڭىدىن تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار ئەسلىي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.» ئەينى ۋاقىتتا، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئەمەلدارلارغا نازارەتنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ كىرىمى 1700 پېرسىيە دىنارىدىن 2100 دىنارغا كۆپەيدى.

غازانخان پېرسىيەلىك تارىخچى رەشىدىددىن (ئەسلىي يۇرتى ھامادان، 1247 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1318 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. 1298 ـ يىلى «شاد» لىققا كۆتۈرۈلگەن) گە موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش تەلىپىنى قويدى. بۇ داڭلىق ئالىم دەرھاللا ئۆلمەس ئەسەر «جامىئۇ تەۋارىخ» نى يېزىشقا كىرىشتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، غازانخان ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى ناھايىتى ئېنىق بىلگەچكە، رەشىدىددىننى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يەنە بىرەيلەن جۇڭگودىكى قاغان تەرىپىدىن پېرسىيەگە ئەۋەتىلگەن ۋەزىر بولات ئىدى.

غازانخان پايتەخت تەبرىزدە غايەت زور قۇرۇلۇشلارنى ئالايلۇق، مەسچىت، مەكتەپ، پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلەرنى سالدۇردى. رەشىدىددىن مۇنداق خاتىرىلىگەن: «شۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇزۇشنىلار بىلىدىغان موڭغۇللار قۇرۇش بىلەنمۇ شوغۇللىنىدىغان بولدى.» شۇڭا، غازانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەبەدىلئەبەد كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەرنىڭ پېرسىيەدە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مەزگىلگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئادەمنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېچىندۇرىدىغىنى، بۇ خىل «مۇقىم ئولتۇراقلىشىش» ئۈچۈن ئۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلدى. ئۆزلىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك رەھىمدىللىقتىن ۋاز كېچىپ بارغانسېرى گۇرۇھۋازلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا يۈزلەنگەن ئىسلام دىنى (مۇشۇ يەرگە كەلگەندە رەشىدىددىننىڭ جازالانغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم) ئىلكىدىكى پېرسىيەلىك موڭغۇللار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىدىكى مىللىيلىكنى، ئۆزلىرىدىكى پەزىلەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ قايىنىمىغا شۇڭغۇپ، تەبىئىي رەۋىشتە يوقىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

قەيسەر ئىرادىلىك غازانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرىدە، ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇنداق بەختسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى بىرەر ۋاقىت ئىچىدە ياكى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ئوچۇق ئىپادىلەنمىدى. مەسىلەن، كىچىك ئاسىيادىكى بۇ بەگزادە بىر چاغلاردا سادىر بولغان بۆلۈنۈش خاھىشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى. كېيىنچە بەيجۇ نايۇننىڭ نەۋرىسى سولامىش بۇ يەردە مۇستەقىل خاندانلىق قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇ تۇركمەن ئەمىر مەھمۇد بەگ لىكاۋنىيا (كونىيا) نىڭ كونا زېمىنىدا قۇرغان (كاپادوسيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى) قارامەن خانلىقىدىكى ھەقىقىي باشلامچىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، بۇ ئىسيان 1299 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىرزەنجان ئەتراپىدىكى ئاق شەھەر دېگەن جايدا غازانخاننىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. تەبرىزدىكى ئوردا كونىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى سالجۇق سۇلتانلىرىنى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا ئېلىۋېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ھەرقانداق بىر موڭغۇل ھاكىمىنىڭ ھوقۇقىغىمۇ يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، غازانخان مەسئۇد Ⅱ نى (1295 - يىلى) ئېلىپ تاشلاپ، كەيخۇۋار Ⅱ نى تىكلىگەندىن كېيىن (1297 - يىلى)، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئۇنى بىكار قىلدى

(1300 ـ يىلى) . ئارقىدىن مەسئۇد Ⅱ نى يەنە بىر مەرتىۋە تەختكە چىقاردى (بۇ كىشى 1304 ـ يىلى ئۆلدى) . ئۇ مۇشۇ مەشھۇر خانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەگزادىسى بولۇپ قالدى.

دىپلوماتىيە جەھەتتە، غازانخان ھۇلاكۇ بىلەن ئاباغانىڭ سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىملىق يېڭى تاجاۋۇزنى باشلىدى. ئۇ مەملۇكلار ئىمپېرىيەسىنىڭ سۈرىيەدىكى شەھىرى ھەلەپنىڭ تاشقى قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ (1299 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) ، مەملۇك قوشۇنلىرىنى خومۇس شەھىرىنىڭ ئالدىدا (12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) مەغلۇپ قىلدى ۋە دەمەشىققە كىردى (1300 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئەرمىنىيە پادىشاھى، مۇشۇ خانلىقتىكى باشقا بەگزادىلەرگە ئوخشاش موڭغۇللارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان خېيتۇم Ⅱ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، موڭغۇللار بىلەن جەڭ قىلدى. لېكىن، موڭغۇللارنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىدى، ئۇ بۇرۇنقىلاردىن «ئېشىپ قالغان ئىش» نىڭ داۋامى بولدى، خالاس! بولۇپمۇ فرانسۇزلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پونكىتىنىڭ قولدىن كېتىشى، پېرسىيەدىكى موڭغۇللارنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىن، مۇشۇنداق نەتىجە يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غازانخان مۇشۇ نۆۋەتتىكى شانۇشەۋكەتتىن كېيىن پېرسىيەگە قايتىپ كەتتى (1300 ـ يىلى 2 ـ ئاي) . مەملۇكلار بولسا سۈرىيەنى يەنە بىر مەرتىۋە ئىشغال قىلدى.

دەرۋەقە، چاغاتاي خانلىقىدىكىلەر ئىراننىڭ شەرقىگە تاجاۋۇز قىلىپ، پېرسىيە خانلىقىنى ئېغىر پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. تۈركىستاندا خان بولۇپ تۇرغان دۇۋانىڭ ئوغلى بەگزادە قۇتلۇق خوجا ئافغانىستاندىكى غەزنىنە بىلەن كىر چېگراسى ئارىلىقىدا سۈيۈرغاللىق يەر بىنا قىلدى. بۇ غازانخاننىڭ سۈرىيەگە قوشۇن تارتىپ، كىرمان بىلەن پارسنى ئاياغ ئاستى قىلىپ يۈرگەن

چاغلىرىغا توغرا كەلدى. 1303 ـ يىلى ئەتىيازدا، غازانخان سۈرىيەگە يېڭى قوشۇن ماڭدۇردى، لېكىن بۇ قوشۇننى يېتەكلەپ ماڭغان سەركەردە قۇتلۇق شاھ دەمەشىقنىڭ يېنىدىكى «سىرىق يايلاق»تا مەملۇكلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى (1303 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى). بۇ موڭغۇللارنىڭ سۈرىيەگە بولغان ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمى بولۇپ قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، غازانخان پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلاشقان ئىچكى سىياسەت بىلەن ھىلاكۇ، ئاباغا ۋە ئارغۇن ئىسلاھ قىلغان دىپلوماتىيە سىياسىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەشىدىددىنمۇ ئىشەنچلىك شاھىت بولالايتتى، شۇنداقلا غازانخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى شۈبھىلىك سەمىمىي ۋە رەسمىي ئىدىكى، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ بۇددا دىنى بىلەن توغرىراقى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن پۈشايمان قىلمىغاندەك دەرىجىدە ئادا ـ جۇدا بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا بۇددا راھىبلىرىنى ۋە لامالارنى ئۆزىنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئىبادەتخانىلاردىن كېتىشكە زورلىغانىدى. ئەكسىچە، ئۇ دىپلوماتىيىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىستۇرى مەزھىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى توختاتتى ھەمدە باش ئېپىسكوپ مارىيابالاخا III كە دوستلۇق ئىپادىلىدى. 1306 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قېرى پاپا ماراگادا ياساتقان يېڭى موناستىرغا بېرىپ، باش ئېپىسكوپنى يوقلىدى ۋە سوۋغا ـ سالام ئىنئام قىلدى.

## § 12 . ئولجايتۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

غازانخان 1304 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئولجايتۇ ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە (1304 ـ

يىلىدىن 1316 ـ يىلىغا قەدەر ) ۋارىسلىق قىلدى. نىستۇرى مۇرىتى مەلىكە ئۆرۈك خاتۇندىن توغۇلغان بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ چوقۇندۇرۇشى ئارقىلىق ئۆزىگە نىكولاي دەپ ئىسىم قويغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئايالىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ ھەتتا بىر مەزگىل پېرسىيەدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇاتقان دەۋردە، پېرسىيە خانلىقىدىكى ئىسلاملىشىشنىڭ قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى. نىستۇرى دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى مارياباللاخا ئولجايتۇنىڭ يېنىدا يۈرۈپ غازانخاننىڭ ۋاقتىدىكىدەك مۇئامىلىگە ئېرىشىمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ بىئوگرافىيىسىدە يېزىلغاندەك، زورمۇزور قىلىنىۋاتقان تەكەللۇپنىلا تاپالىدى. مۇسۇلمانلارمۇ شۇ خىل ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ نىستۇرى مۇرىتلىرىنى خارلىدى. كېلىپ چىقىشى كېرەي قەبىلىسىدىن بولغان بەگزادە، توغمىس خوتۇنىنىڭ جىيەن ئوغلى. ئولجايتۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى، موغۇل ئەمىر ئىرەنجىن، كېرەي قەبىلىسىدىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش خرىستىئان دىنىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلاردىن بولغاچقا، تەبرىزدىكى چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىشنى توسۇشقا ئۇرۇندى. ئىربىلدىكى ئىچكى قەلئەنىڭ نىستۇرى دىنىدىكىلەر پاناھلىنىدىغان بىخەتەر جاي ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇملۇق ئىش بولسىمۇ، 1310 ـ يىلى ئەتىيازدا شۇ جايدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار كوردلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قەلئەنى ئىگىلىۋالدى. ماريا بالاخا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ بالا ـ قازادىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدى، لېكىن ئىربىلدىكى خرىستىئان دىنى ئورگانلىرى ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى. ئاخىرىدا پېرسىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنى بىلەن كورد تاغلىق رايوندىكى پۇقرالار 1310 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قەلئەنى ئېلىپ، مۇداپىئەدە تۇرغانلارنى بىرنى قويماي قىرىپ تاشلىدى. ماريا بالاخا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئاران ـ ئاران

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توگىتىپ، 1317 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى موڭغۇللاردىن ئازار يېدى. چۈنكى ئۇ بىر چاغلاردا ئۇلارغا سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەنىدى، ئەپسۇسكى ئۇلار بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىمۇ ئىنكار قىلدى.

چىڭگىزخان جەمەتى نىستورى مۇرىتلىرىغا بولغان ئەنئەنىۋى ھېسداشلىقتىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئولجايتۇخان ئاكىسى غازانخاننىڭ سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىدىكى خاسلىقنىڭ ئۇنچە مۇكەممەل بولمىغانلىقىغا قارىماي، غازانخان تىكلەپ بەرگەن مۇستەھكەم مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئۇنى ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، ئىنسانپەرۋەر پادىشاھ دەپ تەسۋىرلىدى. ئۇ بۈيۈك تارىخشۇناس رەشىدىددىننى يەنىلا ۋەزىر قىلىپ ئىشلەتتى، بۇ قالتىس مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن سىياسىيون، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرىدە غازانخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىنمۇ بەك زور تەسىر پەيدا قىلدى. رەشىدىددىن ھەتتا ئولجايتۇ خاننى شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىشقا قايىل قىلدى. ئولجايتۇخان يەنە بىر تارىخچىغا، يەنى رەشىدىددىننىڭ زاماندىشى ۋاسساپقا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئولجايتۇ خاننى داڭلىق ئارخىتېكتور دېيىشكە بولاتتى. ئۇ 1305 ـ يىلى بىلەن 1316 ـ يىلى ئارىلىقىدا ئىراق ـ ئەجەمنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۇلتانىيەنى بىنا قىلدۇردى. ئۇ دادىسى ئارغۇن بەلگىلەپ بەرگەن بۇ جاينى قولىدىن كېلىشىچە گۈزەللەشتۈردى. ماراگادىكى رەسەتخانىغا كۆڭۈل بۆلدى. رەشىدىددىنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا بۈيۈك ئارخىتېكتور ئىدى. ئۇمۇ 1309 ـ يىلى تەبرىزنىڭ شەرقىدىكى غازانىيە شەھەر رايونىنى لايىھىلەپ قۇرۇپ چىقتى.

ئولجايتۇ خان مۇسۇلمانلاردەك رەھىمدىل بولغىنىغا قارىماي، دىپلوماتىيە جەھەتتە غازانخانغا ئوخشاشلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان

يولىنى داۋاملاشتۇردى، يەنى خرىستىئان ياۋروپاسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىپ مەملۇكلارغا قارشى چىقتى. ئۇ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇمەن ئۈندۈچىنى غەربىتىكى خرىستىئانلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتتىكى خانلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ماڭدۇردى. ئۇنىڭدىن پاپا كېلېمېنت V كە، فرانسىيەدىكى «گۈزەللىك شاھى» فىلىپكە، ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد II گە خەت ئەۋەتتى. بۇ ھۆججەتلەر ھازىرغىچە بار. ئۇ 1305 - يىلى 5 - ئايدا «گۈزەللىك شاھى» فىلىپگە يوللىغان ھەمدە ھازىرغىچە بىزنىڭ ئارخىپخانىمىز (فرانسىيەدىكى Archives nationales) دا ساقلىنىۋاتقان خەتتە ئۆزىنى ۋە چىڭگىزخان جەمەتىدىن باشقا ئەللەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلارنى، جۇملىدىن جۇڭگودىكى تېمۇرنى، ئوگداي خانلىقىنىڭ باشلىقى چاپارنى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشلىقى دۇۋانى، قىپچاق خانلىقىنىڭ باشلىقى توغتاينى ماختاپ تىلغا ئالدى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئولجايتۇ يەنە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ خرىستىئان دۇنياسى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، پېرسىيە خانلىقى بىلەن مەملۇكلار سۇلتانلىقى ئوتتۇرىسىدا چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەردى. 1304 - يىلى ۋە 1305 - يىللىرى، مەملۇكلار موڭغۇللارنىڭ بېقىندى دۆلىتى سىلىسىيەدىكى ئەرمىنىيە خانلىقىغا كېلىپ ئۇ يەرنى بۇلىدى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، كىچىك ئاسىيانى قوغداۋاتقان موڭغۇللار ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ قاتتىق چىقىمغا ئۇچراتتى. ئولجايتۇخان 1313 - يىلى يېۋپرات دەرياسى رايونىدا مەملۇكلارنىڭ رەھبە قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالدى، لېكىن دەھشەتلىك ئىسسىق ئۇلارنى مۇداپىئەدە تۇرغانلار تەسلىم بولۇشتىن ئىلگىرى قورشاۋنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

www.uyghurkitap.com

كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇقلار خانلىقى 1302 - يىلى ھالاك بولدى. شۇڭا، كىنىيەدىكى موڭغۇل ۋالىيلار بۇ رايوننى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، سالجۇقلاردىكى «پەردە» ئورنىدا كارغا كېلىدىغان بۇ رايوننىڭ قولدىن كېتىشى، موڭغۇللارنى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ يوقالغانلىقى تۈپەيلى مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان تۈرك ئەمىرلىرى بىلەن بىۋاسىتە دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئالايلۇق، ئېرمىناك تاغلىق رايونىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۈركمەن ئاقساقاللىرى، كالاماندىكى ئەمىرلەردە مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇلار كىنىيە رايونىدىكى سالجۇقلارنىڭ مىراسخورى بولۇشقا ئۇرۇنغان مۇشۇ مەزگىلدە، 1299 - يىلى ئالدى بىلەن خازانغاندىن قاقشاتقۇچ زەربە يېدى. 1308 - يىلى بىلەن 1314 - يىلى ئارىلىقىدا كالاماندىكى ئەمىر مەھمۇد بەگ كىنىيەنى بېسىۋالدى. لېكىن، ئولجايتۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن سانغۇن چوباننى ئەۋەتتى. مەھمۇد بەگ باشقا ئىلاج تاپالماي قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا (1319 - يىلى) قايتىپ كېلىپ تەسلىم بولدى. فرىگىيە بىلەن بىتىنيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ئوسمانىيلارمۇ سالجۇق سۇلتانلىقى ھالاك بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلدى. بولۇپمۇ ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان I ۋىزانتىيەدىكى چوڭ شەھەر نىسەيگە پەۋقۇلئاددە ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇڭا، ۋىزانتىيە پادىشاھى ئاندۇنى II ئولجايتۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، سىڭلىسى مارىيەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، موڭغۇللارنىڭ بىر قوشۇنى ئوسمانىيلارنىڭ ئەسكى شەھەر رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى، لېكىن ئۇلار ئوسماننىڭ ئوغلى ئورھاننىڭ قارشىلىقى تۈپەيلى ئۇ يەردىن چېكىنىپ چىقتى.

ئاناتولىيەنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ۋىزانتىيە ئارىلىقىدىكى

چېگرا رايوندا ياشايدىغان تۈركلەر پېرسىيەدىكى موڭغۇللاردىن ئۆزلىرىگە ئاز - پاز نەپ تېگىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ناۋادا شۇ جايدىكى ئوسمان ئەمىرلىكىنىڭ يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتكەنلا بولسا، دېمەك ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئەھۋالىدىن دەرگۇمان ئەمەسلىكىنى چۈشەنگىلى بولاتتى. موڭغۇللار ئىرانىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ماۋرائۇننەھردىكى چاغاتاي خانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا ئىزچىل قارشى تۇردى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزلىرىگە بېقىندى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھىراتتىكى ئافغات كىرىت جەمەتىدىكى يامان غەرەزلىك ئاپتونومىيە خاھىشىنى ئۈزۈلدۈرمەي باستۇردى.

ئولجايتۇخان ھىراتنى قورشاش ئۈچۈن، 1306 - يىلى دانىشمەن باھادىر سانغۇنى ماڭدۇردى. بۇ كىرىت خاندانلىقىدىكى ئۈچىنچى شاھزادە پەخىردىن ئۆزىنى پادىشاھ ئېلان قىلىپ، مۇستەقىل يۇرت سوراۋاتقان چاغ ئىدى. پەخىردىن قوشۇنلىرىنى ئومان خوخەي قەلئەسىگە چېكىندۇرۇپ، ھىراتنىڭ تاشقى قەلئەسىنى دانىشمەننىڭ ئىشغال قىلىشىغا قويۇپ بەردى. ئىچكى قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن مەھمۇد Ⅲ نى بەلگىلىدى. مەھمۇد Ⅲ يالغاندىن تەسلىم بولغان بولۇپ دانىشمەننى ئىچكى قەلئەگە ئېلىپ كىرىپ ئۆلتۈردى (1306 - يىلى 9 - ئاي). ئولجايتۇخان يەنە قوشۇننى ياساۋۇل ئەمىر بىلەن دانىشمەننىڭ ئوغلى بۇجەينىڭ يېتەكچىلىكىدە ھىراتقا يولغا سالدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورشاۋ ھەمدە رىۋايەتكە ئوخشاپ قالىدىغان ۋەقەلەردىن، ھىراتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قەلئەلىرى تەسلىم بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاچارچىلىق، ساتقۇنلۇق ۋە ئاسىيلىقتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ئىدى (1307 - يىلى).

www.uyghurkitap.com

پەخىردىنىغا كەلسەك، ئۇ ئومان خوخەي قەلئەسىدە ئۆلدى. لېكىن، ئۇلجايتۇ خان شۇ مەزگىلدىكى پايدىلىق شارائىت تۇپەيلى كېرىت جەمەتىنى بىراقلا ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرمىدى، ئەكسىچە ئۇزۇنغا قالمايلا، ھىرات خانلىقىنى پەخىردىنىنىڭ ئىنىسى غىياسىدىنىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى (1307 - يىلى 7 - ئاي). مۇشۇ ئارىدا غىياسىدىن قايتا ئىسيات كۆتۈرمەكچى دېگەن سۆز - چۆچەكلەرمۇ بولدى، لېكىن غىياسىدىن بىۋاسىتە ئۇلجايتۇ خاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى، گۇمان تۈگىگەندىن كېيىن، ھىرات خانلىقى ئوچۇق - ئاشكارا ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى (1315 - يىلى).

بىزگە بابلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلجايتۇ خان 1313 - يىلى چاغاتاي خانىنىڭ بېقىندى ئەمەلدارى داۋۇر خوجىنىڭ قولىدىن ئافغانىستاننىڭ شەرقىنى تارتىۋېلىپ، چاغاتاي خانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدىكى بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىققا دۇچ كەلدى. يەسەن بۇغا مىرغاپ دەرياسى بويىدا غەلىبە قازىنىپ، خۇراساننىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى (1315 - يىلى). لېكىن، پېرسىيە بۇ قېيىنچىلىقنى ھايال ئۆتەيلا بىر تەرەپ قىلدى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، جۇڭگو زېمىنىدىكى قاغان چاغاتاي خانلىقىنى ئارقا تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن چىقارغانىدى. ئۇلار (1316 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) تالاس دەرياسىنىڭ بويىغىچە يېتىپ كەلدى. سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغاتاي شاھزادىسى ياساۋۇر تېخىمۇ تېزلىك بىلەن خۇراسانغا يەنە بىر مەرتىۋە تەھدىت پەيدا قىلدى. ئۇلجايتۇخان بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ بۇ شاھزادىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇ مۇستەقىل بولۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى (1318 - يىلى). شۇنداقتىمۇ پېرسىيەلىكلەر تەلەيلىك چىقتى.

ياساۋۇر شۇ چاغدىكى «چاغاتاي» خان تەرىپىدىن، يەنى كىبىك خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى (1320 ـ يىلى 6 ـ ئاي). بۇ قېتىمقى جەڭدە ھىراتتىكى ئەمىر غىياسىددىن كىرىت ياساۋۇرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي غەلىبىلىك قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ھىلاكۇ جەمەتىگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. تەبرىزدىكى ئوردا ئۇنى قالتىس ھەشەمەت بىلەن تارتۇقلىدى، لېكىن غىياسىددىن كىرىت ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق يول بىلەن ئۆز جەمەتىنىڭ ھىرات خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا (1329 ـ يىلى) ئاللىبۇرۇن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ بولغانىدى. تەبرىزدىكىلەر بولسا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرا رايونىدىكى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان مۇھاپىزەتچى دەپ قارىدى.

## 13 §. ئابۇسەئىدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىرىشلەر ئابۇسەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يۈز بەردى. ئابۇسەئىد 12 يېشىدىلا دادىسى ئولجايتۇغا ۋارىسلىق قىلدى. ئولجايتۇ 1316 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سۇلتانىيەدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئابۇسەئىد 1317 ـ يىلدىن 1334 ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، باشتىن ـ ئاياغ دېگۈدەك موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىكى قونچاق بولۇپ ياشىدى. ئۇلار ئابۇسەئىد نامى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ئۆز ئارا ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە يەر ـ زېمىن تالىشىپلا ئۆتتى. ۋەزىرنىڭ مەنسىپىنى تۇتقان تارىخچى رەشىددىن ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغدىغان بولسىمۇ، لېكىن خاننىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن

گۇرۇھ مەزھەپلەر ئۇنى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلىدى، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى (1318 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى).①

ئابۇسەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىرىنچى باشقۇچتا دۆلەت ھوقۇقى كېلىپ چىقىشى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان چوبان ئەمىرنىڭ قولىغا قالدى. بۇ ئادەم 1317 ـ يىلىدىن 1327 ـ يىلىغا قەدەر ۋاقىت ئىچىدە پېرسىيەنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قاتتىق قول بىلەن يۇرت سوردى. ئۇ 1322 ـ يىلى كىچىك ئاسىيانىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى تېمۇر تاش قوزغىغان ئىسيانىنى باستۇردى؛ 1325 ـ يىلى قىپچاق خانلىقىغا قوشۇن تارتىپ تېرەك دەرياسىغا قەدەر باردى. ئوغلى ھۈسەيىن 1326 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىدىن خۇراسانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دارما شىرنى غەزنىگە يېقىن جايدا مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى ماۋرائۇننەھر تەرەپكە قوغلىۋەتتى. چوبان ئەمىر 1327 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۆزىگە ھامىيلىق قىلىۋاتقان خان بىلەن كېلىشەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزدى ھەمدە خۇراساندا ئىسيان كۆتۈرۈپ مەشھەددىن ئەزەربەيجانغا كىرمەكچى بولدى. لېكىن، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەچكە، باشقا ئىلاج قىلالماي ھىراتقا قېچىپ بېرىپ، غىياسىدىن مەلىكنىڭ يېنىدا پاناھلانماقچى بولدى. غىياسىدىن مەلىك ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈردى ۋە «قوللىرىنى كېسىپ

---

① رەشىدىددىننىڭ ئۆلۈمى خىزمەتدىشى ئەلى شاھنىڭ سۇيىقەست قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن كېلىپ چىقتى. رەشىدىددىن ئون سەككىز يىل ھاكىمىيەت باشقۇرغان ھەمدە ئۈچ نەپەر خانغا خىزمەت قىلغان بولغاچقا، بۇ ئىش ئۆز خىزمەتدىشىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇلار رەشىدىددىنگە كېسەل ياتقان ئولجايتۇخاننى سۈرگە دورىسى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈردى دېگەن بەتنامنى چاپلاپ، ئۇنى قاق بېلىدىن چاناپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئىبراھىممۇ دادىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلدى. پاكىتلارغا ئاساسەن، رەشىدىددىن 60 مىڭ دىنار ياكى 900يۈز مىڭ ئالتۇن ماركىغا تەڭ قىممەتتىكى كىتابنى يىغىپ ساقلىغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېرسىيەدە ياشىغان ئەڭ بۈيۈك كىتاب ساقلىغۇچى ئىدى.

تاشلاپ» ئۆلۈكىنى ئابۇسەئىدگە ئەۋەتىپ بەردى (1327 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى). چۇبان ئەمىرنىڭ كىچىك ئاسىيادا ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئوغلى تېمۇر تاش قاھىرەگە قېچىپ بېرىپ مەملۇكلارنىڭ قېشىدا پاناھلانماقچى بولدى. لېكىن، مەملۇكلار ئابۇسەئىدنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىماي، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

قاتتىق قول چۇبان ئەمىرنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋەزىر رەشىدىددىن قانۇنلۇق يوسۇندا قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى پېرسىيە خانلىقىنى ھالاكەت گىردابىغا باشلاپ كىردى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئابۇسەئىدمۇ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل - پېرسىيە دۆلىتىنى ئامان ساقلاپ قالالايدىغان يەنە بىر ھەربىي داھىي ياكى مەمۇرىي باشلىق چىقمىدى. ھىلاكۇنىڭ «ئولۇس»ى پارچىلاندى.

چۇبان ئەمىرنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تۈركلەر ياشاۋاتقان ئاناتولىيەنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىمۇ بىر سەۋەب بولدى. سۇلتان مەسئۇد II 1304 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، كىنىيەدىكى سالجۇق سۇلتانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا تۈگەشتى. پېرسىيە ئوردىسى تەرىپىدىن بۇ رايوننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن بېقىندى ئەمەلدارلامۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىش كويىدا بولدى. چۇبان ئەمىرنىڭ ئوغلى تېمۇرتاشنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغانلىقىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال تۈپەيلى كېلىپ چىققانىدى. دەرۋەقە، ناۋادا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بالا - قازا كەلمىگەن بولسا، ئابۇسەئىد ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىنىيە ياكى قەيسەرىيەدە ئاناتولىيە موڭغۇل سۇلتانلىقىنى ئۆرە قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ سۇلتانلىق شەك - شۈبھىسىزكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ

شىلتىڭ ئېتىشىغا توسالغۇ بولالايتتى.[1] ئەكسىچە، ئابۇسەئىد ئۆلۈپ سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن تېمۇرتاشنىڭ 1327 ـ يىلىدىكى مەغلۇبىيىتى ئاناتولىيەنى ئىگە ـ چاقىسىز قالدۇردى، يەرلىك تۈرك ئەمىرلىرى ئازادلىققا ئېرىشتى، شەرقىي جەنۇبتا كالىمەنلار، غەربىي شىمالدا ئوسمانىيلار باش كۆتۈردى. 1327 ـ يىلى بىلەن 1335 ـ يىلى ئارىلىقىدا پېرسىيەدىكى موڭغۇل ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىگە ۋاستىلىك سەۋەب بولدى.

## § 14. پېرسىيە موڭغۇل خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى

ئابۇسەئىدنىڭ ئۆلۈمى (1335 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) پېرسىيە موڭغۇل خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئاقسۆڭەكلەر ھىلاكۇنىڭ خانلىق جەمەتىدىن يېڭى بىر خان تاللاپ چىقالمىدى. ئەكسىچە، چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ باشقا بىر پۇشتىدىن ئارپاگاۋۇن ئىسىملىك بىرسىنى تاپتى، ئۇ موڭكى، ھىلاكۇ ۋە قوبلاي ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ئارىق بۇغانىڭ ئەۋلادى ئىدى. تاساددىپىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خان، 1336 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسيان كۆتۈرگەن بىر ئەمەلدار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا قالدۇق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى ئايرىپ باشقۇرۇۋاتقان ئىككى نەپەر يالچىدار قورچاق پادىشاھلىق ۋەزىپىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆزئارا

---

[1] دوسسون يازغان كىتابتا (4 ـ جىلد 686 ـ بەت): «تېمۇرتاش ئۆزىنى رۇم (سالجۇقلارنىڭ ئاناتولىيەسى) نىڭ ۋالىيسى چاغلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىستىبلاچىلىقى موڭغۇللار شۇنچىلىك بىرىپ ياقمىغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغاقلىرىغا قەدەر يەتتى. ئۇ يەردە ئۇ گرېكلارنى ۋە ئىسيان كۆتۈرگەن تۈركلەرنى بىر ـ بىرلەپ مەغلۇپ قىلدى» دەپ يېزىلغانىدى.

ھاكىمىيەت تالاشتى. ئۇلارنىڭ بىرى كىچىك ئاسىيانىڭ باش مۇپەتتىشى «ئۇزۇنتۇرا» ھەسەن ياكى ھەسەن جالايىر بولۇپ، ئۇ جالايىر دەپ ئاتىلىدىغان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. يەنە بىرى «پاكار» ھەسەن بولۇپ، ئۇمۇ موڭغۇل ئىدى. چوبان ئەمىرنىڭ نەۋرىسى بولغان بۇ ئادەم، بىر چاغلاردا ئۆز جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىرغىن قىلىشىدىن قېچىپ قۇتۇلغانىدى. چوبان جەمەتىدىن بولغان ھەسەن، 1338 - يىلى ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبى جالايىرنىڭ قولىدىن خانلىقنىڭ پايتەختى تەبرىزنى تارتىۋالدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي شىمالدىكى ئەزەربەيجان بىلەن ئىراق — ئەجەمدە يېڭى بىر خانلىق تىكلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى ئەشرەپ (1343 - يىلى) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولدى ھەمدە ئوخشاشلا تەبرىزنى پايتەخت قىلدى. جالايىر ئۆزىگە باغدادنى پايتەخت قىلىپ، 1340 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ يەرنى مۇستەقىل پادىشاھلىق دەپ جاكارلىدى. 1347 - يىلى چوبان جەمەتىدىكى ئەشرەپنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى.

ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، تاشقى كۈچلەرنىڭ بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقى پەيدا بولدى. 1355 - يىلى (رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى) قىپچاق خان جانىبەگ ئەزەربەيجانغا ھۇجۇم قىلىپ، چوبان جەمەتىدىن بولغان ئەشرەپنى ئۆلتۈردى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق تىكلەش ھەققىدە باش قاتۇرمايلا رۇسىيەگە قايتتى. بۇ بالايىئاپەت جالايىرغا پايدىلىق بولدى. «ئۇزۇنتۇرا» ھەسەن جالايىر ئۆلگەندىن كېيىن (1356 - يىلى) ئوغلى ئۇۋەيس ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ باغدادقا پادىشاھ بولدى ھەمدە ئەزەربەيجانغا قوشۇن كىرگۈزدى. ئۇ دەسلىپىدە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنى قولغا كىرگۈزدى (1358 - يىلى). باغداد بىلەن تەبرىزگە تەڭلا پادىشاھ بولغان ئۇۋەيس، پېرسىيەنىڭ غەربىگە تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر (1374 - يىلى) ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆسەيىن جالايىر ۋارىسلىق قىلدى. بىز تۆۋەندە ھۆسەيىننىڭ ئىنىسى ۋە مىراسخورى ئەھمەد جالايىرنىڭ تەبرىز بىلەن باغداد ئۈچۈن تىمۇرلەڭ بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

بۇ كۈنلەردە، ھىرات بىلەن خۇراساننىڭ شەرقىدىكى كىرىت جەمەتىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان ئافغان پادىشاھلىقى تولۇق مۇستەقىل ھالەتكە كىرىپ بولغانىدى. پەم ـ پاراسەتلىك غىياسىدىن 1329 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى نەپەر چوڭ ئوغۇل شەمشىددىن II بىلەن ھاپىز ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئاران بىرنەچچە ئايلا ئولتۇرالىدى. غىياسىددىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى موزىددىن ھۆسەيىن بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا تەختتە ئولتۇرۇپ، پادىشاھلىقتا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل (1332 ـ يىلدىن 1370 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى مەلۇم پەيتلەردە ئىككىلەنمەستىنلا ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا چات كىرەلەيدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

خۇراساننىڭ غەربىدىكى باندىتلارنىڭ ئادەتتىكى بىر ئاقساقلى ئابدۇرازاق مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ 1337 ـ يىلى سەبزىۋار قەلئەسىنى تارتىۋالدى ۋە يېڭى بىر پادىشاھلىقنى يەنى سەربەدەر پادىشاھلىقىنى قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسى ۋاجىددىن مەسئۇد ئۇنى ئۆلتۈردى (1338 ـ يىلى) ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن نىشاپورنى ئىشغال قىلدى. يەنە بىر موڭغۇل شاھزادە، چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قاسارنىڭ ئەۋلادى توگا تېمۇرمۇ ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ 1337 ـ يىلى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى ۋە خۇراساننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىستام دېگەن جايدا پايتەخت قۇرۇپ، مازاندارانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، مۇشۇ شەھەرگە يېقىن ئەتراپتىكى رادكان دېگەن جايدا يازنى ئۆتكۈزۈپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ يېنىدىكى گورگىن دەرياسىنىڭ بويىدا قىشلىدى. سەربەدەر خانلىقى نامدا بولسىمۇ ئۇنىڭ ھامىيلىقىنى ئېتىراپ

قىلدى. 1353 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇلار توگاتېمۇرنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتكۈل خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا خوجايىن بولدى. كېرىتلار بولسا بۇ رايوننىڭ شەرقىنى بېسىپ ياتتى. ئەلۋەتتە، ئىراندىكى بۇ ئىككى خانلىق شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى، دىن مەسىلىسى بۇ جەڭلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. چۈنكى كېرىت خانلىقى سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئافغانلار، سەربەدەر خانلىقى بولسا شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان پېرسىيەلىكلەر ئىدى.

ئىراندىكى ئۈچىنچى خانلىق ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا ئەرەب ـ ئىران خانلىقى كىرمان بىلەن پارستا قۇرۇلغان مۇزەپپەر خانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ خانلىقنى قۇرغۇچى كېلىپ چىقىشى ئەرەبلەردىن بولغان مۇبارىزىدىن مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئۆز پادىشاھلىقىنى دەسلەپتە يەزدى بىلەن كىرمانغا قۇردى ۋە ئارقىدىن شىراز (1353 ـ يىلى) بىلەن ئىسپاھان (1356 ـ 1357 ـ يىللار) نى ئىگىلىدى. 1358 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوغلى شەن شۇجا (1384 ـ يىلى ئۆلگەن) ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتتى ھەمدە كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇپ، شىرازدا ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. ئىسپاھان بولسا مۇزەپپەر خانلىقىدىكى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

بىز ئۆز بايانلىرىمىزنى تاماملاش ئالدىدا، شۇ چاغدىكى خوجايىنلار ئىچىدىن ئەتىدىكى، ھەتتا كېيىنكى كۈندىكى پادىشاھلارنىڭ كۆرۈنۈش قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇلار پېرسىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا ھېلىغىچە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تۈركمەن قەبىلىلىرى ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى بىلەن «قارا قويلۇق» دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر ئىدى. ھىلاكۇ خانلىقى پارچىلانغان چاغدا، قارا قويلۇقلار ئەرمىنىيەدىكى مۇش ناھىيىسىدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ھەمدە مۇسۇل تەرەپكە تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇۋەيس جالايىر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى (1336 ـ يىلى

ئەتىراپىدا). ئۇۋەيس ئۆلگەندىن كېيىن (1374 - يىلى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بايرام خوجا مۇسىل بىلەن سىنجەرنى قايتىدىن ئىشغال قىلدى. نەۋرىسى قارا يۇسۇپ ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى تىكلەپ جالايىرنىڭ قولىدىن تەبرىزنى تارتىۋالدى (1387 - يىلى). ئاخىرىغا كېلىپ تېمۇرلەڭ ئۇنى بۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى.

سالجۇقىيلارنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى كونا جايىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سالجۇقىيلارنىڭ بۇرۇنقى خانلىقى بىلەن (1304 - يىلى ئەتراپىدا) پېرسىيە خانلىقى زاۋالىققا يۈزلەنگەنلىكتىن، تۈركمەنلەرنىڭ ئىككى خانلىقى بۇ يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كاپادوسىيەنى تالىشىشقا باشلىدى. سىۋاس بىلەن قەيسەرىيەگە ئالتىن ئوغۇل ئۇرۇقىدىن بولغان مەشھۇر تۈرك شائىرى شاھزادە بورھانىدىن 1380 - يىلىدىن 1399 - يىلىغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئىككىنچى يىلى مۇشۇ ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان يەنە بىر تۈركمەن قەبىلىسى، يەنى «ئاق قويلۇقلار» ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تۈركمەن خانلىقى لاراندا دېگەن جايدا پەيدا بولدى. كالاماندىكى ئەمىرلەر بىر زامانلاردا كىچىك ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ خانلىق ئورنىغا بولغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىتىنىيە بىلەن فىرگىيەدىكى ئوسمان تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشقانىدى.

# ئالتىنچى باب قىپچاق خانلىقى

## § 1. جوجى ۋە ئونىڭ ئوغۇللىرى: ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئاق ئوردا خانلىقى، شايبانىخانىنىڭ ئۆلۈمى

چىڭگىزخان ئۆزىدىن ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن (1227 - يىلى 2 - ئاي) ئوغلى جوجىغا ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇزلەڭلىكنى، يەنى بۈگۈنكى سېمىپالاتىنسكى، ئاقمولىنسكى، تورغاي، ئورالىسكى، ئاداج ۋە خارەزىم (خىۋا) قاتارلىق جايلارنى بۆلۈپ بەردى. جوجى ئۆلۈش ئالدىدا بۇ زېمىننى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئاساسلىقى ئىككىنچى ئوغلى باتۇخانغا قالدۇردى. باتۇخان 1236 - يىلىدىن 1240 - يىلى ئارىلىقىدىكى غەلىبىلىك جەڭلەردىن كېيىن، دادىسىدىن مىراس قالغان بۇ زېمىن قاتارىغا قىپچاقلارنىڭ پۈتكۈل كونا يېرىنى ۋە بۇلغارلارنىڭ قەدىم جايىنى قوشۇۋالدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ رۇسىيەدىكى كىنەزلەرگە ھامىيلىق قىلىدىغان ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. خانلىقنىڭ ياۋروپا قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ زېمىننى كىچىك دېگىلى بولمايتتى. بۇ زېمىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى تۆت چاسا كەتكەن يايلاقنى، ئارال تۇزلەڭلىكنى، دون دەرياسى، دىنىستىر دەرياسى، دىنېپىر دەرياسى ۋە بوگ دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنى، كوبان دەرياسى، كوما دەرياسى ۋە تېرەك دەرياسى بويىدىكى تۇزلەڭلىك ئارقىلىق كاۋكازنىڭ شىمالىغا قاراپ سوزۇلغان ئوتلاقلارنى،

مۇنداقچە ئېيتقاندا قەدىمكى ياۋروپادىكى سېكتاي زېمىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلغارلار رايونى جۇملىدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان كاما دەرياسىنىڭ سۇيىدە سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى بىلەن ئورمان بەلۋاغلىرىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھىرودوتنىڭ تەسۋىرىدىكى قەدىمىي سېكتاي زېمىنى «گىياھ ئۈنمەيدىغان تاقىر» زېمىن ئىدى. روبىرىيۇكسمۇ ئۆزى يازغان ساياھەت خاتىرىسىدە «ياۋروپادىكى موڭغۇل دالاسى» دەپ ئاتالغان بۇ يايلاق توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ:
«بىز شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق، يول بويى پايانسىز ئاسمان بىلەن چەكسىز كەتكەن قۇرۇقلۇقتىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆزىمىزگە چېلىقمىدى. بەزىدە ئوڭ تەرەپتىكى دېڭىزنى كۆرۈپ قالاتتۇق. ئىككى پەرسەھ نېرىدا (بۇگۈنكى ئۆلچەم بويىچە تۆت كىلومېتىر) ئاندا ـ ساندا كوماكلارنىڭ قەبرىسى ئۇچراپ قالاتتى. بۇ جەزىرىدە مال بېقىۋاتقانلارنىڭ موڭغۇل چارۋىچىلىرى ياكى بولمىسا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان تۈرك قوشۇن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. چۈنكى رەشىدىددىننىڭ يازغىنى بويىچە چىڭگىزخان ئۆز ۋەسىيىتىدە باتۇخانغا تۆت مىڭ نەپەر ھەقىقىي موڭغۇلنىلا بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قالغان قوشۇنى قىپچاق، بۇلغار ۋە ئوغۇز قاتارلىق تۈركلەردىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇ جۇجى خانلىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تېز سۈرئەتتە تۈركلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى» دەپ يازغانىدى.

باتۇخان ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىدا كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. ئەتىياز پەسلىدە دەريانىڭ قارشى ئېقىمى بىلەن بۇلغارلارنىڭ بورۇنقى زېمىنىدىكى كاما دەرياسى تەرەپكە بېرىپ يازلىدى. ئۇ يەردە بۇلغارلارنىڭ سودا شەھىرى، موڭغۇللارنىڭ پۇل ياسايدىغان مەركىزى بار ئىدى. سەككىزىنچى ئايلاردا بولسا دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ دېڭىزغا

قۇيۇلىدىغان يېرىدە ھاردۇقىنى چىقاردى ھەمدە مۇشۇ يەردىكى قارارگاھىدا تۇرۇپ، كەلگۈسى پايتەختتى ساراي قەلئەسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. باتۇخان دەل ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى مۇشۇ قارارگاھىدا روبىرىيۇكسنى قوبۇل قىلغانىدى. روبىرىيۇكس: «باتۇخان ئېگىز بىر ئورۇندۇقتا ياكى بولمىسا تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇ كارىۋاتتەك چوڭ ھەمدە پۈتۈنلەي ئالتۇن يالىتىلغان ئورۇندۇق ئىدى. ئاياغ تەرىپىدە پەسكە چۈشىدىغان ئۈچ پەلەمپەي بار ئىدى. ئايالى كېلىپ باتۇخاننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. قالغان ئەرلەر ئىككى تەرىپىدە ئولتۇردى. چېدىرغا كىرىدىغان ئىشىك ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا قىمىز ھارىقى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان، ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن تەخسە ـ پەتنۇسلار قويۇلغانىدى. باتۇخان بىرگە بىر ھازاسەپسالدى. ئۇنىڭ چىرايى قىزغۇچ ئىدى» دەپ يازدى.

باتۇخاننىڭ ئاكىسى، يەنى ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇل ئورتانىڭ رولى ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەر بۈگۈنكى قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇ جەنۇب تەرەپتە سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا يېقىن ئالاتاۋ تىزمىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى چىغىناقتىن باشلىنىپ، ئارال دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولغان دېلتىغا قەدەر سوزۇلاتتى. بۇ يەرلەر مۇنداقلا قارىغاندا دېلتىنىڭ سول يېقىدىن ئامۇ دەريا دېلتىسىغا قەدەر بولغان سوزۇنچاق يەرلەرنى، يەنى ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى پۈتكۈل زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شىمال تەرەپتە بولسا، سېرىق سۇ دەريا ئويمانلىقى ۋە بۇ ئويمانلىق بىلەن تورغاي ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ تاغ تىزمىلىرىمۇ ئورتاغا تەئەللۇق ئىدى. ئورتانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىراسخورى توقتامىش 1376 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان خەلقلەر بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدىغان چىغىناقنى ۋە ئوترارنى ئۆزىگە قارام قىلدى. باتۇخاننىڭ دۆلىتى تارىختا قىپچاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خانلىقى ياكى ئالتۇن ئوردا دەپ ئاتالدى. ئوتانىڭ دۆلىتى ئاق ئوردا خانلىقى دەپ ئاتالدى.

باتۇخاننىڭ ئىنىسى، يەنى 1241 ــ يىلى ۋېنگىرىيەدىكى جەڭدە نام چىقارغان شەيبانغا ئورتاغا تەئەللۇق يەرلەرنىڭ شىمالى، يەنى جەنۇبىي ئورال تاغلىرىنىڭ شەرقى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي سۇيۇرغال قىلىندى. بۇ يەرلەرنىڭ بۈگۈنكى رۇسىيەگە قاراشلىق ئاقتىيۇبىنسكى ئۆلكىسىنىڭ زور بىر قىسمى ۋە تورغايدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ قارارگاھى ياز پەسلىدە ئورال تاغلىرى، ئىلىك دەرياسى (ئورال دەرياسىنىڭ ئورىنبورگنىڭ جەنۇبىدىكى تارمىقى) ۋە ئىرغىز دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشتۇرۇلاتتى. قىش پەسلىدە ئۇ جەنۇبقا تاكى ئورتانىڭ مال ـ ۋارانلىرىغا يېقىن ئەتراپقا كۆچەتتى. شايبانىنىڭ خانلىق جەمەتى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سىبىرىيەنىڭ غەربىگە قەدەر كېڭەيتتى.①

## § 2. باتۇخان ۋە بېركى

باتۇخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1227 ـ يىلىدىن 1255 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئۇ چىڭگىزخان جەمەتىدىكى چوڭ ئوغۇلنىڭ نەسەبىگە تەئەللۇق ئاقساقال بولغاچقا (شەك ـ شۈبھىسىزكى ئاكىسى

---

① بىز تۆۋەندە شايبانىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى 1480 ـ يىلى ئەتراپىدا سىبىرىيەدىكى چيۇمېن ياكى سىبىر خانلىقىنى تىنجىتىپ، بۇ جايغا 1598 ـ يىلى رۇس ئىستىلاچىلىرى كەلگەنگە قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز يەنە ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ ئاقساقىلى توقتامىش خاننىڭ 1380 ـ يىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى بويسۇندۇرغانلىقى ۋە ئاق ئوردا خانلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىلەن بىللە ياۋروپاغا، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىغا، ئورتانىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىگە كەلگەنلىكىنى، ئولتۇراقلىق ئاھالىسىنىڭ بۇ يەرلەرنى قايسى يوسۇندا بىكارلاپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ شايبانخاننىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى تەرىپىدىن قايسى يوسۇندا ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شايبانىخان ئۇبۇلخەيرى 1428 ـ يىلىدىن باشلاپ سىبىرىيەنىڭ غەربىدىكى تۇلا رايونىغا كىردى. بالقاش كۆلى بىلەن ئورال تاغلىرىنىڭ ئارىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئۆتتى. ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى چىغناقنى مەركەز قىلدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى، مەشھۇر مۇھەممەد شايبانىخان 1500 ـ يىلى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتتە ئۆزبېك ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

ئورتانىڭ ماقۇللۇقى بىلەن)، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتكۈل سىياسىي ئىشلىرىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.[1] لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇ بۈيۈك خانلىقنىڭ پادىشاھى بولۇشنى ئەزەلدىن تارتىپ خىيال قىلمىدى. ھەتتا ئۇ ئەڭ باشتىمۇ بوۋىسىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىپ ئىمپېرىيەنى ئوگداي جەمەتىگە بەردى. بۇ خىل يول قويۇش قارىماققا جۇجىنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىدىكى دەرگۇماننى ئىسپاتلايدىغاندەك ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئايالى، تۆت نەپەر شاھزادىنىڭ ئانىسى بۆرتە جۇجىغا ھامىلىدار بولغان كۈنلەردە تاتار قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەمەسمىدى؟ شۇڭا، يوقىرىدىكى ئىشلار قەستەن بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغۇل جۇجىغا تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسى، جۇجىنىڭ ئۆرگەنجىنى قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىنكى غەلىتە قىلىقلىرى بىزگە مەلۇملۇق. جۇجى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بەش يىلىنى تورغاي، ئىلبا دەرياسى ۋە ئورال دەرياسى ساھىلىدىكى سۈيۈرغاللىق يېرىدە ئۆتكۈزدى. چىڭگىزخان ئېلىپ بارغان جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلمىدى. ئاتا ـ بالا ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك بارا ـ بارا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشقا ئايلاندى. مۇشۇ خىلمۇخىل سەۋەبلەر جۇجى جەمەتىنىڭ رولىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويدى. باتۇخان 1250 ـ يىلى بىلەن 1251 ـ يىلى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئالدى، يەنى بىزگە مەلۇملۇق بولغىنىدەك ئوگداي جەمەتى مەغلۇپ بولغان، تولى جەمەتى ئورنىدىن دەس تۇرغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بىز بۇ ھەقتە ئۇنىڭ 1250 ـ يىلى ئالاقماقتا چىقارغان ھەل قىلغۇچ قارارىنى، ئۇنىڭ 1251 ـ يىلى ئىنىسى بېركىنى موڭغۇل دالاسىغا ئەۋەتىپ ئوگداي جەمەتىنىڭ مەنپەئىتىنى بىر ياقتا قايرىپ

---

① پىلانكارپىن ۋورتانىڭ چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدە چوڭ ئوغۇل تەرەپتىكى ئاقساقال ۋە «تاتارلاردىكى ئەڭ پېشقەدەم سەركەردە — تۆرە» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تىلغا ئالغاندى.

قويغانلىقى ۋە تولىنىڭ ئوغلى موڭكىنى يۆلەپ پادىشاھلىق ئورۇنغا چىقارغانلىقىنى تىلغا ئالىمىز. موڭكىنىڭ پادىشاھلىق ئورۇنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى پۈتۈنلەي باتۇخاننىڭ تۆھپىسى دېگەن گەپكە ھېچقانداق مۇنازىرە كەتمەيتتى. شۇڭا، موڭكى مۇنكى ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. ئۇ 1254 - يىلى روبىرىيوكسقا ئۆزىنىڭ قولىدىكى ھوقۇق بىلەن باتۇخاننىڭ قولىدىكى ھوقۇقنىڭ قۇياش نۇرىغا ئوخشاش پۈتكۈل زېمىننى يورۇتالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ سۆز ئىمپېرىيىنى ئورتاق باشقۇرۇش ۋە بىرلىكتە بۆلۈشۈۋېلىش دېگەندىن بېشارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە روبىرىيوكس موڭكى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردىكى ئادەملەرنىڭ باتۇخاننىڭ ۋەكىللىرىگە بولغان ھۆرمىتى باتۇخان ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردىكىلەرنىڭ موڭكىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىدىن ئارتۇق دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى. ئومۇمەن، خۇددى بارتولد دىققەت قىلغاندەك، موڭغۇل دۇنياسى 1251 - يىلى بىلەن 1255 - يىلى ئارىلىقىدا ئەمەلىيەتتە موڭكىخان بىلەن باتۇخاندىن ئىبارەت ئىككى نەپەر «ئاقساقال» نىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىككى ھۆكۈمرانلىقنىڭ چېگرىسى چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ئارىسىدىكى يايلاق ئارقىلىق ئايرىلدى. بۇ چاغدىكى باتۇخان چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدە باشقا ھەرقانداق ئەزا ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلەيدىغان سودىيە ھەمدە پادىشاھلارنىمۇ بەلگىلىيەلەيدىغان ئادەمدىن بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئوخشىمايدىغان قاراشلار كېلىپ چىقتى. موڭغۇللار ئۇنىڭغا «سەيىنخان»، «رەھىمدىل شاھزادە» دەپ نام بېرىپ، ئۇنىڭ سەمىمىي ۋە مېھرىبانلىقىنى ماختىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ خرىستىئان دىنىغا نىسبەتەن تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن بولغان دەرىجىدە رەھىمسىزلىك قىلمىشلارنى پەيدا قىلغۇچىغا ئايلاندى. بۇ ئەھۋال ئۇ 1237 — 1241 - يىللىرى رۇسىيە، پولشا ۋە ۋېنگرىيەدە ئېلىپ بارغان جەڭلەردە تولۇق ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. پلانكارپىن بىر - بىرىگە

زىت بۇ ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلاپ، باتۇخان «ئۆز ئادەملىرىگە قارىتا ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، چىقىشقاق بولسىمۇ، بىراق جەڭدە ئىنتايىن ۋەھشىي» دېگەنىدى.

1237 ـ يىلى بىلەن 1241 ـ يىلى ئارىلىقىدىكى رۇسىيە، پولشا، سىلېسىيە، موراۋىيە، ۋېنگرىيە، رومانىيە قاتارلىق سلاۋىيانلار رايونىنى كېسىپ ئۆتكەن «ياۋروپا جېڭى» گە چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. بۇ جەڭ نېمىلا دېگەنبىلەن باتۇخانغا پايدىلىق ئىدى. ئۇ ھېچبولمىغاندا نام ئاتاقتا بولسىمۇ (تاكتىكا قوماندانلىقى ئۇنىڭ نامى ئاستىدا سوبۇتاي باھادىرغا ھاۋالە قىلىنغانىدى) بۇ جەڭنىڭ باش سەركەردىسى ۋە بۇ جەڭدىكى بىردىنبىر مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچى بولدى. بۇ جەرياندا قىپچاق تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرى مەغلۇپ بولۇپلا قالماي، بەلكى رۇسىيەدىكى كىنەزلىكلەر ئالايلۇق، رەزان، سوزدال، تېۋىر، كىيېۋ ۋە سىلېسىيە قاتارلىق كىنەزلىكلەرمۇ بويسۇندۇرۇلدى. شۇڭا، ئۇلار كېيىنكى ئىككى يۈز يىل ئىچىدە داۋاملىق يوسۇندا ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ ياشىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ خىل بېقىندىلىق تېخىمۇ ئۇچىغا چىقتى، باتۇخان رۇسىيە كىنەزلىرىنى ئۆزى خالىغانچە تەيىنلىيەلەيدىغان ۋە ئېلىۋېتەلەيدىغان بولدى. كىنەزلەرمۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قارارگاھقا كېلىپ ئۇنىڭغا «باش ئۇرىدىغان» دەرىجىگە يەتتى. بۇ خىل ھاقارەتلىك بېقىندى سىياسەتنى يارۇسلاۋنىڭ كىنەزى ۋىلادىمىر باشلاپ بەردى. ئۇ 1243 ـ يىلى باتۇخاننى تاۋاپ قىلدى، باتۇخان ئۇنىڭغا «رۇس شاھزادىلىرىنىڭ ئاقساقىلى» دېگەن ئاتاقنى بەردى.① 1250 ـ يىلى گالىتسىيەلىك كىنەز دانىئىل (1255 ـ يىلى پادىشاھلىق ئورنىغا چىققان) مۇ باتۇخاننىڭ ئالدىغا

① رۇسىيە كىنەزلىرى ئىچىدە موڭغۇل خانلارغا باش ئېگىپ ئەل بولىدىغان بۇ خىل سىياسەتكە ئەڭ بەك جان كۆيدۈرگەنلەردىنمۇ ئامان قالمايدىغانلىرى بار ئىدى. پلانكارپىنىنىڭ بىرگە سۆزلەپ بەرگىنى بويىچە، كىنەز يارۇسلاۋ موڭغۇل دالاسىنى تاۋاپ قىلىشقا بېرىپ، 1246 ـ يىلىدىكى گۈيۈكنى خاقان قىلىپ سايلايدىغان سايلامغا قاتناشتى. خانىش تۇراگىنا ئۇنى «ئۆز قولى» بىلەن مېھمان قىلدى. كىنەز يارۇسلاۋ دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپلا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە يەتتە كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتىدە ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدىغان داغ ئۆرلەپ چىققانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىپ ئۇنىڭغا ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈندى. يارۇسلاۋنىڭ ئوغلى ۋە مىراسخورى كىنەز ئالېكساندىر نېۋسكىي (1252 ـ يىلىدىن 1263 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ۋەھشىي موڭغۇللارنىڭ ھامىيلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئەڭ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولدى. ئاز دېگەندىمۇ ئۇ بالتىق دېڭىزى تەرەپتە رۇسىيەنىڭ دۈشمەنلىرىنى توسۇپ قالالىدى. شۇڭا، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىردىنبىر ستراتېگىيە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، رۇسىيەنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق دەۋردىن ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويدى. موسكۋا كىنەزلىكى تاكى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئىۋان Ⅲ نىڭ ياردىمى بىلەن قۇللۇق تۈزۈمدىن قۇتۇلدى.

قىپچاق خانلىقىنىڭ تارىخى چىڭگىزخان جەمەتىدىكى باشقا خانلىقلار بىلەن ئوپتىن پەرقلىنىدۇ. موڭغۇللار بويسۇندۇرغان باشقا خانلىقلاردا، ئۇلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بويسۇندۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ شارائىتىغا ماسلاشتى ھەمدە زورىغا بولسىمۇ ئۇلاردىن ئۆگەندى. جۇڭگودا قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خەنزۇلارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىراندا ھىلاكۇنىڭ نەۋرىلىرى غازانخان، ئولجايتۇخان، ئابۇسەيىد قاتارلىقلار پېرسىيە سۇلتانلىرىدىن بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل خانلارغا سلاۋىيان — ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى يۇقمىدى ، ئۇلار ئورۇسلارغا ئايلىنىپ كەتمىدى. ئۇلار جۇغراپىيىلىك سۆز ـ ئىبارىلەردە ئاتالغاندەك داۋاملىق تۈردە «قىپچاق خانلىرى» بولۇپ قېلىۋەردى؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار «قىپچاق» دەپ ئاتالغان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ۋارىسى، «كومان» ياكى پولوۋتس تۈركلىرىنىڭ نوقۇل ھالدا داۋاملاشتۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندى. بۇ خىل تۈركلەرنىڭ ئۆتمۈشى

يوق، خاتىرىلىگۈدەك بىر نەرسىسى يوق بولغاچقا، ئۇلار رۇسىيە يايلاقلىرىدا تۇرۇپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى كۆنلەردە ھەم تارىخ بېتىگە ھېچقانداق ئىزنا قالدۇرمىدى. گەرچە قىپچاق موڭغۇل خانلىرىنى ئىسلاملىشىپ كەتتى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋال مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالغاندا تولىمۇ يۇزەكى ئىپادىلەندى، ئۇلار ياۋروپاغا نىسبەتەن تېخىمۇ يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. قىپچاق خانلىرىدىكى بۇ ئەھۋالدا باشتىن ـ ئاياغ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بارلىققا كەلمىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلاردىكى ئىسلاملىشىش گەرچە ئۇلارنى ئىران بىلەن مىسىردىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكە ھەقىقىي سۆرەپ كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەرب دۇنياسىدىن ئايرىلىش ھالىتىنى تاماملىدى، ئۇلار كېيىنكى دەۋردىكى ئوسمانىلارغا ئوخشاش، ياۋروپا زېمىنىدا ياشاپ تۇرۇپمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا بولمايدىغان ياكى ئاسسىمىلياتسىيە بولمىغان ياقا يۇرتلۇقلار بولۇپ قېلىۋەردى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى تولۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاسىيا قىتئەسى كىيىۋ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىن ھېسابلانغانىدى. پلانكارپىن بىلەن روبىرىيۇكس غەربلىكلەرنىڭ باتۇخانلىقىغا قەدەم قويغان چاغدىكى تەسىراتىنى ئەڭ مۇۋاپىق تەسۋىرلەپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا بىر دۇنياغا كەلگەندەك ھېس قىلدۇ، دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، 10 ـ ئەسىردىكى ھازار تۈركلىرى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن «غەرب مەدەنىيىتى» جۇجىنىڭ ۋارىسلىرى قوبۇل قىلغاندىن ئالاھىدە كۆپ ئىدى.

لېكىن، تەقدىرنىڭ ئۆز نىشانىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا قايىل بولۇش كېرەك ئىدى. روبىرىيۇكسنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشى، ئۇنىڭ نىستۇرى دىنىدىكىلەرنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە ھاراقكەشلىكىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەتتىن كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى نىستورى دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تازا ياخشى چۈشەنمىدى. ئەمەلىيەتتە، باتۇخاننىڭ جەمەتى ئىچىدىمۇ خرىستىئان دىنى مەۋجۇت ئىدى. باتۇخاننىڭ ئوغلى سارتاق، سانت فرانسىسكا ئۇيۇشمىسىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىرى بويىچە سېپى ئۆزىدىن نىستورى مۇرتى ئىدى. ئەرمەن يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن تارىخىي ماتېرىياللار مۇشۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى. ئالدىن بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغان ئۆلۈم تۇپەيلى نىستورى مۇرتى بولغان بۇ شاھزادە دادىسىنىڭ مىراسخورى بولالمىدى. باتۇخان 1225 ـ يىلى 48 يېشىدا ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قارارگاھىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا ئوغلى ساتاق دادىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ئاغىنىسى موڭكىخاننىڭ قېشىدا ئىدى. موڭكىخان ئۇنى قىپچاق خان دەپ تەيىنلىدى، لېكىن سارتاق سەپەر ئۈستىدە ياكى بولمىسا ۋولگا دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ ئۇزۇنغا قالماي ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، موڭكىخان قايتا قارار چىقىرىپ ياش شاھزادە ئۇلاقچىنى قىپچاق خان قىلىپ تەيىنلىدى. جۇۋەينىنىڭ قارىشىچە ئۇ سارتاقنىڭ ئوغلى ئىدى، لېكىن رەشىدىددىننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇنى سارتاقنىڭ ئىنىسى دېيىشكە بولاتتى. باتۇخاننىڭ ئايالى بوراقچىن دۆلەت نائىبى بولدى. بوراقچىن 1257 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، باتۇخاننىڭ ئىنىسى بېركى قىپچاق خان بولۇپ تەختكە ئولتۇردى.

بېركىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1257 ـ يىلىدىن 1266 ـ يىلىغىچە) قىپچاق خانلىقىغا ھەل قىلغۇچ نىشان تىكلەپ بەردى. ناۋادا سارتاق ھايات بولغان بولسا، خرىستىئان دىنى روبرىيوكسىنىڭ ھېلىقىدەك سۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىغا قارىماي، خان

جەمەتىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولاتتى. بۇنىڭ تەتۈرىچە، بېركى ئىسلام دىنى تەرەپكە سىڭايان بولۇشنى خالاپ قالدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ئەنئەنىۋى دىنىي ئەپۇچانلىقتىن ۋاز كەچتى دېيىشكە بولمايتتى. نىستۇرى دىنى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دىنلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بو دىننى ئەمەلدىن قالدۇرمايتتى. لېكىن، دىپلوماتىيە جەھەتتە بېركىنىڭ ھېسداشلىقى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇسۇلمانلارغا مايىل بولدى. بارتولدنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بۇ تەرەپتىكى خاھىشچانلىقىنى قىپچاق خانلىقىدىكى ئىسلاملىشىشنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولاتتى.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بېركى چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدە يۈز بەرگەن بارلىق جەڭلەرگە قاتناشتى. ئاردا ئارىخ بۇقاغا يان بېسىپ قۇبلايخانغا قارشى چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئارىخ بۇقاغا ئەمەلىي ياردەم بەرمىدى. ئاخىردا ئۇ تۈركىستاندىكى چاغاتاي خان ئارغۇن بىلەن ئۇرۇشتى، لېكىن غەلىبە قازىنالمىدى. ئارغۇن 1265 ـ يىلى بىلەن 1265 ـ يىلى ئارىلىقىدا قىپچاق خانلىقىغا تەۋە دەپ قارالغان خارەزىمنى تارتىۋېلىپ، بۇ رايوننى چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئارغۇن ئۆزۈن ئۆتمەيلا بېركىنىڭ ياكى باتۇخاننىڭ ئىنىسى ۋورتانىڭ قولىدىن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى مۇھىم سودا ئۆتىڭى بولغان ئوترار قەلئەسىنى ئېلىپ، ئۇنى ۋەيران قىلدى. شۇڭا، چۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يايلاقلار جوجى ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولدى. ئەلۋەتتە، بېركى لەشكىرى كۈچلىرىنىڭ كافكازدا ئىسكەنجىگە ئېلىنغانلىقى تۈپەيلى، ئۆز دۈشمىنى بىلەن جەڭ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

بېركىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ھېسداشلىقى ئەرەب ـ پارس تارىخچىلىرى بايان قىلغاندەك ھىلاكۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇل ـ كېسىل بۆلۈنۈشنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولمىغان بولىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋال بېركىگە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى باھانە بولدى. قىپچاق خانلىرى شۇنىڭ بىلەن ، پارس يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغانلىرى بويىچە ھىلاكۇنى چىڭگىزخان جەمەتىدىكى باشقا شاھزادىلەرنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپلا باغداد خەلقىنى قىرغىن قىلدى ھەمدە خەلىپىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى، دەپ ئەيىبلىدى. ئەمەلىيەتتە، جۇجى جەمەتىدىكىلەر ھىلاكۇنىڭ ئەزەربەيجاندا پۇت تىرەپ تۇرغانلىقى بىر خىل قىزىل كۆزلۈك، تاجاۋۇزچىلىق دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بېركى مۇشۇ تۇپەيلى ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە پېرسىيەدىكى موڭغۇللارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چىڭگىزخانىنىڭ نامى بىلەن چوڭقۇر ئاداۋىتى بار دۈشمەنلەر بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش پېشۋاسى، يەنى سۇلتان بايبارس ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىسىردىكى مەملۇكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىنمۇ يانمىدى. ئىككى تەرەپ 1261 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆزئارا ئەلچى ئالماشتۇردى. بايبارسنىڭ ئەلچىلىرى قىرىمىيەدىكى سوداك دېگەن يەردە قۇرۇقلۇققا چىقتى. بېركىنىڭ ئەلچىلىرى ئالېكساندىرىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئىككى خانلىقنىڭ پادىشاھلىرى 1263 ـ يىلى پېرسىيە خانلىقىغا قارشى ئىتتىپاقنى ئاشكارا ئىمزالىدى.

بايبارس ئىككى تەرەپلىمە نەپكە ئېرىشتى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ قىپچاق تۈركلەردىن، ئالتۇن ئوردىغا قاراشلىق ئاھالە ئىچىدىن ئۆز قوشۇنى ئۈچۈن يېڭى مەملۇكلاردىن قوبۇل قىلىدىغان بولدى (بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قىپچاق تۈرك ئىدى). ئەڭ تەلەيلىك بولغان يېرى، ئۇ دىپلوماتىيە جەھەتتە

غەلىبە قىلدى، بولۇپمۇ چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاغرىق ـ ئاداۋەتنى تېزلەتتى. جۇجى خانلىقىنىڭ قوللىشى، بېركىنىڭ كاۋكاز تەرەپتىكى تەھدىتىدىن، ھىلاكۇ خانلىقىنىڭ سۈرىيە تەرەپكە بولغان ئىلگىرىلىشىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا توستى.

پېرسىيە خانلىرى داربەن جىلغىسى ئەتراپىدىكى تەھدىت تۈپەيلى، ئانجالوددىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەلەپ تەرەپكە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ھىلاكۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك بېكى پەيدا قىلغان زىياندىن قاتتىق نەپرەتلەندى. شۇڭا، ئۇ 1262 ـ يىلى 11 ـ ، 12 ـ ئاي ئارىلىقىدا كاۋكازدىكى ئىككى خانلىقنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان داربەن جىلغىسىدىن تىرەك دەرياسىغىچە ئىلگىرىلىدى. لېكىن، ئۇزۇنغا قالمايلا دەريا ئەتراپىدىكى پىستىرمىغا دۇچ كەلدى، بېركىنىڭ جىيەن نەۋرىسى نوغاي باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئۇنى ئەزەربەيجانغا قەدەر قوغلىدى. ھىلاكۇنىڭ خېلى كۆپ ئاتلىق ئەسكىرى تىرەك دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا مۇز يېرىلىپ كېتىپ سۇغا غەرق بولدى. چىڭگىزخان جەمەتىدىكىلەر ئارىسىدىكى بۇ قېتىمقى توقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتى يامان پاجىئەنى پەيدا قىلدى. ھىلاكۇ پېرسىيەدە قولغا چۈشكەن قىپچاق سودىگەرلەرنى بىرنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلىدى. بېركى قىپچاق ئېلىگە كەلگەن پېرسىيەلىك سودىگەرلەرنى ئوخشاش تەقدىرگە گىرىپتار قىلدى. 1266 ـ يىلىغا كەلگەندە نوغاي داربەن جىلغىسى بىلەن كۇرا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پېرسىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى ئەزەربەيجانغا تەھدىت سالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئاقسۇ دەرياسى بويىدا ھىلاكۇنىڭ ۋارىسى ئاباغا تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. نوغاي يارىدار بولغاچقا، ئۇنىڭ قوشۇنى پاتپاراق بولۇپ شىرۋان تەرەپكە چېكىندى. بۇ ئەھۋالنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرگەن بېركى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇننى يېتەكلەپ يولغا چىقتى. ئۇ كۈرا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن دەريانىڭ قارشى ئېقىمىغا قاراپ مېڭىپ، تىبلىستا دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ يىلى، يەنى 1266 ـ يىلى سەپەر ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

خرىستىئان ياۋروپاسى تەرەپتە، رۇسىيە كىنەزى گالىتسىيەلىك دانىئىل موڭغۇللارنىڭ هامىيلىق تۈزۈمىگە قارشى (1257 ـ يىلى) قوزغالدى. ئۇ ھەتتا قارامىلىق قىلىپ، خانلىقنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بېركى ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشى ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ باش ئېگىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى ھەمدە خانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆزى سالدۇرغان بىرمۇنچە قەلئەنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا كىرومىرۇسنىڭ يىلنامىسىدا 1259 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ غەربكە قارىتىلغان بىر نۆۋەتلىك يۈرۈشى تىلغا ئېلىنىدى. لېتۋانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىقتا، ئۇلار ئورمانلىقتا ياكى سازلىقتا يوشۇرۇنالماي قالغان ئاھالىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار پولشاغا كىردى. مەجبۇرىي تۈتۈپ كېلىنگەن رۇسلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. «سىدۇمىشنى ئىككىنچى قېتىم ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاھالە پاناھلىنىۋاتقان ئىچكى قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سەركەردە كىلىنىبا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى. موڭغۇللار گالىتسىيەلىك دانىئىلنىڭ ئىنىسى بىلەن ئوغلىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى شەرت ئاستىدا تەسلىم بولۇشقا قايىل قىلدى. لېكىن، ئۆزۈن ئۆتمەيلا موڭغۇللار ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇ بەختسىز ئادەملەرنى قىرىۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردىن قوزغىلىپ كراكوۋغا كىردى ۋە بۇ شەھەرنى ئوت قويۇپ

كۆيدۇرۇۋەتتى. پادىشاھ بولىسلاس ۋېنگىرىيەگە قاچتى. موڭغۇللارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئوپپۇلن ئۆلكىسىدىكى بىتومغا يەتتى. ئۇلار ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ دەشتى قىپچاققا قايتىپ كەلدى».

بېركىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بولغارىيەدىكى چار پادىشاھ كونىستانتىن تىچ ۋىزانتىيە پادىشاھى مىچىل پالىئولوگقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قىپچاق دالاسىدىكى موڭغۇللاردىن بالقان يېرىمئارىلىنىڭ ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بېركىنىڭ جىيەن نەۋرىسى نوغاي 20 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتتى. پالىئولوگ ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتتى. گېئورگى پاچىمېرنىڭ ئىقرارنامىسىگە ئاساسەن، گرېكلار بۇلغارىيە چېگرىسىغا بارغاندىن كېيىن موڭغۇللارنى كۆرۈپلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئۇلار قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى ھەمدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى (1265 ـ يىلى ئەتىياز). پالىئولوگ گۈيانالىقلارنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ كونىستانتىنبورگقا قېچىپ بېرىۋالدى. موڭغۇللار سېلىسنى خانىۋەيران قىلدى. بۇ نۆۋەتتىكى يۈرۈشتە (باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ نۆۋەتتىكى يۈرۈش 1269 ـ يىلى بىلەن 1270 ـ يىلى ئارىلىقىدىكى قىش پەسلىدە بولغان بولۇشى كېرەك) نوغاي كونىستانتىنبورگتا نەزەربەندكە چۈشۈپ قالغان سالجۇق سۇلتانى كەيكاۋۇس Ⅱ نى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، ئۇ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتقان موڭغۇللارغا ئەگىشىپ يۇرتىغا كېلىۋالدى ھەمدە بېركىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ، 1265 ـ يىلى بىلەن 1266 ـ يىلى ئارىلىقىدا قېيىناتىسى ئىنئام قىلغان قىرىمىيەدىكى مۇھىم سودا شەھىرى سولداكقا ئىگە بولدى. پالىئولوگ دەل مۇشۇ چاغدىلا موڭغۇللارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نىكاھسىز

www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغان قىزى يېۋپرۇسىنىيەنى قۇدرەتلىك نوغايغا ياتلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىنچىكە ئىشلەنگەن يىپەك ماللارنى ئەۋەتتى. لېكىن، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى بۇ ئادەم ئۇنىڭغا سىنىڭ يىپەك ماللىرىڭدىن مېنىڭ قوي تېرىلىرىم ئەلا دەپ جاۋاب بەردى. بىز ئالدىمىزدا پالېئولوگ بىلەن قىپچاق خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئىتتىپاقنىڭ پالېئولوگقا ئىنتايىن پايدىلىق بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىر مەھەل بۇ ئىككىيلەن بىلەن مىسىردىكى مەملۇك سۇلتانلىقى ئوتتۇرىسىدا لاتىن ئەللىرى بىلەن (چارلىز، ئەنجۇي، ۋېنىتسىيە) پېرسىيە خانلىقىغا تەڭلا ۋاقىتتا قارشى تۇرىدىغان ھەقىقىي ئۈچ بۇرجەك ئىتتىپاق شەكىللەندى.

مەملۇكلارنىڭ ئەلچىلىرى بىزنى بېركىنىڭ جانلىق ئوبرازىدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى بويىچە بېركى ساپ موڭغۇل ئىدى. ئۇ چىرايى سېرىق، شالاڭ ساقال، چېچى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ، بېشىغا چېكىلىكى يوق قۇلاقچە كىيىپ يۈرەتتى. بىر قۇلىقىغا ياقۇت كۆز قويغان ئالتۇن ھالقا سېلىۋالاتتى. بېلىگە ياقۇت قويۇلغان يېشىل رەڭلىك بۇلغارىيە تاسمىسى باغلايتتى. پۇتىغا قىزىل خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيەتتى.

قىپچاق دالاسىغا ئەڭ باشتا كەلگەن موڭغۇللارنىڭ تۇرالغۇ جايى ۋولگا دەرياسى بويىدا پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى بويىچە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ھەمدە روبىرىيۇكستا ئېقىپ يۈرىدىغان شەھەر تەسىراتىنى قالدۇرغان بىر تالاي چېدىر ۋە پىغىلىق ھارۋىدىن شەكىللەنگەن دالا لاگېرى ئىدى. بېركى مۇقىم بىر ئاستانە ساراي قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ياكى بولمىسا ئۇنى قۇرۇپ پۈتتۈرگەن بىر ئىشى بار، ئۇنى ئېھتىمال باتۇخان باشلاپ بەرگەن دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنى ۋولگا دەرياسىنىڭ كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا

يېقىن تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئىدى. بارتولدنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە، باتۇخان قۇرغان ساراي بۇگۈنكى سېلىترىننويىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى بېركى بۇگۈنكى سالىپتا قۇرغان ساراي بىلەن باشقا ئىش دېيىشكە بولمايتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بېركىنىڭ سارىيى تەخمىنەن 1253 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1395 ـ يىلى تېمۇرلەڭ تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانغا قەدەر قىپچاق خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئوينىغان رولى يېقىن ئەتراپتىكى ئازارلار دۆلىتىنىڭ پايتەختىدىن ئېشىپ چۈشتى ھەمدە ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزىنىڭ سودا جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مەركىزىي ئاسىيا بىلەن يىراق شەرققە بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ باشلىنىش نوقتىسىغا ئايلاندى. ئۇ يەردىن چىققاندىلا ئوترار، ئالمىلىق، بېشبالىق، قۇمۇل، تاڭغۇت قەبىلىسى ۋە ئونگۇت قەبىلىسىدىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا بارالايدىغان بولدى. بېركى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپمۇ ئۆزبېكخان ۋە جانىبەكخان مۇشۇ سارايدا ئولتۇرۇپ ھەنەپە مەزھىپى ھەمدە سافىيە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان ئالىملارنى ئۆزىگە تارتتى، دەل ئاشۇلار بۇ دۆلەتنىڭ ئىسلاملىشىشىنى تېزلەتتى.

بېركىنىڭ ئىشلىرىغا جىيەنى مەڭگۇ تېمۇر (موڭغۇلچە مۇلكى تېمۇر)، يەنى باتۇخاننىڭ نەۋرىسى توقۇخاننىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى. مەڭگۇ تېمۇر قىپچاق خانلىقىغا 1266 ـ يىلىدىن 1280 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، مەركىزىي ئاسىيادىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئۆزئارا ئېلىپ بارغان جەڭلىرىدە چاغاتاي جەمەتىدىن تۈركىستانغا خان بولۇپ تۇرغان باراغقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئوگداي جەمەتىدىن ئىلى دەريا ۋادىسىدا خان بولۇپ تۇرغان قايدۇغا يان باستى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، قايدۇغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1267 ـ يىلى شاھزادە بېركەجار باشچىلىقىدىكى 50 مىڭ ئادەملىك قوشۇننى مەركىزىي ئاسىياغا ئەۋەتىپ باراغنى مەغلۇپ قىلدى. مەڭگۈ تېمۇر قايدۇنىڭ قۇبلايخاننىڭ ئىمپېرىيەسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ، بارغان جەڭلىرىنى قوللاپ، دىپلوماتىيە جەھەتتە بولسىمۇ قايدۇنىڭ سىياسىي گۇرۇھى تەرەپتە تۇردى. بىز گە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ 1277 ـ يىلى موڭغۇل دالاسىدا قۇبلايخاننىڭ ئوغلى شاھزادە ناموقاننى ئەسىر گە ئالدى. لېكىن، كېيىنچە ئۇنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە مۇشۇ خىل جەڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز لىرىنىڭ مۇستەقىل ياشايدىغانلىقىنى قۇبلايخانغا بىلدۇرۇپ قويدى. قىپچاق خانلىقىنىڭ بۇلغار شەھىرىدە ياسىلىدىغان پۇلىغا شۇ كەمگىچە قۇبلايخاننىڭ ئىسمى ئويۇلۇپ كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا مەڭگۈ تېمۇرنىڭ ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئىسمى ئويۇلىدىغان بولدى.

مىسىردىكى مەملۇكلار سۇلتانلىقى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى تەرەپتە، مەڭگۈ تېمۇر بېركىي ئورناتقان دوستانە سىياسەتنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزى تارقاتقان بىر پارچە يارلىقتا گرېتسىيەدىكى پىراۋۇسلاۋىيە مىسسىئونېرىنىڭ خانلىق زېمىنىدىكى ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ساراي قەلئەسىدىكى ئېپىسكوپ تىرىگنوستنى كونستانتىنبورگدا تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ بىرنەچچە ئۆۋەت يولغا سالدى.

## 3 §. نوغاي ۋە توقتاي

مەڭگۈ تېمۇرنىڭ ئىنىسى ۋە ۋارىسى تودا مەڭگۈ (1280 ـ يىلىدىن 1287 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نوۋەيرىنىڭ

خاتىرىسىگە ئاساسەن، «ئەمىر مەدۋبلارغا قاتتىق ئىتائەت قىلىدىغان، دائىم دىگۈدەك ئىمام ۋە دەرۋىشلەر بىلەن بىرگە يۈرىدىغان» تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز پادىشاھ ئىدى. ئۇ تەختتىن بىكارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى خاننىڭ جىيەن ئوغلى تولا بۇقا (1287 ـ يىلىدىن 1290 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ۋارىسلىق قىلدى. خانلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى نوغاي كىچىك ئىنىلەرنىڭ نەسەبىدىكى جۇجى جەمەتىدىن ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ بېركىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1262 ـ يىلى ۋە 1266 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ پېرسىيەگە يۇرۇش قىلدى، 1265 ـ يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ھەزەرىيە (قىرىمىيە) دىكى مىسسىئونېرلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، سانت فرانسىسكا دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېر لادىسلاس 1287 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى موناستىرلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىگە دىندىشى مۇسانىڭ قىپچاق ئوردىسىغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىق ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، نوغاي بىلەن تولا بۇغانىڭ ئورنى بابباراۋەر، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپىدىغان پادىشاھلاردىن دەپ ئېيتقانىدى. ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداقتەك قىلاتتى. تودا مەڭگۈ بىلەن تودا بۇغا بىۋاستە قارايدىغان سۇيۇرغال يەرلەر ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سارايىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. نوغايغا بىۋاستە قارايدىغان سۇيۇرغال بولسا دون دەرياسى بىلەن دونىتس دەرياسى تەرەپتە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سانت فرانسىسكا دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېرلار يوللىغان خەۋەرلەر نوغاينىڭ خرىستىئان دىنىغا يامان كۆز بىلەن قارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىكى سانت فرانسىسكا دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېرلار جايلاق دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتايدىغان، گېئورگى پاچىمر ئالاق دەپ ئاتايدىغان بىرسى
كىركىيىردا ياكى چۇفىت كالادا مۇشۇ ئۇيۇشمىدىكى مىسسىئونېرلار
تەرىپىدىن چوقۇندۇرۇۋالغانىدى. مۇسۇلمانلار قىرىمىيە يېرىم
ئارىلىدىكى سولخاتتا كاتولىك چېركاۋىسىدىكى قوڭغۇراقنى بۇلاپ
كەتكەندە، يېتىپ كەلگەن موڭغۇل ئەمەلدار جىنايەت سادىر
قىلغانلارنى جازالىغانىدى.

نوغاي ۋىزانتىيەلىكلەرگە ئۆزىنىڭ خېلى ئىشەنچلىك
ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. 1280 ـ يىلى ئۇلارغا
ياردەملىشىپ بۇلغارىيە شاھزادىسى ئىۋايلو ياكى راكىناسىنى
ئاغدۇرۇپ بەردى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تۇرۇپ،
بىرنەچچە قېتىملىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۇرۇق ـ ئەجدادى
كومانلىقلاردىن بولغان ئاقسۆڭەك، گېئورگى تىتىل دەپ
ئاتىلىدىغان بىر قىپچاق ـ تۈركنى خانلىق ئورنىغا چىقاردى.
تىتىلنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە (1280 ـ يىلىدىن
1292 ـ يىلىغا قەدەر) خۇددى نىكوۋ بىلەن كايىن تىلغا ئالغاندەك،
پۈتكۈل بۇلغارىيە موڭغۇللارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ، نوغاينىڭ
ئۆزىگىلا قاراشلىق زېمىنغا ئايلاندى. تىتىلنىڭ ئوغلى سىۋىتىسلاۋ
گۆرۈگە ئېلىنىپ نوغاينىڭ ئوردىسىدا تۇردى، ئۇنىڭ ئاچىسى بۇ
قورقۇنچلۇق موڭغۇل ئاقساقالنىڭ ئوغلى چاقاغا ياتلىق قىلىندى.

نوغاينىڭ تەسىر كۈچى ياش خان تولابوغاغا بېسىم پەيدا
قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قول ئاستىدىكى قوشۇننى بىر يەرگە جەم
قىلىپ نوغاينىڭ ئالىقىنىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. لېكىن، ئەقىل
ـ پاراسەتلىك قېرى جەڭچى ئالدى بىلەن تولا بوغانىڭ ئەندىشىسىنى
يوقىتىپ، ئاندىن ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر قېتىملىق
دوستانە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تازا
قىزىغاندا، نوغاينىڭ قوشۇنى ياش خاننى قورشاۋغا ئالدى ۋە ئۇنى

ئاتتىن چۈشۈرۈپ باغلىدى. ئارقىدىنلا نوغاي ئۇنى مەڭگۈ تېمۇرنىڭ بىر ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بەختسىز ياش خاننىڭ دۈشمىنى توقتاي ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئۆز ۋن ئۆتمەي، نوغاي توقتاينى يۆلەپ يېڭى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە بولغان مىننەتدارلىقى يۈزىسىدىن نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان قورچاققا ئايلاندۇرماقچى بولدى. لېكىن، توقتايمۇ ئاخىرىغا بېرىپ بۇنداق ھاقارەتكە چىدىمىدى ۋە ئۆز خاھىشى بويىچە پادىشاھ تىكلەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنۈشنى ھار ئالدى. ئۇ نوغايغا قارشى ئاتلىنىپ، 1297 - يىلى دون دەرياسىنىڭ يېنىدىكى بىرىنچى قېتىملىق جەڭدىلا ئالدى بىلەن ئۆزى مەغلۇپ بولدى. ياشنىپ قالغان نوغاي خاتالىققا يول قويىدى، يەنى ئۆز دۈشمىنىنى چېكىنىپ تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىۋاتقان ساراي قەلئەسىگە قوغلاپ بارمىدى. 1299 - يىلى، دنىپىر دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە نوغاي مەغلۇپ بولدى، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى تاشلىۋەتتى. «ئۇ قاش قارايغان مەھەللىدە ئوغلىنى ئېلىپ قوشۇن بىلەن بىرلىكتە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ قېرىپ قالغان، ئۆزۈن قاشلىرى كۆزىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەندى. توقتاينىڭ قوشۇنىدىكى بىر نەپەر رۇس ئەسكەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. نوغاي ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ، توقتاي بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، رۇس ئەسكەر ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ توقتاي خانغا تەقدىم قىلدى. توقتاي بۇ پېشقەدەم جەڭچىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىنتايىن ئېچىندى ۋە قاتىلنى جېنىدىن جۇدا قىلدى.»

نوغاينىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرى بىلەن مىراس تالىشىپ تىنچىمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دە - تالاش توقتاينىڭ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىشىغا پۇرسەت

www.uyghurkitap.com

يارىتىپ بەردى. نۇۋەيرىنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە، نوغاينىڭ ئوغلى چاقا توقتاينىڭ قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىشى بىلەن دەسلەپتە باشقىرىتلارنىڭ قېشىغا قېچىپ باردى، كېيىنچە ئاسسلار (ئەلەنلەر) تەرەپكە كەتتى ۋە ئاخىرىدا نەۋرە ئىنىسى سىۋىتسلاۋ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇلغارىيەگە بېرىپ توختىدى. لېكىن، سىۋىتسلاۋ توقتاينىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى تىرنوۋۇ دېگەن جايدا (1300 ـ يىلى) ئۆلتۈرۈۋەتتى.

رەشىدىددىننىڭ دېگەنلىرى بويىچە، ھېلىقىدەك ئىچكى ئۇرۇش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان چاغدا، سېرىق سۇ دەرياسى بىلەن تورغاي يايلىقىدىكى ئاق ئوردا خانلىقىنى قۇرغۇچى ئوتانىڭ نەۋرىسى نايانخان ياكى بويانخان (1301 ـ يىلىدىن 1309 ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان) ئىسيان كۆتۈرگەن نەۋرە ئىنىسى ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبى گۈيلۈك بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتاتتى. گۈيلۈك ۋولگە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوگداي جەمەتىدىن بولغان قايدۇ بىلەن تۈركىستاننىڭ خوجايىنى، ماۋرائۇننەھردىكى چاغاتاي خان جەمەتىدىن بولغان دۇۋانى قوللىدى. بويانخان بولسا جۇڭگودىكى خاقان تېمۇرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولدى. لېكىن، يول يىراق بولغاچقا، ئۇ ماددىي جەھەتتىكى ياردەمنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ داۋاملىق يوسۇندا ئانا يۇرتىدىكى يايلاقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىۋەردى.

يېرىم ئەسىر مابەينىدە گۈيانالىقلا بىلەن ۋىنىتسىيەلىكلەر قىرىمىيەدە سودا ئۆتەڭلىرىنى قۇردى. قىرىمىيەدە ئىلگىرى تۈركلەر ياشىغان بولغاچقا، ئۇ جاي بىر مەھەل ھەزەرىيە دەپمۇ ئاتالدى. 1266 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولسا كېرەك، موڭغۇل ھاكىمىيىتى خاندىكى بىر پارچە يەرنى گۈيانالىقلارنىڭ ئەلچىخانا سېلىشىغا ۋە سودا سارايلىرىنى قۇرۇشقا

بېرىپ تۇردى، بۇ قىرىمىيەدىكى گۇيانالىقلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول ئېچىپ بەردى. ئىتالىيەلىك سودىگەرلەر، ھەتتا ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ساراي قەلئەسىگىمۇ كېلىدىغان بولدى. بۇ جاي قىپچاق خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا شىمال تەرەپتىكى يۇڭ - تېرىلەرنى يىغىپ تارقىتىدىغان چوڭ بازارنىڭ رولىنى ئوينايتتى. بىزگە مەلۇم، ئۇلار بۇ يەردىن ياش تۈرك قۇللارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى مىسىردىكى مەملۇكلارغا يېڭىۋاشتىن سېتىپ بېرەتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوشۇن كۆپەيتىشىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. توقتاي خان ئۆز يايلىقىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئېلىپ كېتىدىغان مۇنداق سودىدىن رەنجىپ، ئىتالىيەلىك سودىگەرلەرگە دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇ 1307 - يىلى ساراي قەلئەسىدىكى گۇيانالىق سودىگەرلەرنى قولغا ئالدى ۋە گۇنايالىقلارنىڭ خافتىكى مۇستەملىكىسىنى قورشاش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى. 1308 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، گۇيانالىق كۆچمەنلەر خافتىكى مۇستەملىكە رايونىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېمىسىگە قېچىپ چىقتى. بۇ جاينىڭ ئەھۋالى تاكى توقتاي ئۆلگەنگە قەدەر (1312 - يىلى 8 - ئاي) جىددىيچىلىكتە ئۆتتى.

## § 4 . ئۆزبېكخان ۋە جانىبەك

توقتاينىڭ جىيەن ئوغلى ئۆزبېك ئۇنىڭ ئورنىغا (1312 - يىلىدىن 1340 - يىلىغا قەدەر) خان بولدى. توقتاينىڭ دىنغا بولغان پوزىتسىيىسى، بىزنىڭ قولىمىزدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا خېلىلا زىددىيەتلىك ئىدى. رەشىدىددىننىڭ بايان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغانلىرىغا قارىغاندىمۇ، توقتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، موڭغۇل ئاتامانلار ئۇنىڭ ئادەملەرنى دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان مۇسۇلمان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدىغان قىزغىنلىقىدىن نارازى بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا: «سەن بىزنىڭ ساڭا بولغان ساداقىتىمىزدىن، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ سەن ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىدىن قانائەتلىنىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟ بىز نېمىشقا چىڭگىزخاننىڭ ‹ياساق› لىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇدەكمىز؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. شۇڭا، موڭغۇل ئاقساقاللار توقتاي ئۆلگەن چاغدا ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنى خانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆزبېكنىڭ سايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى يوقىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇنى بىرەر زىياپەتكە ئالداپ ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەھۋالدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان ئۆزبېك ئاتقا مىنىپ قاچتى ھەمدە قوشۇن توپلاپ شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن سۈيىقەستچىلەر گۇرۇھىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇلارنى توقتاينىڭ ۋارىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى تەختنى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا ئۇ مىسىردىكى مەملۇك سۇلتان ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ تەلىپى بويىچە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىپ، چىڭگىزخان جەمەتىدىكى بىر مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ئىش موڭغۇللار ئۈچۈن مىسلىسىز بىر شاپائەت بىلىندى. دېمىسىمۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىپچاق خانلىقى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق كاپالەتكە ئىگە بولدى (1320 - يىلى). ھالبۇكى، ئۆزبېك ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنى ئۇنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان ئەپۇچانلىقىغا تەسىر كۆرسەتمىدى. پاپا يوھان XXII 1338 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خانغا يوللىغان مەكتۇپىدا ئۇنىڭ كاتالوگ دىنى مىسسىئونېرلىرىغا قىلغان ياخشى

مۇئامىلىسىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزبېك 1339 ـ يىلى بېنوئىت XII تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سانت فرانسىسكا دىنىي ئۇيۇشمىسىدىكى مىسسىئونېر يوھان مارىنولىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇ دەشتى قىپچاقتىن قوزغىلىپ چاغاتاي خانلىقى بىلەن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بىر ياخشى ئاتنى تەقدىم قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېك يەنە گۈيانالىقلار ۋە ۋېنىتسىيەلىكلەر بىلەن سودا كېلىشىم ئىمزالىدى. گۈيانىڭ ئەلچىلىرى ئانتونىيو گىلىلۇ بىلەن نىكولاي باگىنا خافتىكى قۇرۇق تام بىلەن سودا سارىيىنى رېمونت قىلىشقا رۇخسەت ئالدى. 1316 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ مۇستەملىكە زېمىنىدا يېڭىۋاشتىن گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. 1332 ـ يىلى ئۆزبېك ۋېنىتسىيەلىكلەرنىڭ دون دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى دانا دېگەن يەردە مۇستەملىكە رايون قۇرۇشقا يول قويدى. رۇسىيە تەرەپتە، تىۋېردىكى ئاھالە 1327 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى باج ـ خىراج يىغىدىغان موڭغۇل ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆزبېكنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆزبېكخان موسكۋا كىنەزى ئېۋاننى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولۇشقا 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. موسكۋادىكى شاھزادىلەر خاننىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرىدىغان مۇنداق ئىمكانىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئىستىقبالى ئۈچۈن مۇقەددىمە ئورنىدا پايدىلاندى.

جانىبەكخان (1340 ـ يىلدىن 1357 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەسلەپكى چاغلاردا ھېلىقىدەك ئىمتىيازنى ئېتىراپ قىلدى (1342 ـ يىلى)، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە، يەنى 1343 ـ يىلى دانادا يۈز بەرگەن ئىتالىيەلىكلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا تۈپەيلى، گۈيانالىقلار

بىلەن ۋىنىتسىيەلىكلەرنى دانادىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە خاڧنى ئىككى قېتىم قورشاۋغا ئالدى (1343 ـ يىلى ۋە 1345 ـ يىلى). بىراق، گوياناللىقلارنىڭ مۇستەملىكە رايونى ئۇنىڭغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە جانىبەكنى قورشاۋنى بىكار قىلىشقا قىستىدى. ئارقىدىنلا گوياناللىقلار بىلەن ۋىنىتسىيەلىكلەر كېرىچ بوغىزىنىڭ شەرقىدىكى قارا دېڭىز ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان موڭغۇللارنى قامال قىلىۋالدى. شۇڭا، جانىبەكخان 1347 ـ يىلى دانادىكى ئىتالىيە مۇستەملىكىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. غەربكە قارشى تۇرىدىغان ئۆچمەنلىك قىلمىشلار ئىسلاملىشىشنىڭ يېڭى دولقۇنى بىلەن تەڭ باراۋەر ماڭماقتا ئىدى. ئۆزبېكخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە تېز سۈرئەتتە ئاشكارىلىنىۋاتقان ئىسلاملىشىش ۋە مەملۇكلار سۇلتانلىقىدىكى مىسىردا بارلىققا كېلىۋاتقان سىياسىي بىلەن تۇرمۇش جەھەتتىكى تەسىرى ئۆزىنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى چىڭگىزخان جەمەتىدىكى ئەنئەنىۋى دىنىي ئەركىنلىكتىن مەملۇكلاردىكى «ھاكىممۇتلەقلىق» نىڭ ئەسەبىيلىكىگە قەدەم قويدى.

جانىبەك پېرسىيەدىكى ھىلاكۇ خانلىقى ماغدۇردىن كەتكەندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆز جەمەتىنىڭ قەدىمىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەزەربەيجاننى بويسۇندۇرماقچى بولدى. ئۇ 1355 ـ يىلى بۇ ئۆلكە بىلەن پېرسىيەنىڭ قەدىمىي پايتەختى تەبرىزنى بېسىۋېلىپ، يەرلىك ئاقساقال چوباننىڭ خانلىقىدىكى ئەشرەپنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى تەبرىزدىكى جامە مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاستى. لېكىن، تەبرىزدە قېلىپ باش ۋالىيلىقتا تەيىنلەنگەن ئوغلى بىردىبەكنىڭ كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى تۈپەيلى، ئۇز ۇنغا

قالمايلا قىپچاق دالاسىغا قايتىپ كەتتى. 1358 ـ يىلىغا كەلگەندە، جالايىر قەبىلىسى قىپچاقلارنىڭ قوشۇنىنى ئەزەربەيجاندىن ھەيدىۋەتتى.

## 5 § . ماماي ۋە توقتامىش

بىردىبەكنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى قىسقا بولدى (1357 ـ يىلىدىن 1359 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇردى) . شۇنىڭدىن باشلاپ قىپچاق ئېلى قالايمىقانلاشتى، جۇجى جەمەتىدىكى بىرنەچچەيلەن خانلىق ئورنىنى تالىشىپ تىنجىمىدى. ئەمەلىيەتتە، ھاكىمىيەت ھوقۇقى ئۆز ئىختىيارى بويىچە خان تىكلەيدىغان، قەيسەر ئىرادىلىك ماماي ياكى ماماخەي ئىسىملىك بىرسىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ 1361 ـ يىلىدىن 1380 ـ يىلىغىچە خۇددى بۆرىنىڭ نوغايغا ئوخشاشلا ئالتۇن ئوردىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولۇپ تۇردى. موڭغۇللارنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىققا تاقابىل تۇرالمىدى. رۇسىيەدىكى كىنەزلەرمۇ 1371 ـ يىلىدىن باشلاپ سارايدىكى ئوردىنى تاۋاپ قىلىشنى توختاتتى، ھەتتا باج ـ خىراج تۆلەشتىنمۇ باش تارتتى. موسكۋا كىنەزى دىمىترىي دونىسكوي موڭغۇللارنىڭ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە قوزغىغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقىغا (1373 ـ يىلى) قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە بۇ خىل ئۆچ ئېلىشنى موڭغۇللارغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قازان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى (1376 ـ يىلى) . ئۇ 1378 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئوكا دەرياسى بويىدا مامايىنىڭ قوشۇنىنى بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ قىلدى. 1380 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دون دەرياسى بىلەن نېپىريادىۋا دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايدىكى كولكوپ دېگەن يېرىدە

www.uyghurkitap.com

ماماي قوشۇنى ئىككىنچى قېتىملىق ئەڭ مۇھىم بىر جەڭگە دۇچ كەلدى، جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. مامايىنىڭ قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە يولۇقتى ۋە بىر ياقتىن جەڭ قىلىپ، بىر ياقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گويانالىقلارنىڭ قىرىمىيەدىكى مۇستەملىكىسىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ماماي گەرچە ناھايىتى جانلىق ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى. موڭغۇللار بۇ بىر قېتىملىق ئۇنۇمسىز ھۇجۇمدىن كېيىن سولدايا بىلەن بالاكلاۋا ئارىسىدا پۇتكۇل « 哥持亚 » نىڭ قارشى تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى ئېقرار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قىپچاق خانلىقى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ قايتۇرما زەربىسىدىن پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. لېكىن، ئۇ ھېچكىمنى ئويلىمىغان يەردىن قايتا تىرىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئەھۋال شەرقتىن كەلگەن بىرسىنىڭ، يەنى ئاق ئوردىدىكى توقتامىشنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن باشلاندى.

بىزگە مەلۇم، شىمالدا ئۇلۇق تاغدىن جەنۇبتىكى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان چىفناك ئارىسىدىكى سېرىق سۇ يايلىقى جۇجىنىڭ ئوغۇللىرى مىراس ئايرىغان چاغدا ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ زېمىنى قىلىپ ئايرىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ باشتىكى ئاقساقىلى باتۇخان بىلەن بېركىنىڭ چوڭ ئاكىسى ئورتا ئىدى. ئاق ئوردا خانلىقىدىكى ئاقساقال ئورتانىڭ ئالتىنچى ۋارىسى ئولۇسخان (1361 ـ يىلىدىن 1377 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى توقتامىش ئارىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئولۇسخاننىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى. لېكىن، ئەبۇلفازى باھادىر خاننىڭ دېگەنلىرى بويىچە، ئۇ ئولۇسخاننىڭ شىرەم نەۋرە تۇغقىنى، يەنى ئورتا بىلەن بېركىنىڭ توغقىنى توقاي تېمۇرنىڭ ئەۋلادى

ئىدى. توقتامىش سەمەرقەنتكە بېرىپ، ماۋرائۇننەھرنى سوراۋاتقان تېمۇردىن مەدەت تىلىدى. تېمۇر ئۆزىگە ئامات كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ كەمدە چىڭگىزخان جەمەتىدىكى خانلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرسىنى ئۆزىگە قارام بولغانلار ھېسابىدا قارشى ئالغانىدى. ئۇ بۇ مېھمانغا ماۋرائۇننەھر بىلەن ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ پاسىلى بولۇپ تۇرغان سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى بويىدىكى ئوترار، سابران ۋە چىغناكنى ھەدىيە قىلدى. لېكىن، توقتامىش بۇ زېمىنىنىڭ خاتىرجەم خوجايىنى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇلۇسخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇتلۇق بۇغا، توقتا قىيا، تېمۇر مەلىك دەيدىغان ئوغۇللىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. قۇتلۇق بۇغا بىرىنچى قېتىملىق جەڭدىلا ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ھەيدىۋەتتى. لېكىن، قۇتلۇق بۇغا غەلىبە سادالىرى ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. توقتامىش ماۋرائۇننەھرگە قايتىپ كېلىپ، سابراندا يۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن تېمۇردىن يەنە بىر قېتىم ياردەم تەلەپ قىلدى. بىراق، ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمىدى. توقتا قىيا ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۇنى يەنە قوغلاپ چىقاردى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، تېمۇر بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ ئۆزى كەلدى ۋە 1377 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاق ئوردا خانلىقىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلۇسخان ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى توقتا قىيا بىلەن تېمۇر مەلىك ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەختكە ئولتۇردى. شۇنداقتىمۇ، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىدى. تېمۇر ماۋرائۇننەھرگە قايتقان يىلى، يەنى 1377 ـ يىلى تېمۇر مەلىك توقتامىشنى يەنە بىر مەرتىۋە مەغلۇپ قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى، يەنى 1377 ـ يىلى بىلەن 1378 ـ يىلى ئارىلىقىدىكى قىش پەسلىدە، توقتامىش ئوخشاشلا تېمۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تېمۇر مەلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىتچىت قىلدى ۋە ئۆزىنى ئاق ئوردا خانلىقىغا خان دەپ ئېلان قىلدى.

خانلىقنىڭ ئىگىسى بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدە تېمۇرنىڭ قولىدىكى قورچاقتا ئايلىنىپ قالغان ئاجىز توقتامىش ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى دەپ ھېس قىلدى. بۇ دەل ئالتۇن ئوردا خانلىقى ياكى قىپچاق خانلىقى ئورال دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قارام بولغاندىن رۇس كىنەزلىرى كۆتۈرگەن ئىسيان بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى. توقتامىش قارشى تەرەپتىكى بۇ خىل قىيىنچىلىقتىن پايدىلانماقچى بولدى، ئۇنىڭ چات كېرىشى تۈپەيلى رۇس كىنەزلىرىنىڭ قىلمىشى تېخىمۇ زورايدى. توقتامىش ئۆزىنىڭ قىپچاق خانلىقىغا نامزات بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بارتولدنىڭ يىلنامىسىغا ئاساسەن، توقتامىش 1378 ـ يىلى ئەتىيازدا چىغناكتىن يولغا چىقىپ، موڭغۇل رۇسىيەسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ جەڭنىڭ تەپسىلاتى قانچە يىلغىچە داۋاملاشقانلىقىدىن تاشقى دۇنيادىكىلەر خەۋەرسىز قالدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ جوجايىنى ماماي رۇس شاھزادىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. يەنى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ 1380 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كراكوۋېتىكى جەڭدە رۇس كىنەزى دىمتىر دونسكوي تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، توقتامىش جەنۇبىي لىنىيەدە مامايغا ھۇجۇم قىلدى. ئازوۋ دېڭىزىنىڭ يېنىدىكى كالكا دەرياسى ياكى كالمىيۇس دەرياسى ۋادىسىدىكى مارىيوپول ناھىيىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە مامايىنى يەڭدى. دەل مۇشۇ ئورۇندا سوبۇتاي باھادىر 158 يىل ئىلگىرى سەلتەنەتلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ماماي قىرىمىيەدىكى خاپقا قاچتى، لەۋزىدە تۇرمىغان گوياناللىقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا، توقتامىش

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقتى. ئاق ئوردا خانلىقىغىمۇ خان بولغان بۇ كىشى بوۋىسى جۇجىنىڭ زېمىنىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى ۋە ئۆزىنىڭ پايتەختى ساراي قەلئەسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى سىر دەرياسى بىلەن دىنىستىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى پۈتكۈل يايلاقلارغا قەدەر كېڭەيتتى.

توقتامىش ئۆزى كۆچىيىۋاتقان ۋە گۈللىنىۋاتقان يۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھايال ئۆتمەيلا رۇسىيە شاھزادىلىرىدىن بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە قىپچاق خانلىرىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن، ئۇلار كولىكوپتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ، بۇ تەلەپنى رەت قىلدى (1381 ـ يىلى). مۇشۇ تۈپەيلى توقتامىش رۇسىيەدىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. سوزدالنى، ۋىلادىمىرنى، يوۋرىلنى ۋە مۇجايىسكىنى بۇلاپ، ئوت قويۇۋەتتى ھەمدە 1382 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى موسكۋانى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. رۇسىيەنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى بولغان لىتۋانىلىقلار پولتاۋا يېنىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خرىستىئان رۇسىيەسى موڭغۇللارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەنە ساق بىر ئەسىر توختاپ قالدى.

توقتامىش ئالدىئالا پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان قايتا باش كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشى، توقتامىشنى يېڭى باتۇخانغا ۋە يېڭى بېركىغا ئايلاندۇردى. بۇ خىل كۆتۈرۈلۈش ناھايىتى مۇھىم ئەكس سادا پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە، چىڭگىزخان جەمەتى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىلغان، پېرسىيەدە شاللىنىپ كەتكەن، تۈركىستاندا يوقىتىلغانىدى. توقتامىش بۇ شانلىق جەمەتتە داۋاملىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ موڭغۇللاردىن قايتىدىن قۇدرەت تاپقۇزغان كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي يوسۇندا بۇۋىسى چىڭگىزخاننىڭ ئىشلىرىنى يەنە بىر قېتىم باشلاش بۇرچۇم بار دېگەن يەرگە كەلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئىدىيە ئۇنى ماۋرائۇننەھر بىلەن پېرسىيەنى بويسۇندۇرۇشقا تەلپۈندى. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. ئەگەر 20 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ ئىككى رايون قالايمىقانچىلىق ئىلكىدە قالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن، بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھر بىلەن پېرسىيە ئىنتايىن مۇھىم بىر شەخسنىڭ بايلىقى بولۇپ كەتتى. بۇ دەل توقتامىشقا ياردەم بېرىۋاتقان تېمورلەڭ ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا 1387 ـ يىلى جەڭ باشلاندى. بۇ جەڭ تاكى 1398 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى. دەل مۇشۇ قېتىملىق جەڭ يايلاق ئىمپېرىيىسىنىڭ يەنىلا قەدىمىي موڭغۇل سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ياكى ئۇنىڭ يېڭى تۈرك ئىستېلاچىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھەل قىلىدىغان جەڭ بولۇپ قالدى.

بۇ كىتاب چىڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据青海人民出版社 1991 年 5 月第 1 版，1999 年 9 月第 3 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائى

# بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى — چىڭگىزخان

ئاپتورى: گروسسې (فرانسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
ISBN7 228—07846—2
باھاسى: 19.00 يۈەن